مۇھەممەد يۈسۈپ

# قەلەمنىڭ ئىلھامى

ماقالىلار توپلىمى (2)

**بسم الله الرحمن الرحيم**

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت - سائادەت تىلەيمەن.

بۇ ئەسەر «قەلەمنىڭ ئىلھامى» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىلار توپلىمىنىڭ 2- قىسمى بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن ھازىرغا قەدەر بېرى ئېنتېرنېت تورلىرىدا، ژۇرناللاردا شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە ئېلان قىلىنغان دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى يازمىلىرىمنىڭ توپلىمىدۇر. خەلقىمىزگە پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇنى توپلاپ نەشر قىلدۇرۇشنى لايىق كۆردۇق.

جابانى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئاددىي ئەمگىكىمنى خالىس ئەمەل ئىبادەت قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

_ مۇھەممەد يۈسۈپ

1439 _ يىلى زۇلھەججە ئايىنىڭ 1 _ كۈنى،

2018 _ يىلى ئاۋغۇستنىڭ 12 _ كۈنى، يەكشەنبە،

سەئۇدى ئەرەبىستان، جىددە.

## يامان كۆزدىن ساقلىنىش ۋە شىپا تېپىش چارىلىرى

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزى كۆزنى: «كۆز _ كۆزى تەككەن كىشىدىن كۆز تەككۈچى كىشىگە ئېتىلغان ئوق بولۇپ، ئۇ گاھىدا نىشانغا تېگىدۇ، گاھىدا خاتالىشىدۇ» دەپ تونۇشتۇرغان. كۆز تېگىدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن «سەھىھ ھەدىسلەر» ۋە رېئاللىق ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئىمام بۇخارى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز توغرۇلۇق: «كۆز ئادەمنى قەبرىگە، تۆگىنى قازانغا كىرگۈزەلەيدۇ» دېگەن. ئىمام مۇسلىم ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئاغرىقتىن ئازابلانغان چېغىدا، جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ‹**بِاسْمِ اللَّهِ يُبْرِيكَ وَمِنْ كُلِّ دَاءٍ يَشْفِيكَ وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ وَشَرِّ كُلِّ ذِى عَيْنٍ**› يەنى «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ساقا شىپالىق تىلەيمەنكى، ئاللاھ ساڭا بارلىق كېسەللىكلەردىن، ھەسەت قىلغانلارنىڭ ھەسەتلىرىدىن ۋە يامان كۆزدىن شىپالىق بېرىدۇ» دەپ ئوقۇپ قوياتتى دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

يەنە ئىمام مۇسلىم ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئاغرىق تارتىۋاتامسەن؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ھەئە»دەپ جاۋاب بەرگەن، ئاندىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بِاسْمِ اللَّهِ أَرْقِيكَ مِنْ كُلِّ شَىْءٍ يُؤْذِيكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ نَفْسٍ أَوْ عَيْنِ حَاسِدٍ اللَّهُ يَشْفِيكَ بِاسْمِ اللَّهِ أَرْقِيكَ» يەنى «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا ئوقۇۋاتىمەن، سېنى ئازابلىغان ھەر قانداق يامان نەرسىدىن، ھەر قانداق يامان كۆزدىن ۋە ھەر قانداق بىر ھەسەتتىن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇيمەن، ئاللاھ شىپالىق بەرگۈسى» دەپ دەم سالغان.

1. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىمام ئىبنى ماجە ئەبۇ ئۇمامە ئىبنى سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: بىر كۈنى سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غۇسلى قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدىن ئامىر ئىبنى رەبىئە دېگەن كىشى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى كۆرۈپ قالغان ۋە «مەن بۇنداق كېلىشكەن بەدەننى كۆرۈپ باقمىغانتىم» دېگەن، شۇ ھامان سەھل يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن. ئاندىن كىشىلەر ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ، «يارەسۇلۇللاھ! سەھل يىقىلىپ چۈشتى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇنى كىمدىن كۆرىسىلەر دەپ سورىغاندا، ئۇلار «ئامىر ئىبنى رەبىئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «نېمىشقا قېرىنداشلىرىڭلارنى ھالاك قىلماقچى بولىسىلەر؟ سىلەر بىرەر قېرىندىشىڭلاردا خۇشاللىنارلىق بىر ئىشنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىڭلار» دېگەن. ئاندىن سۇ ئېلىپ كېلىڭلار دەپ ئەمر قىلىپ، ئامىرنى تاھارەت ئېلىشقا ۋە تاھارەتكە ئىشلەتكەن سۇنى سەھلگە چېچىشقا بۇيرۇغان. شۇنداق قىلىپ ئامىر ئىبنى رەبىئە ئىككى قولىنى، يۈزىنى، بىلەكلىرىنى جەينەكلىرىگە، ئىككى تىزىنى ۋە ئىككى پۇتىنى ۋە ئىزىنىڭ ئاستى تەرپلىرىنىمۇ سۇنى بىر قاچىغا ئېقىتىپ يۇيۇغان، ئاندىن ئۇ سۇنى سەھلنىڭ ئۈستىگە چاچقان. شۇنىڭ بىلەن سەھل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەلىم بېرىپ: «سىلەر ئۆزۈڭلاردا ياكى پۇل _ مېلىڭلاردا ياكى بىرەر كىشىڭلاردا خۇشاللىنارلىق بىر ئىشنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىڭلار، چۈنكى كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى ھەقتۇر»[1] دېگەن.
2. يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ:
3. ئادەم ئۆزىدە ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرىدە ياكى قانداقلا بىر كىشىدە خۇشاللىنارلىق بىر ئىشنى ياكى بىر نەرسىنىڭ كۆرگىنىدە، ئاللاھ تائالادىن «اللهم بارك عليه» يەنى «ئى ئاللاھ! بەرىكەت ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىش ۋە «ما شاء الله لا قوة الا بالله» يەنى «ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمىسىز بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېيىش لازىم.
4. كۆز تېگىدىغانلىقى ھەقتۇر، كۆز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇمۇ قويالايدۇ.
5. كۆز تەككەنلىكىنىڭ ئالامىتى بىر قىزىپ، بىر توڭۇپ قاتتىق ئاغرىپ كېتىشتۇر.
6. كۆزى تەككەن ئادەم بىلىنسە ئۇنىڭ كۆز تەككەن كىشى ئۈچۈن يۇيۇنۇپ بېرىشىنى ۋە تاھارەتكە ئىشلەتكەن سۇنى كۆز تەككەن كىشىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا چېچىشنى سوراش.
7. فاتىھە، ئىخلاس، ناس ۋە فەلەق سۈرىلىرىنى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ۋە ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇپ، كۆز تەككەن كىشىگە ئاللاھ تائالادىن شىپالىق تىلەش.

كۆز تەككەن كىشىنىڭ بېشىغا قول قويۇپ تۇرۇپ: «بسم الله أَرْقِيك، والله يشفيك من كل داء يؤذيك، ومن كل نفس أو عينِ حاسدٍ، الله يشفيك، بسم الله أَرْقِيك» دېگەننى ئوقۇپ ئۇنىڭغا دەم سېلىش.

بۇ يامان كۆزدىن ۋە يامان تىلدىن ساقلىنىشنىڭ ۋە بۇ ئىككىسىدىن شىپا تېپىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر.

**كىچىك بالىلارغا ئەڭ تېز كۆز تېگىدۇ**

[1] ھاكىم رىۋايىتى.

كىچىك بالىلارغا يامان كۆزلەر بىلەن يامان تىل ناھايىتى تېز تېگىدۇ. بۇنداق بولۇشى بالىلارنىڭ كۆزدىن ۋە تىلدىن ساقلىنىدىغان ئايەت ۋە دۇئالارنى ئوقۇشنى بىلمەسلىكى ياكى ئۇلارنىڭ چىرايى ياكى ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن بولۇشى ئېھتىمال.

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە بىر خىزمەتچى قىزنىڭ يۈزىدىكى ئالامەتنى كۆرۈپ قېلىپ، «بۇ قىزغا كۆز تېگىپتۇ، ئۇنىڭغا ئوقۇپ قويۇڭلار» دېگەن.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنلەرگە ‹**أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لامَّةٍ**›يەنى‹ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ، ھەربىر شەيتاندىن، ھەربىر زىيانلىق نەرسىدىن ۋە ھەربىر يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن› دەپ دەم سالاتتى».

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئۆيگە كىرگىنىدە بىر بوۋاقنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۆي ئىگىسىگە: «بۇ بالا نېمانچە يىغلايدۇ، ئۇنىڭغا دەم سېلىپ قويمىدىڭلارمۇ؟» دېگەن.

كۆز گاھىدا ئىنساننىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تېگىدۇ، گاھىدا قۇلاق، كۆز، تىل قاتارلىق بەزى ئەزالىرىغا تېگىدۇ.

**بالىلارغا ئۆز ئاتا _ ئانىسىنىڭمۇ كۆزى تېگىدۇ**

بالىلارغا ئۆز ئاتا _ ئانىسىنىڭ كۆزى تېز تېگىدۇ. چۈنكى كۆز دېگەنلىك قەستەنلىك بىلەن تەگمەيدۇ، پەقەت ئەجەپلەنگەنلىكتىن، زىيادە خۇشاللانغانلىقتىن ئىختىيارسىز ھالدا تېگىدۇ. بولمىسا، ھېچبىر ئاتا _ ئانا ئۆز بالىسىنى قەستلىمەيدۇ. شۇڭا ئاتا _ ئانىلار بالىلىرىدا خوشاللىنارلىق بىر ئىشنى كۆرگىنىدە، ياكى ئۆزلىرى بالىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە، ئويناشلىرىغا ۋە سۆز قىلىشلىرىغا سىنجىلاپ قاراپ قالغان ۋاقىتلىرىدا، دەرھال ئېسىنى يىغىپ، «ما شاء الله لا قوة الا بالله» (ماشائەللاھۇ لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ) دەيىشى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ بالىلىرىغا بەرىكەت ھەم سالامەتلىك تىلىشى لازىم.

**كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟**

يامان كۆزلەردىن ۋە يامان تىلدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك مۇنۇلار:

1. ئەتىگەن _ ئاخشاملىرى ئوقۇيدىغان كۈندىلىك ئەزكار(مەخسۇس دۇئالار)نى تەرك ئەتمەستىن، ئوقۇپ تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنى ۋە روھىمىزنى پاك ھەمىشە پاك تۇتۇشىمىز لازىم.
2. ئۆزىمىزدە ياكى باشقىلاردا قانداقلا بىر نەرسىدىن خوشاللانغان ۋاقتىمىزدا، دەرھال «ما شاء الله لا قوة الا بالله» يەنى«ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، بىز ئۇنىڭسىز بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېيىشىمىز لازىم. بۇنىڭ دەلىلى قايسى دېگەندە، بۇنىڭ دەلىلى قۇرئان كەرىمدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كەھف سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن(سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: «ماشائاللاھ لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» يەنى (ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ) دېسەڭچۇ!)[1]

**ئادەمگە ئۆزىنىڭمۇ كۆزى تېگىدۇ**

ئادەمگە ئۆزىنىڭ كۆزى ۋە تىلى تېگىدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. قۇرئان كەرىم ئايىتى بىلەن رىئاللىق بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئايەت : «سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: «ماشائاللاھ لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» يەنى (ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ) دېسەڭچۇ!» دېگەن ئايەتتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇئمىن ئادەمنىڭ باغ ئىگىسى ئۆزىنىڭ گۈزەل بېغىغا كىرگىنىدە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆزى تەگمىسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ «ماشائاللاھ لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دېيىشىنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. رىئاللىق دەلىللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئادەم ئۆزىدىن مەغرۇرلانغان، ئۆزىدىن تەئەججۇپلەنگەن ۋە ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى كۆڭلىگە كەلتۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆزى تېگىدۇ. شۇڭا بۇنداق ۋاقىتلاردا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىش ۋە ئۆزىگە بەرىكەت تىلەپ، «ماشائاللاھ لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دېيىش لازىم.

**ھەسەت بىلەن كۆزنىڭ پەرقى**

ھەسەت _ بىراۋنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ پەقەت يامان نىيەتلىك، رەزىل، پەس ۋە كۆرەلمەس ئادەمدىن سادىر بولىدۇ. ھەسەت مەقسەتلىك ھالدا سادىر بولىدۇ.

كۆز _ بىر نەرسىدىن ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش قاتارلىق ھالەتلەردە يۈز بېرىدۇ، كۆز ياخشى، تەقۋا ئادەمدىنمۇ سادىر بولىدۇ.

[1] كەھف سۈرىسى، 39-ئايەت.

(يۇقىرىقى ھەدىستە بايان قىلىنغان ئامىر ئىبنى رەبىئەمۇ ئۆلگىلىك ساھابىلەردىن ئىدى). كۆز مەقسەتسىز ھالدا يۇز بېرىدۇ. ھەسەت بىلەن كۆز كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈشتە ئوخشاش بولسىمۇ، ئىككىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى ھەسەت بىراۋنىڭ ئېرىشكەنلىرىگە كۆرەلمەسلىكتىن، ئۇنىڭ يوق بولۇشىنى تىلىگەنلىكتىن بولىدۇ، ئەمما كۆز ھەيرانلىق ھېس قىلىشتىن بولىدۇ. شۇڭا ھېچكىم ھەسەت قىلمايدىغان قاتتىق جىسىملارغا، ھايۋانلارغا، ھەتتا زىرائەتلەرگىمۇ كۆز تېگىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئۆزىنىڭ كۆزى تېگىدۇ، ئەمما ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى ھەسەت قىلمايدۇ. چۈنكى ھېچكىم ئۆزىگە زىيان يېتىشىنى خالىمايدۇ.

## غەپلەتتىكى ھايات ئەڭ قاراڭغۇلۇق ھاياتتۇر

ھاياتتا نۇرغۇن كىشىلەر بىر ئۆمۈر غەپلەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىپ _ كەتكەنلىكىدىن تىلغا ئالغۇدەك، پەخىرلەنگۈدەك ۋە ئەسلەپ تۇرغۇدەك بىرەر ئىزى ياكى بىرەر خاتىرە قالمايدۇ. ئۇلار گويا دۇنياغا كەلمىگەندەكلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇلار قۇمغا سىڭىپ كەتكەن سۇدەكلا يەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ. غەپلەت ئىنتايىن يامان ئىللەت بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە غەپلەتتە قالغانلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن.

يەنە بەزى كىشىلەر ئۆمرىنىڭ كۆپرەك ۋاقتىنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ئۆمرىدە غەپلەتتىن ئويغۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىغا، مۇسۇلمانلىقىغا لايىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى غەپلەتتىكى ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر بېلىقچى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە دېڭىز بويىغا چىقىپ، كۈنلۈك ئىشىنى قۇياشنىڭ چىقىشى بىلەن باشلايدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەنرەك چىقىپ قاپتۇ، ئەتراپ قاراڭغۇلۇق ئىكەن. بېلىقچى دېڭىز بويىدا كېتىپ بارغىنىدا، ئۇ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ. يەرگە ئېگىلىپ پۇتىغا پۇتلاشقان نەرسىنى ئالسا، ئۇ بىر خالتا ئۇششاق تاش ئىكەن. بېلىقچى قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش جەريانىدا، ھېلىقى خالتىدىكى ئۇششاق تاشلارنى بىر تالدىن دېڭىزغا ئېتىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. بېلىقچى ھەربىر تاشنى دېڭىزغا ئاتقىنىدا، ئۇنىڭدىن چىققان «چۇلۇق، چۇلۇق» ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىرقى تاشنى ئاتقان ۋاقىتتا قۇياش چىقىپ ئەتراپ يورۇشقا باشلاپتۇ، بېلىقچى قولىدىكى ئاتماقچى بولغان ئاخىرقى تاشقا قارىسا، ئۇ يالتىراپ تۇرارمىش. بېلىقچى توختاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىنچىلەپ قارىسا، ئۇ ئالماس ئىكەن. ئۇ سەھەردىن بېرى قاراڭغۇلۇقتا دېڭىزغا ئاتقان تاشلارنىڭ ھەممىسى تاش ئەمەس، ئالماس ئىكەن. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ غەپلەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپتۇ ۋە قولىدا ساقلىنىپ قالغان شۇ بىر تال ئالماستىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىنى بەختلىك قىلىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى بۇ بېلىقچى ئۆتكەنگە ھەسرەت چەككەنىنىڭ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى، قولىدا بار پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئەڭ ھېكمەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە قادىر ئەمەسمىز. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چەكسەك ئۆزىمىزگە زىيان سالىمىز. شۇڭا قېپقالغان ئۆمرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشساقلا شۇ بىزگە يېتەرلىكتۇر.

## ئىبادەتنى كۆپ قىلىش ئەمەس، ياخشى قىلىش مۇھىم

ئىبادەتتىن مەقسەت ئۇنى كۆپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن نەتىجە ئېلىشتۇر. چۈنكى ئىبادەت ئۆزى غايە ئەمەس، ۋاسىتىدۇر، يەنى ئىبادەت كامالەت دەرىجىلىرىگە يۈكسىلىشنىڭ شوتىسى، قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ دورىسىدۇر. شۇڭا ئىبادەتنىڭ كۆپ قىلىنىشىغا ئەمەس، ئۇنىڭ قەلبتە قالدۇرغان تەسىرىگە ۋە ئىنساننىڭ ئەخلاقىغا بەرگەن مېۋىسىگە قاراش كېرەك. قەلبنىڭ ئەمەللىرى بەدەننىڭ ئەمەللىرىدىن ئەۋزەل ۋە مۇھىمدۇر. قەلب ئەمەللىرى دېگىنىمىز: ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇش، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاجلىقىنى ھېس قىلىش، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

كۆپ ناماز ئوقۇش، كۆپ روزا تۇتۇش، خەير _ ساخاۋەتنى كۆپ قىلىش، كۆپ قۇرئان ئوقۇش، ساۋابلىق ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ناھايىتى ياخشى. ئەمما بۇ ئىبادەتلەر قەلبنى ئىسلاھ قىلىش، گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىش يولىدىكى سەۋەبلەردىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئاساسلىق غايە قەلبنى ئىسلاھ قىلىپ ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ساغلام قەلبتۇر. ﴿پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا(پايدا تاپىدۇ) ﴾[1] .

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى؟» دېگەن سوئالغا: «قەلبنىڭ بىلەن قىلغان ئەمەلىڭدۇر»دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى مەقسەت ئەمەل _ ئىبادەتنى كۆپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن تەسىر ئېلىش، ئۇنىڭ ئارقىلىق ئەخلاقنى تۈزىتىش، مۇكەممەللىككە قاراپ ئىلگىرلەشتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئەمەل _ ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىدۇ، ھەتتا نەپلە ناماز، نەپلە روزا، خەير _ ئېھسان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بار، ئەمما ئەخلاقى ناچار، مۇئامىلىسى قوپال ياكى توغرا ئەمەس. مۇنداق كىشىلەر ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى ئالالمىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار خۇددى بىر يىل جاپالىق يەر تېرىپ، ھېچقانداق ھوسۇل ئالالمىغان دېھقانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى دېھقان ئۈچۈن كېرەك بولغان نەرسە يەرگە قانچىلىك كۆپ ئىشلىگەنلىكى، ئۇنى قانچە قېتىم سۇغۇرغانلىقى، قانچە قېتىم ئوغۇتلىغانلىقى ۋە قانچە قېتىم سۇ كۆتۈرۈپ ئېتىزلىقتا نۆۋەت تۇتقانلىقى ئەمەس، بەلكى مول ھوسۇلمىدۇر. ئىبادەتمۇ شۇنداق.

يەنە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار دىندا ئالىم ۋە ناتىق. ئۇلارنىڭ دىن تەبلىغ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ تەبلىغلىرى نەتىجىسىدە نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولىدۇ، يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش يولىغا كىرىدۇ. ئۇلار تەبلىغلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەيلى قايسى ئىرقتىن ۋە قايسى دۆلەتتىن بولسۇن، رەڭگى قانداق رەڭدە بولسا بولسۇن، ھەممىسى قېرىنداش، ھەممىسى باراۋەر مۇئامىلىگە لايىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكى، ھارام يېيىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ۋەدىسىدە تۇرماسلىقنىڭ مۇناپىقلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا سۆزىنىڭ تەسىرىدىن ئاڭلىغۇچىلىرىنى يىغلىتىۋېتىدۇ، ئەمما ئەپسۇسكى، بۇ تەبلىغ مەزكۇر تەبلىغ قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قىلچە تەسىر قىلمايدۇ، كىشىلەر ئۈچۈن تەشەببۇس قىلغان ئىشلارنى ئۆزى قىلمايدۇ، ئۇلارنى توسقان ئىشلارنى ئۆزى قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ كېيگەن كىيىمىگە ۋە چىرايىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە قوپاللىق قىلىدۇ، قوشنىلىرىغا ئەزىيەت بېرىدۇ، كىشىلەرگە ۋەدە قىلىپ خىلاپلىق قىلىدۇ، مۇئامىلىدە كىشىلەرنى قاقتى _ سوقتى قىلىدۇ. مانا بۇ تۈردىكى كىشىلەر قىلغان ئەمەل _ ئىبادەتلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمىگەن، مېۋىسىنى يېيەلمىگەن كىشىلەردۇر.

### كىشىلەر جەننەتكە تەقۋالىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كىرىدۇ

كىشىلەر جەننەتكە ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ كۆپلىكى بىلەن كىرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سايىسىدا كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇندا دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەزى كىشىلەر تاغدەك كۆپ ئەمەل _ ئىبادەتلەر بىلەن كېلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەمەل _ ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابى بوران تۇزىتىپ كەتكەندەكلا يوق بولۇپ كېتىدۇ». ساھابىلەر: يارەسۇللۇلاھ! ئۇلار قانداق كىشىلەر؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا : «ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، ئۇلارمۇ سىلەر ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيتتى، كېچىلىرى تەھەججۇد ئوقۇيتتى، ئەمما ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى توسالمايتتى» دېگەن. يەنى ئۇلارنىڭ بەدىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغان بىلەن، قەلبى ئىتائەت قىلمايتتى، ئۇلار كۆرۈنۈشتە ناھايىتى تەقۋا بەندە بولغان بىلەن، قەلبىدە تەقۋالىقتىن ئەسەر يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولغان بىلەن، ئىچكى دۇنياسى

---

[1] شۇرا سۈرىسى، 69_ ئايەت.

2 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

خاراب ئىدى، ئۇلار ئەمەل _ ئىبادەتنى كۆپ قىلغان بىلەن، ئەمەل _ ئىبادەت قىلىشنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىدى. شۇڭا ئەمەل _ ئىبادەتنى كۆپ قىلىشقا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن نەتىجە ئېلىشقا تىرىشىش لازىم. مۇئمىن ئادەم ئەمەل _ ئىبادەتتىن ئەلۋەتتە هۇزۇر _ هالاۋەت ئالىدۇ. ئەمما بىزگە زۆرۈر بولغىنى ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ هالاۋىتىلا ئەمەس، ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋە مېۋىسىدۇر.

**ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى ساقلاپ قېلىش مۇهىمدۇر**

قىلىنغان ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى ساقلاش مەسىلىسىمۇ ئىنتايىن مۇهىمدۇر. چۈنكى ئەمەل _ ئىبادەت قىلىش ئوڭاي، ئەمما ئۇنىڭ ساۋابىنى زايە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش قىيىندۇر. چۈنكى بىر قېتىملىق غەيۋەت بىلەن، نۇرغۇن ئەمەل _ ئىبادەت بىكار بولۇپ كېتىپ، ئورنىغا غەيۋەتنى قىلىنغان كىشىنىڭ گۇناهلىرى يۈكلىنىدۇ، بىر قېتىملىق مىننەت قىلىش بىلەن، بېرىلگەن خەير _ ساخاۋەتنىڭ ساۋابى پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ، مىننەت قىلىپ بېرىلگەن زاكات هەرگىز ئادا تاپمايدۇ. بىراۋ مەسجىد هەرەمدە قەدىر كېچىسىنى ئۆتكۈزەلىسە، بۇ ناهايىتى چوڭ ئۇتۇق ۋە كاتتا ئىبادەتتۇر. ئەمما ئەتىسى بۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ پەخىرلەنسە، قىلغان ئىبادەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتسە، كىشىلەرنىڭ ماختىشىدىن هۇزۇر ئالسا، ئۇنىڭ بىر كېچە ئۇخلىماي قىلغان بۇ كاتتا ئىبادىتىنىڭ ساۋابى يوقاپ كېتىدۇ.

ئەمەل _ ئىبادەتنى بىر كادىرنىڭ ياكى بىر ئىشچىنىڭ كۈندىلىك تىرىكچىلىك ئىشىغا ئوخشىتىۋېلىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ئەهمىيەت بەرمەيدىغانلار زىيان تارتىدۇ. رەسمىيەت ئۈچۈن ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ، سائەتنى توشقۇزۇش بىلەنلا هېسابلىشىدىغان ئادەم بىلەن، قىلغان تىرىكچىلىكىدە پايدىنى كۆزلەيدىغان، بىر قەدەمنىمۇ بىكار ئاتمايدىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟ خۇددى بۇ مىسالدىكىدەك، ئىبادەتنى رەسمىيەت ئورنىدا قىلىپ قويىدىغان كىشىلەر بىلەن ئەمەل _ ئىبادەتنى نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن قىلغان ئادەممۇ ئوخشاش ئەمەس.

**ئىخلاس ئىبادەتنىڭ جېنىدۇر**

ئىبادەتتە كەيپىيات بەك مۇهىمدۇر. ئاللاه تائالانىڭ رازىلىقى ئەمەل _ ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ياكى كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن قازىنىلمايدۇ. بەلكى ئاللاه تائالانىڭ رازىلىقى پەقەت ئىخلاس بىلەنلا قازىنىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ياخشى نىيەت هەقىقىي سائادەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەهۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغىلا قارىماستىن، بەلكى قەلبتىكى ئىخلاسقا قاراش كېرەك. چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. زادى ئاللاه تائالا رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن باشقا مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىكاردۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلوگرامما بىلەن هەتتا توننىلاپ، ئالتۇن بولسا گرامملاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ.

## شۈكۈر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئەرەب تىلىدىكى«الشكر»سۆزىنىڭ مەنىسى: رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە تەشەككۇر ئېيتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدا، ياخشىلىق قىلغاننىڭ ياخشىلىقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇش، نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى تىل، دىل ۋە ئەمەلدە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر.

شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمى بولۇپ، يەنە بىر يېرىمى سەۋرچانلىقتۇر. ئىمان بۇ ئىككىسى بىلەن تاكامۇللىشىدۇر. بۇ سەۋەبتىن شۈكۈر ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىلىك ئىبادەت سانىلىدۇ.

ئەللامە ئىبنى رەجەب «شۈكۈر تىل، دىل ۋە ئىش _ ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ»دېگەن[1].

1. تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا _ ئىھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش ھەم ساناش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (رەببىڭنىڭ نېمىتىنى سۆزلەپ بەرگىن)[2] يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى باشقىلار كەڭ سۆزلىگىن ۋە مىننەتدارلىقىڭنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە كۆرسەتكىن دەپ تەلىم بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ: «ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش شۈكۈر قىلغانلىق، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر»[3] دېگەن.

2. دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا _ ئىھسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، يۈرەكتىن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەبىئىيكى، بىراۋنىڭ ياخشىلىقنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى يۈرىكىدىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەشەككۇر بۇرچى بارلىقنى ھېس قىلغان ئادەم ئۇنى رازى قىلىش ۋە مەمنۇن قىلىش يولىدا قولىدىن كەلگەننى ئايىمايدۇ، ئۇنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بۇنداق بولغان يەردە، تامامىي نېمەتلەرنىڭ ۋە چەكسىز ئاتا _ ئىھساننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا بولغان تەشەككۇر بۇرچىمىزنى قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەك؟ ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ۋە چەكسىز ئاتا _ ئىھسانلىرى بەدىلىگە بىزدىن كۆپ نەرسە سورىمايدۇ. پەقەت دىن ۋە دۇنيالىق ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ، قېتىرقىنىپ قىلىشنى سورايدۇ. بۇنىڭغىمۇ بېخىللىق قىلىمىزمۇ ئەمدى؟

3. ئىش _ ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا _ ئىھسانلىرىنى گۇناھ _ مەسىيەتلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر يامان ئىشقا سەرپ قىلماستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن: تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئالايلۇق، ئۇنى ئويۇن _ تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارغا ئىشلىتىپ تۈگەتمەستىن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۈستىمىزدىكى پەرز، ۋاجىبلارنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىش، نېمەت بەرگۈچىكە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

### نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇنى كۆپەيتىدۇ

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ)[4] دەپ تەلىم بەرگەن.

پۇل _ مالنىڭ شۈكرىسى ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن، پايدىسىز ئىشلارغا بۇزۇپ چاچماستىن قوللىنىش، ئۇنىڭ زاكىتىنى تولۇق بېرىش ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە ساۋاب بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش «شۈكرى خۇدايىم» دەپ ئاغزاكى شۈكۈر ئېيتىش بىلەن ئادا تاپمايدۇ. بەلكى بۇ

---

(1) ئىبنى رەجەب- تولۇق ئىسمى زەينىددىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەھمەد بولۇپ، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىن بىرى، 736-ھىجرىيە باغداتتا دۇنياغا كەلگەن، ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىدە ئوقۇغان، ئۆز زامانىسىدا كامالىغا يەتكەن مۇجتەھىدلاردىن سانىلىدۇ. 20 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك دىنىي ئەسەر يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى«فىقھى قائىدىلىرى»ناملىق ئەسىرىدۇر. ئەللامە ئىبنى رەجەب 795-ھىجرىيە يىلى ھازىرقى سۈرىيە پايتەختى دەمەشىق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(2) دۇھا سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى.

(3) ئىما ئەھمەد رىۋايىتى

(4) ئىبراھىم سۈرىسى،7-ئايەت

شۈكۈرنى ئەمەلدە قىلىپ كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:(ئى مۆمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز)شاپائەت بولمايدىغان كۈن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. تۇزكورلۇق قىلغۇچىلار راستىنلا ھەقسىزلىق قىلغۇچىلاردۇر)[1] دېيىش ئارقىلىق بىزنى شۈكۈرنىڭ ئىقتىسادتىكى مەنىسىگە باشلىماقتا. بۇ تۈردىكى شۈكۈر يوقسۇللارغا ۋە ھەر قانداق ھاجەت ئېگىسىگە ئاتىغانلىرىنى بېرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ.

ئىلىم _ مەرىپەتنىڭ شۈكرىسى بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلگەن بىلىمىگە ئەمەل قىلمايدىغانلارنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: (ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)) [2].

پۇل _ مالنىڭ زاكىتى شۇ پۇل _ مالدىن مەلۇم مىقدارنى يوقسۇللارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقاندەك، ئىلىمنىڭ زاكىتى بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ.

**ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى شۈكۈرنى لازىم قىلىدۇ**

ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەزالىي «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەر بىر نەپەستە، تۇمۇرلاردىكى قاننى ئىتتىرگەن ھەربىر ھەركەتتە بىزنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئەمما بىز بۇ كاتتا نېمەتلەرنى كۆپىنچە ھېس قىلمايمىز ۋە بۇ نېمەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمەيمىز.

بىز بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى ئۆز لىكىدىن تەييارلانغان ھالدا قوبۇل قىلىمىز. بىز قىلماقچى بولغاننى شۇنداقلا كۆڭلىمىزگە كەلتۈرۈش بىلەنلا بۇ ئىش لىكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: ئولتۇرۇپ قوپۇش، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە ھاكازالارغا ئوخشىغان ئىختىيارىي ھەركەتلىرىمىز. بەزى نېمەتلەرنى چەكلىك شارائىتلاردا ۋە كۆڭۈللۈك مۇھىتلاردا ھېس قىلالايمىز. ئەمما بۇنى ھېس قىلىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز. بۇ بىزنىڭ ئاللاھتىن يىراقلىقىمىز ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە قارىتا خاتا چۈشەنچىدە بولغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. (ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن، سىلەرنى شەكىللىگە كىرگۈزۈپ، تۇرقۇڭلارنى چىرايلىق قىلغان ۋە سىلەرنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇرغان زاتتۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى نېمىدېگەن بۈيۈك!)[3].

مۇشۇ بايانلاردىن كېيىن بىز ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالىدۇقمۇ؟!

مەلۇمكى، ياخشىلىق قىلغانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئىنسانىي بۇرچتۇر!

دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ نېمەت ئىگىسىگە شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدۇ. گويا ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تارتتۇۋېلىنغان ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغاندەك ياكى بۇ نېمەتلەر پەقەت ئۆزىگىلا خاستەك قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداقلار باشقىلارنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ تەڭ قىلمايدۇ. بۇنداق تۇزكورچە چۈشەنچە ۋە تەپەككۇردىن ھەرگىزمۇ شۈكۈرنىڭ غۇنچىلىرى ئۈنمەيدۇ. بۇنداقلاردىن شۈكۈرنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن سىز بەزى كىشىلەرگە ياخشىلىق قولىڭىزنى سۇنغان ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتقان بولسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان پوزىتسىيىسى ناچار، مۇئامىلىسى سوغۇق ۋە رەھمەت سۆزى يوق بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى سىزنى نەپرەتلەندۈرەمدۇ؟ ھالبۇكى ئۇنداقلار مۇندىن بۇرۇن سىزنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېگانە پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغان ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە (بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچىلار بەك ئاز)[4] دېگەن ئەمەسمۇ؟!

**ئىسلام دىنى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ**

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى قايسىبىر يول بىلەن بولمىسۇن ئادا قىلىشقا، ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن ئېرىشكەن ياخشىلىق بەدىلىگە ئۇلارغا بېرىشكە ماددىي مۇكاپات تاپالمىساق تىلىمىز بىلەن رەھمەت ئېيتىشقا كۇپايىلىنىپ، ئۇنىڭ تولۇق مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالانىڭ بېرىشىگە تاپشۇرۇش بىلەن كۆڭلىمىزنى راھەتلەندۈرۈشىمىزگە چاقىرىدۇ.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 254-ئايەت
[2] سەف سۈرىسى، 2-3-ئايەتلەر
[3] غافىر سۈرىسى، 64- ئايەت
[4] سەبەئ سۈرىسى، 13-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مۇكاپاتىنى بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقىڭلارنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياقتۇرغۇچىدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ تەربىيىدىن ئاتا ئىېھسانىغا ئېرىشكەن كىشى ئۇنىڭ بەدىلىگە لايىق نەرسە تاپالىسا مۇكاپاتىنى ئادا قىلسۇن، ئەگەر تاپالمىسا، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسۇن. ھەقىقەتەن نېمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ئادەم شۈكۈر قىلغان ۋە ئۇنى يوشۇرغان ئادەم نېمەتكە كۇپرىلىق قىلغان بولىدۇ»[2].

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەردىن كەلگەن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر»[3].

يەنە بىر ھەدىستە: «ئازغا شۈكۈر قىلمايدىغان ئادەم كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ، كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئاللاھقىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ»[4].

### خەير _ ئېھسانىدىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرت

ئەللامە مۇھەممەد غەزالىي مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ئىسلام دىنى مىننەتدارلىق بۇرچىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ رەزىللىكىنى سۆكۈش بىلەن بىرگە خەير _ ئېھسان ئىگىلىرىدىن ئەمەللىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى نىيەتتە شەكىللىۋازلىق قىلىش ئەمەلنى يوققا چىقىرىدۇ. تەقدىرلەشكە سازاۋەر بولىدىغان ياخشىلىق بىراۋنىڭ رەھمەت ئېيتىشى ياكى مىننەتدارلىق بىلدۈرىشىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت خالىس ئاللاھ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.

ئىسلام دىنى ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇشتا كۆڭۈللەرنى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە چوقۇنۇشنىڭ قۇللىقىدىن ئازات قىلىش ئارقىلىق ئۇنى مۇتلەق كامالەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقىلا يۈزلەندۈرۈشنى مەخسەت قىلغان. مۇنداق كۆڭۈل ھەر قانداق بىر ياخشىلىقنى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ياكى ئابرويغا ئىگە بولۇش تەمەسىدىن قەتئىينەزەر ئىچىدىن كەلگەن تەبىئىي قىزىقارلىق، ھەقىقىي سەممىيەت ۋە ساپ نىيەت بىلەن قىلىدۇ. مانا بۇنداق ئالىيجاناپلىق ھەقىقىي ئېھساننىڭ تۈرتكىسىدۇر. مانا بۇ ھەر قانداق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆلگىسىدۇر».

[1] تەبەرانىي رىۋايىتى
[2] تىرمىزى رىۋايىتى
[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

## خۇشاللىق نەدە؟

پسىخولوگلارنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، خوشاللىق دېگەننى سىرتتىن ئىمپورت قىلغىلى بولمايدىكەن، ئۇ پەقەت كىشىنىڭ ئىچىدىن كېلىدىكەن. ئۇنداقتا، خوشاللىقنى مال _ دۇنيادىن، ھوقۇق _ مەنسەپتىن ئىزدەۋاتقان ئىنسانلارنى قۇملۇقتىن سۇ ئىزدەۋاتقان كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ. خوشاللىق ئىزدەش كېرەك نەرسە، ئەمما ئۇنى ئۆزىمىزدىن چىقىرىمىز. چۈنكى دىل خۇشلۇقى ۋە دىل ئارامى نىمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. چۈنكى، دىل خۇشلۇقى زېھنىڭىزنى تۇراقلاشتۇرۇپ ئىجادىيەتلىرىڭىزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر: «خۇشاللىنىش _ ئۆگۈنۈشكە ئەرزىيدىغان بىر تۈرلۈك سەنئەت» دېيىشىدۇ. خۇشاللىقا ئېرىشىشنى بىلگەن كىشى بەختلىك تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرگەن كىشىدۇر.

ئەمدى كۆڭۈل خوشلۇقىنى قانداق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانى كوپ ياد ئېتىش بىلەن، كىشىلەرگە قولىدىن كەلگەنچە ياخشىلىق قىلىش بىلەن ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئەسلىگىنىڭىزدە، پۈت _ قوللىرىڭىزنىڭ ساقلىقىنى، ئائىلىڭىزدە دىلىڭىزنى يايرىتىدىغان خوشاللىقنىڭ بارلىقىنى، ئىش ئورنىڭىزدا ۋە خىزمىتىڭىزدە سىزنى مەمنۇن قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگىنىڭىزدە، نۇرغۇن كىشىلەرگە قارىغاندا سىزنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگىنىڭىزدە خوشاللىقا تولىسىز. شۇ چاغدا چىن قەلبىڭىزنى «شۈكرى خۇدايىم» دەيسىز. مانا بۇ سىزنىڭ تەن ساقلىقىڭىزنى ساقلايدىغان، ئۆمرىڭىزنى ئۇزارتىدىغان خوشالىق. پىسخولوگلار «دۇنيادا ئەڭ مۇمكىن بولمايدىغان ماتېماتىكا سىزگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ھېسابلاشتۇر» دەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ (سىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر[1]) دېگەن سۆزىنى تەستىقلايدۇ. يەنە بىر خوشاللىق كىشىلەرگە بەرگەننىڭ خوشاللىقىدۇر. شۇڭا، سىز ئالغاندا ئەمەس، بەرگەندە خوشال بولۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، سىزنىڭ خوشال بولىدىغان چاغلىرىڭىز ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بار خوشاللىقتۇر. ئۇنى ئۆزىڭىز چىقىرالايسىز. چۈنكى ئالاي دېسىڭىز خالىغان ۋاقىتتا ئالالمايسىز، ئەمما بېرەي دېسىڭىز خالىغان ۋاقىتتا بېرەلەيسىز ۋە ئۆزىڭىزنى خوشال قىلالايسىز.

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 34_ ئايەت.

**دىلنى ياشارتىشنىڭ سەككىز خىل دورىسى**

پسىخولوگىيە ئالىملىرى دىلنى ياشارتىپ خوشال ياشاشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى ھەققىدە توختىلىپ تۆۋەندىكى 8 خىل ئىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

بىرىنچى، مېھرىبان بولۇش، يەنى كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش. ئادەم مېھرىبان بولمىسا، ئادەم ھېساپلانمايدۇ. باشقىلارغا مېھرىبانلىق قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭلى توق، روھي كەيپىياتى يۇقىرى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئاق كۆڭۈل بولۇش. ئادەم چوقۇم ئاق كۆڭۈل بولۇشى ۋە ئۇنىڭدا كىشىلەرگە ياردەم بېرىش روھى بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، توغرا كەيپىيات بولۇش. ئادەمدە توغرا كەيپىيات بولغاندىلا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختلىك قىلالايدۇ. ناۋادا كەيپىيات ياخشى بولمىسا، ئادەمنىڭ تەن ساقلىقى ياخشى بولالمايدۇ.

تۆتىنچى، كەڭ قورساق بولۇش. كەڭ قورساق بولۇش توغرا كەيپىيات بولۇشتىنمۇ مۇھىم. چۈنكى ئادەم پەرىشتە ئەمەس، ئۇ خاتالىشىدۇ. ئادەم كەڭ قورساق بولۇپ باشقىلارنى كەچۈرۈشنى بىلگەندىلا ئۆزىنى ۋە تەن ساقلىقىنى ئاسراپ قالالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، تولا ئاچچىقلىنىپ ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ.

بەشىنچى، ۋاپادارلىق. ياشانغانلارنىڭ بەختلىك بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنلەرنىڭ يەكۈنىگە كۆرە، ياشانغانلارنىڭ بەختلىك بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسي ئامىل پۇل، مەرتىۋە بولماستىن، بەلكى بالىلىرىنىڭ ۋاپادارلىقى ئىكەن. شۇڭا ۋاپاسىز بالىلارنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىراق. چۈنكى مۇنداقلار ئاتا _ ئانىسىنى مەڭگۈ ئامان قىلمايدۇ ئەمەسمۇ؟

ئالتىنچى، لايىقىدا ياۋاش بولۇش. ئادەم بەك ياۋاش بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. ياۋاش بولمىسىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا نورمال دەرىجىدە ياۋاش بولۇش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، ياۋاشلىقنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق بەلگىلەش كېرەك.

يەتتىنچى، ئۆزىنى بېغىشلاش. ئۆزىنى قانچە كۆپ بېغىشلىسا شۇنچە ياخشى. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق نامىغا قىلغان ئاز _ تولا ياخشى ئىشلىرى بىلەن بەختلىك بولىدۇ، روھي كەيپىياتى ئۈستۈن بولىدۇ.

سەككىزىنچى، باشقىلاردىن ياخشىلىق قايتۇرۇشنى تەلەب قىلماسلىق، تەمەمۇ قىلماسلىق. قىلغان ھەربىر ياخشىلىقىنىڭ قايتۇرۇلۇشىنى تەلەب قىلىدىغان ئادەم كۆڭۈللۈك ئۆتەلمەيدۇ، بەختلىك ياشىيالمايدۇ. چۈنكى دۇنيادا تۇزكور ئىنسانلار كۆپ. سىز ھەربىر ياخشى ئىشىڭىز ئۈچۈن ئۇلاردىن شۇنىڭ بەدىلىنى كۈتمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئازابلارغا قويىسىز ۋە ئاۋارىچىلىق تارتىسىز. شۇڭا سىز ئۇنى كۈتمەڭ. ئەمما ئىشىنىڭكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بەدىلىنى باشقا يوللار بىلەن سىزگە قايتۇرىدۇ.

مەزكۇر پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە كۆرە، يۇقىرىقى 8 خىل شىپالىق دورىنىڭ تۆۋەندىكىدەك 6 تۈرلۈك رولى بار:

بىرىنچى، سەمىمىي ئادەم بولغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، ئىشتا ئەستايىدىل بولغىلى بولىدۇ، ئۈچىنچى، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. تۆتىنچى، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ، بەشىنچى، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدۇ. ئالتىنچى، بالا _ قازادىن خالىي بولغىلى بولىدۇ.

## شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ساقلىنىش چارىسى

### ئەللامە ئىبنى جىبرىن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مۇنداق دېگەن: «شەيتان بەزىدە سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا ‹ئاللاھنى كىم ياراتقان؟› دەيدىغان شەكنى سالىدۇ. سىلەر شۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، چىن قەلبىڭلاردىن‹مەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم› دەڭلار. سىلەردىكى بۇ ۋەسۋەسە ھامان يوقىلىدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى قەلبىدە بۇنداق ۋەسۋەسە پەيدا بولغان ئادەم، ھامان‹ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم› دەپ ئىماننى يېڭىلىسۇن»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «شەيتان سىلەرگە ‹بۇنى كىم ياراتتى؟ ئۇنى كىم ياراتتى؟› دەپ سورايدۇ، ھەتتا ‹رەببىڭنى كىم ياراتتى؟›دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىلەر ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار ۋە ھامان كۆڭلۈڭلارنى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىڭلار»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «سىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، ئەمما ئاللاھنىڭ زاتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماڭلار»[4] دەپ كۆرسەتكەن. يەنە بىر ھەدىستە: «ئاللاھنىڭ خەلقى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، ئەمما ئۇنىڭ زاتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماڭلار»[5] دەپ كەلگەن.

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ دەيمىزكى، بىراۋنى شەيتان ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئىمانغا زىيان يەتكۈزىدىغان خىياللارغا باشلىغاندا، دەرھال بۇ خىيالنى توختىتىپ ۋە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەش لازىم. تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ۋەسۋەسىدىن ساقلىنىشقا ياردەمچى بولىدۇ:

1 . ئەقىدىگە زىيانلىق قانداقلا بىر ئوي _ پىكىر خىيالغا كەلگەن ھامان ئىماننى يېڭىلاپ «ئامەنتۇ بىللاھ» يەنى(ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم) دېيىش.

2. شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەپ دۇئا قىلىش.

3. ۋەسۋەسىگە ئۇچرىغاندا، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈش.

4. ۋەسۋەسە كەلگەندە خىيالنى باشقا ياققا بۇراپ، زېھنىنى باشقا مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق شەيتانغا پۇرسەت بەرمەسلىك.

5. ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇش. چۈنكى ئىخلاس سۈرىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرى ئىخچام ھالدا بايان قىلىنىغان ھەمدە بۇ سۈرىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇش قۇرئان كەرىمنى تامام قىلغانغا ئوخشاش ساۋابلىقتۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى، نېمەتلىرى ۋە پەزلى _ ئېھسانلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسان ئەقلىنى ئاللاھ تائالاغا باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[4] ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى.
[5] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## كىشىلەرگە تەبەسسۇم قىلىش شۇنچىلىك قىيىنمۇ؟

پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، قوپاللىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى كىشىلەرگە خۇش چىراي ئېچىش ۋە تەبەسسۇم قىلىش بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. تەبەسسۇم كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش ۋە روھنى كۆتۈرۈشتەك سېھىرلىك مۆجىزىدۇر. ئەرەبلەردە «سەن ھاياتقا كۈلسەڭ ھايات ساڭا كۈلىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار.

مىسىرلىق دوكتور ئەھمەد ئابدۇلجەۋۋاد «قانداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى قازانغىلى بولىدۇ»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەرگە تەبەسسۇم بىلەن ئوچۇق چىراي ئېچىش سىزدىن ھېچقانداق بىر چىقىم تەلەپ قىلمايدۇ، ئەمما سىز بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئىللىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ پەزىلەتكە قاتتىق تەشەببۇس قىلغان ۋە مۇئۇلارنى ئېيتقان: «ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى ئادديي سانىما، بىراۋنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم قىلىشىڭنىڭ ئۆزىمۇ ساۋابلىقتۇر»[1]، «قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىشىڭنىڭ ئۆزىدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[2]. ھەتتا كىشىلەرگە ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرەر تەكلىپنى سۇنغان ۋاقىتتىمۇ ئۇلارغا بۇ تەكلىپنى خۇش چىراي ئاچقان ۋە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا سۇنۇش ئەلۋەتتە ياخشى نەتىجە قازاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر نەرسىگە كۈلۈمسىرەش بىلەن باقىدىغانلار قىيىنچىلىقلارغىمۇ كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە ھەر قانچە زور قىيىنچىلىقنىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ يېڭىدۇ. ئەمما ھەر نەرسىگە قاپىقىنى تۈرۈپ باقىدىغانلار ئۇچۇن ھەممە ئىش قىيىن ۋە تەس تۇيۇلىدۇ. ئازراق قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە چوڭ كۆرۈنىدۇ. تەبەسسۇم دېگەن سىزدىن بىر تىيىن تەلەپ قىلمايدىغان، ئازراقمۇ مۇشەققەتكە قويمايدىغان، ناھايىتى ئاسان ۋە ئەرزان بىر نەرسە. ئەمما ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى ۋە ئىجابىي نەتىجىلىرى شۇنچە كۆپ. تەبەسسۇم قىلىش بىر لەھزىدىن ئارتۇق ۋاقىت تەلەپ قىلمايدۇ سىزدىن. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى يىللارچە، ھەتتا بىر ئۆمۈر كۆڭۈللەردە قالىدۇ. دۇنيادا تەبەسسۇم قىلىشقا چامى يەتمەيدىغان پېقىر يوق. ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالايدىغان باي يوق. ھەركىم ئۇنىڭغا موھتاجدۇر».

مىسىرلىق خىرىستىيان يازغۇچىسى دوكتور رەسمى ئابدۇلمەلىك «باشقىلار بىلەن قانداق ئۆتىسىز» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىز باشقىلارغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىش ئۇچۇن يۈزىڭىزدىن ئاران 13 مۇسكۇلنى ئىشلىتىسىز، ئەمما قاپىقىڭىزنى تۈرگەن ۋاقتىڭىزدا 74 مۇسكۇلنى ئىشلىتىسىز. تەبەسسۇم قىلىش قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ، قاننىڭ بەدەننىڭ ھەممە جايلىرىغا يېتىپ بېرىشىنى تەمىن ئېتىدۇ، كۆپ مىقداردىكى ئوكسىگېننى ئىچكى قىسىمغا ئەۋەتىش ئارقىلىق بەدەندىكى زىيانلىق مايىنى يوق قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ. مۇندىن باشقا تەبەسسۇم قىلىش ئادەمنىڭ چىرايىدىن قېرىلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى يىراق قىلىدۇ. شۇنداق پايدىلىق بىر تەبەسسۇمغا نېمانچە بېخىللىق قىلىسىز؟ ياكى ئۇ سىزدىن چىقىم تەلەپ قىلامتى؟»

مىسىردىكى «ئەل ئەھرام» گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەشھۇر يازغۇچى ئەھمەد ئەمىن «شېرىن ئەسلىمىلەر»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «ھاياتقا تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلارنىڭ سائادىتى ئۆزلىرىنى بەختلىك قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ ، بەلكى ئۇلار ئىشلەشكە ئەڭ قادىر، مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشتە ئەڭ كۈچلۈك، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا ئەڭ يارامىلىق ۋە ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پايدىلىق بولغان كاتتا ئىشلارنى بىجىرىشتە ماھىر كېلىدۇ. مەن كۆپ مال _ دۇنيا ياكى چوڭ مەنسەپ بىلەن ئازغا شۈكۈر قىلىدىغان قانائەتلىك نەپس ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە ئىككىنچىسىنى تاللىغان بولاتتىم. چۈنكى شادلىقتىن ئەسەر بولمىغان مۇز چىراي بىلەن تۇرۇپ كۆپ مال – دۇنياغا ئېرىشكەننىڭ ياكى كاتتا مەنسەپكە چىققاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ خۇددى جىنازا نامىزىدىن قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك چىرايى تۇتۇق يۈرگەن كىشىگە بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆيىنى دوزاخقا ئايلاندۇرىۋالغان ساھىبجامالنىڭ ئەگەر ئېرىنىڭ قەلبىنى ئاچالمىسا نېمىگە ئەھمىيىتى بولسۇن. ساھىبجامالىق دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، ئۆيىنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان چىرايى نورمال ئايال ساھىبجامالدىن مىڭ ئەلادۇر!».

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

## روزىنىڭ ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈشتىكى رولى(1)

ئاللاھ تائالا ئىبادەتلەرنى پەقەت ئىنسانلارلارنىڭ نەپسىنى پاكلاش، روھىنى يۈكسەلتىش ئۈچۈن بۇيرىغان بولۇپ، ئىبادەت بىلەن ئەخلاق يېتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىلگەن بويىچە، تولۇق ۋە تەلەپكە لايىق ئورۇندىغىنىدا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى يارلاپ نۇرلىنىدۇ، پەزىلەت ۋە ئەخلاقتىن بولغان نېسۋىسى كۆپىيىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلىقا ئۆزگەرتىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە روزىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكتۇر. روزا تۇتقان ئادەم كۆپلىگەن دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلارغا ئېرىشكىنىدىن تاشقىرى، چىدامسىزلىق، سەۋرسىزلىك، بېخىللىق، ئىسراپخورلۇقلارغا ئوخشىغان يامان ئەخلاق ۋە ناچار قىلىقلاردىن نەپسىنى پاكلاش، مەرتلىك، سېخىيلىق، سەۋرچانلىق قاتارلىق ئېسىللىككە ۋە پەزىلەتكە قاراپ يۈكسىلىش قاتارلىق نەق پايدىغا ئېرىشىدۇ.

ئىنسان روزا تۇتۇش جەريانىدا ئۆزىنى تونۇيدۇ، ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىز بىر مەخلۇقات بولغانلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى، خۇسۇسەن روزا تۇتۇش جەريانىدا ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارقاندىن كېيىن، يىل بويى توقلۇقتىن ئىبارەت نېمەتنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىنى ئەسلەيدۇ، بۇ ئارىدا ئاچلىقتىن قىينىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى، يوقلۇق دەردىدە ئاچ قالغانلارنى ئەسكە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالاغا بولغان مىننەتدارلىق بۇرچىنى، يوسۇللارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ، رەھىم _ شەپقەت قىلىش روھى يۈكسىلىدۇ، نېمىتكە شۈكۈر قىلىش كەيپىياتى ئاشىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى ( ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋالىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى)[1] دېگەن ئايەت روزىنىڭ تەقۋالىققا ۋەسىلە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تەقۋالىق _ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. تەقۋالىقنىڭ مۇكاپاتى بۇ دۇنيادا ھۇزۇرلۇق ھايات، ئاخىرەتتە نازۇنەمەتلىك جەننەتتۇر. مەلۇمكى، روزا تەقۋالىقنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر. چۈنكى روزا تۇتقان ئادەم روزا سايىسىدا نەپسىنى پاكلاپ، روھىنى يۈكسەلتىپ ئىسلامىي تەربىيە ئالغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلەنمىگەن ياشلارنى روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى جىنسىي ھەۋەسنىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن ساقلىنىشقا بۇيرىغانلىقىنى ھېكمىتىمۇ روزىنىڭ تەربىيە خاراكتېرلىك ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ۋە روزا سايىسىدا ئىسلامىي تەربىيە ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. چۈنكى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ نەپسىي ئىستەكلىرى ئاجىزلىشىدۇ ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنى نەپسىي ۋە جىنسىي ھەۋەسلەرنىڭ كۈچى ئالدىدا خۇددى مۇستەھكەم قەلئەدەك ساقلاپ قالالايدۇ.

مۇسۇلمان ئادەم روزىنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، ئۇنىڭدا ئاللاھ رازى بولمايدىغان قىلىق ۋە ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، نەپسىنى ۋە بارلىق ئىستەكلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىستىكى ئالدىدا بويسۇندۇرۇشى لازىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. مۇنداق ئادەم ئۆزىنى ئىبادەت ئىچىدە دەپ بىلگەنلىكتىن، بۇ مۇقەددەس ئىبادەتكە زىت كېلىدىغان ھەۋەسلەرنى يېڭىش كويىدا بولىدۇ _ دە، ئاللاھ تائالادىن ياردەم سورايدۇ، نەپسىي شەيتاندىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيدۇ ۋە ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھېمايىسى ئاستىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ. مۇنداق غەيرەت كۆرسەتكەن بىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆز بېشىغا ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇنى ھېمايە قىلىدۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، تىلىگەنلىرىنى بېرىدۇ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە ياخشى بەندىلىرى قاتارىغا قوشىدۇ. بۇ ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئارمىنى ۋە كۆڭۈللۈك تىلىكىدۇر.

روزا تۇتقان ئادەم كۆپ يېيىش ۋە كۆپ ئىچىشتىن كېلىپ چىقىدىغان غەپلەت ۋە بىخۇتلۇقنىڭ نەقەدەر يامان ئىكەنلىكىنى روزا تۇتۇش جەريانىدا تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى يىل بويى بىر كۈنمۇ ئاچلىق ھېس قىلماستىن، ھەر كۈنى ۋاقتى سائىتى بويىچە غىزالىنىپ كەلگەن ئادەم ئاچلىقنىڭ ئازابىنى ۋە دەردىنى ھەرگىز ھېس قىلمايدۇ. ئۇ قانداقمۇ ھېس قىلسۇن؟ بىرەر كۈن ئاچ قالمىغان تۇرسا؟ شۇڭا روزا تۇتۇش جەريانىدا كۈنىگە 15سائەتتىن 17سائەتكە قەدەر ئاچ قېلىش ئارقىلىق ئاچلىق دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، يوقلۇقنىڭ قانداق قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن ياشاپ بىلىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم ئەگەر روزىنى ئاللاھ رازىلىقىنى ۋە ئەخلاقىنى تۈزىتىش نىيىتى بىلەن تۇتقان بولسا، چوقۇم ئۆزگىرىدۇ، ئۇنىڭدىكى بېخىللىق سېخىيلىققا، تاش يۈرەكلىك رەھىمدىللىققا، غەپلەت ھوشيارلىققا ئۆزگىرىدۇ _ دە، يوقسۇللارنىڭ، يېتىملارنىڭ، بىر نانغا زار بولغانلارنىڭ قەدرىگە تولۇق يېتىدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قولىنى سوزۇشنى مۇسۇلمانلىقنىڭ ۋە ئىنسانلىقنىڭ تەلىپى دەپ بىلىپ، قولىدىن كەلگەننى قىلىدۇ. روزا ئەنە شۇنداق تەربىيە مەكتىپىدۇر. روزا تۇتۇپ بۇنچىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىغان ياكى روزا تۇتۇش بىلەنمۇ ھېچقانداق تەربىيە ئالمىغان ئىنسانلارنىڭ تۇتقان روزىسى بىھۇدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردى چەككەندىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس. چۈنكى روزا تۇتۇشتىن بولغان مەقسەت ئەمەلگە ئاشمىسا، تۇتقان روزىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئىبادەتلەر بۇ دۇنيادا ئەسقاتمىسا، ئاخىرەتتە قانداق ئەسقاتىدۇ؟!

شۇڭا ئۆلىمالار دەيدۇكى، بۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرمىگەنلەر ئاخىرەتنىڭ جەننەتلىرىگە كىرەلمەيدۇ. بۇ دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى،

[1] بەقەرە سۈرىسى: 183_ ئايەت.

جەننەت ئەھلىدىن بولىدىغان مۆمىن ئادەم بۇ دۇنيادا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى ئىمانىنىڭ ھۇزۇر _ ھالاۋىتى بىلەن ئارام تاپقان، ئەخلاقى خۇددى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەخلاقىغا ئوخشاش، پۈتۈن يۈرۈش _ تۇرۇشلىرى جەننەت ئەھلىنىڭ يۈرۈش _ تۇرۇشىنى ئالغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەم بۇ دۇنيادا قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلىرى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى جەننەتتە تۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيانىڭ جەننىتىگە كىرمىگەن ئادەم ئاخىرەتنىڭ جەننىتىگە كىرەلمەيدۇ دەپ ئېيتىلغان.

روزا تۇتقان ئادەمنىڭ تۇتقان روزىسى ئۇنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىغا ۋە گەپ _ سۆزلىرىگە ئەلۋەتتە تەسىر قىلىدۇ. چۈنكى روزا تۇتۇپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىشنىڭ، روزا تۇتۇپ تۇرۇپ باشقىلارغا ئازار بېرىشنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ _ دە، ئۆزىنى تۇتىۋالىدۇ، كۆنۈپ قالغان يامان ئادەتلىرىنى رامىزاندا قىلمايدۇ ۋە رامىزاندىن كېيىنمۇ ئۆمۈر بويى بۇ يامان ئادەتلەرنى قىلماسلىقنى ئادەت قىلىشقا تىرىشىدۇ، شۇنىڭغا بەل باغلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «يالغان سۆز قىلىشنى تاشلىمىغان ئادەمنىڭ روزا تۇتتۇم دەپ قورسىقىنى ئاچ قويغانلىقىغا ئاللاھ تائالانىڭ ھاجىتى يوق» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەككى، روزا تۇتۇش دېگەن قورساقنى ئاچ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. روزا تۇتقاندا بىر نەرسە يېمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك دېگەن روزىنىڭ تاشقى جەھەتتىكى تەلىپى ئەمما روزىنىڭ ھەقىقىي تەلىپى ئىچكى دۇنيانى ئىسلاھ قىلىشتۇر. جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ھەقىقىي مەنىدە روزا تۇتۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كۆرىدىغانلاردىن قىلسۇن ئامىن.

## روزىنىڭ ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈشتىكى رولى(2)

روزا تۇتۇش دېگەن زادى نېمە؟ روزا تۇتۇشتىن مەقسەت نېمە؟ روزىنىڭ تەسىرى نېمە؟

روزا تۇتۇش دېگەن تاڭ يورۇغاندىن كۈن پاتقىچە يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسىي ئىستەكنى توختىتىش بىلەنلا بولامدۇ؟

ئەگەر روزا تۇتۇش دېگەن شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نەپسىنى پاكلاش، روھنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەقۋالىق هاسىل قىلىشتا قانچىلىك رولى بولسۇن؟ مۇنداق شەكىلدە روزا تۇتقان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدىكى«ئادەم بالىسىنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈندۇر، ھەر بىر ياخشى ئەمەلىگە ئون ھەسسىدىن ساۋاب بېرىمەن. پەقەت تۇتقان روزىسى مېنىڭ ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى پەقەت ئۆزەملا بېرىمەن»[1] دېگەن سۆزىگە لاياقەتلىك بولالامدۇ؟

شۇڭا بەزى ئۆلىمالار روزىنىڭ ئەڭ ئاددىي مەنىسى يېمەك _ ئىچمەكنى تەرك ئېتىشتۇر، دېگەن ئىكەن. يەنى رامىزان كۈندۈزىدە يېمەك _ ئىچمەكنى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەرك ئېتىش دېگەن روزىنىڭ تەلەپلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاددى تەلەپتۇر. بۇنىلا ئورۇنداش بىلەن روزا تۇتقان قاتارىغا ئۆتكىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك.

روزا تۇتقان ئادەم يۇقىرىقى ئاددى تەلەپلەرنى ئورۇنداپ قويۇش بىلەن روزىنىڭ مېۋىلىرىنى ئالالمايدۇ، روزىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئورۇندىغان بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش، پەزىلەت ۋە تەقۋالىق هاسىل قىلىش دېگەنلەرنى ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

روزىنىڭ تەلەپلىرىنىڭ بەزىلىرى بولغان تىلنى، كۆزنى ۋە پۇتۇن ئەزالارنى هارامدىن، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇتۇش، پەس ئارزۇ ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ يېقىنلىقىنى ۋە رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت پەزىلەتنى هاسىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش قاتارلىقلار روزىنىڭ ئالدىنقى تەلەپلىرىدۇر.

روزا ئادەمنى بېخىللىقنىڭ، ئاچكۆزلۈكنىڭ ۋە سەۋرسىزلىكنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلاپ، سېخىيلىق، قانائەت ۋە سەۋرچانلىق قاتارلىق ئېسىل _ پەزىلەتلەرگە يۈكسەلتەلمىسە، بۇنداق روزىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟ ئاللاھ تائالانىڭ روزا تۇتقۇچىلارغا ۋەدە قىلغان ساۋابىغا قانداق ئېرىشكىلى بولسۇن؟!

نۇرغۇن ئادەملەر رامىزاندا روزا تۇتۇشنىمۇ مىللىي ئادەتكە ياكى رەسمىيەتكە ئوخشاش كۆرىدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلار بىر ئاي روزا تۇتۇپمۇ رامىزاننىڭ ئالدىدا قانداق بولسا، كېيىنمۇ شۇنداق بولۇپ ھېچ ئۆزگەرمەيدۇ، يەنە بۇرۇنقى ئالدامچىلىقنى، يالغانچىلىقنى داۋام قىلىدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر ئاي روزا تۇتۇپ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر رامىزانغىچە هارام يېيىش، هارام ئىش قىلىشتەك يامان ئەخلاقلاردىن خالاس بولمىسىمۇ كېلىدىغان رامىزان ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا يېتەرلىكتۇر. بۇ گۇمان ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلارنى ئالدايدۇ، ئۇلار ئالدانغانلىقىنىمۇ هېس قىلمايدۇ. غەپلەت دېگەن ئەنە شۇنداق يامان نەرسە. شۇڭا مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇشتىن بولغان مەقسەتنى بىلىشى لازىم. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنىمۇ تولۇق بىلىشى لازىم.

مۇسۇلمان ئادەم رامىزان ئېيىنىڭ پەقەت كۈندۈزى يېمەك _ ئىچمەكنى ۋە جىنسىي ئالاقىنى تاشلاش ئېيى ئەمەس، بەلكى تەربىيە ئېيى، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ۋە يېتىلدۈرۈش ئېيى ئىكەنلىكىنى ئونۇتماسلىقى لازىم.

رامىزاندا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. رامىزاندا يېتىلدۈرىدىغان ئەخلاقلارنىڭ جۈملىسىدىن سەۋرچانلىق بولۇپ، روزا تۇتقان ئادەم ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن رامىزان كۈندۈزلىرىدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلىقنىڭ دەردىنى چېكىدۇ. بۇ ئىنساننى كۆڭلى خالىغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ۋە نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىنى ئۆز كونترولىدا تۇتۇش لازىملىقىنى ئۆگىتىدىغان دەسلەپكى دەرس. قىسقىسى روزا تۇتقان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى تۇتىۋېلىشنى، ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشنى، شەھۋىتىنى تىزگىنلەشنى، نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. رامىزان ئېيىدا شۇنداق ئۆزىنى تۇتۇشنى ئۆگەنگەن ئەقىللىق مۇسۇلمان رامىزان تۈگىگەندىن كېيىن ئۆزىنى تۈرمىدىن قۇتۇلغان جىنايەتچىدەك ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىمان ۋە ئەخلاق مەدرىسىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئىلىم ئەھلى دەپ سانايدۇ. كېيىنكى هاياتىنى شۇ ئالغان تەربىيىسى بويىچە ياشارتىدۇ. پەيغەمبە ئەلەيهىسسالام بىر ھەدىستە: «سىلەر روزا تۇتقاندا يامان ئىش قىلىشتىن، گۇناھ ئىشلەشتىن يىراق تۇرۇڭلار، سىلەرنى بىراۋ تىللىسا ياكى ئۇرۇشسا، سىلەر‹مەن روزىدارمەن›دەڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەدىسنى ھەممە ئادەم ياخشى بىلىپ تۇرۇپ رامىزان ئېيىدا ئۇلارنىڭ سەۋرىسى بەك ئاز قالىدۇ، ھەتتا يۇل يۈرۈشتىمۇ باشقىلار

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىلەن يول تالىشىپ ئېغىزىنى بۇزىدۇ، ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقنىن دەرسىنى باشقىلاردىن ئالماقچى بولىدۇ. روزا تۇتقان ئادەمگە ياراشمايدىغان پەس قىلىقلارنى ۋە ناچارلىقلارنى قىلىدۇ. خۇددى روزا ئۇلارنى يامان سۆز سۆزلەشكە، ئاددىي بىر سەۋەب بىلەن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چاقىرغاندەكلا بۇ يامانلىقلارنى رامىزاندا قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشنى مىللىي ئادەت ياكى رەسمىيەتلەر قاتارىدا كۆرگەنلىكى، رامىزاننىڭ روھى ۋە مەنىسى بىلەن ھېسابلاشماستىن، ئۇنىڭ تاشقى پائالىيەتلىرىنىلا كۆزدە تۇتقانلىقىدىن ئىدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ روزا تۇتمىغانلار بىلەن قانداق پەرقى قانغان بولدى؟ روزا تۇتقان بىلەن تۇتمىغىنىنىڭ ھېچ پەرقى بولمىسا، ئۇلار نېمىسىگە ئىشىنىپ تۇتقان روزىسىنىڭ ساۋابىنى كۈتىدۇ؟

رامىزاندا توزا تۇتۇپ تۇرۇپ ئەخلاقىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ئادەم باشقا قايسى ۋاقىتتا ئۆزگەرتەلىسۇن؟ رامىزاندىنمۇ ياخشى پۇرسەت بارمۇ؟

رامىزان يەنە يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالغانلارنىڭ بۇ ئادەتلىرىنى تاشلىشى ۋە ھاياتىغا يېڭىدىن بىر سەپە ئېچىپ، ئۆزىنى ۋە يۈرۈش _ تۇرۇشلىرىنى ئىسلاھ قىلىۋېلىشى ئۈچۈن چوڭ پۇرسەتتۇر. بەزى يامان كەيپ ساپا ئىشلارغا كۆنۈپ قالغانلار رامىزاننىڭ يۈزىسىدىن بۇ ئىشلارنى رامىزاندا قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، يامان ئادەتلەردىن بۇ رامىزاننىڭ بەرىكىتى ۋە شاراپىتى بىلەن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىسا، ئۇلار چوقۇپ غەلىبە قىلالايدۇ.

رامىزان ئەنە شۇنداق روھىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش كۇرسىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، ئەخلاقىنى ياخشىلاش، ئاللاھنى رازى قىلىش نىيىتى بىلەن كىرگەنلەر چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ. رامىزاننىڭ مۇندىن باشقا ئەخلاقىي پايدىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، روزىنى ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئويغۇن ھالدا، ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ تۇتقانلار رامىزاننىڭ بۇ پايدىلىرىدىن ئەلۋەتتە نېسىۋىدار بولىدۇ.

جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى رامىزاننىڭ ياخشىلىقلىرىدىن نېسىۋىدار بولغۇچىلار قاتارىدىن قىلسۇن ئامىن.

## روزىنىڭ ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈشتىكى رولى(3)

روزىنىڭ روزا تۇتقۇچىدا گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشتە شەك يوق. بۇنىڭ شەرتى روزىنى بىردىنبىر روھىي تەربىيە ئېلىش پۇرسىتى دېگەن ئېتىقاد بىلەن، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۇتۇشتۇر. رامىزان ئېيى باشتىن ئاخىر رەھمەت ئېيىدۇر. رەھىم – شەپقەت قىلىشنى ئۆگىنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ئاتا قىلىۋاتقان سانسىز رەھىم _ شەپقەتلىرىنى تونۇش ئېيىدۇر. رامىزان باي _ گاداي، رەئىس _ پۇقرا ھەممىسى ئاچلىقنىڭ، ئۇسسۇزلىقنىڭ دەردىنى چېكىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ۋاقىتتا بۇلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىنى چېكىشتە باراۋەر بولالمايدۇ. چۈنكى بايلارنىڭ كۈندىلىك يەمەك _ ئىچمەكلىرى ۋاقتى _ سائىتىدە تەييارلانغان بولىدۇ. ئەمما يوقلارنىڭ ھەر ۋاقىت تەييار بولمايدۇ. بىراق رامىزان ھەممىسىنىڭ يېمەك _ ئىچمىكى بىرلا ۋاقىتتا تەييار بولىدۇ، توقلۇقنى، ئاچلىقنى بىرگە چېكىدۇ. شۇڭا بايلاردىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بۇ ئايدا يوقسۇللارنىڭ، يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، يىل بويى يوقلۇق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىۋاتقانلارنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ _ دە، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ياردەم قىلىش ۋە يۆلەشلىرىنى بىرگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىسلامىي ھەمكارلىقنى ئۆگىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرەر روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرغان ئادەم ئۇنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ ساۋابىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ»[1]. بۇ ھەدىس يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشنىڭ، ئۇلارنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولۇشنىڭ خۇددى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. رامىزاندا يوقسۇللارنى ئىپتار قىلدۇرغان ئادەم شۇنداق ساۋابقا ئېرىشە، باشقا ۋاقىتلاردا يوقسۇللارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىغان ئادەم ساۋاب تاپىمامدۇ؟ ئەلۋەتتە تاپىدۇ. بۇ ھەدىس بىزگە ياردەم قىلىشنى ئۆگەتمەكتە. رامىزاندىن ئىبارەت بۇ ئىلاھىي مەكتەپتە باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۆگەنگەن ئادەم رامىزاندىن كېيىن ئۆگەنگەنلىرىنى تاشلىۋەتسە، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلمىسا بولامدۇ؟ مېدىتسىنا فاكۇلتېتىغا كىرىپ، دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن ئادەم شۇ ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلمىسا، ئۇنىڭ دوختۇرلىقىنىڭ كىمگە پايدىسى بولىدۇ؟ ئالغان بىلىمى پايدىسىز قالغان بولمامدۇ؟ روزىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، بىر ئايلىق روزا تۇتۇش جەريانىدا ئادەتلەنگەن ۋە ئۆگەنگەن ياخشى ئىشلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىشقا سالالىغان ئادەملەرلا غەلىبە قىلىدۇ.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كۆپ روزا تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ روزا تۇتىتتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا، «مەن توق يۈرۈپ يوقسۇللارنىڭ ھاجەتلىرىنى ھېس قىلالماي قېلىشىمدىن قورقىمەن»دېگەن ئىكەن.

بۇ ھاياتلىق سەپىرى بىر تۈرلۈك سىناقلار دۇنياسى بولۇپ، ئادەم ھەر ئاندا سىناقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا يوقسۇل بەندىلىرىنىمۇ باي قىلىۋېتىشكە قادىر. بەندىلىرىدىن يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشنى سورىماستىنلا ئۆزى ياردەم قىلىشقا قادىر. ئەمما بۇ دۇنيا سىناق دۇنياسى بولغانلىقتىن، ئىنسانلارنى سىنايدۇ ۋە شۇ سىناقلاردىن سالامەت ئۆتكەنلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. رامىزان ئېيى سىناالغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. بۇ ئايدا ئاللاھ تائالانىڭ سىناقلىرىدىن تولۇق ئۆتۈپ ئۇنى رازى قىلغانلار ئىرادىسىنى بۇشاشتۇرمىسلا كېيىنكى سىناقلاردىنمۇ سالامەت ئۆتۈپ كېتىدىغانلار قاتارىدىن بولالايدۇ. ئەمما رامىزاندا ناھايىتى ياخشى، مۆمىن، مۇسۇلمان، رامىزاندىن كېيىنلا ساختىپەز، ئالدامچى بولۇپ كەتكەنلەر سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلەردۇر.

ئۆزئارا ھەمكارلىق، بىر _ بىرىگە ياردەم قىلىش ۋە يوقسۇللارنى يۆلەش ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى چاقىرىقلىرىدىن بىرى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ»[2] دېگەن. بۇ ھەدىس ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلارنى ۋە ماۋزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاتا _ ئانىغا قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ غەمىنى يېيىش، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، مۇسۇلمانلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىش، ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا سىلە _ رەھىم قىلىش، ياخشى ئىشلارغا ياردەملىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلىرىدۇر. بۇ خالىسانە خىزمەت ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن بەلگىلەنگەن دىنىي ۋە ئىنسانىي خىزمەتلەردۇر.

زادى مۇسۇلماننىڭ قەدىر _ قىممىتى ئۆز نەپسىدىن كېچىپ باشقىلارنىڭ غەمىنى يېيىشتىكى دەرىجىسىگە قاراپ دەرىجىلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر بۇ ماۋزۇدا ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش يولىدا يەھيا ۋە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش سۈيىقەستلەرگە ئۇراپ ھاياتىدىن ئايرىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش نۇرغۇنلىرى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلانغان. ئۇلار ئىنسانىيەتكە ئاللاھنىڭ ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارغا خىزمەت قىلىش يولىدا ئۆزلىرىنى ئونۇتقان زاتلار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىبىلىرى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ۋە ئۈلگىلىرىدۇر.

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەشۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆمىنلەردىن ئاللاھ تائالا شۇ پىداكارلىقلارنى ئۆگىنىشنى ۋە قولىدىن كەلگەنچە پىداكارلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەردەك بولالىشى ناتايىن. ئەمما ئۇلارنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئۈلگە قىلالىغانلىرىنى تەلەبنى ئورۇندىغان بولىدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى باشقا ئىنسانلار پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن ياشىسا، مۇسۇلمانلار باشقىلار ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۇلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىش يولىدا ياشايدۇ. مۇسۇلماننىڭ پەرقى مانا مۇشۇنداق مۇھىم مەسىلىدە ئايرىلىدۇ.

جانابى ئاللاھ تائالا بىزنى ھەقىقىي مۆمىنلەردىن قىلسۇن ئامىن.

## شەرم _ هايا

شەرم _ هايا ــ رەزىل ۋە قەبىھ ئىشلار ئالدىدا كۆكۈلنىڭ سىقىلىپ، ئۇنى قىلىشتىن تارتىنىشى دېگەنلىكتۇر. هايالىق ئادەم ئەخلاقسىزلىقلارنى ۋە قانداقلا بىر رەزىل ئىشنى قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا، ئىنسانلار ئالدىدا ۋە ۋىجدانى ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا تاقەت قىلالمايدۇ _ دە، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ.

شەرم _ هايا گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ ئەهمىيەتلىكى بولۇپ، هازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئەڭ زور ئېهتىياجلىق بولغان نەرسىدۇر. شەرم _ هايا خۇددى مېۋىنىڭ پوستىغا، ئادەمنىڭ كىيىمگە ئوخشايدۇ، پوستى سويۇۋېتىلگەن مېۋە تېزلا بۇزۇلغاندەك، كىيىمسىز قالغان ئادەمنىڭ ئۇياتلىق جايلىرى ئېچىلىپ قالغاندەك، شەرم _ هايادىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم ئىچكى دۇنياسىدىن بۇزۇلىدۇ، ئۇ تۈرلۈك يامانلىقلارنىڭ پاتقىقىغا پاتىدۇ.

### شەرم – هايا ۋە نومۇسچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر

شەرم– هايا يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، هەر قانداق هەق ئىگىسىنىڭ هەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. هايا كىشىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ دېگەن غەم – ئەندىشە قورقۇنچىسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ.

شەرم _ هايا ۋە نومۇس ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى. قىسقىسى ئىمانىنىڭ پوستى شەرم – هايا ۋە نومۇستۇر. پوستى سويۇۋېتىلگەن دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك، شەرم – هايا ۋە نومۇستىن ئايرىلغان ئىنسانمۇ ئىماني خىسلەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇستۇر. شەرم – هايا بىلەن نومۇسچانلىق هەر قانداق ئىنساننىڭ ئىنساني قەدىر – قىممىتىنى بېيىتىپ هۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان يوشۇرۇن گۈزەللىكتۇر.

### ئىنساندا هايانىڭ يوقىلىشى پۈتۈن پالاكەتلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى هالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن هايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن هايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ هەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ هەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەهىم _ شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەهىم _ شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ»[1].

بۇ هەدىس قەلبىتكى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، بۇ باسقۇچلارنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلاپ ماڭىدىغانلىقىنى بىزگە ئىنچىكىلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. كىشىنىڭ هايا چۆمبىلى يىرتىلسا، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدا ئەيىبلىنىشلەردىن تەپتارتىپ قالمايدۇ. مۇنداقلار كىشىلەرگە ئازار قىلىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرنى ئېزىدۇ. پەرزەنتلىرىگە ۋە قوشنىلىرىغا يىرىكلىك قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمنى هېچكىم ياقتۇرمايدۇ. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالىدۇ. بۇ دەرىجىگە يېتىپ قالغان ئادەمگە هېچكىم ئىشەنچ قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ پۇل – مېلىنى يەۋېلىش ياكى ئابرويىنى تۆكۈشتىن خىجىل بولۇپ قالمايدىغان، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان ياكى مەجبۇرىيەتكە سەل قارايدىغان ياكى سودىدا هىيلە ئىشلىتىدىغان ئادەمگە قانداقمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولسۇن؟!

### هايا ـ هاياتلىقتۇر

ئەرەب تىلىدىكى هايا سۆزى هايات سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، هايالىق ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى هايات، يەنى تىرىك بولىدۇ. هايا قىلغان ئادەمنىڭ هاياسى ئىچكى هايات قايىنىمىدىن چىققان بىر خىل كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇنى رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

هايالىق ئادەمنىڭ قەلبى تىرىك، هاياسىز ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولىدۇ. قەلبىنىڭ ئويغاقلىقى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ هاياسى ئاشىدۇ. قەلبى ئۆلگەن ئادەمدە هايانى قوزغايدىغان هېسسىياتمۇ ئۆلگەنلىكتىن، مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرنى رەزىللىك دەپ بىلمەيدىغان ۋە هېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا شەرم _ هايانىڭ يوقىلىشى بارلىق رەزىللىك ۋە يامانلىقلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. هاياسىز ئادەمدىن هەممە يامانلىقلارنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

### هايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى

نۇرغۇن كىشىلەر هايا قىلىش بىلەن خىجىل بولۇشنى بىر مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئەمما هەقىقەتتە هايا بىلەن خىجىللىق ئوتتۇرىسىدا ناهايىتى چوڭ پەرقلەر بار.

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

پسخولوگيه ئالىملىرى خىجىللىقنى مەلۇم شارائىتلاردا ئىنساندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئەندىكىش دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا قورقۇنچتىن جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. خىجىللىق قورقۇنچاقلىقتىن كېلىدىغان نەرسە. خىجالەتچان ئىنسان ئىرادىسى ئاجىز ئىنساندۇر. ئەمما شەرم _ ھايا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ئادەمدە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدۇ.

خىجالەتتىن ئۆزىنىڭ يوللۇق ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم ھايالىق سانالمايدۇ. چۈنكى ھايالىق ئادەم ئېزىلىشكە، بوزەك قىلىنىشقا رازى بولۇپ تۇرالمايدۇ.

## ھايا ۋە نومۇسچانلىق چوڭ نېمەت

ھايا ۋە نومۇسچانلىق ئاللاھ ئاتا قىلغان چوڭ نېمەت، شۇنداقلا ئائىلىنىڭ، تەربىيىنىڭ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. دېمەك، شەرم – ھايا بىلەن نومۇس پۈتكۈل گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ يۈرىكى ۋە تۈپ يىلتىزىدۇر. شەرم – ھايا بىلەن نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلاردىكى ئەڭ ساپ، ئەڭ تەبىئىي بولغان ھېسسىي ھادىسە، ئۇ ئەڭ ئالىي ماقامدىكى ئەخلاق ئۇستازى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇلاقنىڭ قىزىرىشى بىلەن كۆزنىڭ ھەرىكىتى كىشىنىڭ چېھرىدە گەۋدىلەنگەن نومۇس تۇيغۇسىنى چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. نومۇس تۇيغۇسى بولماي تۇرۇپ نومۇسچان يۈز بولمايدۇ. نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىك. شۇڭا ھايۋانلاردا مۇنداق تۇيغۇ بولمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ھايالىق ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلگىلى بولاتتى»[1] دېگەن.

دېمەك، قىز – ئاياللار ئۈچۈنمۇ شەرم – ھايا ۋە نومۇس تۇيغۇسى ھاياتلىق دېمەكتۇر. ھەتتا ھاياتىنىمۇ قىممەتلىكتۇر. نومۇسنى قوغداش يولىدا جانىنى پىدا قىلىش ئەڭ ئاددىي تەلەپتۇر.

شۇڭا ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇزۇگۇم ۋە يەتتە قىزلىرىمدەك نومۇس ئابىدىلىرى تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ بىلەن يادلىنىپ كەلمەكتە.

## ھايالىق بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ساپلىقىدۇر

بىر ئادەمدىكى شەرم _ ھايا بىزگە شۇ ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ ۋە ئەدەپ – ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى يۇرۇتۇپ بېرىدۇ. سىز بىر ئادەمنىڭ تېڭىشلىك بولمىغان ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقى ياكى تېڭىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلىپ قويغان ۋاقتىتا چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئويغاق، ئەسلىنىڭ پاك، تەبىئىتىنىڭ ساپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. شۇنداقلا بىرەرسىنىڭ پەس، گۇناھ ئىشلارنى ھايا قىلماستىن قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئالغان – قويغىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۇنىڭ قولىدىن ياخشى ئىش كەلمەيدىغان كۆڭلى قارا، يۈزى قېلىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ھەر قانداق دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بار، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر»[2] دېگەن. ئەللامە مۇھەممەد غەزالى «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىمان بەندە بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى بۆيۈك ئالاقە بولۇپ، قەلبنى پاكلاش، ئەخلاقنى توغرىلاش، ھەرىكەتنى دۇرۇسلاش قاتارلىقلار بۇ بۆيۈك ئالاقىنىڭ تەلىبى، بەلكى ئۇنىڭ تۇنجى ئىزناسىدۇر. قەلبنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، خاتالىقلار ۋە پەس ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىغىچە بۇ تەلەبنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن تەپتارتماسلىق تەدرىجى ھالدا گۇناھلارنى قىلىشقا قاراپ تەرەققى قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمانىنىمۇ يوقىتىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنى ئەڭ پەس ۋە تۆۋەن ئورۇندا كۆرىدۇ».

## ھايانى يوقاتقان ئادەم ئامانەتنىمۇ يوقىتىدۇ

ھايانىڭ يوقىلىشى ئىشەنچ – ئامانەتنىڭ يوقىلىشىدۇر. كىمكى ھايانى يوقىتىدىكەن، ئۇ ئامانەتنى يەنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم جەمئىيەتتە قىممەتسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسىي ھەۋەسىنى قاندۇرۇش يولىدا يۈگۈرىدىغان ياۋايىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىدىكى ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك ئىللەتلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋە ئەقلى قېلىن پەردىلەر بىلەن پەردىلەنگەن بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ئازدۇرىدىغان، تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان نەپسىي ھەۋەسلەردىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ.

ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ قىلغان خاتالىقلىرى ۋە بەزى يامانلىقلىرىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن تەپ تارتىش ھايانىڭ ئۆزىدۇر.

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[2] ئىبنى ماجە ۋە تەبەرانى رىۋايىتى.

## سەۋرچانلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

سەۋر، سەۋرچانلىق، سەۋر قىلىش دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما سەۋرنىڭ مەنىسىنى ھەممىلا ئادەم بىلەمدۇ؟

مەلۇمكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر سەۋرنىڭ مەنىسىنى ئاددى ۋە دۇگما مەنىسىدە چۈشىنىدۇ. ئەمما «سەۋر» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنى بىلمەيدۇ. «سەۋر» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ بىرى. بۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زورلىقىدىن بولسا كېرەك.

سەۋرنى مۇنداق 4 تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر، ئىككىنچىسى، ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىددىكى سەۋر، ئۈچىنچىسى، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر، تۆتىنچىسى، چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋردۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: (سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز)[1] دېگەن ئايەت سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئومۇمىي ئايەتتۇر. تۆۋەندە سەۋرنىڭ تۈرلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ:

### 1. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر _ كۆڭۈل ھاۋايى – ھەۋەسنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئەقلىنىڭ ئىنداسىغا قولاق سالغان ھالدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، يامان ئىشلاردىن، گۇناھ _ مەسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش، نەپسنى باشقۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ خۇددى رامىزاندا روزا تۇتقان مۇسۇلمان ئادەم كۈننىڭ ئوتتەك ئىسسىقى ۋە ئۇزۇن كۈنلىرىدە كۆڭلى مۇزدەك سۇنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسنى يېڭىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ راھەتلىنىشتىن ۋازكەچكىنىگە، بىراۋنىڭ نەپسىي گۇناھ _ مەسىيەت ئىشلەشنى تەلەب قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، يامان ئىشتىن ساقلانغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنداق سەۋر قىلغۇچىلار توغرۇلۇق قىيامەت كۈنىدە دەيدۇكى، «سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[2].

ئادەتتە ئۆزى قىزىقىپ كەتمەيدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، قىزىقىدىغان نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش پەقەت سەۋرچانلىق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى ئىرادىلىك كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، نەپسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىستەكلىرىنى سەۋرچانلىقىنىڭ سايىسىدا قايرىپ قويالايدۇ ۋە يولىغا داۋام قىلىدۇ.

### 2. ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىددىكى سەۋر _ بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى تېزلا كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ساقلاش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسىلەن: يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ ھامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلانغاندىن باشقا قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

كىرىزىس كۈچىيىپ مۇرەككەپلەشسە، قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ زۇلمەتلىك كېچە ئۇزارسا، پەقەت سەۋرلا ئىنسانغا گاڭگىراشتىن قوغدايدىغان نۇر، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول ئاتا قىلىدۇ. سەۋر ھەر قانداق ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان پەزىلەت. ئىنساننىڭ ئىش – ھەرىكىتى، ئارزۇ ئۈمىدلىرى، سەۋرچانلىق ۋە چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇشى زۆرۈر. بىر ھەدىستە: «سەۋر _ چىراقتۇر»دەپ كەلگەن. چىراق قاراڭغۇنى يورۇتقاندەك، سەۋرچانلىقمۇ ئىنساننىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.[3]

ئۆرۈكنى پىشىشتىن بۇرۇن قېقىۋەتكەن باغۋەن مول ھوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ئىنسان ئۆزىنى سەۋر بىلەن قورالландۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان، مەنزىل يىراق بولسىمۇ

(1) نەھل سۈرىسى16 – ئايەت.

[2] مۇمىنۇن سۈرىسى111-ئايەت

[3] ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«خلق المسلم» ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، قىيىنچىلىقتىن كېيىن هامان ئوڭايلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋارلىق، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

### 3. قايتۇرۇپ ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇش مەنىسىدىكى سەۋر

قايتۇرۇپ ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر _ ئۆلۈم _ يېتىمگە، بالايىئاپەتكە ئوخشىغان تەقدىرگە تەن بەرمەستىن باشقا چارىسى بولمىغان مۇسىبەتلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى تۆگەشتۈرمەستىن، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق هاياتنى داۋام قىلدۇرۇش ھەسرەت ۋە نادامەتسىز داۋام قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا هاياتلىق مۇساپىسىدىكى كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىقمۇ بۇ تۈردىكى سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: (بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز ئاچارچىلىق بىلەن ۋە پۇل _ ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان _ زەخمەت بىلەن سىنايمىز. ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار هىدايەت تاپقۇچىلاردۇر)[1] .

### 4. چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋر

چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋر _ مۇشەققەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بوي ئەگمەستىن، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن هارماي تىرىشقانچانلىق كۆرسىتىش، چىداملىق بولۇش، ئارقىغا قايتماسلىق، ئىرادىلىك بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىلدىكى سەۋرگە ئىگە بولغان ئادەم هاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت – تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

بۇ دۇنيا سىناق ۋە ئىمتىهان دۇنياسى بولغانلىقتىن، ئىنسان باشتىن كەچۈرگەن هەر بىر سىناق هەرخىل سىناقلار ئىچىدىكى بىر هالقىدۇر. ئېغىر سىناقلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى جەڭ مەيدانىكى ئەسكەردەك هەر سىناققا هازىر تۇتۇشى زۆرۈردۇر. كىشىلەر ئادەتتە سەۋردىن ئىبارەت هەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە گاڭگىراپ قالىدۇ. بىئارام بولىدۇ. ئىنسان ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلسە كەڭ جاهان ئۇنىڭغا تارىيىدۇ. كۈنلەر قىيىنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. سەۋرچانلىق بۈيۈكلۈكنىڭ نامايەندىسى، مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى، روهنىڭ ئەتراپتىكى ئىشلارغا رەهبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر»[2].

چىداملىق بولۇش تۇرمۇشقا ئادىل قارايدىغان كىشىلەرنىڭ شوئارى، پىشىپ يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى بولۇپ، سەۋر بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن قىيىن. شۇڭا چىداملىق بولۇش ئۈچۈن سەۋرچان بولۇش كېرەك.

#### سەۋرچانلىق پىشىپ يېتىلگەنلىكنىڭ ئالامىتى

سەۋرچانلىق پىشقان ئەرلىكنىڭ، يۈكسەك باتۇرلۇقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. هاياتلىقنىڭ سىناقلىرىغا تۇترۇقسىز ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئادەتتە بىراۋدا يۆتكىمەكچى بولغان ئېغىر يۈك بولسا، ئۇ كىچىك بالا، كېسەلچان ياكى ئاۋاق كىشىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. بەلكى كۈچلۈك ئەرنى تاللايدۇ. هاياتلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، هاياتلىقنىڭ ۋەزىپىسى هاياتلىقنى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى پەقەت ئەڭ چىداملىق، سەۋرچان، پىشقان كىشىلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچى ۋە يولباشچىلارنىڭ سىناق ۋە مۇشەققەتلەردىكى نېسىۋىسى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

#### سەۋرچانلىقنىڭ ئەهمىيىتى

سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇش هەر قانداق بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەخلاق ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. سەۋر بىلەن چىدام ئىنسان ئۆزىنىڭ روهى ۋە نەپسي خاهىشى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بىر هەدىستە: «هېچكىمگە سەۋردىن ئارتۇق كەڭ سوۋغا بېرىلگىنى يوق»[3] دېيىلگەن. چۈنكى سەۋرچانلىق بىلەن چىدام ئىنساننىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىنسان رېئال تۇرمۇشتا تەقدىرنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى شۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋايساپ تەقدىردىن ۋە زاماندىن ئاغرىنىدۇ، سىناقلار ئالدىدا تەمتىرەيدۇ، بۇنى هەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن سىناق دەپ قارىمايدۇ. نەتىجىدە شۇ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 155 _ 157 _ ئايەتلەر.

(2) ئەللامە مۇهەممەد غەززالىينىڭ«خلق المسلم» ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

3 ئۇسۇلى خەمسەدە رىۋايەت قىلىنغان.

سىناقلاردىن ئۆتەلمەي بىر ئۆمۈر قايمۇقىدۇ. بەزىلەر بولسا سىناق ۋە كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، بۇ سىناق ۋە كۈلپەتلەرنى يېڭىش ئۈچۈن بارلىق سەۋەبلەرنى ۋە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، سىناقلاردىن ئۆتۈشكە ياردەم قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقىغا ۋە چىدامىلىق بولغانلىقىغا كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ.

**ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش سەۋرچانلىق ئەمەس**

سەۋر كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشەنگەندەك، ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا ۋە يامانلىققا كۆز يۇمۇپ جىم تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، يامانلىقنى قايتۇرۇش، زۇلۇمنى يوق قىلىش ۋە ھەققانىيلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي – تالماي ئىشلەش ۋە بۇ يولدا چىدامىلىق بولۇش سەۋرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالا ساۋاب ۋە كۆپ ئەجىر بېرىشنى ۋەدە قىلغان سەۋرچانلىقنى توغرا چۈشەنمەستىن، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە ۋە ئېزىلىشكە رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇش قاتارلىقلارنى سەۋردىن سانايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: (ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟[1] ئاللاھ ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى تىرىلدۈردى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ)[2] دېگەن ئايەتتە قىسسىسى بايان قىلىنغان ئىنسانلارمۇ زۇلۇمغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار ئىدى.

**بەخت _ سائادەت ئېلىشتا ئەمەس، بېرىشتە**

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمقى ھىندىستان پادىشاھلىرىدىن بىرى ئىنتايىن بەختسىز ھايات كەچۈرىدىكەن، ئۇنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ مەنىسىز، غەمكىن ئۆتىدىكەن. ئۇستا تېۋىپلەرنى چاقىرتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى پادىشاھنىڭ بەختسىزلىكىگە چارە تاپالمايدىكەن. بىر كۈنى بىر ھەكىم پادىشاھنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ قەسرىگە كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ: «شان _ شەۋكەتلىك پادىشاھىم! سىلىنىڭ بۇ بەختسىزلىك كېسەللىرىنىڭ شىپاسى يوق، پەقەتلا بىر چارە بار. شۇنى قىلىپ كۆرسىلەر بەلكى بەختلىك بولۇپ قالىلا» دەپتۇ. پادىشاھ ئالدىراپ _ تېنەپ ئۇنىڭغا: «بولدى، مەن سىلى دېگەن شۇ چارىنى بىر قىلىپ باقاي، ئۇ قايسى چارە بولغىيتى، ئېيتىپ بەرگەن بولسىلىكەن» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ھەكىم پادىشاھقا: «پادىشاھىم! ئۇنداقتا، سىلى ئەڭ بەختلىك ئادەمنى تېپىپ، شۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىۋالسىلا، شۇ چاغدا سىلى بەختلىك بولۇپ قالىلا» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بەختلىك ئادەم ئىزدەش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ھەر تەرىپىگە بېرىپتۇ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ھەربىر ئادەمدىن «سەن بەختلىكمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى «مەن بەختلىك ئەمما ئايالىم بىلەن چىقىشالمايۋاتىمەن» دېسە، يەنە بىرى: «مەن بەختلىك ئەمما كېسەلچان ئادەمىمەن» دەپتۇ، يەنە بىرى: «مەن بەختلىك ئەمما بەك يوقسۇلمەن» دەپتۇ. پادىشاھ شۇنداق قىلىپ، كۈلۈمسىرەپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرەردىن قىيىنچىلىقى بارلىقىنى بايقاپتۇ. پادىشاھ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ تۇرسا، جاڭگال تەرەپتىن مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى كەپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە «بەلكى بۇ ئادەم ئەڭ بەختلىك ئادەم بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ _ دە، دەرھال جاڭگال تەرەپكە يول ئېلىپ، ناخشا ئاۋازى كەلگەن جايغا كەپتۇ، قارىسا بىر ئادەم يالغۇز ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ. ئادەمدىن «سەن بەختلىكمۇ؟»دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. ئادەم «ھەئە، مەن بەكمۇ بەختلىكمەن، ھېچقانداق دەردىم يوق»دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، كۆڭلىكىڭنى بېرىپ تۇرغىن، مەن ئۇنى كىيىپ بەختلىك بولىۋالاي»دەپتۇ. ئادەم بىر ئاز تۇرۇپ كېتىپ، پادىشاھنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن ھالدا «پادىشاھىم! كۆڭلىكىمنى سىلىگە بەرسەم بولاتتى. ئەمما مەن ئۇنى خېلى بۇرۇنلا ئېھتىياجلىق بىرسىگە بېرىۋەتكەن ئىدىم»دەپتۇ. شۇنىڭ بىەلن پادىشاھ ئويلىنىپ كېتىپ: «بەخت _ سائادەت ئېلىشتا ئەمەس، بېرىشتە» ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

---

1 بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى بىر قەۋمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبىرى ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان، ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن، ئاندىن پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەن.

2 بەقەرە سۈرىسى، 243 - ئايەت.

## ئاخشمى ئۇخلىماسلىق كرزىسى

### ئەللامە ئۇبنى جىبرىن

كېچىسى ئۇخلىماسلىق بىر خىل بولمايدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىدەك 3كە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، رامىزان كېچىلىرىگە ئوخشاش تاراۋىھ نامىزى ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن كېچىسى ئۇخلىماسلىق بولۇپ، بۇ ماختاشقا لايىق ياخشى ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ياخشىلارنى ماختىغان سۆزىدە قۇرئان كەرىمنىڭ زارىيات سۈرىسىدە: (ئۇلار كېچىلىرى ئاز ئۇخلايتتى، سەھەرلەردە (رەببىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى)[1] دەپ تەرىپلىگەن. ساھابىلەر ئارىسىدىن بىر كىشى مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنى قوغداشقا تەيىنلىنىپ، كېچىنى ئۇخلىماستىن ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغا. ئۇ نامازدا تۇرغىنىدا دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا ئوق ياغدۇرغان بولۇپ، بەدىنىدىن قان سۇدەك ئېقىپ تۇرسىمۇ نامىزىنى توختاتمىغان ياكى ناله _ پەرياد قىلمىغان. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشنىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتقان بۇ پەيتتە ئاغرىقنى ھېس قىلمىغان ئىدى. يەنە نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى كېچىلىرى دەرس ئۆگىنىدۇ. بۇ ئىش ھازىرمۇ بەزى مەملىكەتلەردە داۋام قىلماقتا. بۇ خىلدىكى ئۇخلىماسلىق ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ ۋە ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى قازاندۇرىدۇ. ئەمما بەزى ئىختىيارى ئىبادەتلەرنى ۋە خالىسانە ياخشى ئىشلارنى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن ئۇيقۇسىز قېلىپ، مۇھىم بولغان بامدات نامىزىغا ئوخشاش پەرز ئەمەلنى تەرك ئېتىش ياكى ۋاقتىدا ئورۇندىماسلىق خاتادۇر.

ئىككىنچىسى، گۇناھ ياكى ساۋابلىق بولمىغان، بەلكى مۇباھ بولغان ئۇيقۇسىزلىق بولۇپ، بۇ يولۇچىلارنىڭ سەپەرنىڭ ھارغىنلىقىنى يېڭىش مەقستى بىلەن ئۇخلىماي سۆھبەتلەشكىنىگە ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدە يولنىڭ يىراقلىقىنى ئۇنتۇش ۋە ھەمراھلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇش مەقستى بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. دوختۇرخانا، ئايرودرۇم قاتارلىق كېچىلىرى تۇرماستىن ئىشلەيدىغان جايلاردا نۆۋەتچى بولۇپ ئىشلىگەنگە ئوخشاش ئىشلارمۇ مۇباھ ئىشلاردىن بولۇپ، ساۋاب ياكى گۇناھ يېزىلمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، كىنوغا بېرىش، تېلېۋىزور كۆرۈش، كارت ئويناش، غەيۋەت قىلىشىش قاتارلىق ھارام ئىشلار ئۈچۈن كېچە ئۇيقۇسىنى قۇربان قىلىش بولۇپ، مۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا كېچىنى ئۇخلاپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن، كۈندۈزنى ھەرىكەت قىلىپ رىزىق تېپىش ئۈچۈن ياراتقان تۇرسا، كېچىسى ھېچكىمگە پايدىسى ياكى ساۋابى بولمايدىغان، بەلكى گۇناھقا پاتۇرىدىغان گۇناھ ئىشلار بىلەن ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئىش قىلىدىغان، ھەرىكەت قىلىپ رىزىق ئىشكىنى قاقىدىغان ۋاقىتتا ئۇخلاش ئىنساننىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان، مۇسۇلمانلىققا ياتمايدىغان بىر يامان ئىشتۇر.

ئاخشىمى ئۇخلىماي ئەتىسى تۇرالماسلىق كرزىسى ھازىرقى ئەسىرنىڭ ئەڭ خەتەرلىك ئاپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، چوڭ _ كىچىك، ئەر _ ئايال ھەر كىم بۇ ئاپەتتىن دەرتلەنمەكتە. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ياكى ئەھمىيەتسىز دوستلار سۆھبىتىدە ئولتۇرۇش سەۋەبلىك كېچىلىرى ئۇخلىماستىن بىھۇدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ كېچىنىڭ ئۇيقۇسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. كېچىسى ئۇخلىيالمىغان ئادەمنىڭ كۈندۈزدىكى ئىشلىرى كۆڭۈللۈك ۋە ساغلام بولمايدۇ.

### ئاخشىمى بۇرۇن ئۇخلىماسلىقنىڭ بەزى سەۋەبلىرى

ھازىرقى ئەسىردە ئاخشىمى بۇرۇن ئۇخلىماسلىقنىڭ سەۋەبلىرىمۇ كۆپ. ئۇلاردىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1. دۇنيالىق بەزى ئىشلار ئۈچۈن كېچە ئۇخلىماستىن ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇش. مەسىلەن: بەزى ئوقۇغۇچىلارنى كېچە ئۇخلىماستىن ئۆگىنىش قىلىشى، بەزى سودىگەرلەرنىڭ كېچىلىرى سەپەردە كۆپ بولۇشى ، بەزى دۇكاندارلارنىڭ كېچىلىرى تەييارلىق قىلىشى قاتارلىق زۆرۈرىيەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمكانىقەدەر كېچىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئازراق بولسىمۇ ئۇخلىۋېلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

2. زامانىمىزدا كېچىنىڭ خۇددى كۈندۈزگە ئوخشاش يورۇق بولۇپ، كۈندۈزدىكىدەك ئىشلەشكە شەرت _ شارائىت يارىتىلغانلىقى. مەسىلەن: ھازىر دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، ئېلېكتېر، ئېنېرگىيە يوق جاي تېپىلمايدۇ. ھەممىلا يەردە توك بار. قەدىمقىلەر كېچە كىرىشى بىلەن ئىشنى توختىتاتتى. ئەمما ھازىر كىشىلەر ئاخشاملىرى سائەت 11ياكى 12 لەرگىچە ئىشلەيدۇ، بازارلار ئىنسانلاردىن خالىي قالمايدۇ. ئىش ۋە خىزمىتى ۋەسەبلىك كۈندۈزى بازارغا بارالمىغانلار ئاخشاملىرى بارىدۇ ۋە سودىلىقلىرىنى قىلىدۇ. بۇ ھالەت ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ زۆرۈرى ئېھتىياجلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان.

3. كىشىلەرنى ئاخشاملىرى بېرىلىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىشى. ھازىرقى زاماندا ئۆيىدە تېلېۋىزور بولمىغان ئائىلە ئاز تېپىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەردىكى كىشىلەر ئاخشامدىن باشلاپ كېچىنىڭ يېرىمىغا قەدەر تېلېۋىزور كۆرىدۇ.

---

[1] زارىيات سۈرىسى: 17_ 18_ ئايەتلەر.

4. زاماننىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىر _ بىرىنى يوقلاش ۋە زىيارەت قىلىش ئىشلىرىنى ئاخشاملىرى ئېلىپ بېرىشى.

5. بەزى كىشىلەرنىڭ قۇرۇق گەپ سېتىش بىلەن كېچىلىرى ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قېلىشى ۋە باشقىلار.

**كېچىسى ئۇخلىماسلىق ئادىتىنى قانداق يوق قىلغىلى بولىدۇ؟**

كېچىسى ئۇخلىماسلىق ئادىتىنى يېڭىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

1. كېچىسى ئۇخلىماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلارنى ئويلاش ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ تەن ساقلىققا بولغان خەتەرلىرىنى چۈشىنىش. مەسىلەن: كېچىنىڭ ئۇيقىنى ئۇخلىيالمىغان ئادەم كۆپىنچە ھاللاردا بامدات نامىزىغا ئاز قالغاندا ئۇخلاپ قالىدۇ. نەتىجىدە بامداتنى ۋاقتىدا ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئاندىن بىرەر، ئىككى سائەتتىن كېيىن يەنە ئەتىگەنلىك ئىشقا ماڭىدۇ. بۇ ھالەتتە ئىشقا بارغان ئادەم سۇ كۆنلۈك ئىشىنى كۆڭۈلسىز، ئېرىنگەك ۋە ئەسنىگەك بولۇپ تۈگىتىدۇ. بۇ ھالەتتە يا ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى مەمنۇن قىلالمايدۇ. كېچىسى ئۇخلىمىغان ئادەم تەن ساقلىق جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرايدۇ، بېشى ئاغرىيدۇ، كۆڭلى ئوچۇق بولمايدۇ. كېيىنچە ئاستا _ ئاستا كېسەللىككە ئۇچرايدۇ.

2. ئاخشىمى بۇرۇن يېتىشقا ئادەتلىنىش يولىدا نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش. مەسىلەن: ئۆزىگە ئۆزى بۇرۇن يېتىشقا سۆز بېرىش، جەدۋەل تۈزۈپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، كۈندۈزى ئۇخلىماي چىداپ بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئاخشىمى بۇرۇن ئۇخلاش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىش بىلەن بۇرۇن يېتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ نەپسى ۋە كۆڭلى ئۆزى ئادەتلەنگەن ئىشتىن ۋازكېچىشنى خالىمايدۇ. ئەمما ئەقىل بىلەن شەرىئەتنى نەپسى بىلەن كۆڭلىگە ھاكىم قىلغان ئادەم بۇ يولدا چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

## ئىسلاھاتنىڭ بېشى قەلبنى ئىسلاھ قىلىشتۇر

قەلبنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇس شەكىلدە ئادا قىلىنىشىغا باغلىقتۇر. ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇس شەكىلدە ئادا قىلىنىشى نىيەتنىڭ دۇرۇسلىقىغا ۋە ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئادا قىلىنىشىغا باغلىقتۇر. ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە بولۇشى ئىچكى تېشىڭىزدىن پارلاق بولۇشىغا باغلىقتۇر. ئىچكىڭىزنىڭ پارلاق بولۇشى دېگەنلىك قەلبىڭىزنىڭ ساغلام بولۇشى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا سىزنىڭ قەلبىڭىزگە قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تەقى _ تۇرقۇڭلارغا ياكى شەكلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قارايدۇ»[1]. ئەللامە سۇفىيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىچىڭىز بىلەن تېشىڭىز ئوخشاش بولسا، بۇ سىزنىڭ دۇرۇس ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەگەر ئىچىڭىز تېشىڭىزدىن ئەۋزەل بولسا، بۇ سىزنىڭ ئەخلاق _ پەزىلىتىڭىزنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئەگەر تېشىڭىز ئىچىڭىزدىن پارلاق بولۇپ كەتسە، بۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز زۇلۇم قىلغانلىقىڭىزنىڭ بەلگىسىدۇر». چۈنكى قەلب ئەمەللىرى ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ ئەسلىسى، جىسمانىي ئەمەل _ ئىبادەتلەر بولسا ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ شاخچىلىرىدۇر. قەلب ئەمەللىرى _ نىيەت، ئىخلاس، تەقۋالىق، سۆيگۈ _ مۇھەببەت قاتارلىقلاردۇر. جىسمانىي ئەمەل _ ئىبادەتلەر _ ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەردۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەكنى تەرىپلەپ: «ئاللاھ بۇ كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى پەقەت ئۇنىڭ مەخپىي ئەمەللىرى بىلەنلا يۇقىرى قىلدى. چۈنكى ئۇ بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇراتتى، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايتتى» دېگەن.

بەزى كىشىلەرنىڭ قىلغان ئاز _ تولا خەير _ ساخاۋىتىنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىش ۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلمىغانلىرى قالمايدۇ. ئۇلار بۇ رىياكارلىقنى نېمە ئۈچۈن قىلىدۇ؟ پەقەتلا يۈز _ ئابرۇي تېپىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەرتىۋە قازىنىش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا شۇنداق ھېكمەتلىك ۋە ماھىر زاتكى، ئۇ مۇنداق كىشىلەرنىڭ قىلغانلىرىنى قاتتىق بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەردەكلا يوق قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى كىچىك ۋە قەدىرسىز قىلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنى ئىنسانلارنى رازى قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان كىشىگە غەزەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا غەزەپ قىلغان كىشىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ، ئۇنى ھېچكىم ھۆرمەتلىمەيدۇ. ئەمما ياخشى ئەمەللىرىنى يوشۇرۇپ قىلىدىغان ۋە قىلغان ھەربىر ئىشىدا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان ئادەمنى ئاللاھ تائالا سۆيىدۇ _ دە، ئۇنىڭ يۈز _ ئابرۇيىنى يۇقىرى، مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى يۇقىرى قىلىدۇ، ئۇ كىشى خالىمىسىمۇ، ئۇنى ھۆرمەتلىك، مەرتىۋىلىك ۋە يۈز _ ئابرۇيلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ دىللىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا بىراۋنىڭ مۇھەببىتىنى ياكى نەپرىتىنى سېلىش ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ناھايىتى ئوڭايدۇر. بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئاللاھ بەندىلىرىدىن بىرىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىلنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بۇنى ئېيتىدۇ، ئاندىن جىبرىل ئاسمان ئەھلىگە (يەنى پەرىشتىلەرگە) نىدا قىلىپ ‹ئاللاھ پالانىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار› دەپ جاكارلايدۇ. ئاندىن ئاسمان ئەھلى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زېمىن ئەھلى(يەنى ئىنسانلار) ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە باشلايدۇ»[2].

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## ئاشىق _ مەشۇقلار بايرىمىنى خاتىرىلەشنىڭ ھاراملىقى

ئەقىدىسىز ياكى ئەقىدىسى مۇستەھكەم بولمىغان، ئىمانى ئاجىز ئادەملەر مەنىۋى بوشلۇق ۋە مەنىۋى قاششاقلىق ئىچىدە ياشايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىدىكى بۇ مەنىۋى بوشلۇق تولدۇرۇش، ئۆزىنىڭ مەنىۋى نامراتلىقىنى يېپىش ئۈچۈن، ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى دورايدۇ، ئۇلارنى تەقلىد قىلماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يا ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا مەنسۇپ بولالمىغان ياكى ئۆزى دورىغان دىنغا مەنسۇپ بولالمىغان، ئىككى ئارىدا زايە بولۇپ كېتىدۇ.

تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى ۋە ئاشىق _ مەشۇقلار بايرىمى قاتارلىق بايراملار مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى ئەمەس. بۇلار خىرىستىيانلارنىڭ دىنىي بايراملىرىدۇر. دۇنيادا ھېچبىر خىرىستىيان ياكى ھېچبىر يەھۇدىي ۋە ياكى بىرەر بۇددىست مۇسۇلمانلارنىڭ بايرام كۈنلىرىدە بايرام قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇسۇلمانلارنى دورىمايدۇ. ئەمما مىڭ ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئەقىدىسىز ياكى ئەقىدىسى ۋە ئىمان ئاجىز كىشىلەر بىلىپ _ بىلمەي باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى دوراشقا ئامراقتۇر.

ئاشىق _ مەشۇقلار بايرىمى زىنا قىلغان ياشلارنى قوغدىغانلىقى تۈپەيلىدىن ياۋروپا چېركاۋسىنىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ، مىلادىيىنىڭ 270 _ يىلى 14 _ فېۋرال كۈنى خىرىستىيان چېركاۋلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىغان خىرىستىيان پوپ داي ۋالىنتاين ( day valentine) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن خىرىستىيانلار پەيدا قىلغان، ئەسلىدە رىملىقلارغا ئائىت جاھىلىيەت قالدۇقلىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى زامان خىرىستىيانلىرى بۇ ئادەتنى بايرام شەكلىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

بۇ بايرامنىڭ ئەڭ توغرا تەرىپى _ زىناكارلارنىڭ بايرىمىدۇر. چۈنكى زىنا قىلغۇچىلارنى قوللايدىغان ۋە زىناغا تەشەببۇس قىلىدىغان بۇنداق بىر بايرامنىڭ بۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئىسمى يوقتۇر.

بۇ بايرام ھازىر ئاشىق _ مەشۇقلار بايرىمى دەپ ئاتالغان بۇ كۈن ئەر _ خوتۇن بولمىغان يات كىشىلەرنىڭ ھارام مۇھەببەتنىڭ داستانلىرىنى ياشايدىغان كۈنى بولۇپ قالماقتا. دېمەك، كىشىلەر زىنا _ پاھىشە ئىشلارنى بۇ كۈندە كۆپرەك قىلىدۇ، ھەتتا 14 _ فېۋرال كۈنىدە بەزى رايونلارنىڭ مېھمانخان كۈتۈشلىرىدە ئادەم كۆپلۈكىدىن بوش ياتاق تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز. ئۆزىنى مۇسۇلمانلىققا مەنسۇپ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇيغۇرنىڭ مۇشۇنداق بىر زىنا كۈنىنى «بايرام»دەپ تونۇشى توغرىمۇ؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن باشلاپ مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ قانداقلا بىر ئۆرپ _ ئادىتىنى دوراشتىن توسۇپ كەلگەن. چۈنكى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسىگە، مۇسۇلمانچە ئۆرپ – ئادەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئادەتلىرىنى دوراش چەكلەنگەن ھارام ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلىشتىن توسۇپ ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىتىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ قەۋمدىن بولۇپ كېتىدۇ»[1]. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىتىۋالغانلار بىزدىن ئەمەس»[2].

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى «باشقىلار» ۋە «باشقا بىر قەۋم» سۆزلىرىدىن مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەر مەقسەت قىلىنغان. زامانىمىزدا ئۆزىنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئوخشىتىۋېلىش ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلماقتا.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا ھەيئىتى ۋە كاتتا ئۆلىمالار كومىتېتى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى ۋە ئاشىق _ مەشۇقلار بايرىمى قاتارلىق بايراملارنى قىلىشنىڭ قەتئىي ھاراملىقىنى ئوچۇق جاكارلىغان.

---

1)ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

2 ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى .

## تەۋبە _ ئىستىغپارنىڭ ئەھمىيىتى

ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە گۇناھلىرىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ تۇرۇش سەمىمىيلىكنىڭ، كەمتەرلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

زامانىمىزدا كۆپىنچە كىشىلەر تەۋبە _ ئىستىغپار ئېيتىڭلار دېيىلسە، خۇددى تەۋبە _ ئىستىغپارنى چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ياكى جىنايەت ئىشلىگەن ئادەم ئېيتسا بولىدۇ دېگەندەك، ياكى ئەلھەمدۇ لىللاھ بىز بەش ۋاخ نامىزىمىزنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمىز، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمىدۇق، بىراۋغا زۇلۇم قىلمىدۇق، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىدۇق، شۇڭا ئىستىغپارنى ئېيتساقمۇ ياكى ئېيتمىساقمۇ بەك مۇھىم ئەمەس دېگەندەك قىلىپ، تەۋبە _ ئىستىغپاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەمەلگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەت ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. چۈنكى تەۋبە _ ئىستىغپارنى گۇناھكار ئادەملەرلا ئېيتمايدۇ. چۈنكى ئىستىغپارنى گۇناھتىن پاك پەيغەمبەرلەر ھەممىسى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70 قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە _ ئىستىغپار ئېيتىمەن»[1] دېگەن. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن بىر پاك پەيغەمبەرنىڭ كۈندە ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە _ ئىستىغپار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەۋبە دېگەننى گۇناھ قىلغانلارلا قىلامدۇ؟ ياق! تەۋبە _ ئىستىغپار قەدىمىمىزنىڭ تېيىپ كەتمەسلىكى، توغرا يولدا ئىزچىل يۈرۈشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

### تەۋبە _ ئىستىغپار ئادەمنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ

تەۋبە _ ئىستىغپار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئوڭشاپ قىيىن بولىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ.

ئۆز خاتالىقىنى بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزگەن، بىر گۇناھنى ئىشلىگەن ھامان ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىشتىن ۋە گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتالايدۇ. دېمەك، تەۋبە _ ئىستىغپار ئادەمنىڭ ئىش _ ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا ۋە مۇستەھكەم بولۇپ داۋام قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان نەرسە. شۇڭا تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى زور، پايدىسى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[2] دېگەن. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟ چۈنكى تەۋبە _ ئىستىغپار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغان، خاتالىقلارنىڭ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئارقىلىق ئۇنى مۇرەككەپ خاتالىقلار ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر.

ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى يوق. ئۇنى قايسى ۋاقىتتا ۋە قانداق جايدا ئېيتسا بولىدۇ.

### ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى

ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى سەھەر ۋاقتىدۇر. ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرىدىغان تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەتتە ئۇلارنى (ئۇلار سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇ)[3] دەپ ماختىغان. يەنە (ئۇلارسەھەرلەردە (رەببىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى)[4] دەپ تەرىپلىگەن.

ئىستىغپار بارچە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ۋەسىلە بولىدۇ

ئىستىغپارنىڭ بارچە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل بولۇشىدىكى رولىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەمەلىيەت. بىر ئادەم سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى بازنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئايالىنىڭ يەتتە يىلدىن بېرى ھامىلىدار بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن بىر چىقىش يولى سورىغاندا، ئەللامە ئىبنى ئىبنى ئۇ ئادەمگە ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتقىن دەپ بۇيرۇغان بولۇپ، ئادەم بىر يىلدىن كېيىن ئەللامە ئىبنى بازنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئايالىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىنى ئېيتقان.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
2 ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 17_ ئايەت.
[4] زارىيات سۈرىسى، 18_ ئايەت.

ئەمدى ئۆتمۈشلەردىن مىسال كەلتۈرمەكچى بولسا، دەيمىزكى، بىر ئادەم ئەللامە ھەسەن بەسىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، يامغۇر _ يېغىمىنىڭ يوقلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئەللامە ھەسەن بەسرى ئۇنىڭغا «ئىستىغپار ئېيتقىن»دەپ نەسىھەت قىلغان. ئارقىدىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئاياللىنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ بالا يۈزى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغىمۇ «ئىستىغپار ئېيتقىن»دەپ نەسىھەت قىلغان. ئارقىدىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئۆزىنىڭ قاتتىق يوقسۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىرەر چىقىش يولى بارمىدۇ، دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭغىمۇ «ئىستىغپار ئېيتقىن»دەپ نەسىھەت قىلغان. ئەللامە ھەسەن بەسرىنىڭ يېنىدە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن «ئۆزلىرى كەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىستىغپار ئېيتىسقا بۇيرىلىغۇ؟» دېگەندە، ئەللامە ھەسەن بەسرى ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن ئىكەن: ((ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.( شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ مال _ مۈلكىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ)[1].

### ئىستىغپارنىڭ پايدىلىرى كۆپ

**بىرىنچىسى:** ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم دۇنيادا جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ھەرگىز ئازاب چەكمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن (ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ )[2]. دېمەك، ئىستىغپار ئىنساننى جىسمانىي، مەنىۋى، پىكرىي، ئىجتىمائىي ئازابلاردىن، شۇنداقلا بارلىق ئازابلاردىن ئازاد قىلىدۇ.

دېمەك، يەر يۈزىدە ئىككى ئامانلىق بولۇپ، بىرى كېتىپ قالغان، يەنە بىرى قالغان. كېتىپ قالغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. قېلىپ قالغىنى ئىستىغپاردۇر.

**ئىككىنچىسى:** ئىستىغپار ئىنسانغا بارلىق ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئاچىدۇ. بۇ ماۋزۇدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ (رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.( شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، بىلەرنىڭ مال _ مۈلكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ )[3]. دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىكتۇر.

**ئۈچىنچىسى:** ئىستىغپار مۇسۇلمان ئادەمگە ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە كۈچ _ قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئېيتقان سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئى قەۋمىم! رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار (شۇنداق قىلساڭلار)، ئۇ سىلەرگە كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ ۋە كۈچۈڭلارغا كۈچ قاتىدۇ)[4].

**تۆتىنچىسى**: ئىستىغپار ئىنسانغا بەخت _ سائادەتلىك ھايات بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ( ﯜ ﯝ ﯞ ﯟ ﯠ ﯡ ﯢ ﯣ ﯤ ﯥ ﯦ ) يەنى(سىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقۇچە ئوبدان ياشىتىدۇ)[5].

### گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم يوق

ھەر قانداق ئادەم بىلىپ _ بىلمەي چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ. ھەتتا ھېچ گۇناھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز ھېس قىلىپ مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. دېمەك، دۇنيادا گۇناھسىز ئادەم يوق! ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلمايدىغان ئادەمدىن گۇناھ قىلىپ گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلغان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى گۇناھ قىلمىغان ئادەم گۇناھ _ مەسىيەتنىڭ ھارام لەززىتىنى تېتىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەغپىرەتنىڭ ھالاۋىتىمۇ تېتىيالمايدۇ. چۈنكى بىرەر گۇناھنى قىلىپ كەلگەن ئادەم ئۇنى تاشلاش يولىدا كۆپ قىيىنچىلىق تارتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن دەرىجە قازىنىدۇ، گۇناھلىرىنى تەۋبە ئارقىلىق ياخشى ئەمەللەرگە ئۆرۈيەلەيدۇ. ئەمما گۇناھ قىلمىغان ئادەم بۇنداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلىدىغان بىر خەلقنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[6] دېگەن. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھ _ مەسىيەتلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ (اَلْغَفُوْرُ) (كەچۈرگۈچى) ۋە (اَلْغَفَّارُ) (گۇناھكارلارنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچى) دېگەن ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزھار قىلىش ۋە بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەشنى خالايدۇ.

---

[1] نۇھ سۈرىسى، 10_12_ ئايەتلەر.
[2] ئەنفال سۈرىسى، 33_ ئايەت.
[3] نۇھ سۈرىسى، 10_12_ ئايەتلەر.
[4] ھۇد سۈرىسى، 52_ ئايەت.
[5] ھۇد سۈرىسى، 3_ ئايەت.
[6] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدسىز بولمايلى!

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەربىر مۇسۇلماننى غەمكىن قىلماي قالمايدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۈندىلىك خەۋەرلىرى ئۆلۈم، پارتلاش، يارىلىنىش، ئېزىلىش، بوزەك قىلىنىش، خارلىنىش قاتارلىق ئېچىنىشلىق خەۋەرلەر بىلەن تولماقتا. مۇسۇلمانلار بىر تەرەپتىن ئۆز ئىچىدىكى غەۋغالار بىلەن قان تۆكۈشسە، يەنە بىر تەرەپتىن كاپىرلارنىڭ زۇلمى، خارلاشلىرى، ئېزىشلىرى ۋە مۇسۇلمان بولۇپ ياشاش ھۇرىيىتىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان رەزىل سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن تارىختا كۆرۈلمىگەن بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىماقتا. لېكىن مۇئمىن ئادەم ئۈمىدسىز بولمايدۇ. چۈنكى ئۈمىدسىزلىك كۇفرىنىڭ قولدىشىدۇر. (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ)دېگەن[1].

بۇ ئەھۋال ھەربىر مۇسۇلماننى ئويلىنىشقا، چىقىش يولى ئىزدەشكە ۋە «زادى خاتالىق نەدە؟ بىز نەدە كەتكۈزۈپ قويدۇق؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە باشقا قاتۇرۇشقا قىستايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بېرىشنى، ئۇلارنى ئەزىز قىلىشنى ۋە ئۇلارنى ياخشى ياشىتىشنى ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ( ئەر _ ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز)[2] دېگەن. يەنە: (شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەلىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا ھەم گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز) دېگەن[3]. يەنە: (مۆمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىكتۇر)[4] دېگەن.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇنىمۇ بىلدۈرۈپ: «ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ»[5] دېگەن. ئەمدى بۇ ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، دەيمىزكى، بۇ ۋەدىلەر ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشقان. بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈش ھاجەتسىز. چۈنكى ھەركىم بىلىدۇكى، مۇسۇلمانلار دەسلەپتە خۇددى ھازىرقىدەك ئاجىز، چارىسىز ئىدى. پەيغەمبىرىمىز دەسلەپتە بۇ دىننى تۆت كىشى بىلەن دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. بۇ چاغلاردا كاپىرلا مۇسۇلمانلارنى ئىماندىن ياندۇرۇش ئۈچۈن زۇلۇملارنى سالغان ۋە ئۇلارنى ئادەم تاقەت قىلالىغۇسىز دەرىجىدە قىيىنىغان، نۇرغۇنلىرىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھەزرىتى بىلال، ئەممار، سۇمەييە قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ قىسسىسى ھەممىمىزگە مەلۇم. پەيغەمبىرىمىز 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ 13 يىلىنى زۇلۇم، قىينىلىش ۋە بوزەك قىلىنىشلار ئاستىدا ئۆتكۈزگەن. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزگە ۋە شۇ چاغدىكى مۇئمىنلەرگە بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم غەلىبە ۋە نۇسرەتنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بەرگەن ۋە يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ۋەدىلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇغان. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە قىيىنچىلىقلارغا، جەۋر _ زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا غەلىبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ قولدىن بەرمىدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى ۋە ئۆزلىرىنى ئەزگەن، بوزەك قىلغان، ھەق _ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغان كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا بارلىق ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتى، كۇفرى ۋە زۇلۇم تۈگىدى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىمان ۋە ئادالەت ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار قۇدرەت تېپىپ، ئاسىيا _ ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

### غەلىبە ئاسان قولغا كەلمەيدۇ

مۇسۇلمانلار بۇ غەلىبىگە ئاسانلىق بىلەن ئېرىشمىگەن ئىدى، نۇسرەت ئۇلارغا بىر كۈندىلا كېلىپ قالمىغان ئىدى. مۇسۇلمانلار خەندەك ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئەڭ قىيىن شارائىتتىكى ئۇرۇشتىمۇ كەينىگە قايتمىدى، چىدامچانلىقنى قولدىن بەرمىدى. ئۇ چاغدا ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان، ھاۋا قاتتىق سوغۇق، ئاچلىق ۋە سۇسىزلىق دېگەندەك بىر قاتارلىق قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى ئورىۋالغان ئىدى. شۇ چاغدىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەلىبىنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندىگەن ۋە مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى روھلاندۇرغان ئىدى: ((ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۇئمىنلەر) نىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە زور قىيىنچىلىقلار كەلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەيدىغان دەرىجىدە تولغىنىپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[6]. راستىنىلا ئۇلارنىڭ بېشىغا ئادەم تاقەت قىلغۇسىز قىيىنچىلىقلار كەلگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن چاغدا، كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا

[1] يۈسۈف سۈرىسى، 87 -ئايەت.
[2] نەھل سۈرىسى، 97-ئايەت.
[3] غافىر سۈرىسى،51-ئايەت.
[4] رۇم سۈرىسى،47-ئايەت.
[5] رۇم سۈرىسى، 6-ئايەت.
[6] بەقەرە سۈرىسى، 214-ئايەت.

قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ توغرۇلۇق تۆرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. ئەنە شۇ يەردە مۆمىنلەر سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋە قاتتىق بىر سىلكىنىش بىلەن سىلكىنگەن ئىدى)[1].

دېمەك، ئۇلار قىيىنچىلار ئالدىدا تىز چۆكمىدى، ئۈمىدسىزلەنمىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەندى، سەۋەبىنىمۇ قولدىن بەرمىدى، ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇردى. نەتىجىدە غەلىبىگە ئېرىشتى.

### ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە خاس

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ۋەدىلىرىدە «مۇئمىن» سۆزىنى قوللانغان. يەنى بۇ ۋەدىلەرنى ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئمىنلەرگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلغان كىشىلەرگە بەرگەن. مەلۇمكى، «مۇئمىن» بىلەن «مۇسۇلمان»نىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ھەر ئىككىلىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرگە ئىشلىتىلسىمۇ، ھەر قانداق مۇسۇلمان مۇئمىن بولالمايدۇ، ئەمما ھەر قانداق مۇئمىن مۇسۇلمان بولالايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئومۇم ۋە خاسلىق پەرقى بار. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: (سەھرالىق ئەرەبلەر: ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەر تېخى ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن ‹مۇسۇلمان بولدۇق› دەڭلار، ئىمان تېخى قەلبىڭلەرگە يەرلەشمىدى)[2].

شۇڭا بىز كەمچىلىكنى دىنىمىزدىن ئىزدىمەي، بەلكى ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە. قاچانكى بىز ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە سالاھىيەتلىك بولىمىزگەن، نۇسرەت ۋە غەلىبە بىزنى تاپىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئىمانىنى ئۆلچەپ كۆرەيلى، ئۇنى ساھابىلەرنىڭ ئىمانىغا سېلىشتۇرۇپ باقايلى، دىنىمىزنىڭ تارازىسىغا سېلىپ باقايلى. شۇ ۋاقىتتا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھ تائالا بىزدىن تەلەپ قىلغان دەرىجىدە مۇئمىن بولالمىغانلىقىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالىمىز.

### بىز ئىمانىمىزنى كۈچەيتىشكە موھتاج

بۇ ئەھۋالدا بىز ئىمانىمىزنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەشكە موھتاجمىز. ئاللاھ تائالا بىزنى: ( سەۋر قىلىش ۋە ناماز بىلەن ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار»[3] دەپ بۇيرۇغان. مەلۇمكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر سەۋرنىڭ مەنىسىنى ئاددىي ۋە دۇگما مەنىسىدە چۈشىنىۋالىدۇ. شۇڭا «سەۋر قىلىش»دېسە، زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىققا باش ئېگىپ ياشاش دېگەنلىك دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما «سەۋر» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنى بىلمەيدۇ. «سەۋر» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان سۆزلەرنىڭ بىرى. بۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زورلىقىدىن بولسا كېرەك. سەۋرنى مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر، ئىككىنچىسى، ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر، ئۈچىنچىسى، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر، تۆتىنچىسى، چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋردۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: (سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق مۇكاپات بېرىمىز)[4] دېگەن ئايەت سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئومۇمىي ئايەتتۇر. «سەۋر بىلەن ناماز بىلەن ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار» دېگەن ئايەتتىكى سەۋر چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋردۇر.

شۇڭا بىز چىدامچانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قورالىنىش ئارقىلىق پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن ھارماستىن تىرىشىشقا موھتاجمىز. ئىسلامنىڭ كېلەچىكى ھەقىقەتەن پارلاقتۇر. زۇلۇم داۋام قىلمايدۇ، كېچىنىڭ ئارقىسىدا كۈندۈز بولغاندەك، بۇ قىيىنچىلىقلار ئارقىسىدا چوقۇم ئوڭايلىق بار. ئاللاھ تائالا: (ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشەققەتنىڭ يېنىدا بىر ئوڭايلىق بار)[5] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلگىنكى، غەلىبە چىدامچانلىق بىلەن قولغا كېلىدۇ»[6] دېگەن. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېگەن: (سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان ئىدى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىرى ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى)[7]. ئەمما شۇ پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن ۋە ئىلگىرىكى سائادەتلىك ئەسىرلەردە ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى ئوڭايغا توختىغان ئەمەس. بۇ ياردەم ئۇلارغا دۇئا بىلەنلا كەلگەن ئەمەس، بەلكى چىدامچانلىق بىلەن، ئۈمىدۋارلىق بىلەن تۇرماستىن تىرىشىش نەتىجىسىدە كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ۋە جاپا _ مۇشەققەتلەر چېكىگە يەتكەنلىكتىن: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېيىش دەرىجىسىگە

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 10-11-ئايەتلەر.
[2] ھۇجۇرات سۈرىسى، 14-ئايەت.
[3] بەقەرە سۈرىسى، 45-ئايەت.
[4] نەھل سۈرىسى، 16 – ئايەت.
[5] شەرھ سۈرىسى، 5-ئايەت.
[6] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[7] ئەنئام سۈرىسى، 34-ئايەت.

يەتكەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: (بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر)[1] دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرغان ۋە ئارقىدىن ۋەدە قىلىنغان ياردەمنى ئاتا قىلغان.

[1] بەقەرە سۈرىسى:214 _ ئايەت.

## سەمىمىي نەسىھەت دىنىي زۆرۈرىيەتتۇر

كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دىنىي زۆرۈرىيەت، ئىلاھىي پەرمان ۋە ئىجتىمائىي پەزىلەتتۇر. يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي پەرماننى ئورۇندىماسلىق مۇسۇلمانلارغا ياراشمايدىغان يېتەرسىزلىكتۇر. مۇسۇلمانلار بىر _ بىرىنى يامان ئىشلاردىن توسمىغاندا، بىر _ بىرىگە سەمىمىي نەسىھەت قىلىپ يېتەكلىمىگەندە، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان ھەممىگە ئومۇم بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر _ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر _ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ)[1]. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە بىر _ بىرىگە نەسىھەت قىلىشنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرى قاتارىدا بايان قىلغان.

### نەسىھەت قىلىشنىڭ ئەدەپ _ ئەخلاقى

دىنىمىزدا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ قائىدە _ پىرىنسىپى ۋە ئەدەپ _ ئەخلاقى بولغىنىدەك، نەسىھەت قىلىشنىڭمۇ ئەلۋەتتە مەلۇم ئەدەپ _ ئەخلاقى، چەك _ چېگرىسى بولۇپ، بۇنىڭغا رىئايە قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر .

دىنىي قېرىنداشلىق ئاساسىدىكى نەسىھەتنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرى ۋە ئەدەپ _ ئەخلاقى تۆۋەندىكىچە:

1. نىيەتنى خالىس قىلىش

بىراۋغا نەسىھەت قىلىشتا نىيەتنىڭ خالىس ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشى لازىم. نىيەتنىڭ خالىس ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشىدىن مەقسەت: نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ بىراۋنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشنى ياكى ئۇنىڭدىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنى ۋەياكى ئۆزىنى ئالىم كۆرسىتىپ ئابرۇي قازىنىشنى نىيەت قىلماستىن، بەلكى پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى نىيەت قىلغان بولۇشى دېگەنلىكتۇر. زامانىمىزدا ئۆزىنى تەقۋادارلاردىن كۆرسىتىش ياكى بىلىمىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىپ جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان ئىنسانلارمۇ ئاز ئەمەس.

2. نەسىھەتنى مەخپىي قىلىش

نەسىھەتنى مەخپىي قىلىش ۋە ئۇنى كۆزلەنگەن كىشىنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش ئىخلاسنىڭ ئالامىتى ۋە نەسىھەتنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىراۋغا نەسىھەت قىلىش ياكى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە بىراۋلارغا ئىسمىنى تۇتۇپ ھۇجۇم قىلىش ھەرگىزمۇ نەسىھەت قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتۇر.

مۇنداق قىلىش نە بىزنىڭ ئۈلگىمىز ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىغا، نە خالىس نىيەتلىك ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئەخلاقىغا توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى بىراۋغا جامائەتنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلىش ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ، بەلكى ئاداۋەتكە سەۋەب بولىدۇ، بۇنداق قىلىش نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ پەسكەشلىكىگە ۋە نىيىتىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ھازىرقى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە كۆرۈۋاتىمىزكى، بەزىبىر تەلۋە ئىنسانلار توختىماستىن ئۆلىمالارغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، دۇنياۋى كاتتا ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىگە ئاساسەن تىل تەككۈزۈپ چىققان بولۇپ، مەزھەپ ئالىملىرىدىن باشلاپ ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ ھېچبىرى ئۇلارنىڭ زەھەرلىك تىل ھۇجۇمىدىن ساق قالمىدى. مۇنداق تەنقىدكىلا يارىتىلغان، تىللاش ئۈچۈنلا ياشايدىغان، قانداقلا بىر نەتىجە ياراتقان ئالىمنى سۆكۈش ئۈچۈن بىرەر قالپاق ھازىرلاپ ئۆلگۈرىدىغان تەلۋە ئىنسانلار نەسىھەتنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىپ كەلمەكتە .

ئىشنىڭ قىززىق يېرى، بۇ تەلۋىلەر مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىۋاتقان زالىملارنى، ئىسلام دىيارىنى قانغا بويىۋاتقان بۇزغۇنچى كاپىرلارنى سۆكۈشنىڭ ئورنىغا، مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۆلىمالارنى سۆكىدۇ. مۇنداق تەلۋىلەر ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلىۋاتىمىز دەپ گۇمان قىلىپ، ئەڭ كەچۈرۈلمەس ئېغىر قىلمىشلارنى سادىر قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى بىراۋغا خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە زىت، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا يات بىر قىلمىشتۇر. بۇ تەلۋىلەر سۈننەت دەۋاسى قىلىدۇيۇ، مۇنداق ھارام قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. چۈنكى سۈننەت ئەمەللىرىنى قىلسا ساۋاب بولىدۇ، قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئابرۇيى بىلەن ئوينىشىش ئېنىق ھارامدۇر ۋە ئاشكارا گۇناھتۇر. چۈنكى دىن، جان، مال _ مۈلۈك، ئار _ نومۇس ۋە ئەقىل قاتارلىق بەش نەرسىنى قوغداش پەرزدۇر. بۇ پەرزلەرنىڭ قانداقلا بىرىنى ئاياق _ ئاستى قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئېغىر قىلمىش سادىر قىلغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە ئۆلىمالارغا ئۇلارنىڭ ئىسملىرىنى ئاتاپ تۇرۇپ تىل ئۇزىتىدىغان بۇ تەلۋىلەر مۇشۇ بەشنىڭ ئىچىدىكى «كىشىلەرنىڭ ئار _ نومۇسنى ۋە ئابرۇيىنى قوغداش» دېگەن قىسمىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە .

[1] ئەسر سۈرىسى.

بەزى ئۆلىمالار ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان بۇ تۈردىكى تەلۋىلەر توغرۇلۇق مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

بىرىنچىسى، مۇنداق تەلۋىلەر ئىسلامغا ۋە ئىسلام دەۋىتىگە قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كۇفرى تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن مائاش ئېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۈركىيەدەك ياشاش قىيىن جايدىمۇ تۇرمۇشتىن غېمى يوق، ئىشلەيمەن دەپ ئاۋارە بولمايدۇ ۋە كېچە _ كۈندۈز ئۆلىما تىللايدۇ، تىللىغاندىمۇ، جىم ياتقان ئۆلىمانى تىللىمايدۇ، پەقەت بىرەر ياخشى ئىش قىلىۋاتقان ۋە كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئۆلىمالارنىلا تىللايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى نەسىھەت قىلغۇچى دەپ ئاتىۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ غەرىزى ياخشى ئىش قىلىۋاتقان ئۆلىمالارنى مەشغۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ياخشى ئىشلىرىدىن توسۇشتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىراۋغا رەسىتىدە (ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە) نەسىھەت قىلىش نەدە باركەن؟ قايسى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدە باركەن؟

ئىككىنچىسى، مۇنداق تەلۋىلەرنىڭ تولىسى پىسخىكا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، بىرلىرىنى سۆكمىسە، بىرەر ئۆلىماغا تىل ئۇزارتمىسا، كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ ۋە ئۆزىنى راھەت ھېس قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۆلىماغا تىل ئۇزارتىش قاچاندىن بېرى ساۋابلىق ئىش بۇپ قاپتۇ؟ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى، ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «كىمكى مېنىڭ ۋەلىي (مۇھەببىتىمگە ۋە دوستلۇقۇمغا ئېرىشكەن) بەندىلىرىمدىن بىرەرسىگە دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچىمەن» دېگەن. بۇ تەلۋىلەر تىل تەككۈزگەن ئەرەب ۋە ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرەرسى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەلىي بەندىسى بولۇشقا يارىماسمۇ؟ ئۇلار سۆككەن ئەللامە مۇھەممەد غەززالى، دوكتۇر يۈسۈپ ئەل قەرداۋى قاتارلىق ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ۋەلىسى بولۇشقا يارىماسمۇ؟ ناۋادا بۇ ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ۋەلىلىرى بولسا، ئاشۇلارغا تىل تەككۈزگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان بولمامدۇ؟ بۇ ئاددىي گۇناھمۇ؟ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆلىماسىدىن ئەزىز نېمىسى بار؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئۆلىمالار ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئاغزىمىزغا ئىمان سالغان كىشىلەر ئۆلىمالار ئەمەسمۇ؟

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «بىراۋغا مەخپىي ھالدا ۋەز _ نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولىدۇ، بىراۋغا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ۋەز _ نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۇنى سۆككەن ۋە ئۇنى چۈشۈرگەن بولىدۇ». ئەللامە فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ ۋە نەسىھەت قىلىدۇ، گۇناھكار ئادەم كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ ۋە ئىزدەيدۇ». ئەللامە ئىبنى ھەزم مۇنداق دېگەن: «سەن بىراۋغا نەسىھەت قىلماقچى بولساڭ، چوقۇم ئۇنى مەخپىي قىلغىن. نەسىھەت قىلغاندىمۇ ، گەپنى ئۇنىڭغا نەق قاراتماي، ئەگىتىپ قىلغىن. ئەگەر سەن مۇشۇنداق قىلمىساڭ، نەسىھەت قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى زۇلۇم قىلغۇچى بولۇپ قالىسەن». دېمەك، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە بىراۋلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىدلەش ھەرگىزمۇ نەسىھەت ئەمەس، بەلكى بۇزغۇنچىلىقتۇر ۋە دۈشمەنلىكتۇر. چۈنكى بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت ئۇسۇلىغا زىت قىلمىشتۇر.

3. نەسىھەتنى تولۇپ تاشقان كۆيۈمچانلىق بىلەن قىلىش

كىشىلەرگە مېھىر _ شەپقەتلىك بولۇش ۋە ئۇلارغا تولۇپ تاشقان مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەز _ نەسىھەت قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزلىرىگە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن كاپىر قەۋمىگىمۇ «ئى قەۋمىم!» دەپ ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن خىتاب قىلغانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە تەلىم بېرىپ: (رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز _ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن)[1] دەپ بۇيرۇغان. بىراۋنى تەنقىدلەپ تۇرۇپ ئۇنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھېچقانداق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىدە يوق ئىشتۇر .

4. نەسىھەتنى مۇناسىپ پەيتتە قىلىش

نەسىھەت قىلغۇچى نەسىھەت قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇناسىپ پەيتنى تاللىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، نەسىھەت پايدىسىز قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشنىڭ ياخشى پەيتىنى تاللايتتى ۋە شۇنداق ۋاقىتتا نەسىھەت قىلاتتى .

ئاخىرىدا، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنداق تەلۋىلەرگە ئۆلىمالارنى تىللاشقا پۇرسەت بەرمەسلىكىنى ۋە يازمىلىرىنى ئوقۇيمىز دەپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئىسراپ قىلماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن بۇنى يېزىۋاتىمەن، ئەمما مەن بۇ تەلۋىلەرنىڭ يازمىلىرىنى ئوقۇمايمەن، ئۇلارنى فېسبۇكۇمدىن ئاللىبۇرۇن چىقىرىۋەتكەن. چۈنكى كۆپ ۋاقتىم ئىسراپ بولۇپ كېتىدىكەن. مەن بۇ يازمىنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ سەرخىللىرى بولغان ئۆلىمالىرىمىزنى قوغداش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن يازدىم. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرىغا دوست بولۇش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىدۇر.

[1] نەھل سۈرىسى: 125 _ ئايەت.

## ئىچىڭىز تېشىڭىزدىن گۈزەل بولسۇن

سىز تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزنى چىرايلىق، گۈزەل قىلىشتىن ئاۋۋال ئىچىڭىزنى پارلاق، چىرايلىق قىلىشقا تىرىشىڭ. چۈنكى مۇھىم بولغىنى سىزنىڭ ئىچىڭىزدۇر. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ دىلىغا قارايدۇ.«ئاللاھ سىلەرنىڭ تەقى _ تۇرقۇڭلارغا ياكى پۇل _ مېلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ»[1]. شۇڭا، ھەر دايىم سىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىز تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزدىن گۈزەل، پارلاق ۋە چىرايلىق بولسۇن. سىزنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭىز ئىچكى دۇنيايىڭىزدىن گۈزەل كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغاندا، سىزنىڭ كىرىزىسىڭىز باشلىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئىسلامدىن پەقەت شەكلىنىلا چۈشىنىدۇ. ئەمما ئۇلار ئىسلام جەۋھىرىنى چۈشىنىشتىن بەكمۇ يىراقتا. ئۇلار ئىسلامنىڭ سۈرىتىنىلا چۈشىنىدۇ. ئەمما ئۇلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشتىن بەكمۇ يىراقتا. ئۇلارنىڭ دىن ئىشلىرىدا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىرى پەقەتلا شەكىلدۇر. چۈنكى ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە شۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىدۇكى، ئىچكى دۇنياسى بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا، ئۆزىنىڭ يامان قىلىقلىرىنى تۈزىتىشكە ۋە ئۆزىنى ئىسلام ئەخلاقىغا توغرىلاپ تۈزەشكە قىلچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

ئېنىقكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە ئەمەس، پەقەت تاشقى سۈرىتىگىلا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولۇپ، بۇلارمۇ ئەلۋەتتە مۇھىمدۇر. ئەمما جەۋھىرى ھەممىدىن مۇھىمدۇر. خۇددى مېۋىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ پوستى مۇھىم بولغاندەك، جەۋھەرنىڭ شۇ سىۈزۈكلىكىدە، شۇ ساپلىقىدا داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى ئوراپ تۇرغان تاشقى قاپچۇقىمۇ شۇنداق مۇھىم. ئەمما جەۋھەر بىلەن ئۇنىڭ قاپچۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىممەت پەرقى ھەممىگە ئاياندۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ بىرى ئەسلى مەقسەت، يەنە بىرى ئەسلى مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئەپسۇسكى بەزى كىشىلەر قاپچۇقنى جەۋھەر ئورنىغا قويىۋالىدۇ. بۇ خۇددى مېۋىنىڭ پوستىنىلا مېۋە مۇشۇ دەۋالغانىغا ئوخشاش. شۇڭا ئۇلار ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە كۆڭۈل بۆلمەستىن، شەكلىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۆزىنى تاشقى جەھەتتىن ياخشى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىشنىلا ئويلايدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. مۇنداقلار ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە ۋە ھەقىقىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلاردا دىنىي سىما، دىنىي ئوبراز كىشىلەرنىڭ كىيىنىشىتىكى شەكلىگە قاراپ ئۆلچىنىدىغان بولۇپ قالغا. بۇ سەۋەبتىن ئۆزىنى بىر ئوبدان دىنىي قىياپەتكە كىرگۈزۈۋېلىپ، كىشىلەرنى ئالداشقا ئۇرۇنىدىغان، خەلقىمىزنىڭ ۋە دىنىمىزنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىدىغا، خەلقىمىزگە قارشى بېسىمدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان سېپى ئۆزىدىن مۇناپىقلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەللامە، تەقۋادار سانىلىپ كەلمەكتە. ئەمما دىلى پاك، نىيىتى دۇرۇس، تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئادەتتىكىدەك يۈرىدىغان ئاددىي _ ساددا مۇسۇلمانلار، ھەقىقىي ئىخلاسمەن مۇئمىنلەر كۆزگە ئىلىنماي كەلمەلتە. بۇ خۇددى بېشىغا زامانىۋى شەپكە كىيىۋالغان ئوت يۈرەك شائىر ۋە مۇئمىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بېشىغا ئافغانلارنىڭ باش كىيىمىنى (سەللە دەپ) كىيىۋېلىپ خەلقنى قايمۇقتۇرغان سېپى ئۆزىدىن مۇناپىق روزى موللىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. روزى موللا خەلقنىڭ نەزىرىدە موللا، ئابدۇخالى ئۇيغۇر خەلقنىڭ نەزىرىدە ئەپەندى. ئەمدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن روزا موللا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئوخشاشمىدۇ؟

ئەللامە يۈسۈپ قەرداۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ئەقىدە بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەۋھىدتۇر. ئىسلام ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئىخلاستۇر. ئىسلام مۇئامىلە بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى راستچىللىق ۋە سەممىيەتتۇر. ئىسلام ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى رەھىم _ شەپقەتتۇر. ئىسلام شەرىئەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى ئادالەتتۇر. ئىسلام ئەمەل ۋە ئىشلەش بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى قېتىرقىنىشتۇر. ئىسلام مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى قېرىنداشلىقتۇر، ئىسلام مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەكپۇڭلۇقنى ساقلاشتۇر. ئەقىدىدە تەۋھىدنى، ئىبادەتتە ئىخلاسنى، مۇئامىلىدە راستچىللىقنى، ئەخلاقتا رەھىم _ شەپقەتنى، ئەمەلدە قېتىرقىنىشنى، مۇناسىۋەتتە قېرىنداشلىقنى، مەدەنىيەتتە تەكپۇڭلۇقنى يوقاتقان ئادەم ئىسلامنىڭ جەۋھىرىنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئىسلامنىڭ سۈرىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەۋھىرىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ».

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە

### قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

قۇرئانچىلار _ قۇرئان بىلەن كۇپايىلىنىپ، ھەدىسقا ھاجەت بولمايمىز دېگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭدىن يالىڭاچلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزلىرى بىلگەنچە، ئۆز خاھىشى بويىچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلماقچى بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە راستچىل تەرجىمانى بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىم ھەركىم ئۆزى خالىغانچە تەسىرى ۋە تەۋىل قىلالايدىغان مۇداپىئەسىز بىر كىتابقا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يامان نىيەتلىك كىشىلەر قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈپ مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقىرىدۇ.

تارىخشۇناسلار قۇرئانچىلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردىكى خاۋارىجلارغا باغلايدۇ. چۈنكى سۈننەتنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغانلار دەل شۇ چاغدىكى خاۋارىجلار بولۇپ، ئۇلار زىنا قىلغۇچىنىڭ جازالاشقا ۋە ئاياغقا مەسىھى قىلىشقا قارشى چىققان، بۇ ھەقتە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى. چۈنكى خاۋارىجلار شۇ زامانلاردا «بىزگە قۇرئان كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەدىسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى. ئەمما قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنىڭ يىلتىزى سىبسىپ تۈگەشكەن، ئىسلام دۇنياسىدا بۇ پىكىرنىڭ نام _ نىشانىسمۇ قالمىغان ئىدى.

كېيىن مىلادىيە 13 _ ئەسىردە ئىراقتا يەنە بىر قېتىم باش كۆتۈرۈپ بېقىپ، ناھايىتى تېز لا ئوخشاشلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىدى. كېيىنكى چاغدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەستايىدىل پىلانلىشى ئارقىسىدا 19 _ ئەسىرنىڭ باشلىرى ھىندىستاندا سەر سەييىد ئەھمەد بىلەن مەۋلىۋى چىراغ ئەلى ھەدىس ئىنكارچىلىقىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسا، 19 _ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى پاكىستاندا، ئەسلەم جىراجپۇرى ۋە چودىرى غۇلام پەرۋىز دېگەن كىشىلەر شۇلارنىڭ تۆرەلمىلىرىگە ئايلانغان. ئەرەب ئەللىرىدە مۇھەممەد تەۋفىق سىددىقىي، مۇھەممەد ئىسئاف ئەننەشا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى بۆلۈپ باشقۇرۇش سىياسىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ۋە شۇلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان شەخسلەر ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆلىمالارنىڭ ئەجەللىك رەددىيەلىرى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ غەزەپلىك نەپرىتى بىلەن شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئانچىلارنىڭ بۇ كۇفرىلىقىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمىغان، ئۇلارغا ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بەرگەن ۋە قۇرئان كەرىمنى سۈننەتتىن ئايرىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان.

ئەمدىلىكتە بولسا، ئىلگىرىكىدەك ئاشكارا مەيدانغا چىقالماي، مەخپىي ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، دىنىي سەۋىيىسى بىرقەدەر ئاجىز ئىسلام دۆلەتلىرىدە يىلتىز تارتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھەرىكەت پىلانى ئىلگىرىكىدەك ھەدىسنى ئاشكارا ئىنكار قىلىشنىڭ ئەكسىچە ھەدىسنى ئېتىراپ قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلامنىڭ ئەھكام (قانۇن) قىسمىغىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئاللىبۇرۇن ھەل قىلىنىپ، بەلگىلىنىپ بولغان ئەھكاملاردىن قۇسۇر تېپىش، قايتا ئىجتىھاد قىلىشنىڭ ھېچ بىر زۆرۈرىيىتى بولمىغان مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە پىتنە تېرىش، پېشىگە ئېسىلغانلا كىشىگە سەۋىيە سۈرۈشتە قىلماستىن، تەتقىقاتچىلىق تاجىنى كەيدۈرۈپ، بىر تۈركۈم گۇمانخور ھەدىس قاتىللىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ۋە شۇ ئارقىلىق قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ ئايرىلماس مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشقا يول ئېچىش، جۈملىدىن مۇستەملىكىچى ئەجنەبىيلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەدىسكە بولغان مۇقەددەس ئىشەنچىسىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئانچىلارنىڭ يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردىكى نامايەندىلىرى مىسىردا ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر، تۈركىيەدە ئابدۇلئەزىز بايەندىر قاتارلىقلاردۇر. قۇرئانچىلارنىڭ زامانىمىزدىكى مەركىزى تۈركىيە بولۇپ قالماقتا. چۈنكى تۈركىيەدىكى قۇرئانچىلار تۈركىيەدىكى پىكىر ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز پىكىرىنى ئەڭ كۆپ بازارغا سالالىغان كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇرئانچىلارنىڭ تۈركىيەدىكى نامايەندىلىرى ئابدۇلئەزىز بايەندىر، مۇستافا ئىسلامئوغلى، مەھمەت ئوقۇيان قاتارلىق بىر قىسىم ئاتالمىش ئالىملاردۇر.

### ھەدىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەسىدۇر

ھەدىس (ياكى سۈننەت) «قۇرئان كەرىم»دىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق دەستۇرى، قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر. قۇرئاندىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، نامازنى قانداق، قانچە ۋاخ ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىگە تايىنىپ سۈننەتلىرى ئارقىلىق قۇرئاننىڭ مۇجمەللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناماز ۋە باشقا ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە تەرتىبلىرى، سانى ۋە

ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى بېكىتتكەن. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[1] دەپ ئۆگەتكەن. زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق.

«بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا تايىنىمىز»، «قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شۇئارلارنى توۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇ سۆزلەر «باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆز» لەردۇر. چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز – ھەق سۆز. چۈنكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر. ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ باتىل قايسى دېگەندە، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىكى مەقسەت _ مۇددىئالارنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە شەرھلەپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئاننى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر! سۈننەتنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىر زامان كېلىدۇكى، بىراۋ ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىرەر ھەدىس ئوقۇلغىنىدا، ‹سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال، ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىزگە يېتىدۇ› دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلارمۇ ئاللاھ ھارام قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر!»[2].

قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىپ، سۈننەتكە ھاجەت بولمايمىز، دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزلىرىنى «قۇرئانچىلارمىز» دەپ ئاتىۋالغۇچىلەر ئەمەلىيەتتە قۇرئانچىلار ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنى پەرز قىلغان. (كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ . كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق) [3] بەلكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ئىمانىنى يوق سانىغان. ((ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمۈڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ)[4].

## قۇرئان كەرىم سۈننەتتىن بىھاجەت بولالمايدۇ

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: (بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق)[5] دېگەن. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى قۇرئان ۋە سۈننەت ئىككىسى بىلەن بەرپا بولغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈننەتكە بولغان ئېھتىياجى بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئېھتىياجلاردىن بىرىدۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە بۇ ئىككى مەنبەنى ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ كەلمەكتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم. بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر. ئۇلار: قۇرئان ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر»[6]دەپ كۆرسەتكەن.

سۈننەت قۇرئان كەرىمدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەپ بەرگۈچى، مۇجمەللىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەرگۈچى بىردىنبىر مەنبەدۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى قۇرئان كەرىمدە ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قائىدە _ تەرتىپىنى، قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى، ئۇنىڭ رەكئەت سانىنى، زاكاتنىڭ مىقدارىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ھەدىسلىرى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، نۇرغۇن ئەھكاملار سۈننەت ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. ئەگەر سۈننەت بولمايدىغان بولسا، بىز ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنى قانداق ئادا قىلىشنى نەدىن بىلەر ئىدۇق؟

## سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار كاپىرلاردۇر

ئىبنى ھەزم[7] «ئەل ئىھكام فى ئەل ئەھكام» ناملىق ئەسىرىدە: «كىمكى بىزگە ‹قۇرئان كەرىم› يېتىدۇ، قۇرئاندىكىلەرنىلا ئالىمىز

---

(1) ئىمام بۇخاري رىۋايىتى.
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
3 نىسا سۈرىسى، 80- ئايەت .
4 نىسا سۈرىسى، 65- ئايەت.
5 نەھل سۈرىسى، 44- ئايەت.
6 ھاكىم رىۋايىتى.
7 ئىبنى ھەزم – (384ھ 994م) ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دە دۇنياغا كەلگەن، زاھىرى مەزھىبىنىڭ پېشىۋاسى، فىقھ، ھەدىس، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق

دەيدىكەن، مۇنداق ئادەم پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ» دېگەن. ئاجىرى[1] «شەرىئەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 _ توم 412 _ بېتىدە مۇنداق دېگەن: ««قۇرئان كەرىم›دىكى پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بارچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى سۆزلىگەن ئادەم ئىسلام مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە كاپىرلاردىن سانىلىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەر مۇرتەد بولغان شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى سۈننەتكە ئىنكار قىلغانلىق قۇرئانغا ئىنكار قىلغانلىق، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىگە ئىنكار قىلغان ئادەم پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ»[2].

**«ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە**

قۇرئانچىلارنىڭ «ھەدىسلەر ئارىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھەدىسقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن ھەدىسشۇناس ئالىملار تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەر ئىچىدىن راست ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىرىش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، يالغان ۋە شۈبھىلىك ھەدىسلەرنى ئاللىبۇرۇن پاش قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدىلا رەت قىلغان. ئىسلام دۇنياسىدا بۈگۈنگىچىلىك «يالغان ھەدىسلەر» دېگەن نام بىلەن يېزىلغان يۈزلەرگە ئەسەرلەر بۇنىڭ مىسالى.

يىراق ئۆتمۈشلەردىن زامانىمىزغىچە ھەدىس نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ھەر قانداق يالغان ياكى شۈبھىلىك ھەدىسلەر رەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس) ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر ئىچىدىن راست ـ يالغانلىرىنى، ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىزلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلاشتا ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن زامانىمىزغا قەدەر ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى ياراتقان كىشىلەردۇر. دۇنيا تارىخىدا ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىشتا قوللانغان مېتود ۋە پرىنسىپلىرىنى ھېچقانداق بىر مىللەت، ھېچقانداق بىر ئىلىم ساھەسىدە قوللانغان ئەمەس. دۇنيادا ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ مەنبەلىرى قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ساقلانغاندەك ساقلانغان ئەمەس ۋە بۇ ئىككىسى يېتىپ كەلگەندەك ئەينەن يېتىپ كەلگەن ئەمەس. ھەدىسشۇناسلارنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى تولۇق بايان قىلىش ئۈچۈن تىل ئاجىز، كىتاب يېتەرسىز قالىدۇ.

زامانىمىزدىكىگە ئوخشاش ئالاقە ۋە ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى، ئىنتېرنېتكە ئوخشىغان ئىزدىنىش قۇرالى بولمىغان ئۆتمۈشتىكى زامانلاردا ھەدىسشۇناس ئالىملار بار ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ، دۆلەتتىن دۆلەتكە ئاتلاپ يۈرۈپ، ھەدىس بىلىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەپ، ھەدىس توپلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى قۇربان قىلغانلىقى ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ خىزمەت ئىدى. ھەدىسشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى ئىمام بۇخارىنىڭ مەككە _ مەدىنە شەھەرلىرىدە 16يىل تۇرۇپ ھەدىس توپلىغانلىقىمۇ بۇنىڭ مىسالى.

ھەدىسشۇناسلار بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا، شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىش ياكى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ راستچىللىقىدا ياكى تەقۋالىقىدا ئازراق شەك كۆرۈلگەن ھامان ئۇ ھەدىسنى رەت قىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەدىسنى ياكى قانداقلا بىر خەۋەرنى ئېنىقلاشتىكى ۋايىغا يەتكەن ئېھتىياتچانلىقىغا ۋە ئىنتايىن ھوشيارلىقىغا ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان باشقا دىنىنىڭ ئالىملىرىمۇ قايىل بولۇپ كەلمەكتە.

---

يېتىشكەن، ئىمام تەبەرىيدىن قالسا ئەڭ كۆپ كىتاپ يازغان، چوڭ ھەجىملىك 12 پارچە كىتابىنىڭ ئاپتورى، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بىرى، تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەگىشىش پىكرىنى جانلاندۇرغان، زالىم پادشاھلارنىڭ مال ـ دۇنيا بېرىپ ئۆزلىرىگە تارتىشىغا كەلمىگەن، ئاتاقلىق ئالىم. ھىجرىيە 456 ـ يىلى شەبان ئاينىڭ 28 - كۈنى (مىلادىيە 1064 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇل) كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

1 ئاجىرى ـ ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين ئابدۇللا ئاجىرى 280 ھ باغدادتا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس ئالىم، 10 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان، 360- يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

2 «پەتۋالار مەجمۇئەسى» 2- توم 403- بەت .

## گەپ توشۇش كېسلى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى

مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىمامى ئابدۇراھمان سۇدەيس نۆۋەتتىكى جۈمە خۇتبىسىدا، «سۇخەنچىلىك ۋە گەپ توشۇش كېسلىنىڭ خەتىرى» دېگەن ماۋزۇدا خۇتبە سۆزلىدى.

### گەپ توشۇش ئەڭ ئېغىر كېسەل

ئابدۇراھمان سۇدەيس مۇنداق دېدى: «ھۆرمەتلىك جامائەت بىز توختالماقچى بولغان كېسەل ئېغىر كېسەل بولۇپلا قالماستىن، كېسەللەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئېغىرراقى بولمىسا كېرەك. بۇ كېسەل مىڭلىغان قەلبلەرنى قانغا پۇچىلىغان، نەچچىلىگەن ئائىلىنى ۋەيران قىلغان، ئۆيلەرنى يىقىتقان، پىتنىلەرنى قوزغىغان، ئالاقىلارنى بۇزغان، يارىشىش _ سۈلھىگە ئورۇن قويمىغان كېسەل بولۇپ، سۇخەنچىلىك، گەپ توشۇش كېسىلىدۇر. سۇخەنچىلىك كېسلى ئىنسانلاردا بىر _ بىرىگە بولغان چىدىماسلىق، ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەت ئوتىنى قوزغايدىغان رەزىل كېسەلدۇر. سۇخەنچىلىك بولسا، كىشىلەر ئوتتۇرىدا بىرىنىڭ گېپىنى بىرىگە ئاداۋەت پەيدا قىلىش مەخسىتىدە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە هارامدىن بولغان ئادەمگە ئىتائەت قىلمىغىن» دەپ كۆرسەتكەن. سۇخەنچى ئۆزىنىڭ سەممىمي ئەمەسلىكى، ئىچى باشقا تېشى باشقا ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. سۇخەنچى دېگەن تەبىئتى پەس، شەكلى گۈزەل، ھەيئىتى كۆركەم، لېكىن ئۆزىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ. مېلى كۆپ،مەنسۇۋى يوقۇرى بولسىمۇ كىشلەر ئالدىداھۆرمىتى يوق. باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي كۆز قىسىدۇ، كۆزئىشارىتى ئارقىلىق ھاقارەت قىلىدۇ. سۇخەنچى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان ئىھسان ئىگىسى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ياخشىلىق قىلىدىغانلارنىڭ يولىغا توسقۇنلىق قىلىدۇ. گەپ توشۇيدىغان سۇخەنچى ئۆزىنى ھارامدىن تارتمايدۇ، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا تەبىئي بولماستىن سۈنئىيلىكنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان، ئىككى يۈزلىمە بولۇپ، بۇلارنىڭ قېشىغا كەلسە بىر يۈز بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغاندا يەنەبىر يۈز بىلەن بارىدۇ. سۇخەنچىنىڭ دوستلىرى ناچار، ئەخلاقسىز كىشلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سورۇنلىرى غەيۋەت _ شىكايەت، باشقىلارنىڭ ئابرۇيي _ شەرەپلىرىنى تۆكۈش بىلەن تولغان. سۇخەنچى داۋاملىق ئۆزىنى ئۇنتۇپ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ، بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسە كۆرمەسكە سالىدۇ، يامانلىقىنى كۆرسە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيدۇ. سۇخەنچىلىككە ئامال تاپالمىسا يالغانچىلىق ئېتىشقا مىنىدۇ _ دە! نىشان ئۇبيېكتى قىلغان كىشىنىڭ ئۈستىدىن يالغانلارنى توقۇشقا باشلايدۇ . سۇخەنچىنىڭ تىلى شىكەر، دىلى زەھەر، ئۆزىنىڭ شەرىپى، ئىناۋىتىنى ساقلاشنى بىلمەيدۇ.باشقىلار بىر يىلدا بۇزالمىغاننى بىر سائەتتە بۇزالايدۇ».

### گەپ توشۇپ كىشلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزغۇچىلار جەننەتكە كىرمەيدۇ

ئابدۇراھمان سۇدەيس يەنە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ"دېگەن. ئۇ يەنە بىر ھەدىستە: «ئىنسانلارنىڭ يامىنى سۇخەنچىلىك قىلىدىغانلاردۇر، ئۇلار دوستلارنى ئايرىۋېتىدۇ، ئارىلىقنى بۇزىدۇ، بىگۇناھ كىشلەرگە تۆھمەت قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. سۇخەنچىلىك ئىنساننى يالغانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ، يالغانچىلىق خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. سۇخەنچىلىك سۆز ئارقىلىق، ئىما _ ئىشارەت ئارقىلىق بولۇپ، ئىنسانلار ئوتتۇرىدىكى قېرىنداشلىق، مۇھەببەت رىشتىسىنى بۇزىدىغان ئىللەتتۇر. سۇخەنچىلىك شۇنداق ئېغىر كېسەلكى، كۆپلىگەن ئائىلە، ئاتا _ ئانىلار، ئاكا _ ئۇكا، ئاچا _ سىڭىللار ئوتتۇرىنى بۇزۇپ ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. سۇخەنچىلىك دوست _ بۇرادەرلەر، ئائىلە تاۋاباتلار، ئىشچى _ خىزمەتچىلەر ئوتتۇررىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. بىز ياشاۋاتقان زامان ئۇچۇر زامانى بولۇپ، توردىن ئىبارەت ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىمۇ گەپ توشۇش، سۇخەنچىلىككە كەڭ ئورۇن بېرىلگەن. خەلق ئاممىسى يامان غەرەزلىك كىشلەرنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانماسلىقى كېرەك. ھەقىقي مۇسۇلمان دىللارنى بۆلگۈچى ئەمەس بىرلەشتۈرگۈچى بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ ھەقىقي دوست _ قېرىنداشىڭىز سىزنى يوق يېرىڭىزدە مۇداپىئە قىلىدۇ، شەرىپىڭىزنى ساقلايدۇ، ئابرۇيىڭىزغا داغ تەككۈزمەيدۇ، غەيۋىتىڭىزنى قىلمايدۇ. كىمكى، سىزگە باشقىلارنىڭ سىزنى سۆككەنلىكىنى يەتكۈزسە ئۇ كىشى سىزنى سۆككەن، سىزگە ھاقارەت قىلغان بولىدۇ. سىز داۋاملىق كۆكسىڭىز كەڭ، كەچۈرۈمچان، ئەپۇچان بولۇڭ. باشقىلارغا قەلبىڭىزدە ئاداۋەت، ھەسەتكە ئورۇن بەرمەڭ».

## سەجدىدە دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى

دۇئا ئىبادەتتۇر. ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق قوش پايدىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى دۇئا قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ تىلىگەن ھاجىتى راۋا بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ: (ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن)[1] دېگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: (ئەگەر بەندىلىرىم مەن توغرۇلۇق سورىسا، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن ئۇلارغا يېقىنمەن، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن)[2] دېگەن. دېمەك، دۇئا ئىبادەتتۇر. ئىبادەت بولغاندىمۇ ئەڭ ئىخلاسلىق ۋە ئەڭ ئوبرازلىق ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سوراپ ئۇنىڭغا يالۋۇرغان ۋاقتىدا، ئىبادەتنىڭ غايىسىنى تولۇق ۋايىغا يەتكۈزگەن بولىدۇ. چۈنكى ئىبادەت دېمەك ياراتقۇچىغا ئۆزىنى خار قىلىش، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا موھتاجلىقىنى ئىزھار قىلىش ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ مەنە دۇئادا ئەڭ تولۇق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنسان باشقا ئىبادەتلەرنى كۆڭلى باشقا يەردە تۇرۇپمۇ ئادا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما دۇئانى ئۇنداق قىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالاغا بولغان ھاجىتىنى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئىزھار قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، كۆز يېشى تۆكىدۇ، ھاجەتلىرىنى تەكرار _ تەكرا سورايدۇ. شۇڭا دۇئا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قالقىنىدۇر. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، دۇئا قىلىش سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. يەنى ماددىي سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قولدىن بەرمەستىن تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزمۇ سەۋەب بىلەن دۇئانى، يەنى ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىشنى قولدىن بەرمىگەن.

دۇئا ئىجابەت بولىدىغا ئورۇنلار بولغىنىدەك، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار باردۇر. دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. بەزىسى بەزىسىدىن مۇھىم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا دۇئا قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىتلارنى ۋە ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلارنى بەلگىلەپ بەرگەن. مۇسۇلمان ئادەم بۇ ۋاقىتلارنى غەنىيمەت بىلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سەجدە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتىدۇر. سەجدە نامازنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولغاسن ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ۋاقتىدۇر، سىلەر سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «ئۇنۇتمىغىنكى، سېنىڭ ئاللاھقا قىلغان ھەربىر سەجدەڭ بىلەن سېنىڭ مەرتىۋەڭ بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ»[4] دەپ كۆرسەتكەن. ئېنىقكى، ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسىغا سەجدە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇلچىلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ شەرەپلىك لەھزىلىرىدۇر. چۈنكى ئۇ بۇ لەھزىلەردە ئالەملەرنىڭ رەببى ئالدىدا تۇرىۋاتقان بولىدۇ. ئىنسان ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن كاتتا بىر ئىبادەت ئىچىدە ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىپ كېتىدۇ، مەنىۋىيىتى يۈكسىلىدۇ، كۆڭلى ھاياجانغا تولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئۇل ھازىرلايدۇ. سەجدىدە ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر ۋە دۇئالار تولىمۇ كۆپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچىلىك كۆپ زىكىر ئېيتاتتى ۋە كۆپ دۇئا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۆپ قىلغان دۇئاسى: (يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّت قَلْبِي عَلَى دِينِكَ) «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمنى سېنىڭ دىنىڭدا مەھكەم قىلغىن»[5] دېگەن دۇئا ئىدى. بۇ دۇئانى سەجدىدە قىلغان دەيدىغان بىرەر رىۋايەت يوق. ئەمما ھەر ۋاقىت بۇ دۇئانى كۆپ قىلاتتى. سەجدىدە قىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ توغرىدا مەنئى قىلغان بىرەر ھەدىس كەلمىگەن.

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ھەركىمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، ياكى ئارتۇق بىر ئىبادەت ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: (ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن) دېگەن ئايەت كەسكىن ئەمردۇر. دۇئانى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا قىلىش لازىم. بولۇپمۇ سەجدىدە كۆپرەك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇفتىسى ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: مۇئمىن ئادەمنىڭ نامازدا دۇئا قىلىشى زۆرۈردۇر. ناماز مەيلى پەرز ناماز بولسۇن، مەيلى نەپلى ياكى سۈننەت ناماز بولسۇن، ھەر قانداق بىر نامازدا دۇئا قىلىش كېرەك. نامازدىكى دۇئا قىلىدىغان ۋاقىت سەجدە قىلغان ۋاقىتتۇر. يەنە ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ۋاقىت بىلەن نامىزنىڭ ئاخىرىدىكى تەشەھھۇدتىن كېيىنكى ۋاقىتمۇ دۇئا

---

[1] غافىر سۈرىسى: 60 _ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 186 _ ئايەت.
[3] ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[4] ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[5] ئىمام تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

قىلىش كېرەك بولغان ۋاقىتلاردۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «رۇكۇدا ئاللاھنى ئۇلۇغلاڭلار، ئەمما سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا تىرىشىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكۇدا ۋە سەجدىدە (سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي) «سۇبھانەكەللاھۇممە رەببەنا ۋەبىھەمدىكە، ئاللاھۇممەغفىرلى» دېگەننى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقى بايان قىلىنغان»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە: «ئى ئاللاھ! جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن»، «ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەپ غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ئاپىيىتىڭنى تىلەپ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەندىن ساڭا سىغىنىمەن. سېنى سەن ئۆزۈڭنى مەدھىيەلىگەندەك تولۇق مەدھىيەلەشتىن ئاجىزمەن» دەپ كۆپ دۇئا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە: (للَّهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُورًا وَفِي بَصَرِي نُورًا وَفِي سَمْعِي نُورًا وَفِي لِسَانِي نُورًا وَعَنْ يَمِينِي نُورًا وَعَنْ يَسَارِي نُورًا , اللَّهُمَّ وَاجْعَلْ مِنْ فَوْقِي نُورًا وَمِنْ تَحْتِي نُورًا وَاجْعَلْ أَمَامِي نُورًا وَمِنْ خَلْفِي نُورًا , اللَّهُمَّ وَأَعْظِمْ لِي نُورًا) «ئى ئاللاھ! قەلبىمگە نۇر ئاتا قىلغىن، قۇلىقىمغا نۇر ئاتا قىلغىن، كۆزۈمگە نۇر ئاتا قىلغىن، تىلىمغا نۇر ئاتا قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمگە نۇر ئاتا قىلغىن، سول تەرىپىمگە نۇر ئاتا قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۈستۈمدىن نۇر ئاتا قىلغىن، ئاستىمدىن نۇر ئاتا قىلغىن، ئالدىمدا نۇر ئاتا قىلغىن، كەينىمدە نۇر ئاتا قىلغىن، ئى ئاللاھ! مىنىڭ نۇرۇمنى كاتتا قىلغىن»[3] دېگەن دۇئانى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە: (اللَّهُمَّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا أنتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا أنتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلاَهَا) «ئى رەببىم! نەپسىمگە تەقۋالىق بەرگىن، ئۇنى پاكلىغىن، سەن نەپسنى پاكلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن، سەن ئۇ نەپسنىڭ ئىگىسىسەن»[4]دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ھەدىسلەر سەجدىدە دۇئا قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكە يېتەرلىكتۇر.

### دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلىش خاتا ئەمەس

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مەرھۇم ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «بەزى ئالىملار سەجدىدە دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ دىنىمىزدىن ئاساسى يوقتۇر. توغرىسى شۇكى، مۇسۇلمان ئادەم سەجدىدە مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك پۈتۈن تىلەكلىرىنى تىلىسە بولىدۇ. چۈنكى دۇئا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى سەجدىدىكى ياكى باشقا ۋاقىتتىكى دۇئالاردا دۇنيالىقنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن توسمىغان. ئۇنىڭ «بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر» دېگەن سۆزى ئومۇمىي بولۇپ، ھەر قانداق دۇئانى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ».

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى. دۇئانىڭ تەرجىمىسى : «ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن بارلىق نۇقساندىن پاكتۇرسەن، ئى رەببىمىز! بارچە مەدھىيە ساڭا خاستۇر. ئى ئاللاھ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن».
[3] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ساغلام يارىتىلىش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئەمەس

كائىناتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغان. ئەمما بۇ گۈزەللىك بىلەن مۇكەممەللىكنى ھەركىم ئوخشاش دەرىجىدە كۆرەلمەيدۇ.

بىز ئىنسانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارغا دىققەت قىلىپ قويمايمىز ۋە ھەر نەرسىنىڭ بۇنداق مۇكەممەل شەكىلدە يارىتىلىشى ھېچقانچىلىك ئاجايىپلىق ئەمەس، بەلكى بۇ شۇنداق تەبىئىي قانۇنىيەت، دەپ ئويلايمىز. ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا، ئەھۋال بىز كۈتكەندەك بولماي قالسا، بىز ئۇنى ئاجايىپ ئەھۋال دەپ سانىغانلىقتىن ئەجەبلىنىپ كېتىمىز. مەسىلەن: ئىككى باشلىق بىر بوۋاق دۇنياغا كەلسە، تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللار ۋە بارلىق ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى بارچە دىققىتىنى بۇ مەسىلىگە بېغىشلايدۇ. تىببىي مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھادىسە ھەققىدە پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىشىدۇ، ئادەملەر بۇ كەمتۈك تۇغۇلغان بوۋاققا ھەيرانلىق بىلەن قارايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىنىڭ قورسىقىدا قانچىلىغان كۆپ ۋە مۇرەككەپ ئىشلەملەرنىڭ، باسقۇچلارنىڭ، ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە بۇنداق ساغلام ۋە بىجىرىم تۇغۇلغانلىقلىرىنى كۆرمەيدۇ ۋە ئويلىمايدۇ. ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك بىرەر ئىش بولىدىغان بولسا، ئۇ دەل مىليونلىغان يىللار مابەينىدە بۇ مۇكەممەل قانۇنىيەتنىڭ قانداق داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىدۇر.

### ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ تەجەللىسى

بىر بىئولوگىيە ئالىمى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر بوۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى ئۇنىڭ بىجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. چۈنكى، بوۋاقنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ھەركۈنى مەلۇم مىقداردىكى ھۈجەيرىلەر مەلۇم جايلارغا يۆتكىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھۈجەيرىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقلىرىنىمۇ بىلمەيدۇ". چۈنكى، ــ بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئىسپاتلىغاندەك ــ بىزنى مەيدانغا كەلتۈرگەن نەرسە ھۈجەيرىلەردۇر. ھەر بىر ھۈجەيرىدە بولغان ماددىلار بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنىڭ شەكلى، كۆزىمىزنىڭ ۋە چېچىمىزنىڭ رەڭگى، ئېگىز ياكى پاكار بولۇشىمىز، چىرايلىق ياكى كۆرۈمسىز بولۇشىمىز قاتارلىق ئايرىمچىلىقلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھۈجەيرىلەردىكى ئەڭ ئاددى بۇزۇقلۇق بوۋاقنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھۈجەيرىلەر كۆپ ھاللاردا ئىشلەم خاتالىقلىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە ئارقىدىنلا تۈزىتىلىدۇ. بۇنداق كۆپ تەكرارلىنىدىغان خاتالىقلار تۈپەيلى بوۋاقلارنىڭ كەمتۈك تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بىجىرىم تۇغۇلۇش ئېھتىمالىدىن ناھايىتى چوڭدۇر. مىليونلارچە قېتىم بۇنداق خاتالىقلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ شەپقىتى بىلەن ئىشلەملەر قايتا تۈزىتىلىپ، ھەر ئىش ئۆز يولىغا كىرىپ تۇرىدۇ. ئاقساقلىق، چولاقلىق، كورلۇق، پاكلىق ۋە باشقا ھەرخىل كەمتۈكلۈكلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلارنى كۆرىمىز. ئىنسانلار ئارىسىدىن مىڭدىن بىرىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان شۇ جىسمانىي كەمتۈكلۈككە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلار بولمايدىغان بولسا، بىز كەمتۈكسىز، ساق - ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ شۇنداق قانۇنىيىتى، ئۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلغان بولاتتۇق. ئەمما ئۇنداق ئەمەس! ئەگەر بۇ ئىشلار تەبىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن بەزى بوۋاقلار كەمتۈك تۇغۇلىدۇ؟».

ئاللاھ تائالا جىسمانىي تەرەپتىن كەمتۈك ئىنسانلارنىمۇ يارىتىشى ئارقىلىق ساغلام تۇغۇلۇش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگۈچىلەرگە ئەجەللىك رەددىيە بەرمەكتە ۋە «سېنىڭمۇ شۇنداق كەمتۈك تۇغۇلىشىڭ مۇمكىن ئىدى، ئەمما كەمتۈك بولماي، ساغلام تۇغۇلدۇڭ. ئۇنۇتمىغىنكى ئۇستۈڭدىكى نېمەتلىرىم كۆپتۇر» دېمەكتە.

## ئىلىم _ پەننىڭ ياراتقۇچىنى ئىسپاتلاشتىكى رولى

ئىلىم _ پەننىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى ئالىملار ۋە پەيلاسوپلار سۆزلىمەكتە. قۇرئان كەرىمدىمۇ: (ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟)[1] دېگەن ئايەت بار.

مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇلمەجىد زەندانى «تەۋھىد» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىلىم _ پەن بىزگە بىر دەرەخنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇپراقتىكى ئوزۇقلىرىنى قانداق ئالىدىغانلىقىنى، بۇ ئوزۇقلارنى يوپۇرماقلىرىغىچە قانداق يەتكۈزىدىغانلىقىنى، مېۋىلەرنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىكى تەم، رەڭ، شەكلىنىڭ قانداق يوسۇندا پەيدا بولىدىغانلىقىنى شەرھلىمەكتە ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇكەممەل قانۇنىيەت ۋە نىزام _ سىستېما ئاستىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئىپلان قىلماقتا. ئىلىم ــ پەن يەنە بىزگە بىر جانلىقنىڭ ئىچ قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەقلىمىزنى ئاچماقتا. بىئولوگىيە ئالىملىرى «ھەر بىر جانلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاجايىپ مۇكەممەل بىرەردىن فابرىكا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق» دەيدۇ. ئادەمنى چاقىدىغان زەھەرلىك ھەرە شېرىن ۋە شىپالىق ھەسەل بېرىدۇ. يىپەك قۇرۇتى رەخت توقۇيدۇ. قولسىز ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ. تىلسىز قوي سۈت بېرىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە ئىلىم ــ پەن بىزگە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاددى بىر سامان بىلەن سۇدىن تەركىب تاپقان ھەلەپتىن سۈت ئىشلەپ چىقىرىش ئەقىل ــ ئىدراكسىز قوينىڭ ياكى كالىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى قوي ـ كالا، ھەرە، ئۆمۈچۈك، يىپەك قۇرۇتى ۋە باشقا جانلىقلار رەسسامنىڭ پۇرشىسىغا، ئاپتورنىڭ قەلىمىگە، ياغاچچىنىڭ رەندىسى بىلەن ھەرىسىگە ۋە دېھقاننىڭ كەتمىنىگە ئوخشاش بىرەردىن سايمانلاردۇر. ئەمما ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىشىنىڭ ئىگىسى شۈبھىسىزكى، پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىجادكارى بولغان ئاللاھتۇر!».

مەزكۇر ئەسەردە يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئەھۋالى بىلىندى. بىز ياشاۋاتقان بۇ يەرشارى قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئۇچۇۋاتقان بىر سەييارە يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. قاناتسىز، موتورسىز، پلوتسىز ۋە ئاۋازسىز ئۇچۇۋاتقان بۇ يەرشارى سەييارىسىنىڭ ئۈستىدىكى يولۇچىلار راھەت ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ساياھەت قىلىۋاتماقتا. يەرشارى بىر تەرەپتىن ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشقا داۋام قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇياشنىڭ ئەتراپىدا تېزلىكتە ئۇچۇشىنى داۋام قىلدۇرماقتا. ئەمما ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. كېچىلەر، كۈندۈزلەر ۋە مەۋسۇملار بۇ ئىككى ئايلىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەرشارى قۇياشقا ــ ھازىرقى مۇساپىسىدىن ــ ئازراق يېقىنلاشسا كۆيۈپ ھالاك بولىمىز، ئۇزاقلاشسىمۇ مۇزلاپ ھالاك بولىمىز. قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈۋاتقان يەر شارىلا ئەمەس، بەلكى باشقا سەييارىلەرمۇ باردۇر. بۇ سەييارىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ھەر بىر سەييارە ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن مەخسۇس ئوقىدا سەير قىلىدۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپمۇ قالمايدۇ. بۇ سىستېما قانچىلىغان مىليون يىللاردىن بېرى ھېچبىر بۇزۇلماستىن، بىر خىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق ئىنچىكە نىزامنى ۋە قانۇنىيەتنى كىم بېكىتتى؟ بۇزۇلمىغان ۋىجدان ۋە ساپ ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر قانداق ئادەم شۇنداق جاكارلايدۇكى، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى «ئاللاھ»تۇر!».

---

[1] نەمل سۈرىسى: 60 – ئايەت.

## هايا بىلەن ئىمان قوشكېزەكتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «هايا بىلەن ئىمان ئىككىسى قوشكېزەكلەر بولۇپ، بىرى يوقالسا، ئىككىنچىسىمۇ يوقىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. «هاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن سۆز بۇ ھەدىسقا ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى ئېھتىمال.

يەنە بىر ھەدىستە : «ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاخچىسى هايادۇر»[2] دەپ كەلگەن.

### هايا دەرىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى

شەرم _ هايا دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالادىن هايا قىلىشتۇر. گۇناھ _ مەسىيەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالادىن هايا قىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ كۆز ئالدىدا يامان ئىش قىلىشتىن هايا قىلىدۇ _ دە، نەدە بولمىسۇن، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇلىدۇ.

ئىنسان گاھىدا چوڭ گۇناھلارنى ئىشلەپ قويغانلىقىغا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ۋە هايا قىلىپ هامان تەۋبە قىلىدۇ _ دە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۋېتىدۇ. گاھىدا ئۇ كىچىك بىر گۇناھ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلماستىن، ئاللاھ تائالادىن هايا قىلماستىن يۈرۈۋېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە گۇناھى چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مۇندىن باشقا ئاللاھ تائالادىن هايا قىلماسلىق، گۇناھنى كىچىك ساناپ ئۇنىڭغا داۋام قىلىش چوڭ گۇناھلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن تەۋبە قىلىش كېرەك.

ئىبنى قەييىم جەۋزى هايا توغرۇلۇق مۇنداق ئېسىل بىر سۆزنى قالدۇرغان: «گۇناھ بىلەن خوشال بولۇش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىشلىگەن گۇناھتىن ئېغىردۇر، گۇناھ قىلىۋېتىپ كۈلۈش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە، ئۇ گۇناھتىن ئېغىردۇر، گۇناھنى ئىشلىيەلمىگەنلىك سەۋەبلىك غەمكىن بولۇش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە گۇناھ ئىشلىگەندىن ئېغىردۇر، گۇناھقا قىزىقىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە گۇناھتىن ئېغىردۇر».

### شەرم ـ هايا قىممەتلىك جەۋھەردۇر

ھەقىقىي هايا ۋە نومۇس كۆپچىلىك ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىشقا ھەر قانداق ۋەزىيەتتە جۈرئەت قىلىشنى بىلىشتۇر. نومۇس، هايا ئېڭى ئىنسانىنى جازا ھەققىدىكى ھەر قانداق ۋەز – نەسىھەت كىتابلىرىدىنمۇ بەكرەك توغرا يولغا سالىدۇ. شۇڭا بارچە ساماۋى دىنلار ئىنسانغا شەرم – هايا ۋە نومۇسنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلغان.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى، مۇكەممەلسىزلىكىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارى مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۇياتنى يەنى ئۆز كەمچىلىكلىرى، مۇكەممەلسىزلىكى ۋە ئاجىزلىقىدىن ئۇيۇلۇش تۇيغۇسىنى ئاتا قىلغان. شۇڭا قانۇن توسۇپ قالالمىغان ئىشلارنى هايا – نومۇس توسۇپ قالالايدۇ. ئىنسان ئۆزىدىن خۇددى باشقا ئادەملەردىن هايا قىلغاندەك هايا قىلىشى ۋە يالغۇز ئۆزىلا بىلىپ تۇرۇپمۇ باشقىلارنىڭ بىلىش – بىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر يامان ئىشتىن قەتئىي قول ئۈزۈشى لازىم. ئەدەب – ئەخلاقنى نومۇستىن، نومۇسنى ئەدەب ئەخلاقتىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئۇمۇ، بۇمۇ يېمىرىلىشكە باشلىسا بارلىق كۆركەم بىنا يىقىلغان بولىدۇ، قەدىرسىز بولىدۇ ۋە نەپرەتتىن باشقا ھېچبىر تۇيغۇ ئويغاتمايدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋايى: «هاياسىزدا ۋاپا يوق، ۋاپاسىزدا هايا يوق» دېگەن ئىكەن.

ئەجدادلىرىمىزمۇ : «هايالىق كىشى باهالىق كىشى»، «هاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان. هايا ۋاپادارلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ۋاپادارلىقنى پەقەت شەرم – هايالىق كىشىلەردىنلا كۈتۈش مۇمكىن.

### شەرم ـ هايا بىلەن مېھرى ـ مۇھەببەت ئىككىسى قوش كېزەكتۇر

شەرم هايا بىلەن مېھرى – مۇھەببەت بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ. پەقەت بىرلا يۈزى بار قەغەزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، شەرم – هاياسىز مېھرى – مۇھەببەتنى، مېھرى – مۇھەببەتسىز شەرم – هايانىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مېھرى – مۇھەببەت شەرم – هايا دەرىخىنىڭ رەڭدار چاقناپ تۇرىدىغان خۇشبۇي، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان مېۋىسىدۇر.

ئەڭ پەسكەش ئادەملەر نومۇس، هايا ئېڭى يوق كىشىلەردۇر. مۇنداق كىشىلەرگە ھەممىلا يەردە نەپرەتلەر يېغىپ تۇرىدۇ. شەرم – هايا بىلەن نومۇسنى يوقاتقان كىشىنى ئۆلۈك دەپ سانىسا بولىدۇ. ئىنساننىڭ بىرلا كەتكەن ئۇيات، نومۇسى قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۇيات، نومۇسنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىپ قوغدىشى لازىم. شائىر تاگور: «گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رەڭدار»

---

1 هاكىم رىۋايىتى.

2 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

دېگەن ئىكەن. دۇنيادا قايسى رەڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ رەڭدار دېسە نومۇسچانلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ ئەڭ گۈزەل دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئادەم خىجىل بولغاندا، هايا قىلغاندا، نومۇس قىلغاندا تەنلىرى تىترەپ يۈزى قىزىرىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدىكى قىزارغان ۋە ئوت ئالغان يۈزنىڭ رەڭگى ئەڭ گۈزەلدۇر.

## سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر

سەۋر _ كۆڭۈل ھاۋايى – ھەۋەسنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەقىلنىڭ ئىنداسىغا قولاق بېرىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، بۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، ئازار، كۈلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا، مۇسىبەتلەرگە ۋە بالايىئاپەتلەرگە چىداشلىق بېرىش دېگەنلىكتۇر. سەۋرنىڭ مۇكاپاتىمۇ چوڭدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: (سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز)[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ھەقىقي سەۋر ئىنساننى گۇناھ، مەسىيەتلەردىن توسىدۇ ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. ھەقىقى سەۋر ۋە چىدامغا ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت – تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ. سەۋر كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشەنگەندەك، ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا ۋە يامانلىققا كۆز يۇمۇپ جىم تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، يامانلىقنى قايتۇرۇش، زۇلۇمنى يوق قىلىش ۋە ھەققانىيلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي – تالماي ئىشلەش ۋە بۇ يولدا چىداملىق بولۇش سەۋرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

## ئەر _ ئاياللار بىر _ بىرىمىزنىڭ قەدرىنى بىلەيلى!

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئاياللاردىن ئۇنىسى – ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقىدۇر][2].

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆز تىپىدىن جۈپلەرنى يارىتىپ بەردى. ئۇلار ئەر _ ئايال ھەممىسى ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىدە ۋە ئادىمىيلىك ھۆرمەتتە، شۇنداقلا ئىنسانلارغا خاس تەلەپ ۋە ئىستەكلەردە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئىنسان مىجەز _ خاراكتېردا ئۆزىگە ماسلىشىدىغاننى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ. ئۆزىنىڭ ھالال جورىسى بىلەن بىللە بولغان ئادەم خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر ئىچىدە بولىدۇ، ئايەتتىكى «مېھىر _ مۇھەببەت»نىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ.

ئەمما ئارىسىدا نىكاھ بولمىغان ئەر بىلەن ئايال ھارام ئىشتا بۇنداق ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەمدۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئايەتتە نىكاھلىق ئەر _ ئاياللار بىر _ بىرى ئۈچۈن خۇددى ئارام ئالىدىغان جايغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىلگەن. چۈنكى خۇددى مەخسۇس ئارامگاھقا كىرگەن ئادەم تولۇق خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇرنى ھېس قىلغاندەك، نىكاھلىق ئەر _ ئاياللارمۇ بىر _ بىرىدىن شۇنداق ھۇزۇرنى تاپىدۇ.

نىكاھلىق ئەر _ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى ۋە مېھىر _ مۇھەببەتنى باشقا ھېچكىمدە تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى نىكاھ دېگەن شۇنداق سېھىرلىك نەرسىكى، ئۇ ياتلارنى تۇغقانلاردىن، ھەتتا قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن قىلىۋېتىدۇ، بىر _ بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان قىز _ يىگىتلەر نىكاھنىڭ شارائىتى ۋە بەرىكىتى بىلەن ئەڭ يېقىن قەدىناسلاردىن بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاتا _ ئانىسىغا، قېرىنداشلىرىغا ۋە يېقىن دوستلىرىغا دېمىگەن گەپلىرىنى بىر _ بىرىگە دېيىشىدۇ، ئۇلارغا ئېيتمايدىغان سىرلارنى ئۆز ئارا بىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يېقىنلىقىنىڭ مەنبىيى جىنسىي ھەۋەس ئەمەس ئەلۋەتتە. بەلكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان مەنىۋى نەرسىدۇر. شۇڭا نىكاھتا تەنلەر بىرلىششتىن ئاۋۋال روھلار، كۆڭۈللەر ۋە ھېسسىياتلار بىرلىشىدۇ. بۇ كارامەت نىكاھتىن باشقا ھېچبىر نەرسىدە تېپىلمايدۇ.

قىسقىسى، ئەر _ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر _ مۇھەببەتنى باشقا ھېچكىمدىن تاپقىلى بولمايدۇ ۋە ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ساغلام بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا ئائىلىنى مېھىر _ مۇھەببەت ۋە كۆيۈمچانلىق ئۇستىگە بەرپا قىلىشنى ئىراده قىلغان. شۇڭا نىكاھلىق ئەر _ ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇنداق چەكسىز مۇھەببەتنى ۋە يېقىنلىقنى سېلىۋەتكەن. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان كاتتا ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئايەتنىڭ ئاخىرىنى:[ پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار] دەپ تۈگىتىشىنىڭ سىرى شۇكى، ساغلام پىكىر ئادەمنى كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنى بىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەر _ ئائىللىق ھاياتىغا ساغلام پىكىر بىلەن نەزەر تاشلىغان ئادەم نىكاھنىڭ مۆجىزىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ.

1 نەھل سۈرىسى16 – ئايەت.

[2] رۇم سۈرىسى21 _ ئايەت.

## خائىنلىق ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان زىيىنى

ئەللامە مۇھەممەد غەززالى خائىنلىق ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: «خائىنلىق بىر خىل رەزىل قىلمىش. ئۇنى مەنىۋىيىتى بۇلغانغان، روھى كور، نەپسانىيەتچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك، ئىنتايىن پەس ئادەملەر سادىر قىلىدۇ. ئىسلام نەزىرىدە خائىنلىقنىڭ گۇناھى مۇناپىقلىق ۋە كاپىرلىقنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. قۇرئان كەرىمدە: «خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» دەپ كەلگەن. بىر ھەدىستە: «ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن ھايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم _ شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىم _ شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ»دەپ كەلگەن. خائىنلار مەيلى ئۆزىنىڭ قەۋم – قېرىنداشلىرى، مەيلى ئۆزلىرى ئىشلىگەن خوجايىنلىرى تەرىپىدىن ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى خائىن – مىللىتىدىن تانغان تۇزكور بولغانلىقتىن، ئۇنى باشقىلار ئەمەس، ئۆزىنىڭ قەۋم –قېرىنداشلىرىمۇ سۆيمەيدۇ. ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. مۇنداق خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلىرىمۇ ئۇلارغا ئىشەنچ قىلمايدۇ، سۆيمەيدۇ، ۋاپا قىلمايدۇ، ئاخىرى ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ تۈگىتىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ قەۋم – قېرىنداشلىرىدىن تانغان، ئۇلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئىشلىگەن خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلارمۇ ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، تۇزكورلىقىنى، ۋاقتى كەلسە خوجايىنلىرىنىمۇ سېتىپ قويىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ –دە، ئۇلارغا ۋاقتىنچە ئىنئاملارنى قىلىپ تۇرۇپ خىزمەتلىرىگە سېلىپ بولۇپلا ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا كىرىدۇ. دۇنيادا خائىندەك پەسكەش، زىيانكار، نومۇسسىز ۋە ئەخمەق مەخلۇق بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ مىللىتىنىڭلار ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ گورىنى كولايدۇ ئەمەسمۇ؟!»

### ئۇيغۇرلاردىن چىققان خائىنلارنىڭ زىيىنىمۇ ئاز بولمىغان

مەرىپەت تور بېكىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ بىرىدە ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرىنىڭ مۇنداق دەپ يازغانلىقى قەيت قىلىنغان: «مۇناپىقلىق ئەنە شۇنداق تېگى پەسلىك ۋە ئۇچىغا چىققان رەزىللىكتۇر. ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان، تېگى پەس، رەزىل خائىنلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زىيانلىرى ئاز بولمىغان. مەسىلەن: مىلادىيە 8 – ئەسىردە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىپ تاشلىنىشىغا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سارىيىدىكى بىر قىسىم خائىن، مۇناپىقلارنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتچىلىكلەرنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىپ قالماقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىمۇ، مەنسەپ تەمەسىدە دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتكەن ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىقى ئاساسلىق رول ئوينىغان. ھازىرمۇ بۇ خىلدىكى مۇناپىقلارنىڭ خەلقىمىزگە بولغان زىيانكەشلىكى داۋام قىلماقتا.

ھازىرمۇ بېسىمدارلارنىڭ ئازراق ئىنئامىغا ئالدىنىپ ئۆز خەلقىنى ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىدىغان، قورسىقى يوغىناپ قالغان ئايالللارنى پىلانلىق تۇغۇتنىڭ غالچىلىرىغا چېقىپ قويىدىغان، بىرەر ئادەمنىڭ بالىلارنى ئاللاھنى ۋە رەسۇلۇللاھنى تونۇتقانلىقىنى بىلىپ قالسا ساقچىلارنى باشلاپ كېلىدىغان، خەلقىم، مىللىتىم دېگەنلەرنىڭ كالللىسىنى زالىملارغا سوۋغات قىلىدىغان ھايۋان مىجەز خائىنلار، ساتقۇنلار ۋە مۇناپىقلار ئاز ئەمەس».

## ئوقۇشنى قانداق تۈگىتىش ھەركىمنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق

ئۆتكەندە مەن گۈلەن قېرىندىشىمىزنىڭ «تۈركىيەدا ياكى مىسىردا؟» دېگەن يازمىسىغا ۋاقتىمنىڭ قىسلىقى، ئىشىمنىڭ كۆپلىكى سەۋەبلىك جاۋاب يېزىشنى كېچىكتۈرۈپ، يازمىدىكى دىنىي ئىستانبۇل كوچىلىرىدا سۈرىيەلىك ئەرەبلەردىن ياكى ئىستانبۇلنىڭ ئارقا كوچىلىرىغا ئېسىلغان ۋېۋىسكىلاردىنمۇ ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ، دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلىگەن پىكرىگە ئىنتايىن قىسقا بىر يازما بىلەنلا جاۋاب بەرگەن ئىدىم. كېيىن گۈلەن قېرىندىشىمىزنىڭ بۇ سۆزۈمگە بەرگەن جاۋابىنى ئوقۇپ چىقتىم. جاۋابتا مېنىڭ ئۇنىڭغا يازغان قىسقا يازمامدىن «ئوقۇشنى ئاسان تۈگەتسە چوتا بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى ئاسان تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دەپتۇ دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپتۇ. مەن دىنىي ئوقۇيمەن دەپ مەكتەپ قېرىسى بولۇپ يېتىش كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن. گۈلەن قېرىندىشىمىزنىڭ دىنىي ئوقۇش دېگەننى شۇنچىلىك ئاددىي ۋە ئوڭاي ساناپ قالغانلىقىغا ۋە ئەزھەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى مەسخىرە قىلغانلىقىغا قىسقىلا جاۋاب بەرگەن ئىدىم. ھەر قانداق بىر ئوقۇشنى ئاز ۋاقىتتا تۈگىتىش ياكى كۆپ ۋاقىتتا تۈگىتىش ئالدى بىلەن شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق ئىشتۇر. مەن ۋە ساۋاقدىشىم ئابدۇلئەھەد ھافىزنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئوقۇش ھاياتىمىز بۇ دېگەن سۆزۈمگە دەلىلدۇر. چۈنكى بىز 1986 _ يىلى 9 _ ئاينىڭ 6 _ كۈنى قاھىرەگە باردۇق، 1987 _ يىلى1 _ ئايدا ئەزھەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆتتۇق، تولۇق ئوتتۇرا 4 يىللىق بولۇپ، بىز ئىككىمىز مۇسابىقە قىلىش ئارقىلىق 4 يىللىق تولۇق ئوتتۇرىنى 3 يىلدا پۈتتۈرۈپ، 1989 _ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتكە ئۆتتۇق، ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇسابىقە بىلەن ئاتلاش تۈزۈمى بولمىغانلىقتىن، بىز 4 يىلنى ساق ئوقۇدۇق، شۇنداق قىلىپ بىر ئىككىمىز ئەزھەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرىسىنى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنى 7 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تۈگەتتۇق. يەنى 1987 _ يىلنىڭ بېشىدىن 1993 _ يىلىغىچە ئەزھەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرىسىنى ۋە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ بولدۇق. بىز ئوقۇشنى ئاسان تۈگەتكەنلىكىمىزدىن ھېچبىر نۇقسانلىق ياكى چوتىلىق ھېس قىلمىدۇق. توغرا، مەن ئاز ۋاقىتتا تۈگەتكەنلىكىم ئۈچۈن شۇڭا چوتا بولۇپ قېلىپ، گۈلەن قېرىندىشىمىغا تىل ئۇزاتقان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ مەسلەكدىشىم، دوستۇم ۋە ساۋاقدىشىم ئابدۇلئەھەد ھافىزنى قىسقا ۋاقىتتا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكى سەۋەبلىك چوتا بولۇپ قالغان دەپ ئويلىمايمەن، چۈنكى ئۇ چوتا ئەمەس، مۇكەممەلدۇر. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ پەخرىلىك ئۆلىمالىرىمىزدىن سانىلىدۇ. دېمەك، قىسقا ۋاقىتتىمۇ ئۆلىما بولغىلى بولىدۇ. بۇ سۆزۈمدىن ئۆزىنى ئۆلىما ساناپتۇ دەپ چۈشىنىلىپ قالمىسۇن. مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنى ئۆلىما ياكى ئالىم دەپ ساناپ باقمىدىم. چۈنكى مەن ئۆزۈمنى ئىلىم يولىدا ئىزدىنىۋاتقان تالىپ دەپ سانايمەن. ئەمما دىنىي ئوقۇشنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇزۇن ۋاقىت ۋە سەۋر _ تاقەت كېتىدۇ. مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام ، ئابدۇئەزىز چىڭگىزخان قاتارلىق ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئوقۇش تارىخى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى دۇنياغا ئىسلامىي ئىلىم تارقىتىپ كېلىۋاتقان ئەزھەر بىلىمگاھىنى دۇنيانىڭ ھېچبىر دىنىي مەكتىپىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەزھەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ھەقىقەتەن مۇكەممەلدۇر. دېمەك، ئاز ۋاقىتتا تۈگىتىش، كۆپ ۋاقىتتا تۈگىتىش ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق ئىشتۇر، بۇنىڭدا ئەزھەرنىڭ ياكى باشقا قانداقلا بىر مەكتەپنىڭ گۇناھى يوق. تەرەپسىز دىنىي ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەزھەردىن مۇكەممەل مەكتەپ يوق دۇنيادا. گۈلەن قېرىندىشىمىزغا مىسىر توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەن ئوقۇغۇچى كەم بولغىيتى، يەنە 11 يىلدىن بېرى ئوقۇۋاتقان مەكتەپ قېرىسى كەم بولغىيتى. بۇنداقلار مىسىردىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئەزھەردە 11 يىللىق فاكۇلتېت يوق، ئادەم تىرىشسا 4 يىللىقنى 3 يىلدا تۈگىتىشكە رۇخسەت قىلىدىغان ئەزھەر تالىپلارنىڭ مەكتەپ قېرىسى بولۇپ يېتىشىنى تەرغىب قىلمايدۇ.

مەن گۈلەن قېرىندىشىمىزغا تەپسىلىيرەك بىر نەرسە يېزىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. چۈنكى ئەتراپىمدىكى دوستلىرىم ۋە يىراقتىكى ساۋاقداشلىرىم بۇ ھەقتە بىر نەرسە يېزىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. تۈنۈگۈن دوكتۇر ھەبىبۇللا توختى قېرىندىشىمىزنىڭ باغداش مۇنبىرىدە ئېلان قىلغان بىر يازمىسىنى كۆرۈپ قالدىم. باشتىن ئاخىر ئوقۇپ چىقىپ ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم ۋە بۇ توغرىدا قەلەم تەۋرىتىشتىن بىھاجەت بولدۇم. چۈنكى دوكتۇر ھەبىبۇللا مەن دېمەكچى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇقى بىلەن دەپتۇ، ھەبىبۇللا قېرىندىشىمىزدىن ئاللاھ رازى بولغاي.

## بىر ئەزھەرىي ئالىمنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتى

بۇ 20 _ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىلىم _ مەرىپەت ئېلىپ، خەلقنى جاھالەت پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇش مەقسىتى بىلەن ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەتئەلگە چىقىپ، مىسىرغا بېرىپ، ئۇ جايدا دۇنياغا داڭلىق بىلىمگاھى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئون نەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئانا ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى زالىم ھاكىمىيەت بىلەن جاھالەت نەمۇنىلىرى بولغان بەزى ئۇيغۇر مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ يەكلىشى ۋە ئۆز يۇرتىغا پاتۇرماسلىقى سەۋەبلىك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، ھازىرقى قىرغىزىستاندا ئالەمدىن ئۆتكەن بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ قىسسىسى بولۇپ، بۇ قىسسە ئوقۇرمەنلەرگە تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرۇلىۋاتىدۇ.

مەزكۇر ئالىمنىڭ ئىسمى ناسۇھا ئەمىن بولۇپ، ئۇ 1888 _ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ غۇلجىدا دىنىي مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ ئۆز يۇرتىدا بىر قاتار ئىلىم ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ دادىسى ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن چەتئەلگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا ئاتلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ناسۇھا ئەمىن 1906 _ يىلى كۆپ جاپالار بىلەن مىسىرغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ جايدىكى قەدىمىي بىلىم يۇرتى ئەزھەر بىلىمگاھىدا ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ ۋە ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە قازىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە يۇقىرى بىلىمگە قايىل بولغان ئەزھەر ئۆلىمالىرى ئۇنى ئەزھەر بىلىمگاھىدا مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما ناسۇھا ئەمىن ئەزھەر بىلىمگاھىغا ئۆز خەلقىنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى مەرىپەتلىك قىلىش نىيىتى بىلەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ خەلقىنى جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش قارارىدىن قەتئىي ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇستازلىرىغا: «مەن خەلقىمنى ئاقارتىشىم كېرەك، مېنىڭ يولۇم ئېغىردۇر، شۇڭا مەن يۇرتۇمغا قايتمىسام بولمايدۇ»دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، نەسۇھا ئەمىن داموللام 1915 _ يىلى ئۆز يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ بارىدۇ ۋە غۇلجىدىكى ئەلاباي مەسجىدىدە ئىمام ۋە خاتىپلىققا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ جايدا ئىلىم _ مەرىپەتكە ۋە يېڭىلىققا قىزىقىدىغان مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن مەسجىدنىڭ يېنىدا كىچىككىنە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، باللارغا دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ. بىراق خەلقنى جاھىل قالدۇرۇش ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان زالىم ھاكىمىيەت بىلەن مۇتەئەسسىپ، جانباقار موللىلارنىڭ، ھارامخور قازىلارنىڭ «نەسۇھا خەلقنى خەتەرلىك يولغا باشلىماقچى بولىۋاتىدۇ، ئۇ جەدىدچى ئادەم ئىكەن، ئۇ دىنىمىزنى بۇزىۋاتىدۇ» دېگەندەك بەتناملارنى چاپلاپ چېقىمچىلىق قىلىشى سەۋەبلىك، شۇ ۋاقىتتىكى زالىم ھاكىمىيەتنىڭ چاڭگىلىدىكى ئاتالمىش مەھكىمە شەرئى نەسۇھا دامولالامنىڭ بۇ ئىلغار پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ، ئاچقان مەكتىپىنى تاقايدۇ. نەسۇھا دامولالام بۇ ھەسرەت بىلەن كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانكەشلىكلەر ھېچ توختىمايدۇ. ھەتتا بىر كۈنى نەسۇھا دوللام جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئوقۇۋېتىپ، جامائەتكە «باللارنى ئوقۇتايلى، قىزلارنىمۇ مەكتەپكە بېرەيلى، ئۇلارمۇ بىلىملىك بولسۇن، چۈنكى قىزلار كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىلىرىدۇر. ئۇلار مىللەتنىڭ تۇنجى تەربىيەچىسىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشى لازىم» دېگەن ئاساستا سۆزلىگەندىن كېيىن، شۇ مەسجىدتىكى جامائەتلەر ئارىسىدىكى ھاكاۋۇر بايلاردىن بىرى ئورنىدىن قوپۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ: «ھەي نەسۇھا! ھەددىڭنى بىل، بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىدىغان قىزلىرىمىز يوق. سېنىڭ كوچىغا چىقىرىپ قويىدىغان قىزلىرىڭ بولسا، ئۆزۈڭ شۇ قىزلىرىڭنى مەكتەپكە بېرىۋالغىن. بولدى مۇنبەردىن چۈش! سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمايمىز» دەپ نەسۇھا دامولالامغا قاتتىق ئەزىيەت بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەتتىكى ئىشرەتخور بايلار نەسۇھا دامولالامنىڭ دىنىي ياخشى چۈشەنگەن، كىشىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا تىرىشىۋاتقان، ئۆتكۈر پىكىرلىك بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قېلىپ، ئەگەر خەلق بۇ ئادەمگە ئەگىشىپ كەتسە، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان، ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۆلگە قىلىپ ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا بىزنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى نوپۇزىمىز ئازىيىپ قالىدۇ ھەمدە خەلقنى خالىغانچە بوزەك قىلالمايمىز، دېگەن چۈشەنچە بىلەن دامولالامغا قاتتىق قارشى چىقىدۇ، ئاخىرى ئۇنى ئۆز يۇرتىدا تۇرالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. نەسۇھا دامولالام بۇ سەۋەبتىن 1918 _ يىلى ئۆز يۇرتىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۆزىدىن يىراقراق تۇرۇپ ئىجادىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە مۇسا ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن غولجىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. نەسۇھا دامولالام جاغىستايغا بارغان ھامان شۇ جايدىكى «ئوردۇ مەدرىسىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەدرىسىگە مۇئەللىملىككە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ جايدا نەسۇھا دامولالام 1920 _ يىلىغىچە دىنىي ئوقۇتۇش ۋە ئۆزىنىڭ بەزى ئىجادىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نەسۇھا دامولالام يېڭىلىقپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك كىشى بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھالەتتىكى خەلقىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇش ۋە ئۇلارنى ئىلىم _ مەرىپەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىدۇ.

نەسۇھا دامولالامنىڭ ئەقىل _ پاراستى، ئۆتكۈر پىكرى ۋە توغرا قاراشلىرى خەلقنى قايىل قىلىدۇ. خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارزۇ _ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىرلىرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئۆزى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. بۇنى كۆرەلمىگەن زالىم ھاكىمىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى بولغان مۇتەئەسسىپ جانباقار موللىلار بىلەن ھارامخور قازىلار نەسۇھا دامولالامنى يەنە ئارامىدا قويمايدۇ. دامولالام شۇنداق قىلىپ جاغىستاي يېزىسىدىنمۇ ئايرىلىدۇ. نەسۇھا دامولالام بۇ يېزىدا ئاز تۇرغان بولسىمۇ، شۇ ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچقان،

يېڭىچە مائارىپقا ئاساس سالغان ۋە نۇرغۇن بالىلارنى يېتىشتۈرگەن ئىدى. نەسۇھا داموللام 1920 _ يىلى خۇنخاي مازىرى دەيدىغان جايغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ جايدىمۇ دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەمما ئۇ يەردىمۇ تۇرالمىغانلىقتىن، ئۇزۇن ئۆتمەي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىپ، قىرغىزىستاندا ماكانلىشىپ قالىدۇ. ئۇ جايدىمۇ ئىلىم _ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ جايدىمۇ ئارامىدا تۇرالمايدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنى خەلقنىڭ مېڭىسىنى دىن بىلەن زەھەرلىمەكچى بولغان، دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۇنى قولغا ئالىدۇ. نەسۇھا داموللام ئون نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىش جەريانىدىمۇ جىم تۇرماي، پۇرسەت تاپسىلا ئىزدىنىش ۋە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئىسلام توغرۇلۇق بىر ئىككى پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇ كېيىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە، قىرغىزىستاندىكى ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن پويىزدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، بۇ كىتابلىرىنى نان سالغان خۇرجۇنى بىلەن بىرلىكتە يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داموللامنىڭ ئون يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يازغان ئەسەرلىرى قولىدىن چىقىپ كېتىپ نابۇت بولىدۇ.

نەسۇھا داموللام تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، قىرغىزىستاننىڭ قاراقۇل دېگەن يېرىدە ياشاپ، شۇ يەردە 1955 _ يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە نەسۇھا داموللام قاتارلىق مەرىپەت يۇلتۇزلىرىمىزنى زالىم ھاكىمىيەت بىلەن بىرلىشىپ نابۇت قىلىشقا تىرىشقان جانباقارلار ھازىرمۇ ئۆزلىرىنىڭ شۇ رەزىل كەسپىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ھازىرمۇ شۇ جانباقارلارنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن نابۇت بولۇۋاتقان ناسۇھا داموللاملارمۇ ئاز ئەمەس. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ)[1] دېگەن.

بۇ قىسسىنى يېزىشتا قازاقىستان جۇمھۇرىيى ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق قىزىل غەيرەت رايونىدا تۇرۇشلۇق مۇھەممەد يولداش ئاكا بىزنى يېتەرلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى ۋە بەزىسىنى سۆزلەپ بەردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يولداش ئاكامغا رەھمەت ئېيتىمەن.

[1] رەئد سۈرىسى: 11 _ ئايەت.

## قانداق قىلغاندا ھاياتىڭىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايسىز؟

نىيىتىڭىز ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشىڭىز ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە بولىدىكەن، سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىز ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ئىبادەت _ ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە ياشاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان بەلگىلىك ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى «ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، ئىنساننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1].

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«العبودية»ناملىق ئەسىرىدە ئىبادەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت — ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەر قانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش _ ھەرىكەت، گەپ _ سۆز ۋە ئوي _ پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج – ئۆمرە قىلىش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا _ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا سىلە _ رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، خوشنىلارغا، يېتىملارغا، پېقىرلارغا، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا تەۋەككەل قىلىپ يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، بالا _ قازالارغا سەۋر قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە باشقىلاردۇر»[2].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بارلىق ئىنسانلارنى ئىبادەتكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: (ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار). يەنە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: (جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم)[3] دېگەن.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق چاقىرىقى (ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر)[4] دېيىشتىن ئىبارەت ئىلاھىي پىرىنسىپ ئىدى.

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەت ھەرگىز بىز بىلىدىغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق بەلگىلىك ئىبادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ يارىتىلىشىنىڭ غايىسى قىلىنغان ئومۇمىي ئىبادەتتۇر. مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى: (ئى ئىنسانلار!(ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار) دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

«تەپسىرى سەئدى»دە «بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئومۇمىي ئىبادەتتۇر» دەپ كەلگەن.

«تەپسىر قۇرتۇبى»دە «بۇ يەردىكى ئىبادەتتىن مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئەمەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىبادەتنىڭ ئەسلى بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر» دەپ تەپسىر قىلىنغان.

«ئەيسەرۇتتەفاسىر»دە، «بۇ ئايەتتىكى ئىبادەتتىن مەقسەت ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانى چىن سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەمدى، «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن ئايەتنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر: «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى تەلەپ قىلغان بويىچە ھايات كەچۈرسۇن دەپ ياراتقان، شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ

---

1 دوكتۇر يۈسۈف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام»ناملىق ئەسىرىدىن.
2 شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«العبودية»ناملىق ئەسىرى 2 - بەت.
3 سۈرە زارىيات: 56 - 57 - ئايەتلەر.
4 سۈرە ئەئراف: 59 – ئايەت.

هايات تەربزىنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇ تەلەپ قىلغاندەك ياشاشقا يارىتىلغان»دەپ تەپسىر قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن ئوچۇقلاندىكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى چۈشۈرگەن قانۇن _ پىرىنسىپ بويىچە ياشىسۇن، دەپ ياراتقان. شۇنداق ياشىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەكسىچە قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

كىمكى ھاياتنىڭ غايىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر _ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتكە بېغىشلايدىكەن، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ھەرقانداق سۆز _ ھەرىكەت، ئىش _ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت بولۇپ يېزىلىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ (جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم) دېگەن مۇقەددەس سۆزىنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى بىز ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق شۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ قويىدىغان بولساق، بۇ ئايەتتىكى يارىتىلىشنىڭ غايىسى قىلىنغان چوڭقۇر مەنىنى چۈشەنمىگەن بولىمىز. بۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەر بىزنىڭ ئومۇمىي ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش يولىمىزدىكى مەنىۋى غۇزالاردۇر. بىزنىڭ يەر يۈزىدىكى بۇ چەكلىك ھاياتىمىز ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىكى، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش يولىدىكى ئۇزۇن سەپەرگە بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن يولغا چىققان يولۇچى ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى يولنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن، يول بويىدىكى ماي قاچىلاش ئورۇنلىرىدا ماي قاچىلاپ مېڭىشقا موھتاج بولغاندەك، ئاللاھ يولىدىكى ئۇزۇن سەپەرنىڭ كارۋانلىرىمۇ ناماز، روزا، زاكات، قۇرئان ئوقۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق مۇئەييەن پەرزلەرنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى غىزاسىنى تەمىن ئېتىدۇ. خۇددى يولۇچى ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرىنىڭ غايىسى يولدا ماي قاچىلاش ئەمەس، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرقى نىشانغا يېتىش بولغاندەك، ئاللاھ يولىدا كېتىپ بارغان بىر مۇئمىننىڭ غايىسمۇ شۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارغۇچىلىك داۋام قىلىدىغان ئومۇمىي ئىبادەتتۇر.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دېمەك كەم _ زىيادە قىلىشقا بولمايدىغان، ھەتتا بارماقلار بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئازغىنە ئىبادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنساننىڭ ھاياتتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە سالاھىيەتلىك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. بىرەر زاۋۇتنى ياسىماقچى بولغان ئىنژېنېر ئۇ زاۋۇتتىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆزلىمەستىن، بەلكى بۇ زاۋۇتنىڭ ھەمىشە ئىشلەپچىقىرىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشىنى كۆزلەيدۇ.

ئايروپىلاننىڭ سالاھىيىتى ئۇنىڭ ئۇچۇش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، قەلەمنىڭ سالاھىيىتى يېزىش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، ئىنساننىڭمۇ ئەمەل _ ئىبادىتىنىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا يارامىلىق بولۇپ، قوبۇل بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ نىيىتى ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. پۇل باسىدىغان زاۋۇتمۇ ئۇنىڭغا كىرگەن قىممەتسىز خام ئەشيالارنى قىممەتلىك پۇل قىلىپ چىقارغىنىدەك، ئىنساننىڭ نىيىتى سالاھىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ»[1].

**ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى**

ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ ئىككى شەرتى بار بولۇپ، بۇ ئىككى شەرت تولۇق تېپىلمىغان ھەرقانداق ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئىككى شەرت:

1. قىلىنغان ئەمەل _ ئىبادەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ غايە قىلىنغان بولۇشىدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ھەرقانداق ئىبادەت بىكاردۇر.

2. قىلىدىغان ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە بولۇشىدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن ھەرقانداق ئەمەل _ ئىبادەت بىكاردۇر.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن شۇ نەتىجىنى چىقىرىمىزكى، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان، نىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولغان ئادەم مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك قانداقلا بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىدىكەن، ئۇ نەدە بولسا ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ، نېمە ئىش قىلسا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

**ھاياتىمىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئامىللىرى**

ھاياتىمىزنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئامىللىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. نىيەت**

[1] ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ «بۇ بىزنىڭ دىنىمىز» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

نىيەت _ ئادەمنىڭ كۆڭۈل قىتىدا پەيدا بولىدىغان ۋە ئادەمنى بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلاتقان ئوي _ پىكىردىن ئىبارەتتۇر. نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ھەر قانداق ئەمەل – ئىبادەت ئۇنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە قاراپ قوبۇل بولىدۇ ياكى رەت قىلىنىدۇ. ئەمەل –ئىبادەتلەر ئۇنى قىلغۇچىسىغا ئۇنىڭ نىيىتىگە قاراپ قەدىر _ قىممەت ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋال ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەلسىز قۇرۇق نىيەت ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندەك، نىيەتسىز ئەمەلمۇ پايدىسىزدۇر. ئىنساننىڭ يېيىش _ ئىچىشى، ئۇخلاپ دەم ئېلىشى، شۇنداقلا ئەر – ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەرنىڭ ئەر _ ئاياللىق مۇناسىۋىتىڭلاردا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار» دېگەندە، ساھابىلەر بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرساقمۇ ساۋاپ بولامدۇ؟» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەر شەھۋىتىڭلارنى ھارام ئىش بىلەن قاندۇرساڭلار سىلەرگە گۇناھ بولمامدۇ؟» دەيدۇ. ساھابىلەر: «ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ» دېيىشىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنىڭدەك، سىلەر شەھۋىتىڭلارنى نىكاھلىق ئاياللىڭلار ئارقىلىق قاندۇرساڭلار، سىلەرگە ساۋاب بولىدۇ»[1] دېگەن.

نىيەت ئادەتتىكى ئىشلارنى ئىبادەتكە ئۆرۈيدىغان بىردىنبىر سېھىرلىك ماددىدۇر. فۇقەھالار (ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى)نىڭ قارىشىچە، نىيەت ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشتىن ئىبارەت دۇرۇسلا بولىدىكەن، ئىنساننىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىمۇ ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. مەسىلەن: ھالالدىن رىزىقلىنىش ۋە بالىلىرىنى ھالال لوقما بىلەن يېتىشتۈرۈش يولىدا تىرىكچىلىك قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئىبادەتلەردە پائالىيەتچان بولۇش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، مېڭىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن ئۇخلاش ۋە تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئارقىلىق شەرىئەت كۆرسەتملىرىنى ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن تەنھەرىكەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ياتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى پەقەت نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[2].

## 2. تەقۋالىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى مۇنداق بايان قىلغان: «بىر _ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر _ بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىر _ بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر _ بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان. ئۇ يەنە: «ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال _ مۈلكى ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر»[3] دېگەن.

## 3. گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق _ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. بۇ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ – ۋاپالىق، ئىمان _ ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا – ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق – تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخىي، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى–قارنى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

ئەخلاقى گۈەل بولغان ئادەم ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئەمەللىرى ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «مۇسۇلمان ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغان ۋە

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
2 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

گۈزەل ئەخلاق ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، دۇرۇسلۇقنى، توغرىلىقنى، ھەققانىيلىقنى ۋە ئادالەتنى ھايات مىزانى قىلىپ ياشىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەم ئالدى ئالله تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ، ھايات تەرىزىنى ئالله تائالانىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇدۇللاپ ئىش كۆرىدۇ، كىشىلەرگە ئۇۋال قىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالمايدۇ، سودا _ سېتىق ئىشلىرىدا ساختىپەزلىك قىلمايدۇ، كىشىلەرنى ئالدىمايدۇ، ئاجىز _ ئۇرۇقلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق جان ئىگىسىگە رەھىم _ شەپقەتلىك بولىدۇ، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويمايدۇ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان توغرا نىيەت، تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دۇرۇسلۇق ۋە توغرىلىق دېگەن ئىككى سۆزگە ئىخچاملاشقا بولىدۇ. دۇرۇسلۇق بىلەن توغرىلىق ئالله تائالانى رازى قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشنىڭ كاپالىتىدۇر. ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ھايات بىر پويىز بولسا توغرىلىق بىلەن دۇرۇسلۇق رېلىسقا ئوخشايدۇ، پويىز رېلىستا بولسا مەنزىلگە ئوڭۇشلۇق يېتەلەيدۇ، ئەگەر رېلىستىن چىقىپ كەتسە ھالاك بولىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، سىز دۇرۇسلۇقتىن ۋە توغرىلىقتىن قەتئىي ئايرىلماڭ، ھاياتىڭىز ئىبادەت ئىچىدە بولسۇن!.

---

1 ئىبنى ھىببان، ھاكىم رىۋايىتى.

2 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى .

# ئىسلام فىقھى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

فىقھ دېگەن سۆز لۇغەتتە چۈشىنىش ۋە بىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىللىرى ئارقىلىق شەرىئەتنىڭ تەپسىلىي ئەھكاملىرىنى بىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىسلام فىقھى _ قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان ئەھكاملارنىڭ توپلىمى دېگەنلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئىسلام فىقھىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زوردۇر. چۈنكى ھەممىلا ئادەم قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىۋاسىتە ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلمىگەنلىكتىن، قۇرئان ۋە ھەدىستىن چىقىرىلغان ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام فىقھىگە موھتاجدۇر. ئاۋام خەلقنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىسلام فىقھىنى ئۆگىنىشتۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام فىقھى ئارقىلىق نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى قىلىدۇ، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى قىلمايدۇ. قىسقىسى، ئىسلام فىقھى ئارقىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بىلىدۇ ۋە ئەمەل _ ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارالايدۇ، ئىسلام فىقھى ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈرۈش _ تۇرۇشلىرى ۋە بارلىق ئىشلىرى سىستېمىلىق ھالدا توغرا شەكىلدە داۋام قىلىدۇ. دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئىسلام فىقھى سايىسىدا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارغان ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىققا ۋە ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ»[1] دېگەن.

ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلغان ئادەم بۇ كىتابلارنىڭ كۆپلىگەن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە بۇ ئەھكاملارنىڭ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتىنى رەتكە سېلىشقا يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

**ئىسلام فىقھىنىڭ كېلىپ چىقىشى**

ئىسلام فىقھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ زامانىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئىسلام فىقھىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب كىشىلەرنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىسلەردە ھۆكۈمى بولمىغان يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ تۇرغان مەسىلىلەر ھەققىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشكە بولغان زور ئېھتىياجىدۇر.

**ئىسلام فىقھىنىڭ تۈرلىرى**

ئىسلام فىقھى ئىبادەت قىسمى، مۇئامىلە قىسمى، ئائىلە قىسمى، جىنايەت ۋە جازا قىسمى، جىھاد ۋە تىنچلىق قىسمى، سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە قىسمى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئىبادەت قىسمى ئەمەل _ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشنىڭ قائىدە _ تەرتىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ناماز، تاھارەت، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

مۇئامىلە قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل _ مال مۇئامىلىسى، ئېلىم _ سېتىم ئىشلىرىنى قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئائىلە قىسمى ئۆيلىنىش، بالا ئېمىتىش، نەپىقە، تالاق، ۋەسىيەت، مىراس قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ دىنىي كۆرسەتمىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

جىنايەت ۋە جازا قىسمى قاتىللىق، ئوغرىلىق، زىنا _ پاھىشە، قارا چاپلاش، ئالدامچىلىق، بۇزغۇنچىلىق، پارىخورلۇق قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارنى جازالاش ئارقىلىق تىنچلىقنى، تەرتىپنى ساقلاش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

جىھاد ۋە تىنچلىق قىسمى ئىسلام دۆلىتى بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بېرىش، تىنچلىق ۋە ئۇرۇشنىڭ پىرىنسىپلىرى، كېلىشىم ۋە توختام قاتارلىقلارنىڭ قائىدە _ تەرتىپلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە قىسمى ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى سىياسەت ئىشلىرىنى، شۇنداقلا مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ چەك _ چېگرىسى، قائىدە، پىرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئىسلام فىقھى مۇكەممەل ئىسلام قانۇنىدۇر.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئىشەنچلىك تىجارەتچىنى ئاللاھ تائالا قوللايدۇ

تىرىكچىلىك يولىدا ئىشلەش، ھالال رىزىق ئۈچۈن تەر تۆكۈش دىنىمىز تەشەببۇس قىلغان ئەڭ شەرەپلىك ئەمەللەرنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇنى بايان قىلىپ: (كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلدۇق)[1] دەپ كۆرسەتكەن. تىجارەت قىلىش قەدىمقى زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن تىرىكچىلىك تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ پۇل _ مېلىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋېلىشتىن توسقان ئايەتتە تىجارەتنى يوللۇق تىرىكچىلىك ئەمەللىرىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر – بىرىڭلارنىڭ مال _ مۈلكىنى ھارام يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا _ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[2].

ئىسلام ئۆلىمالىرى تىجارەت قىلىشنىڭ ئەدەپ _ ئەخلاقلىرىنى ۋە پەزىلىتىنى بايان قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

1. تىجارەتچى ئۆزى قىلىۋاتقان ھەرقانداق بىر تىجارەتنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تىرىكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالمايدىغان، شەرەپلىك، ئېپپەتلىك بىر تۇرمۇشتا ياشىتىشنى مەقسەت ۋە غايە قىلىشى لازىم. نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن تىرىكچىلىك يولىدا ئىشلەش ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى نىيەت ئادەتتىكى تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى ئىبادەتكە ئۆزگەرتىدىغان سېھىرلىك نەرسىدۇر. نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىدىن مەقسەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان ھالدا قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەتتۇر.

2. تىجارەتچى ئېلىم _ سېتىم ئىشلىرىدا راستچىل، سەمىمىي بولۇشى، يالغانچىلىقتىن، ئالدامچىلىقتىن ۋە ساختىپەزلىكتىن يىراق تۇرۇشى لازىم. چۈنكى يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىقلار مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، مۆئمىنلەرگە قەتئىي ياراشمايدۇ. راستچىللىق بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۆلگىلىك كىشىلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا راستچىل بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام : «راستچىل تىجارەتچى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، راستچىللار ۋە شېھىتلار بىلەن بىللە بولىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

بىر تىجارەتچى ئۈچۈن راست گەپ قىلىش قىيىن بولغان بىلەن بۇ راستچىللىقنىڭ بەرىكىتى ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە كاتتا بولىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن تىجارەتچىلەر «بۆگۈنكى ئۆپكە، ئەتىكى دۈمبىدىن ياخشى» دېگەندەك، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، كېيىنكى يامان ئاقىۋەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ _ دە، ئازراق پايدىنى كۆزلەپ يالغان سۆزلەيدۇ، كىشىلەرنى ئالدايدۇ. ناچارا ۋە ئەرزان ماللارنى ئېسىل ۋە قىممەتلىك باللار قاتارىدا ساتىدۇ، بەزىلەر خىتاينىڭ ناچار ماللىرىغا ياۋروپانىڭ داڭلىق ماركىلىرىنى چاپلاپ ساتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھالالنى ھارام قىلىپ يەيدۇ. سودا _ سېتىقتىكى ۋە ھەرقانداق بىر ئىقتىسادىي مۇئامىلىدىكى ئالدامچىلىق، سەمىمىيەتسىزلىك بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە شۇنچىلىك بەك ئومۇملاشقانكى، كىمنىڭ راستچىل، كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ نە تىجارىتىدە، ياكى كەسپىدە بەرىكەت يوق. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئايرىلمىغانلار بولسا سودىدىن يېنىۋېلىش ئىختىيارىغا ئىگىدۇر، ئەگەر ئۇلار راستچىل بولسا، قىلغان سودىسىدا بەرىكەت تاپىدۇ، ئەگەر يالغان ئېيتسا ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، ئۇلارنىڭ سودىسىنىڭ بەرىكىتى كېتىپ قالىدۇ»[4].

3. ساتقۇچىنىڭ قەسەم ئىچىشتىن ساقلىنىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام : «كۆپ قەسەم ئىچىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى كۆپ قەسەم ئىچىش مالنىڭ بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ ۋە پايدىسىنى يوق قىلىۋېتىدۇ»[5] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە كۆپ قەسەم ئىچكۈچىنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ساناپ: «... ئالسىمۇ قەسەم ئىچىدىغان، ساتسىمۇ قەسەم ئىچىدىغان ئادەم»[6] دېگەن.

زامانىمىزدا خۇسۇسەن مۇسۇلمان تىجارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا يالغاندىن قەسەم ئىچىپ خېرىدارلارنى ئالداش قىلمىشى ناھايىتى ئېغىردۇر. ھەتتا خېرىدار سورىمىسىمۇ، ئەزان ئالغان مالنى قىممەت ئالغانلىقىغا قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھالالنى ھارام قىلىپ يەيدۇ.

4. ساتقۇچىنىڭ تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم بېرىشتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇ سودا _ سېتىق ئىشلىرىدا ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان ھارام قىلمىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ كەچۈرۈلمەس قىلمىشتۇر. ئاللاھ تائالا تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم بەرگۈچىلەرنى ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ قاتارىدا ساناپ، ئۇلارنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: ((ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ

---

[1] نەبەئ سۈرىسى، 11_ ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى، 29_ ئايەت.
[3] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[6] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بىرىدۇ. ئۇلار بۆيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟)[1]. شەكسىزكى، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالىدىغان، ھارامدىن قورقمايدىغان ئادەملەر قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى ئاخىرەتتىكى ھېساب بېرىشكە ئىشەنگەن ئادەم شۇنداق قىلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، زامانىمىزدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتكە ئىشىنىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ، مۇسۇلمانچە يۈرىدۇ، مۇسۇلمانچە ناماز ئوقۇيدۇ، ئەمما مۇسۇلمانچە ياشىمايدۇ. توغرا، ئۇلار مۇسۇلمانچە ياشىمايدۇ، ئاخىرەتكە ئىشىنىمەن دەيدۇ، ئەمما ئاخىرەتكە ئىشەنگەن مۇئمىندەك ياشىمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىمەن دەيدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان مۇئمىندەك ياشىمايدۇ. بۇ ئايەتلەردە، كىشىلەرنى قاقتى _ سوقتى قىلىدىغان، تارازىنى دۇرۇس تۇتمايدىغان، سودىدا ئادالەتلىك بولمايدىغان، ھارام يېيىشتىن قورقمايدىغان قارا كۆڭۈل ئىنسانلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار بىلەن بىر ئورۇندا قويۇلغان. چۈنكى كاپىرلار ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېساب بېرىشتىن قورقمايدۇ، ئۆلچەمدە ئادالەتلىك بولمىغان ئادەمنىڭ بۇ قىلىقىمۇ ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكتىن ياكى ئۇنىڭغا شەك قىلغانلىقتىن ۋە ياكى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ئىشەنچ قىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. شۇ ئېنىقكى، ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش، تەۋبە _ ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتىش ئارقىلىق گۇناھ _ مەسىيەتلەرنى يۇيۇۋەتكىلى بولغىنى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يۇيۇۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى خالىسا تەۋبە بىلەن، خالىسا تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ھەققىنى قەتئىي كەچۈرمەيدۇ.

5. ساتقۇچىنىڭ ساختىپەزلىكتىن ۋە كىشىلەرنى ئالداشتىن ساقلىنىشى، مالنىڭ ئەيىبىنى ئوچۇق ئېيتىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[2] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، كىمكى ئىنسانلارغا ساختىلىق قىلىپ ئۇلارنى ئالدايدىكەن، يولسىزلىق قىلىپ ئۇلارنى ھەققىنى يەۋالىدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزىنى بوياپ ناچار مالنى ياخشى دەپ ساتىدىكەن، مۇنداق ئادەم ئىسلام ئۈممىتىدىن ئەمەس دېگەنلىكتۇر. يەنى ساتقۇچى مەيلى قانچىلىك تەقۋا سۈپەتلىك كىشى بولۇپ كەتسۇن، مەيلى ئاغزىدىن مىسۋاك چۈشمەيدىغان، ساقىلى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بولۇپ كەتسۇن، مەيلى بەش نامازنى مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتسۇن، كىشىلەرنى ئالدايدىكەن، ساختىپەزلىك قىلىدىكەن، ئۇنداق كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن سانالمايدۇ.

6. ساتقۇچىنىڭ كەڭ قورساق، سېخىي، قانائەتلىك بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېپ كۆرسەتكەن: «ساتقاندىمۇ، سېتىۋالغاندىمۇ، ئۆز ھەققىنى تەپە قىلغاندىمۇ كەڭ قورساق بولغان ئادەمگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن!»[3]. مۇسۇلمان ئادەم باشقىلاردىن قانداق مۇئامىلىنى كۈتسە، ئۆزىمۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بىر نەرسە سېتىۋالغاندا ئالدانماي، مۇۋاپىق باھادا سېتىۋېلىشنى خالىغان ئادەم باشقىلارغا ساتقاندىمۇ ئۇلارنى ئالدىماي، مۇۋاپىق باھادا سېتىشى لازىم. ئەگەر مۇنداق قىلمىغاندا، ئۇ كىشى بۆگۈن باشقىلارنى ئالدىغان ۋە ئۇلارغا ئۆز باھاسىدىن قىممەت ساتقان بولسا، ئەتە ئۇ باشقىلاردىن ئالغاندا، ئۇمۇ ئالدىنىپ كېتىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ. «بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەم» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس. ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئالدىنقى سۈپىتى كۆڭۈلنىڭ يۇمشاقلىقىدۇر. شۇڭا مۇئمىن ئادەم ھەرقانداق ئىشتا كۆڭلى يۇمشاق، كەڭ قورساق، كەچۈرۈمچان كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، يۈرىكى قاتتىق، كۆڭلى قارا ئادەملەرنى مۇئمىن دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداقلارنىڭ قەلبى ئىمان تەسىر قىلمىغان قەلبتۇر.

---

[1] مۇتەففىفىين سۈرىسى، 1-5 – ئايەتلەر.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش پىرىنسىپى ئىنسانىيەتنىڭ بۇرچىدۇر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بارلىق ئىنسانلارنى ئىبادەتكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: (ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار)[1]. يەنە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: (مەن ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم[2]) دېگەن.

ئىبادەت دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان ئىبادەتنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ بىز بىلىدىغان شۇ زاھىرى ئىبادەتلەر ئەمەس. چۈنكى ئىبادەت دېسە، بىزنىڭ ئەقلىمىزگە ناماز ئوقۇش، قۇران ئوقۇش، ھەج قىلىش روزا تۇرۇش، زاكات بېرىش قاتارلىق زاھىرى ئىبادەتلەر كېلىدۇ. بۇ ئىككى ئايەتتە ۋە قۇرئان كەرىمدە كەلگەن بارلىق «ئىبادەت» سۆزىدىن مەقسەت ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش، ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشاشتۇر. مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى: (ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا قۇلچىلىق قىلىڭلار) دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

«تەپسىرى سەئدى»دە، «بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئومۇمىي ئىبادەتتۇر دېگەن».

«تەپسىر قۇرتۇبى»دە «بۇ يەردىكى ئىبادەت _ ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭ دىنىدا كۆرسىتىلگەن شەرىئەت قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىبادەتنىڭ ئەسلى بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر»

«ئەيسەرۇتتەفاسىر»دە، «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھنى چىن سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەمدى، (مەن ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم) دېگەن ئايەتنى ئومۇمىي مۇپەسسىرلەر: «ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ھايات كەچۈرسۇن دەپ ياراتقان، شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ھايات تەرىزىنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇ تەلەپ قىلغاندەك ياشاشقا يارىتىلغان» دەپ تەپسىر قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن ئوچۇقلاندىكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزى چۈشۈرگەن قانۇن بويىچە ياشىسۇن، دەپ ياراتقان. شۇنداق ياشىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەكسىچە قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 21 _ ئايەت.

[2] زارىيات سۈرىسى: 56 _ ئايەت.

## ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايلى!

تۇرمۇشىمىزدا دۇئانىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ ۋە ئەھمىيىتى زوردۇر. دۇئا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆتكۈر قۇرالى ۋە تۈرلۈك خەتەرلەردىن ساقلىنىدىغان قالقىنىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇئا ـ ئىبادەتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى دۇئا ئەڭ سەممىي ۋە ئەڭ ئىخلاسلىق ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئاللاھقا دۇئادىن بەك يېقىملىق ھېچ نەرسە يوق»[2] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۆز ئاجىزلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان موھتاجلىقىنى ھەمىشە ھېس قىلىپ تۇرۇشىنى ياقتۇرىدۇ.

دۇنيا تىرىكچىلىكى بىزنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاللاھ تائالادىن غەپلەتتە قېلىشىمىزغا — ئۇنىڭغا بولغان قۇلچىلىق ۋەزىپىمىزنى ئۇنتۇشىمىزغا، ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ قېلىشىمىزغا ۋە ئۇنىڭ ھەمىشە بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشىمىزغا ـ سەۋەب بولىدۇ. ئەمما بىز ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھاجەتلىرىمىزنى ئىزھار قىلىش بىلەن بولغىنىمىزدا، بىز تىلىگەنلىرىمىزگە ئېرىشكەنىنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ۋە قوغدىشى ئاستىدا بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىمىز غەلىبىلىك بولغان ھالدا داۋاملىشىدۇ.

### مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى سەۋەب بىلەن دۇئادۇر

نۇرغۇن كىشىلەر بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سەۋەب قىلىش بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە مەدەد سوراشنى ئۇنتۇتقان ھالدا، ماددىي سەۋەبلەرگىلا تايىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بەخت ـ سائادەتنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىنى ۋە چارە ـ تەدبىرلىرىنى شۇنچىلىك مۇكەممەل، شۇنچىلىك تولۇق ئورۇندىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بەختلىك بولالمايدۇ. چۈنكى ئىشلارنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى ئۈچۈن ئىككى شەرت بار بولۇپ، بىرى ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ تايىنىش، يەنە بىرى سەۋەب قىلىشتۇر. بۇ ئىككى شەرتنىڭ قايسىبىرىنى تەرك ئەتكەن ئادەم قىلغان ئىشىدا غەلىبە قىلالمايدۇ. مەسىلەن: بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنى ۋە بالىلىرىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايدۇ، بار كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ، ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتىدۇ، بالىلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرىنى تەل قىلىپ بېرىدۇ، بەختلىك تۇرمۇشىنى ماددىي سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. ئەمما ئاخىرىدا يا ئۆزلىرى ياكى بالىلىرى بەختلىك بولالمىغانلىقتىن، ئۇلار بۇ تۇرمۇشتىن قاقشايدۇ، بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىدىن مەمنۇن ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ بالىلىرىدىن رازى ئەمەس، ھەممىسى بەختسىز بىر ھاياتقا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر گەرچە ماددىي ئىمكانىيەتلىرى چەكلىك، ئۆزى يوقسۇل بولسىمۇ، ئەمما مەنىۋى تەرەپتىن ئەڭ باي، ئەڭ كۈچلۈك ياشايدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولغانلىقتىن، باياشاتلىق ۋە تارلىق تۇرمۇشتا ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقتىن، ئۆزى ھەمىشە بەختلىك، كۆڭلى تىنچ ھالدا تۇرمۇشقا داۋام قىلىدۇ. ئۇلار بالىلىرىغا كۆپ مال ـ دۇنيا تېپىپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇلارنى ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بولىدىغان، ھەر قانداق بىر ئىشتا ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى دائىما ھېس قىلىدىغان قىلىپ تەربىيە قىلغانلىقتىن، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلارنىڭ قەلبىدە ئورتاق ئورۇن ئالغان قانائەتتىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ سايىسىدا ئۇلار ھەمىشە بەختلىك، ھەمىشە خوشال تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قەدىمقى مەككىدىن ئىبارەت دەشتە چۆلدە سۇسىز، تائامسىز تەرك ئېتىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆز ھالىغا، ئۆزىنىڭ بېشىنىڭ چارىسىنى ئۆزى كۆرۈشكە تاشلاپ قويغان ئەمەس. چۈنكى ھېچبىر ئاتا ئائىلىسىنى بۇنداق يۆلەكسىز تەرك ئەتمەيدۇ، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. شەكسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا قويۇپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى ئايالى ھاجەرنىڭ: «ئى ئىبراھىم بىزنى بۇنداق چۆلدە يالغۇز تەرك ئېتىش ئۆز رەيىڭدىنمۇ ياكى رەببىڭ شۇنداق ئەمر قىلدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام : «رەببىم شۇنداق ئەمر قىلدى» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، ئاندىن ھاجەرنىڭ تولۇق خاتىرجەملىك ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىشەنچ بىلەن: «بولدى، ئۇنداقتا، سەن كېتىۋەرگىن» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاجەر ھەممىدىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىنى قاقاسلىق چۆلدە تاشلاپ قويۇپ، جىم ئولتۇرغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان، ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنى تۈرلۈك رىزىقلار بىلەن رىزىقلاندۇرۇشنى تىلىگەن ۋە مۇنداق دېگەن: ( رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، رەببىمىز! سەنمۇ ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن. ئۈمىدكى، ئۇلار(بۇ نېمەتلىرىڭگە) شۈكۈر قىلغاي)[3] .

### ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىش ئەڭ ھەل قىلغۇچ چارىدۇر

يەنە نۇرغۇن كىشىلەر مەيلى ئائىلە ھاياتىدا بولسۇن، مەيلى ئىش ۋە خىزمەت ھاياتىدا بولسۇن، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن كىرىزىسلەرنى، قىيىنچىلىقلارنى ۋە جېدەل ـ ماجىرالارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماددىي سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار ئائىلە ھاياتىدىكى جېدەل– ماجىرالارنى ھەل قىلىش يولىدا چوڭلار، يۇرتنىڭ كاتتىلىرىغا، ئەھلى ـ ئىلىملەرگە، ھەتتا گاھىدا قانۇن ئورگانلىرىغا

---

[1] ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[3] ئىبراھىم سۈرىسى،37-ئايەت.

مۇراجىئەت قىلغىنىدەك، ئىش ۋە خىزمەت ھاياتىدىكى كىرىزىسلەرنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا، شۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە، تەجرىبە ئىگىلىرىگە ۋە قانۇن كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى شۇنداق قىلغان تۇرۇپمۇ، يەنىلا غەلىبە قىلالمايدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ئەڭ يېقىن بولغان، ھەتتا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ جان تومۇرلىرىدىن بەك يېقىن تۇرىۋاتقان زات ـ ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى كىرىزىسنىڭ تەلتۆكۈس ھەل بولۇپ، كۆڭۈلنى راھەتلىنىشى ئۈچۈن سەۋەب بىلەن ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى شەرتنىڭ ھازىر بولۇشى شەرتتۇر. سەۋەبكىلا يۆلىنىۋېلىپ، ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىشنى ئۇنۇتقانلار غەلىبە قىلالمىغاندەك، ئاللاھ تائالاغا تايىنىش باھانىسى بىلەن سەۋەب قىلمىغانلارمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەۋەب قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئامىلنى قولدىن بەرمەيتتى. غەلىبە ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان، ھەتتا مەككىنىڭ ئازات بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن تۇرۇپ، شۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جىھاد قىلىشنى ئۇنۇتمىغاندەك، ئاللاھ تائالاغا تايىنىشنى، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشنىمۇ ئۇنۇتمىغان. شۇڭا ئۇ ھەممە ئىشىدا غەلىبە قىلغان.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرۇشىنى ۋە ئۆزىمۇ بەندىلىرىنىڭ سورىغانلىرىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىشنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى دۇئا قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ: (ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. يەنە شۇ ئايەتكە ئۇلاپ: (مېنىڭ ئىبادىتىمدىن باش تارتقۇچىلار خارلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ) دېيىش ئارقىلىق دۇئانىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ۋە دۇئادىن بىھاجەت بولغۇچىلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. دۇئا شۇنداق پەزىلەتلىك ۋە پايدىلىق بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سوراش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىدا ئۈچ تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ، ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئۈچىنچىدىن، سورىغان ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. ناۋادا سورىغانلىرى ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم كۆرىدۇ.

(1) غافىر سۈرىسى، 60- ئايەت.

## مىسىردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا سەمىمىي تەۋسىيە

ئالدى بىلەن مىسىر دىيارىدا شەرئىي ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا جانابى ئاللاھ تائالادىن ئامانلىق، مەدەت ۋە كۆڭۈل ئاراملىقى تىلەيمەن.

ئەزىز قېرىنداشلار! مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئىلىم _ ئىرپان بېرىپ كېلىۋاتقان شەرەپلىك ئەزھەر بىلىمگاھىغا بېرىپ ئوقۇشقا كىرىش ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس، بۇرۇنقى زامانلارغا سېلىشتۇرغاندا ھەرگىزمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس. سىلەر جانابى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بۇ شەرەپلىك بىلىمگاھقا بېرىشقا مۇيەسسەر بولدۇڭلار. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىكى بەختلىك كىشىلەر بولۇپ، سىلەرنىڭ ھەربىر قەدىمىڭلار، ھەربىر تىنىقىڭلار ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتىڭلار ۋە مەرتىۋەڭلەرمۇ ھەرگىز ئاددىي ئەمەس. شۇنداق كاتتاس مۇكاپاتقا ۋە شۇنداق ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە بەدەل تۆلىنىدۇ. بۇ بەدەلنى مۇجاھىدلار جىھاد مەيدانلىرىدا ئىسسىق جانلىرىنى قۇربان قىلىپ تۆلىسە، سىلەردەك ئىلىم _ مەرىپەت يولىدىكى مۇجاھىدلار ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدىكى جاپالار، ئىزتىرابلار ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن تۆلەيدۇ. ھېچقانداق نەتىجە جاپاسىز قولغا كەلمەيدۇ.

ئەپسۇسكى، يېقىندىن بېرى سىلەرنىڭ مىسىردىكى ئارامىڭلار بۇزۇلغاندەك، كۆڭلۈڭلار بىئارام بولغاندەك قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن تەشۋىش، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەندىكى ئاتا _ ئانىلارنى ئويلاش بىلەن يۈرىكىڭلار سىقىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالادىن سىلەرگە ئامانلىق، كۆڭۈل شادلىقى، ئاراملىق ۋە ياخشى بىر مۇھىت تىلەيمەن. سىلەرنىڭ چېكىۋاتقان ئىزتىراپلىرىڭلارنى جانابى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ. ئۇنۇتماڭلاركى، بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىزمۇ شۇنداق جاپا چەككەن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل تۈرمىلەرگە تاشلانغان. ئىمام بۇخارى قاتارلىق ئۆلىمالار ئۆز يۇرتىدىن پالانغان ۋە نۇرغۇنلىغان جاپالارنى چەككەن. بۇ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئوت يۈرەك جەسۇرلارنىڭ ئورتاق قىسمىتىدۇر.

ئەزىز قېرىنداشلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئاتلانغان ئىكەنسىلەر، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىشىڭلار كېرەك. ئىسلام تارىخىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، ساھابىلەر ۋە تارىختىكى مەشھۇر قوماندانلار ئالدىغا چىققان قىيىنچىلىقلار ۋە توسقۇنلۇقلارغا تەن بېرىپ يولىدىن، غايىسىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، بۇ دىن بىزلەرگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولاتتى. ۋاز كېچىش ناھايىتى ھالاكەتلىك ئىشتۇر. سىلەر ھەرگىز ۋاز كەچمەڭلار، يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرنى يېرىم يولدا قويمايدۇ، قورقۇنچلارغا، ۋەھىملەرگە يەم قىلىپ بەرمەيدۇ. سىلەردە مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئاللاھ تائالاغا قارىتا توغرا قاراش بولسۇن!

ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرگەن، ئىرادىلىك كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ كەلگەن. مىسىردىن بۇ قېتىم ئايرىلساڭلار، قايتا بارالماسلىقىڭلار مۇمكىن. چۈنكى پۇرسەت دېگەن ئىنسان ھاياتىدا بىر قېتىملا كېلىدىكەن. بىزنىڭ بېشىمىزدىن كۆپ ئىسسىق _ سوغۇقلار ئۆتتى. بىزمۇ ئوقۇش جەريانىدا، ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، كۆپ ئىزتىراپ ئىچىدە ئىدۇق، نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىشىمىزنى، نەدە تۇرۇشىمىزنى بىلمەيتتۇق. پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشىنەتتۇق، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلاتتۇق ۋە ئۆزىمىزنى ئالاھ يولىدا دەپ چىن ئېتىقاد قىلاتتۇق.

ئەزىز قېرىنداشلار! بۇنداق ئىزتىراپلىق، تەشۋىشلىك ۋە ۋەھىملىك كۈنلەردە سىلەر ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ يېقىن بولۇشقا تىرىشىڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە يېقىنلىق ئىزدىگەن بەندىلىرىنى ياردەمسىز، چارىسىز قويمايدۇ. بۇلار بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەردۇر. بىز دۇئايىمىز ۋە قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردىمىمىز بىلەن ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللىمىز، سىلەرنى قوللايمىز، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن ئامانلىق، ياخشى مۇھىت ۋە ئوبدان شارائىت تىلەيمىز.

ئەزىز قېرىنداشلار! مەن پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ۋە سىلەرگە چىن يۈرىكىمدىن كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلدىم. قوبۇل قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. قوبۇل قىلمىسانلارمۇ ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

مىسىردا بىر قانچە يىل ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن يېقىن ئاكاڭلار مۇھەممەد يۈسۈپ

## ئۆلىمالار كىشىلەرگە قانداق ئۈلگە بولۇشى كېرەك؟

ئاساسلىق ماۋزۇغا ئۆتۈشتىن ئاۋۋال، ئۈلگە ۋە ئۈلگىلىك شەخسلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

ئۈلگە _ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا ۋە پىرىنسىپىغا سادىق بولۇپ ياشىغان ۋە كىشىلەر ئەگىشىپ ئارقىسىدىن مېڭىشقا ئەرزىيدىغان نەمۇنىلىك ئىنسان دېگەنلىكتۇر.

ئۈلگىلىك شەخسلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى مۇتلەق ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار دەل پەيغەمبەرلەردۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر بىر پۈتۈن ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى، يۈرۈش _ تۇرۇشى، ئولتۇرۇش _ قوپۇشى، گەپ _ سۆزلىرى، ئىش – ھەرىكەتلىرى، ھايات كەچۈرۈش تەرىزى، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىش _ ئىزلىرى قاتارلىق ھەممە تەرىپى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئەگىشىپ مېڭىشىمىزغا تامامەن ئەرزىيدىغان بىر پۈتۈن تاكامۇللۇقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ» يەنى «ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشىلەردە سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ياخشى ئۈلگە باردۇر»[1]، (شەك _ شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھتا سىلەر _ ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئۈمىد باغلىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگە بار)[2]، (ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر. (ئى پەيغەمبەر!) سەنمۇ ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن)[3] يەنى ئى مۇئمىنلەر! مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا سىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بار. شۇڭا، سىلەر ئۇلارنى پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىڭلاردا ئۈلگە قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ يولىغا ئىزچىل ئەگىشىڭلار، دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەرلەردىن باشقىلار مۇتلەق ئۈلگە بولالمايدۇ.

ئىككىنچى تۈردىكىلەر پەزىلەتلىك تەرەپلىرىگە ئەگىشىش لازىم بولىدىغان ئۈلگىلىك شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار ساھابىلەر، ئىمام ئەزەم، ئىمام شافىئىي، ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈلگىلىك ئۆلىمالاردۇر. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك مۇتلەق ئۈلگە ئەمەس، بەلكى پەزىلەتلىك تەرەپلىرىنىلا ئۈلگە قىلىشقا بولىدىغان كىشىلەردۇر.

ئۈچىنچى تۈردىكىلەر بىرەر ياكى بىر قانچە ساھەدە ئارتۇقچىلىقى بار ئۈلگىلىك شەخسلەر بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت شۇ ساھەدىلا ئۈلگە قىلىشقا بولىدۇ. يەنى ھېچكىم ھەممە تەرەپتىن ئۈلگە بولالمايدۇ، ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك مۇتلەق ئۈلگە ئەمەس. شۇڭا ئارتۇقچىلىقى بار ئۈلگىلىك شەخسلەرنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنى شۇ ساھەدە ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.

### پەيغەمبەرلەردىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئۆلىمالاردۇر

ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەردەك مۇكەممەل دەرىجىدىكى ئۈلگىلەر بولمىسىمۇ، مۇكەممەللىككە قاراپ ئۆرلىگەن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ، ساھابىلەرنىڭ، شۇنداقلا ئۈلگىلىك زاتلارنىڭ يولىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەردۇر. قىسقىسى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ھىدايەتكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئەزىمەتلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر، پەيغەمبەرلەر دىنار ۋە دىرھەم قالدۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئۇلار پەقەت ئىلىم قالدۇرۇپ كېتىدۇ، پەيغەمبەرلەر قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ئىلىمنى ئالغان ئادەم تولىمۇ چوڭ نېسىۋىنى ئالغان بولىدۇ»[4] دەپ كۆرسەتكەن.

### ئۈلگە بولۇش ۋە ئۈلگە ئېلىش مەسىلىسى

بىز بىر ئۆلىما بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۈلگىلىك ياشىشىمىز، خەلقىمىزگە ياخشى ئىشلاردا ۋە ئەخلاق _ پەزىلەتتە ئۈلگە بولۇشىمىز، مۇكەممەللىكنى ئۆزىمىزدىن تەلەپ قىلىپ، باشقىلاردىن تەلەپ قىلماسلىقىمىز لازىم، يەنى بىز باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىمىزدىن مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلىمىشىز لازىم. ئەمما باشقىلارنى ئۈلگە قىلىشتا، ئۇلاردىن مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلماسلىقىمىز، پەقەت ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرى بولغان بىر ئىنساننىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىدىن ئۆگىنىۋاتىمەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئىش كۆرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىم مۇكەممەل ئۈلگە ئەمەس.

ئۈلگە دېيىلگەن ھامان بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا مۇكەممەل بىر پەرىشتە شەكىللىنىدۇ. بىز بىراۋنى ئۈلگە قىلىپ ئارقىسىدىن ماڭغان بولساقمۇ، ئۇنىڭدىن كۈتۈلمىگەن بىرەر ئەھۋالنى كۆرسەك، دەرھال ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيمىز، بىر لەھزىنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكى پەرىشتە شەيتانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى بىز ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۈلگىلىك تەرەپلىرىنى ئەمەس، كامالەتنى تەلەپ

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى، 4_ ئايەت.
[2] ئەھزاب سۈرىسى، 21_ ئايەت.
[3] ئەنئام سۈرىسى، 90_ ئايەت.
[4] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

قىلىمىز. ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچبىر ئۈلگىدە كامالەت يوق.

بىز ئۆزىمىزگە تارىختىكى ئۈلگىلىك شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوقۇم رىئاللىقتىكى ئۈلگىلىك شەخسلەرنىمۇ ئۈلگە قىلىپ، بۇلارنىڭ ئۈلگىلىك تەرەپلىرىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ھاياتىمىزدا نۇرغۇن ئۈلگىلەر بار. ئەمما بىز تەلەپنى قاتتىق قويغانلىمىز، ئۇلارنىڭ پەرىشتە بولۇپ بېرىشىنى كۈتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىز بۇ ئۈلگىلەرنى تاپالمايمىز ۋە بۇ ئۈلگىلەردىن مەنپەئەت ئېلىشتىن مەھرۇم قالىمىز.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۈلگە چۈشەنچىسى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل بولغان بىر كامالەتكە مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، شۇڭا ئۇلار ئۈلگە دەپ قارىغان ئادەمدىن توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇقنى كۆرسە، ئۇنى پەرىشتە قىلىۋېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر يېتەرسىزلىكنى كۆرسە، ئۇنى دەرھال شەيتان قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار شۇ ئۈلگىلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى بىر _ بىرىگە ئۈلگە بولۇش ۋە بىر _ بىرىدىن ئۈلگە ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالايدۇ. چۈنكى ئىسلام ئۈممىتى بىرلىكە بىر ئۈممەتتۇر، بىرلىكتە بىر مۇكەممەللىكتۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ((ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا (مۇكەممەل) ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر)[1] دېگەن ئايەت ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر _ بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر _ بىرى بىلەن تاكامۇللىشىدىغان ئۈلگىلىك بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزدىكى ئارتۇقچىلىقنى باشقىلارغا ئۆگىتىش، باشقىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىقلا ئاللاھ تائالا ماختىغان ئۈلگىلىك ئىسلام ئۈممىتى بولالايمىز.

شۇڭا، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ئۈلگىلىك كىشىلەرنىڭ شۇ ئۈلگىلىك تەرەپلىرىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشقا موھتاجمىز.

**ئۈلگە بولۇش ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئاساسىدۇر**

دەۋەت ھەرگىز ئېغىز بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلدە كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا ۋە ھەربىر ئۈلگىلىك ئۆلىمانىڭ دەۋەت مۇساپىسىگە قارايدىغان بولساق، ئىسلام دەۋىتىنىڭ ھەم تىل بىلەن يەتكۈزۈش ئارقىلىق ھەم ئەمەلدە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرىمىز. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭغا چىداملىق بولغىن)[2] دەپ ئەمر قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا بۇيرۇماقچى بولغان ياخشى ئەمەلنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىپ كۆرسىتىشنى ئۆگەتكەن. ياخشى ئىشلارنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن دەۋەت قىلىش ئاغزاكى دەۋەتتىن ئۈنۈم، نەتىجە جەھەتتىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر.

ئۆلىمادىن ئۈلگىلىك رولىنىڭ يوقىلىشى ئۇنىڭ ئۆلگىنى بىلەن تەڭدۇر. چۈنكى ئۈلگە بولالمىغان ئۆلىمانىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى قالمىغان بولىدۇ.

**ياخشى بىر ئۈلگىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار**

كىشىلەر ئەگىشىدىغان ياخشى بىر ئۈلگىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئىخلاس، تەقۋالىق، گۈزەل ئەخلاق، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ۋە ئالىي ھىممەت قاتارلىقلاردۇر.

1. **ئىخلاس**

ئىخلاس _ قىلىدىغان ئەمەلنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىش، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا بىر مەقسەتنى ئويلىماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئىخلاس ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن بىرىنچى شەرتتۇر.

ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغىلا ئەمەس، قەلبتىكى ئىخلاسقا قاراش كېرەك. چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. زادى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن باشقا مۇددىئالارنى كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەل _ ئىبادەتلەر بىكاردۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلوگرامما بىلەن ھەتتا توننىلاپ، ئالتۇن بولسا گراممالاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالدىن ئىخلاسلىق ئىبادەت بىلەن ئىخلاسسىز ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

2. **تەقۋالىق**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى مۇنداق بايان قىلغان: «بىر _ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر _ بىرىڭلارغا ئاداۋەت

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 110- ئايەت.
(2) تاھا سۈرىسى، 132- ئايەت.

تۇتماڭلار، بىر _ بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر _ بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى ياردەمسىز قويمايدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر[1]. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان.

**گۈزەل ئەخلاق**

گۈزەل ئەخلاق _ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. بۇ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ – ۋاپالىق، ئىمان _ ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا – ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق – تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخىي، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى–قارنى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

ئەخلاقى گۈزەل بولغان ئادەم ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئەمەللىرى ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغان ۋە كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

گۈزەل ئەخلاق ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

ئادەم ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەۋلادلارغا ئېلىپ بېرىلغان ئەخلاق تەربىيەسى قەيەردە ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيەۋى ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئەخلاق ساپاسى، تەن ساپاسى ياخشى بولىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق غايە تۇرغۇزۇش، دەۋرگە ماس قەدەمدە قانداق ئىلگىرىلەش، قانداق قىممەت يارىتىش، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، نېمىنى سۆيۈش، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق ئىماننى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. دەرىجە جەھەتتە ئەخلاق بىلەن ئىمان بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[4] دەپ كۆرسەتكەن.

### 3. ۋاقىتقا رىئايە قىلىش

ۋاقىتقا رىئايە قىلىش گۈزەل ئەخلاقنىڭ قاتارىغا كىرسىمۇ، مەن ئۇنى ئايرىم بىر ماۋزۇ قاتارىدا بايان قىلىشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ۋاقىتقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ۋە ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىك، مۇھىم ئىشلارغىمۇ بىپەرۋالىق قىلىش قاتارلىق ئەھۋالى بۇ ماۋزۇدا كۆپرەك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋاقىت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئىبادەتتۇر. مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ، خۇسۇسەن، غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە «ۋاقىت _ پۇلدۇر» دېگەن پەلسەپە ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ پەلسەپىنى ھەسەن بەسرىنىڭ «مەن ھاياتىمدا ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ئالتۇن، كۈمۈشتىن قىممەتلىك بىلىدىغان كىشىلەرنى كۆردۈم» دېگەن سۆزىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ۋاقىتنىڭ مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا نەقەدەر قىممەتلىك، نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. چۈنكى ئالتۇن، كۈمۈش زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئىشلەپ تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆمۈر زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئۆلىمانىڭ ۋە خەلققە ئۈلگە بولىدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش بولۇشى شەرتتۇر.

ھاياتىدا چوڭ _ چوڭ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان ۋە كاتتا نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدىكەن، بىرگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىكەن. ئەمما ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدىغان

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

2 ئىبنى ھىببان، ھاكىم رىۋايىتى.

3 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى .

4 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىنسانلار ھەممە ئىشنى «تېخى ۋاقتىم بارغۇ» دەپ ئارقىغا سۈرۈش ئارقىلىق ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ، ھېچبىر نەتىجە قازىنالمايدۇ. بۇ بىر ئەمەلىيەت.

### 4. ھىممەتلىك بولۇش

ئىنسان ھاياتىدا ھىممەتنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كىشىلەر ئالىي ھىممەتنىڭ شارايىتى بىلەن كۆز يەتمىگەن مەنزىللەرگە يېتىدۇ. بۇنىڭغا تارىخ گۇۋاھتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق تارىخىغا قارايدىغان بولساق. ئالىي ھىممەت نەتىجىلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

تارىخشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە، بىر ئۈممەتنى بەرپا قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقان بىر قانچە يۈز يىللىق ئىزچىل ئەمگەك كېرەك ئىكەن. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ غايىنى چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان بىر ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرالىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىي ھىممەتلىك، ئۈمىدۋار، قورقماس زات ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك دېگەندەك نەرسىلەر بولمىغان. ئۇ كېچىنىڭ زۇلمەتلىرىنى ئىماننىڭ نۇرى بىلەن، ھاياتنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن يورۇتقان زات ئىدى.

بىزنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىمىزنىڭ مەنزىلى يىراق، ۋەزىپىسى ئېغىر، يولى ئۇزۇندۇر. شۇڭا، بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز ئالىي ھىممەتلىك بولۇپ، باشقىلارغا ئۈلگە يارىتىشى لازىم.

### ئۈلگە بولۇشنىڭ شەرتلىرى

ئۈلگە بولۇش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس، ئۈلگە بولغان ئادەمدە چوقۇم باشقىلارنى قايىل قىلالىغۇدەك گۈزەللىك ۋە قۇدرەت بولۇشى كېرەك. كىشىلەرگە ئۈلگە يارىتىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىغا بىرىنچى بولۇپ ئۆزى ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان بولۇش. ئۆزى ئىشەنچ قىلالمىغان پىكىرگە ياكى كۆزقاراشقا باشقىلارنى قىزىقتۇرۇش ياكى ئۆزى قىلمىغان ئىشقا باشقىلارنى تەشەببۇس قىلىش ئۈلگىلىك رولنى يوقىتىپ تاشلاشقا يېتەرلىكتۇر.
2. ھەربىر قەدەمنى بىلىپ ئېلىش. چۈنكى ئۈلگىلىك جەريانى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پىلسىرات كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش جەريانىدۇر. شۇڭا ھەربىر قەدەمنى بىلىپ، توغرا ئېلىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىش تۇرغانلا گەپ.
3. سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق، كۆيۈمچانلىق، كەمتەرلىك ۋە مېھىر _ شەپقەتتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىش. چۈنكى ھەربىر ئۈلگىدە مۇشۇ ئېسىل خىسلەتلەر بولمىغاندا، ئۇنىڭ ئۈلگىلىك رولى جارىي بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئۆزى زىيان تارتىدۇ.
4. قىلغان ھەربىر سۆزىدە، راستچىل ۋە ئەمەلىياتچان بولۇش. نەقىل كەلتۈرگەن ھەرقانداق ھەدىس ياكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئويلاپ ۋە ئۇنىڭ راستلىقىنى بىلىپ كەلتۈرۈش. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا، ئۈلگىلىك رول يوقىلىدۇ. چۈنكى سۆزىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان، كەلتۈرگەن نەقىللىرى ساغلام ۋە ئىشەنچلىك بولمىغان ئۆلىماغا خەلق ئىشەنچ قىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. خەلقتىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئالىم دۇنيادا ئەڭ پېقىر، ئەڭ بىچارە ئادەمدۇر. ئاللاھ ساقلىسۇن، مۇنداق ئالىم ئالغان بىلىمىدىن نەپ بېرەلمەيدۇ.
5. ھەربىر ياخشى ئىشتا كىشىلەرگە باشلامچى بولۇش. ياخشىلىقتا باشلامچىلىق رولى بولمىغان ئادەم ئۈلگە بولۇشقا يارىمايدۇ.
6. كىشىلەرنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان ياكى كىشىلەرگە راستلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىق. چۈنكى مۇنداق قىلىش كىشىلەردە ئۆلىمانىڭ سۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ بىر ئۆلىما ئۈچۈن خەتەرلىك ئەھۋالدۇر.
7. ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش، شۈبھىلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ئۈلگىلىك رولىنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش.

### ئۈلگىلىك رولىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

ئۈلگىلىك رولىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ. بىز بۇ يەردە بىر قانچىسىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايە قىلىمىز.

1. ئەمەلىيىتى سۆزىگە مۇۋاپىق بولماسلىق

بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىللەت بولۇپ، بۇ ھەرقانداق بىر ئۆلىمانىڭ، ھەرقانداق بىر ئۈلگىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان بىرىنچى ئىللەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يەھۇدىيلارنىڭ سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولماسلىقتىن ئىبارەت قىلمىشىنى قاتتىق سۆكۈپ: (كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى،

سىلەر كىتابنى ئوقۇپ تۇرسىلەر، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟)[1] دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولمىغانلارنى ئەقىلسىزلار دەپ سۈپەتلىگەن. يەنە بۇ ئايەت ئەمەلىيىتى بىلەن سۆزى بىردەك بولماسلىقنىڭ يەھۇدىيلىق ئىللەتلىرىدىن بىر ئىللەت ئىكەنلىكىگە ئىشار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەردىن ئەمەلىيىتى سۆزىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان كىشىلەرگە قاتتىق كايىغان. (ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر)[2]. رىئاللىقتا قارايدىغان بولساقمۇ، مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى قانچىلىك ئۆچ كۆرسە، ئەمەلىيىتى سۆزىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن، باشقىلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۇنى قىلمىغان ياكى باشقىلارنى يامان ئىشتىن توسۇپ تۇرۇپ، ئۆزى ئۇنىڭدىن قول يىغمىغان ئۆلىمانىمۇ شۇنچىلىك بەك يامان كۆرىدۇ. بۇ بىر ئەمەلىيەت، بىر رىئاللىق.

2. ۋاقىتتا رىئايە قىلماسلىق

ۋاقىتتا رىئايە قىلماسلىق مۇناپىق خاراكتېرلىك ئىللەت بولۇپ، زامانىمىزدىكى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن نېسىۋىسىنى ئالماقتا. بۇ ئىللەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈپەتلىگەن مۇناپىقلىق ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقنى مۇناپىقلىقنىڭ سۈپەتلىرىدىن قىلىپ كۆرسەتكەن. كىشىلەرگە ئۈلگە بولماقچى بولغان ھەرقانداق ئۆلىما، ھەرقانداق دەۋەتچى ۋە ھەرقانداق ئۇستاز بۇ ئىللەتتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى لازىم. ئەكسى تەقدىردە، خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قالىدىغان گەپ. خەلقنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشەلمىگەن ئۆلىمانىڭ بارلىقى بىلەن يوقلۇقىنىڭ ھېچبىر پەرقى قالمايدۇ.

ۋاقىتتا رىئايە قىلمايدىغان ئادەم بىپەرۋا ئادەمدۇر. مۇنداق ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشقا «ۋاقتىم بار» مۇئامىلىسىنى قىلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، بارىدىغان يېرىگە كېچىكىپ بارىدۇ. بۇ ئارىدا كۆپ ئىزتىراپ چېكىدۇ، ئىشنى ئالدىرا تېنەپ چالا _ چوتا قىلىپ قويىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلارغىمۇ سەلقارايدۇ. ئەمما ۋاقىتتا رىئايە قىلىدىغان ئادەم ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، بارىدىغان يېرىگە ۋاقتىدا بارىدۇ، ئىزتىراپ چەكمەيدۇ، كېچىكىپ قېلىپ ئاقىزادە بولمايدۇ، ھەممە ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ.

3. تەكەببۇرلۇق ۋە قوپاللىق

ھەرقانداق كاتتا ئۆلگىنىڭ ئۆزىدىكى ئۆلگىلىك رولىنى ئاسانلا يوقىتىپ قويۇشىغان سەۋەب بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل مۇتەكەببىرلىك ۋە قوپاللىقتۇر. چۈنكى ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتىدىغان، سۆزى قوپال ئادەمدىن كىشىلەر ئاسانلا يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ((ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى)[3].

ئۆلگىلىك ئالىم ئۆزىدىن بىلىمدە يۇقىرى كىشىلەرگە ھەسەت قىلمايدۇ، ئۆزى بىلەن تەڭ كىشىلەر بىلەن رىقابەتلەشمەيدۇ، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلمايدۇ. مانا بۇلار ئۆلگىلىك ئۆلىمانىڭ سۈپىتىدۇر.

## ئۆلگىنىڭ تەربىيەدىكى ئەھمىيىتى

ياخشى بىر ئۆلگىنىڭ تەربىيەدە ناھايىتى زور ئەھمىيىتى بار. ئۆلگە كۆرسىتىش بىلەن تەربىيەلەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيە ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. تۆۋەندە بۇنىڭغا بەزى مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. باشقىلارغا بۇيرۇغان ئىشتا ئۆزى باشلامچى بولۇش. ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىمنى ئىمزالاپ بولۇپ، ساھابىلىرىگە: «قۇربانلىق چارۋىلىرىڭلارنى بۇ يەردە بوغۇزلاڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىم بۇ ئەمرنى بەجا كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ چارۋىلارنى مەككىدە ھەج جەريانىدا بوغۇزلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما كېلىشىم بويىچە مۇسۇلمانلار قايتىپ كېتىپ كېلىدىغان يىلى قايتا ھەجگە كېلىشى لازىم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەسلىھەت بېرىپ: «يارەسۇلۇللاھ! سىلى چىقىپ ھېچكىمگە گەپ قىلمايلا ئۆز چارۋىلىرىنى بوغۇزلىغايلا» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ، گەپ قىلمايلا، ئۆزىنىڭ قۇربانلىق چارۋىلىرىنى بوغۇزلاشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ قۇربانلىق چارۋىلىرىنى بوغۇزلاشقا كىرىشىدۇ[4].

2. كىشىلەرنىڭ يامان گۇمان قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك. رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلىۋاتاتتى، ئايالى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يوقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئىككىسى بىرەر سائەت مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇزىتىپ قويغىلى سىرتقا بىللە چىققان ئىدى. شۇ ئەسنادا ئەنسارلاردىن ئىككى كىشى يولدىن

1 بەقەرە سۈرىسى، 44- ئايەت.
2 سەف سۈرىسى، 3_ ئايەت.
3 ئال ئىمران سۈرىسى، 159_ ئايەت.
4 بۇ ۋەقەلىكنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

كېتىۋېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى ۋە يولىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «توختاڭلار! بۇ مېنىڭ ئايالىم سەفىيەدۇر» دېدى. ئۇ ئىككى كىشى: بىز قانداقمۇ باشقىچە ئويلاپ قالارمىز؟ دېگەننى ئىپادىلەپ: «سۇبھانەللاھ، يارەسۇلۇللاھ!» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «شەيتان ئىنساننىڭ قېنىغىمۇ كىرەلەيدۇ. سىلەرنىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىدىم» دېدى[1]. ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس يامان گۇمانغا ئورۇن بەرمەسلىك ۋە شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىدۇ». ئىبنى دەقىق ئەيد مۇنداق دېگەن: ئۆلىمالارنىڭ يامان گۇماندىن ساقلىنىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۇلارنىڭ باشقىلار يامان گۇمان قىلىپ قالىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلار ئوقۇغان بىلىمدىن مەنپەئەت بېرەلمەيدۇ.

3. ياخشى ئىشنى ئەگەشكۈچىلىرىگە كۆرسىتىپ قىلىش. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئالدىراپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، بۇ چاغدا جامائەت نېمە ئىش بولغاندا دەپ ھەيرانلىقتا قالدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنىڭ ئالدىغا قايتا چىقتى ۋە «ئۆيدە ئازراق خام ئالتۇن بار ئىدى، مېنى مەشغۇل قىلىپ قويۇشنى ياقتۇرمىدىم، شۇڭا ئۇنى يوقسۇللارغا تەقسىم قىلىۋېتىشنى بۇيرۇپ قويۇپ چىقتىم»[2] دېدى. بەزى تەربىيەچىلەر كىشىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ سەدىقە قىلىشنى رىياغا يېقىن دەپ ئويلاپ، بەزى پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى ئەگەشكۈچىلىرىدىن يوشۇرىدۇ. ئۇلار مۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ياخشىلىقتا ئۈلگە بولۇش ۋە ياخشى ئىشتا باشلامچى بولۇش دېگەندەك مۇھىم قىممەتلەرنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ھەرقانداق ئەمەل ئۇنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە قاراپ قىممەت قازىنىدۇ ياكى رەت قىلىنىدۇ. بىراۋ ئەگەر ئۆزىنى كىشىلەرگە سېخىي قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، سەدىقىنى ئادەم بار يەردە بەرسە، ئۇ رىيا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم كىشىلەرگە سېخىيلىقنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئاشكارا بەرسە، ئۇ ئەلۋەتتە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان بۇ ئىشى بىر تۈرلۈك دەۋەتتۇر.

ئۆگىتىشتە، تەلىم بېرىشتە رىيا يوق. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئۆلىما تالىبلىرىغا، ھەرقانداق بىر مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ھەرقانداق بىر ئاتا _ ئانا پەرزەنتلىرىگە قانداقلا بىر ياخشى ئەمەلنى كۆرسىتىپ قىلىشى لازىم. مۇنداق قىلىش رىيا قىلغانلىق ئەمەس. چۈنكى بۇ يەردىكى مەقسەت ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىش ئەمەس، بەلكى تەربىيەلەش ۋە ئۆزىدىكى ئۈلگىلىك رولنى جارىي قىلدۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىپ كېتىپ، ئۆيدىكى ئازراق خام ئالتۇننى يوقسۇللارغا تەقسىم قىلىۋېتىشكە بۇيرۇغاندا، ساھابىلەر بۇنى بىلمىگەن. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر ئىشتا پۇرسەت تاپسىلا كىشىلەرگە تەلىم بېرەتتى. ھەربىر ھادىسە ۋە ھەربىر ۋەقەلىكتىن كىشىلەرگە دەرس چىقىرىپ بېرەتتى. ھەربىر ئۆلىما ۋە ھەربىر دەۋەتچى دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشقا موھتاج.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## تايلاند تۇرمىسىدىكى بىر قېرىندىشىمىزنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابلار

1. سوئال: خەۋف ۋە رىجا دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ ھەربىر مۇسۇلماندا باراۋەر بولۇشى كېرەكمۇ؟ ئەگەر بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە غالىب كېلىپ قالسا، بۇنى باراۋەر قىلىشنىڭ يوللىرى قايسى؟ ئۇنىڭ جازاسىچۇ؟

جاۋاب: ئەزىز قېرىندىشىم! خەۋف ۋە رىجا _ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، مۇئمىن ئادەم قورقۇش بىلەن ئۈمىد ئىچىدە ياشىشى لازىم. ئاللاھ تائالا ئىسرا سۈرىسىدە پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۆلگىلىك مۇئمىنلەرنى ماختىغان سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار قانداق قىلىپ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولۇش يولىدا ۋەسىلە ئىزدەيدۇ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە ئازابىدىن قورقىدۇ». ئاللاھ تائالا يەنە كۆپ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ رەھمەت سۈپىتىنى بايان قىلغان ئايەتلەردىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم _ شەپقىتىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، غەپلەتتە قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەسلىدە قورقۇش بىلەن ئۈمىد مۇئمىن ئادەمدە باراۋەر دەرىجىدە بولۇشى كېرەك. ئەمما ئىنسان بەربىر مۇكەممەل ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئاجىز يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر. شۇڭا ئىنسان بەزىدە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، بەزىدە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە مەغپىرىتىگە ئېسىلىۋېلىپ بىغەم بولۇپ قالىدۇ. ئىنسان مۇشۇ ئىككى ھالەتتە ئېزىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئالدىنقىسى ئۇنى تېخىمۇ گۇناھ قىلىشقا، ئىككىنچىسى غەپلەتتە قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئوتتۇراھال يول شۇكى، ئىنسان ئۆزى ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە ئۆزىدىن ئۆزى مەمنۇن بولغان چاغلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە بولغان ئىشەنچىسى ئېشىشى، ئۆزى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا يېتەرسىزلىك قىلغان ياكى گۇناھ قىلىپ سالغان ۋاقىتلىرىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى ئېشىشى لازىم. نورمال ئەھۋالدا، ئۈمىد بىلەن قورقۇش ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىشى ۋە مۇشۇ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى لازىم.

ئاللاھ تائالادىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىسلەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ يوللىرى ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش، ھەمىشە ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇش، قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم _ سۈپەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

ئەمدى بۇ ئىككى خىسلەتتىن يىراق بولۇپ قالغاننىڭ جازاسىغا كەلسەك، بۇنىڭ جازاسى مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىلىدۇ، ئاندىن ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ. بۇ دۇنيادا بېرىلىدىغان جازا ئاللاھ تائالادىن يىراقلىشىپ كېتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن، ھىدايىتىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر. بۇلاردىن مەھرۇم قالغان ئادەم دۇنيانىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بىچارىدۇر، پېقىردۇر. ئاخىرەتتىكىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ.

بۇ ئىككى خىسلەتنى باراۋەر ئېلىپ بارماسلىقنىڭ زىيىنىغا كەلسەك، بۇنىڭ زىيىنى كۆپ. ئەڭ چوڭ زىيىنى گۇناھقا پېتىپ قېلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن قورقمىغان ئادەمنىڭ قولىدىن تۈرلۈك يامانلىقنىڭ كېلىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەمنىڭ ئىمانىدا چاتاق بار. چۈنكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

2. سوئال: دۇئا ياكى باشقا ئىبادەتلەرنى جامائەت ئالدىدا ئىخلاس بىلەن قىلالماسلىقتىن قورقۇپ ياكى باشقىلارنىڭ رىيا قىلىۋاتىدۇ دېيىشىدىن ئەنسىرەپ تەرك ئېتىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ ئىخلاس بىلەن قىلىش شەرتتۇر. مەخپىي قىلغان ئىبادەت ھەر ۋاقىت ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ ئۈچۈن مەخپىي يىغلاش، مەخپىي سەدىقە بېرىش، مەخپىي خەير _ ئېھسان قىلىش قاتارلىق كۆپلىگەن ئەمەللەرنى مەخپىي قىلىش ئاشكارا قىلغاندىن ئەۋزەل. ئەمما مەخپىي قىلىشقا ئىمكان بولمايدىغان جايلاردا ئاشكارا قىلسا بولۇۋېرىدۇ. ئىخلاس دېگەن قەلبتە بولىدىغان نەرسە، ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنى شۇ ئىبادەتنى قىلغان ئادەم ۋە ئاللاھ تائالا بىلىدۇ. باشقىلار بىراۋنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ياكى ھەرىكىتىگە قاراپ باھا بېرەلمەيدۇ. ئادەم ئىخلاس بىلەن ئىش قىلسا، باشقىلارنىڭ ئۇنى نېمە دېيىشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ قوبۇل قىلىشىدۇر. باشقىلار ئۇنى مەيلى رىيا قىلدى دېسۇن، مەيلى ئاغزىغا كەلگەننى دېسۇن، ئىبادەتنى قىلىۋېرىش كېرەك. گەپنىڭ خۇلاسىسى باشقىلارنىڭ سۆزىدىن قورقۇپ ئەمەل _ ئىبادەتنى تەرك ئېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

3. سوئال: ھەدىستە «ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ داۋاملاشتۇرۇلۇشتۇر» دەپ كەلگەن. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇنداقتا، بىر ياخشىلىقنى قىلىشقا ئىمكانىيەت بار تۇرۇپ ۋە شۇ ئىشقا قەلب تەلپۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرالماسلىقتىن قورقۇپ قىلماسلىققا بولامدۇ؟

جاۋاب: «ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ داۋاملاشتۇرۇلۇشتۇر» دېگەن ھەدىس ئىسلامنىڭ ئوتتۇراھاللىقتىن ئىبارەت ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ناھايىتى مۇھىم ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىسنى ئىسلامنىڭ ئەمەل _ ئىبادەت پىرىنسىپلىرىدىن

بىر پىرىنسىپ دېيىشكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ بىر باغلانغانچە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان شەكىلدە مەھكەم باغلىنىپ تۇرۇشىنى، ئىنسانىنىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالا بىلەن بولۇشىنى، ئاز بىر ئىبادەت بىلەن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىبادەتلەر بەندىنى ئاللاھ تائالا بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان باغلىغۇچىلاردۇر، ئىبادەتلەر كامالەت دەرىجىلىرىگە يېتىشنىڭ شوتىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەش ۋاز نامازنىڭ كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئوخشاش بولمىغان سائەتلىرىگە بەلگىلىگەنلىكىمۇ بەندىنى ئاللاھ تائالاغا باغلاپ تۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمما ئىبادەت قىلسا ئۇنىڭغا غەرق بولۇپ كېتىپ، بەدىنىنىڭ، بالىچاقىلىرىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان، راھەتكە بېرىلگەندە ئىبادەت قىلىشنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئىنساندىن قىلچە پايدا يوق، ئاللاھ تائالا مۇنداق ئىنساننى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا تەكشۈكلۈقنى ساقلىشىنى، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەتە ئۆلىدىغاندەك، بالىلىرىنىڭ رىزقى ئۈچۈن ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلىشىنى ياقتۇرىدۇ. دېمەك، ئىسلامدا تەكشۈكلۈق بەك مۇھىمدۇر، بۇنى ئوتتۇراھاللىق دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ھاياجان كەلسە مەسجىدتىن چىقمايدىغان، پاسىقلىقى تۇتۇپ قالسا مەسجىدكە يولۇقمايدىغان مۇسۇلماننى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئەمدى «ئۇنداقتا، بىر ياخشىلىقنى قىلىشقا ئىمكانىيەت بار تۇرۇپ ۋە شۇ ئىشقا قەلب تەلپۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرالماسلىقتىن قورقۇپ قىلماسلىققا بولامدۇ؟» دېگەن سوئالغا كەلسەك، بۇ سوئال ھەدىسنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھەدىسنىڭ روھى ھەرگىزمۇ قولۇڭدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى كىچىكتۈرگىن ياكى ئىمكانىيىتىڭ بار ئىشنىمۇ قىلمىغىن دېمەكچى ئەمەس. ئىبادەتنى بىر كۈن ئۆزۈڭنى ئۇنتۇغان ھالدا راسا قىلىۋېتىپ، ئەتىسى ئەمدى بۇرۇن قىلغانلىرىم يېتەر دەپ بېپەرۋالىق قىلىپ پاسىقلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قالماي، قىلالايدىغانلىكى ياخشىلىقنى داۋاملىق قىلغىن، كۆچۈڭ يەتكەننى قىلغىن، كۈچۈڭ يەتمىگەنگە ئۆزۈڭنى زورلىما دېگەنلىكتۇر. قەلبىمىز تەلپۈنۈپ تۇرغان ياخشى ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىمەن دېگەن نىيەتتە قىلىمىز، ناۋادا كېيىنچە ئۇنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرالماي قالساق، ئاللاھ تائالا بىزنى كەچۈرىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ نىيىتىمىز دائىملىقتىن ئىبارەت توغرىدۇر. بۇ خۇددى نىكاھقا ئوخشايدىغان مەسىلىدۇر. مەسىلەن: ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ھارامدۇر. چۈنكى نىكاھتا مەڭگۈلۈك ئەر _ خوتۇن بولۇشنى نىيەت قىلىش شەرتتۇر. ئەمما كېيىنچە تۇرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۇلار ئاجرىشىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە قىلغان نىيىتىگە زىيان يەتمەيدۇ ۋە بۇرۇن قىلغان نىكاھى ۋاقىتلىق نىكاھ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە مەسىلىنى ئايرىپ تۇرغان نەرسە نىيەتتۇر. شۇڭا سىزمۇ بىرەر ياخشى ئىشنى ئاللاھ خالىسا ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىمەن دېگەن نىيەت بىلەن باشلىسىڭىز، ئاللاھ تائالا سىزگە مەدەت بېرىدۇ ۋە سىزنى ياخشى نىيىتىڭىزگە يەتكۈزىدۇ. ناۋادا يېرىم يولدا قالسىڭىزمۇ ئاللاھ تائالا سىزگە قىلغان ۋاقتىڭىزدىكى ساۋابنى بېرىۋېرىدۇ. بىر ھەدىستە: «مۇئمىن ئادەم كېسەل سەۋەبلىك ئىبادەتلىرىنى قىلالمىسا، ئۇنىڭغا ساق ۋاقتىدا قىلغا ئىبادەتلىرىنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ» دەپ كەلگەن. شۇڭا، داۋاملاشتۇرالماسلىق قورقۇنچىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى باشلىماسلىق چوڭ خاتالىقتۇر. قىلىدىغان ياخشى ئىشلار كۆپ، ئۆمۈر قىسقا تۇرسا، سىز قاچانغىچە كۈتىسىز؟ سىز غەيبنى بىلمەيسىز، شۇڭا ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، سىز تەلپۈنگەن ياخشى ئىشنى باشلاڭ ۋە داۋاملاشتۇرۇڭ.

4. سوئال: شېرىك، رىيا، نىفاق ئەمەللىرى قايسىلار؟ بۇلارنىڭ پەرقى قايسىلار، بۇلارغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: شېرىك _ شېرىك ـ ئېتىقاد، ئەمەل _ ئىبادەتلەر ۋە دۇئالاردا ئاللاھ تائالاغا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ قوشۇش دېگەنلىكتۇر. شېرىك تەۋھىدنىڭ ئەكسىدۇر.

رىيا _ ئەمەل _ ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلماستىن، باشقىلارغا كۆرسىتىش نىيىتى بىلەن قىلىش دېگەنلىكتۇر.

نىفاق _ تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېمەكتۇر. نىفاق مۇناپىقلارنىڭ خاس سۈپىتى بولۇپ، مۇناپىقلار شەكسىز كاپىرلاردۇر.

يۇقىرىقى شېرىك، رىيا، نىفاق قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۇفرىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بۇلار بىرسى يەنە بىرسىگە ئېلىپ بارىدۇ. رىيا نىفاققا، نىفاق شېرىككە، شېرىك كۇفرىغا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم كاپىر بولىدۇ. ئەمەل _ ئىبادەتنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى بەندىلەرنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى كۆزىتىش، ئۇلارغا ساۋاب بېرىش پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمەللىرىگە ساۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش سۈپىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشقانلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم، كىچىك شېرىكتۇر، ئۇ بولسىمۇ، رىيادۇر». دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرۇپ، ئاغزىدا ئىمان ئېيتىپ قويىغان ئادەم مۇناپىق دېيىلىدۇ، مۇناپىقلىق كاپىرلىقنىڭ ئۆزىدۇر.

يۇقىرىقى ئۈچ ئىللەتتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ياخشىلاش ۋە ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشتۇر.

5. سوئال: بىراۋنىڭ ھەققىنى يەپ قويغان بولسام، كېيىن ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەندە، ھەققىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بۇ هازىرقى مۇسۇلمانلار ئەڭ سەل قاراپ كېلىۋاتقان ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ كېلىۋاتقان ئېغىر مەسىلىدۇر. چۈنكى هازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئاخىرەتكە ئىشىنىدۇ، ئەمما ئاخىرەتكە بارمايدىغاندەك ياشايدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقمايدۇ. ئاللاھ تائالا چەكلىگەن هاراقنى ئىچىشنى ئىنتايىن بەك يامان كۆرىدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالا هارام قىلغان جازانىدىن، ئالدامچىلىقتىن، يالغانچىلىقتىن، كۆز بويامچىلىقتىن قورقمايدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. ئەسلىدە ئالدىنقىسىدىن كېيىنكىسى خەتەرلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلىنغان گۇناھلارنى خالىسا تەۋبە بىلەن، خالىسا كىچىك گۇناھلارنى تەۋبەسىزمۇ كەچۈرىۋېتىدۇ، ئەمما بىراۋنىڭ ھەققىدىن ئۆز ئىگىسى ئۆتمىگۈچە ئۆتمەيدۇ. مەيلى بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋالغان ئادەم كاتتا ئۆلىما بولىپ كەتسۇن، مەيلى يۈز قېتىم ھەج قىلغان بولۇپ كەتسۇن، مەيلى كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقان بولۇپ كەتسۇن، مەيلى قارى قۇرئان بولۇپ كەتسۇن، ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئەمەللىرى ئۇنى كىشىنىڭ ھەققىدىن ئۆتكۈزۈپ قويالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر _ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلمىغان گۇناھكارلارنى خالىسا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، بەزى كىچىك گۇناھلارنى خالىسا تەۋبەسىزمۇ كەچۈرىۋېتىدۇ. ئەمما بىراۋنىڭ ھەققىنى ئۆز ئىگىسى كەچۈرمىسە، رازى بولمىسا، ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە رازى بولمايدۇ. مانا بۇ ئادالەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر _ پەرمانلىرىغا رىئايە قىلمىغانلىقنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشنىڭ شەرتى ئۈچ بولۇپ ئۇلار: قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىش، قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش ۋە ئاللاھ تائالادىن سەمىمىي مەغپىرەت تىلەشتۇر. ئەمما مەخلۇقاتقا قارىتا سادىر قىلىنغان گۇناھلارنىڭ، ھەقسىزلىقنىڭ، زۇلۇمنىڭ تەۋبىسى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن تۆتىنچى شەرت ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ.

سىز بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋالغان بولۇپ، ئەمدى قايتۇرۇپ رازى قىلاي دېگەندە، ئۇ كىشىنى تاپالمىسىڭىز، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئۇلارمۇ بولمىغاندا تۇغقانلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ رازى قىلىڭ، ئۇلارنىمۇ تاپالمىسىڭىز، ئىزدەڭ، تىرىشىڭ، يەنە تاپالمىسىڭىز، مۇسۇلمان پېقىرلارغا بېرىپ قۇتۇلۇڭ. بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

6. قۇرئاندا مۇسۇلمانلار ئوقۇشقا بولمايدىغان دۇئالار بارمۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلار ئوقۇشقا بولمايدىغان بىرمۇ دۇئا يوق، ھەممىسىنى ئوقۇشقا بولىدۇ.

7. دۇئادا ئۆزىمىز ۋەدە دەپ ئويلىماستىن، «قىلىمىز» ياكى «قىلمايمىز» دېگەن بولساق، بۇ ۋەدىگە كىرەمدۇ؟ ئەگەر ۋەدىگە كىرىپ بىز ئۇنى ئورۇنلىيالمىساق، بىز قايسى خىل گۇناھنى قىلغان بولىمىز؟

جاۋاب: بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىش ياكى بىرەر يامان ئىشنى تاشلاش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سۆز بېرىش (نەزرە قىلىش) مەسئۇلىيەتلىك ئىشتۇر، يەنى ئورۇنداش پەرز بولىدۇ، ئەگەر ئورۇندىمىسا، گۇناھكار بولىدۇ. ئەمما دۇئادا ۋەدە قىلىپ ئەمەس، بەلكى شۇنداق قىلىش ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى بىلەن شۇنداق قىلىمەن ياكى شۇنى قىلمايمەن دېگەنلىك ۋەدىگە كىرمەيدۇ. ئادەتتە ئىنسان تەۋبە قىلغاندا «ئى رەببىم! مەن ئەمدى قايتا قىلمايمەن، گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغىنىدەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. ئەمما يەنە گۇناھ قىلىپ سالىدۇ. بۇ ۋەدىسىنى بۇزغانلىققا ياتمايدۇ. چۈنكى گۇناھتىن ساقلىنالماسلىق ئىنساننىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر. ئۆزىنى گۇناھتىن پاك ساناشنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھتۇر. گۇناھ قىلمىغان ئادەمدىن گۇناھ قىلىپ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەن ۋە ئۆپىزىنى ئىسلاھ قىلغان ئادەم ئەۋزەلدۇر. شۇڭا ئىنسان دۇئادا دېگەن سۆزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ (توغرىسىنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ). ئەمما ئىمكانقەدەر ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دىققەت بىلەن گەپ قىلىش، سۆزىگە ئەمەل قىلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش مۇسۇلمانغا خاس گۈزەل ئەخلاقتۇر.

## خالىسانە ئەمگەك ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى

خالىسانە ئەمگەك _ ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان ياخشى ئىش بولۇپ، مەيلى جىسمانىي ئەمگەك بولسۇن، مەيلى ئەقلىي ئەمگەك بولسۇن، مەيلى ئىقتىسادىي ئەمگەك بولسۇن، ھەرقانداق بىر ئىشنى ھەق تەلەپ قىلماستىن قىلىپ قويۇش خالىسانە ئەمگەك دائىرىسىگە كىرىدۇ. خالىسانە ئەمگەك قىلىدىغانلار ھەرقانداق جەمئىيەتتە تېپىلىدۇ ۋە بۇ ئىشنى ھەممە كىشى ياقتۇرىدۇ.

خالىسانە ئەمگەك ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى شەخسىي ئەمگەك، يەنە بىرى كوللېكتىپ ئەمگەكتۇر.

خالىسانە شەخسىي ئەمگەك دېگىنىمىز: بىرەر شەخسنىڭ ئۆز ئالدىغا خالىسانە ئەمگەك قىلىشى بولۇپ، بۇ مۇئەللىمنىڭ دەرستە ئارقىدا قالغان بەزى ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم ھەقسىز دەرس بەرگىنىگە، دوختۇرنىڭ يوقسۇللارنى ھەقسىز داۋالاپ قويغىنىغا ئوخشاش بىرەر شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان خالىسانە ئىشلارغا ئوخشاش.

خالىسانە كوللېكتىپ ئەمگەك دېگىنىمىز: بىر قانچە كىشىنىڭ ياكى بىرەر مۇئەسسەسەنىڭ كوللېكتىپ ھالىتىدە قىلغان بەدەلسىز ئەمگىكىنى كۆرسىتىدۇ. كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ شەخسىي ئەمگەكتىن مەنپەئەتلىك ۋە داۋاملاشقۇچى بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

خالىسانە ئىش قىلىش ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش ۋە پىداكارلىق قاتارلىق پەزىلەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئالاھىدە چوڭ رول ئوينايدىغان مۇھىم ئىشتۇر. ئۇ يەنە ئىنسانىيەتچىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلىدىغان ئەمەلدۇر.

### خالىسانە ئەمگەكنىڭ پايدىسى

خالىسانە ئەمگەك مەيلى بىرەر شەخس تەرىپىدىن قىلىنغان ئەمگەك بولسۇن ياكى كوللېكتىپ تەرىپىدىن قىلىنغان ئەمگەك بولسۇن، ئۇنىڭ شەخسلەرگە ۋە جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىسى چوڭ، قالدۇرىدىغان تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ. خالىسانە ئەمگەكنىڭ ئاساسلىق پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ بىرەر خالىسانە ئىشنى قىلىپ قويغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. چۈنكى خالىسانە ياخشى ئىش قىلىش ساۋابلىقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ( ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار)[1] دەپ ئەمر قىلغان.
2. خالىسانە ياردەم ۋە خالىسانە ئەمگەك سايىسىدا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى كۈچلىنىدۇ، مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، مۇھەببەت، يېقىنلىق ئاشىدۇ.
3. خالىسانە ئەمگەك ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە كۈچ _ قۇۋۋىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كىشىلەر ئۆزىدىكى ۋە باشقىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى بايقىۋالايدۇ.
4. خالىسانە ئەمگەك كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يېتىشتۈرۈشى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، بەدەلسىز ياردەملەرنى قىلىشقا ئۆزىنى كۆندۈرۈشى ئۈچۈن چوڭ پۇرسەتتۇر.
5. خالىسانە ئەمگەكلەر ئارقىلىق دۆلەتلەر روياپقا چىقىرالمىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلار روياپقا چىقارغىلى بولىدۇ. چۈنكى خالىسانە ئەمگەكنىڭ ئاساسى ئىخلاستۇر. ئىخلاس ئاساس قىلىنغان ئىش چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

### خالىسانە ئەمگەكنىڭ تۈرتكىلىرى

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، خالىسانە ئەمگەك قىلىش مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان بولمىسۇن، ھەرقانداق بىر ئىنسان قىلىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا، ئىنسانلاردا خالىسانە ئەمگەك قىلىشنىڭ تۈرتكىلىرى بىر خىل بولمايدۇ. بەزىسى ئۆزىدىكى ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قىلسا، بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتى بىلەن قىلىدۇ، يەنە بەزىسى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت ياكى ئائىلىنىڭ تەسىرى بىلەن قىلىدۇ. قانداقلا بولسۇن، خالىسانە ئىش قىلىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر جەمئىيەت ۋە مۇھىتنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

### خالىسانە ئەمگەك قىلغان ئادەم ئۆزىنى بەختلىك قىلىدۇ

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان ئۆزى ياشىغا جەمئىيەتكە بىر نەرسىلەرنى بەدەلسىز تەقدىم قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلالايدۇ ۋە ئۆز ھاياتىغا ئەھمىيەت قازاندۇرالايدۇ. ئالبېرت ئاينىشتاين ھېچبىر دىنغا ئىشەنمەيدىغان دىنسىز ئادەمنىڭ بەختسىزلىكىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىكەن: «دىنسىز ئادەمنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئۇمۇم

[1] مائىدە سۈرىسى، 2_ ئايەت.

خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىغا خۇلاسىلىنىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىلا ئويلاپ، ئۆپىزى ئۈچۈنلا ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىگە مەھبۇس بولۇپ قالغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتىدۇ. چۈنكى مۇنداقلار خالىسانە ئەمگەكلەردىن كېلىدىغان ھۇزۇر _ ھالاۋەتتىن ۋە كۆڭۈل خوشلىقىدىن مەھرۇم قالغان بىچارىلەردۇر. شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيىتىگە، خەلقىگە بىر نەرسىلەرنى تەقدىم قىلمىسا، ئۇ مۇشۇ قىسقا ھاياتىدىن ھېچبىر تەم ئالالمايدۇ». دېمەك، ئىنسان ئۆز خەلقىگە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىدىن، پۇل _ مېلىدىن تەقدىم قىلىش ئارقىلىقلار ھاياتلىقىنىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ، كۆڭۈللىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر مەنىسى بولغان بولىدۇ.

پسىخولوگىيە ئالىملىرى «ئىنسان ئۆز نەپسىدىن كېچىپ كىشىلەرگە بىر نەرسە نەقدىم قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ نام _ نىشانىسىنى قالدۇرالايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلى ئۈزۈلگەن بولىدۇ، پەقەت ئۈچ نەرسىنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار: ياخشى پەرزەنت، پايدىلىق ئىلىم ۋە سەدىقە جارىيەدۇر»[1]دېگەن سۆزى چوڭقۇر مەنىلەرگە دالالەت قىلىدۇ.

**ئىسلامدا خالىسانە ئەمگەكنىڭ ئورنى**

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ئەھۋالىدۇر. ئەمدى مۇئمىن ئادەمگە كەلسەك، مۇسۇلمان ئالىملار ئىسلامنى تونۇشتۇرماقچى بولسا، خۇددى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئېيتقاندەك: «دىن ھەممە ساھەدە پەقەت ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش ۋە مەخلۇقاتقا شەپقەت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ». ياكى ئىمام رازى ئېيتقاندەك: «دىن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە مەخلۇقاتقا شەپقەت قىلىشقا قويۇلغان بىر ئىسىمدۇر» ۋە ياكى ئىمام ھەرەۋى ئېيتقاندەك: «ئاللاھنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىنى تاشلاش ۋە جاھان ئەھلىگە شەپقەتلىك بولۇش» دەيدۇ. دېمەك، دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ غايىسى ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا بەندىچىلىك قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم دە مۇسۇلمانلارنى خالىسانە ئەمگەككە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: (ھەربىر ئۈممەتنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بار. شۇڭا سىلەر ياخشى ئىشلارنى بەس _ بەستە قىلىڭلار»[2]، (ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر(نىڭ قايسىسىنىڭ ھەق، قايسىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى) توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ)[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئادەم كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ئادەمدۇر، ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئەمەل بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خوشاللىق كىرگۈزۈش ياكى ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ۋەياكى ئاچلىقىنى تويغۇزۇشتۇر. مەن ئۈچۈن بىرەر مۇسۇلمان قېرىندىشىم بىلەن بىللە مېڭىپ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدە ئولتۇرۇپ بىر ئاي ئىتىكاپ قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. كىمكى ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوشاللىققا تولدۇرىدۇ، بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭغان كىشىنىڭ قەدىمىنى ئاللاھ قەدەملەر تېيىپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ»[4].

بىزنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق شۇ بەلگىلىك ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىزنى ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا بەندىچىلىك قىلىدىغان، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە بارلىق جانلىقلاردىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا ياخشىلىق قىلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بۇيرۇلغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كۆپىنچە مۇسۇلمانلار خۇددى دوختۇر بۇيرۇغان دورىنى ۋاقتى _ قەرەلىدە يەپ تۇرۇپ كېسەلدىن ساقىيالمىغان بىمارلارغا ئوخشاش قىلغان ئىبادەتلىرىدىن نەپ ئالالمايۋاتماقتا.

بىز مۇشۇنداق ئىبسل، مۇشۇنداق مۇكەممەل ۋە مۇشۇنداق رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇشقا چاقىرىدىغان بىر دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ دىنىمىز باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىشنى، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن كېچىپ موھتاجلارغا ياردەم قىلىشنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى دىنىنىڭ جەۋھىرى قاتارىدىن سانىغان بولسىمۇ، بىز مۇسۇلمانلاردىكى بىر _ بىرىمىزنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە خالىسا ئىش قىلىش دەرىجىسى نۆل دەرىجىدە بولۇپ كەلمەكتە.

بىز بەزىدە بىرەر ئادەمنىڭ قانداقلا بىر ئىشنى خالىسانە قىلىپ قويغانلىقىدىن ھەيران قالىمىز، مۇنداق ئادەمنى قالتىس ئادەم دەپ كېتىمىز. ئەسلىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ھەيران قېلىشىمىز لازىم. چۈنكى خالىسانە ئىش قىلىش، باشقىلارغا بەدەلسىز ياخشىلىق قىلىش بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقى تۇرسىمۇ، بىز خالىسانە ئىش قىلىپ كۆنمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، خالىسانە ئىش قىلىش بىز ھەيران قالىدىغان ۋە ئەجەبلىنىدىغان ئىش بولۇپ قالغان. ئەسلىدە، خالىسانە ئىش قىلىش ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنى قىلماسلىق ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر.

---

[1] ئىمام مۇلىم، ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ئىمام نەسائى رىۋايىتى.
[2] بەقەرە سۈرىسى،148_ ئايەت.
[3] مائىدە سۈرىسى، 48_ ئايەت.
[4] ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانى «ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.

خالىسانە ئەمگەك قىلىش نۇلگە چۈشۈپ قالغان جەمئىيەتتە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مەنپەئەتكە باغلىنىپ قالىدۇ. مۇنداق بىر جەمئىيەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىق، سەمىمىيلىك، بېغىشلاش ۋە پىداكارلىق دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش قىيىن بولىدۇ. مۇنداق بىر جەمئىيەت كىشىلىرى شەخسىيەتچىلىك قىلىپ، ھەممىسى ئۆز دەردى بىلەنلا قالغانلىقتىن، ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىشلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئومۇم خەلق زىيان تارتىدۇ.

بىز ياخشى ئىشنى ۋە خالىسانە ياردەملەرنى ھەمىشە مۇسۇلمانلارلا قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. رەسمىي ستاتىستىكىلار مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بەكرەك خالىسانە ئەمگەك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن: ئامېرىكىنى مىسال قىلساق، 2010 _ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا ھەربىر تۆت ئادەمنىڭ بىرى ئۆمرىنى خالىسانە ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. 2010 _ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئاشۇ ستاتىستىكىدا يەنە ئامېرىكىدىكى خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى بىر يېرىم تىرىليون دوللارغا يەتكەنلىكى(يەنى ئامېرىكىنىڭ ئومۇمى كىرىمىنىڭ يۈزدە 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغانلىقى) ئېلان قىلىنغان. ئامېرىكىدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ئۇ جايلاردىكى خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ كىرىمىدىن ئاز دېگەندە يۈزدە 35 پىرسەنتىنى تاشقىرىدا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىكەن.

بىزنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىسانە ئىش قىلغۇچىلارنى ماختايدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. (ئۇلاردىن ئىلگىرى مەدىنىدە يەرلىشىپ قالغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغان (ئەنسار)لار ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن(مۇھاجىر)لەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ ۋە ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر)[1]. ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد قۇتۇب بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بېخىللىق ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنىڭ ئالدىدا چوڭ توسقۇنلۇقتۇر. چۈنكى بارلىق ياخشىلىق بېغىشلاشتىن كېلىدۇ. پۇل _ مېلىنى بېغىشلاش، مۇھەببىتىنى بېغىشلاش، ۋاقتىنى بېغىشلاش، كۈچىنى بېغىشلاش، كېرەك بولغاندا جېنىنى بېغىشلاش قاتارلىق بىرقانچە تۈرلۈك بېغىشلاشلار بىلەنلا ياخشىلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئېلىشنىلا بىلىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغان، شەخسىيەتچى، بېخىل ئىنسانلار ھېچ نەرسىسىنى بېغىشلىيالمايدۇ. شۇڭا، نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغان ئادەم ياخشىلىق يولىدىكى توسقۇنلۇقنى پارچىلاپ تاشلىغان بولىدۇ ۋە بېغىشلىغۇچى بولۇپ مەيدانغا چۈشىدۇ».

[1] ھەشر سۈرىسى، 9-ئايەت.

## «سەلەف سالىھ»لار ۋە سەلەفىيلىك دەۋاسى

### «سەلەف» سۆزى ۋە «سەلەپ سالىھ»لار

ئەرەب تىلىدىكى«سەلەف» دېگەن سۆز ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى ۋە بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ھازىرقى زامانغا نىسبەتەن ئىلگىرى ئۆتكەن زامانلار «سەلەف» ھېسابلانغاندەك، بىر ئادەمگە نىسبەتەن شۇ ئادەمنىڭ ئەجدادلىرى «سەلەف» ھېسابلىنىدۇ. «سەلەف» سۆزى قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىمۇ بۇ مەنىدە كەلگەن: (ئىككى ھەمشىرىنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر ئەپۇ قىلىنىدۇ)[1]، (كىمكى رەببى تەرىپىدىن ۋەز- نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (جازانىدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ)[2]

«سەلەف» ئۇقۇمى ئىسلام ئاتالغۇسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردە ئۆتكەن ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلار «سەلەف سالىھ» يەنى (ئۆلگىلىك ئەجدادلار) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ساھابىلەرنى، تابىئىنلارنى (يەنى ساھابىلەرنى كۆرگەن بىرىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى) ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچ ئەسىردىكى ئەۋلادلار ئىسلام دىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلاپ بەرگەن داغدام يول بويىچە، توغرا يوسۇندا ئۆلۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئىلىم _ مەرىپەت بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىرلەشتۈرگەن بەرپاچى ئەۋلادلار بولۇپ، نەتىجىدە ئۇلار مۇشۇ پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ئۆز مەرتىۋىلىرىنى ۋە يۈكسەك ئورنىنى بەلگىلىگەن «سەلەف سالىھ» تىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان كىشىلەردۇر. «سەلەپ سالىھ»تىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتلىك ئۇنۋانىنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ شەرىئەت دەلىلىغا تايانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا، مېنىڭ زامانىمدىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانى ۋە ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانىدۇر».[3] مەزكۇر شانلىق ئۈچ ئەسىردە ئۆتكەن «سەلەف سالىھ» لارنىڭ يولىغا سادىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى ئەمەلي رەۋىشتە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مۇسۇلمانلار توپى دەل «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» توپىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ھازىرقى كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل مۇنەججىد «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»نى مۇنداق دەپ تونۇشتۇرغان: ««ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مەھكەم ئېسىلغان ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرۈشكە بىرلەشكەن مۇسۇلمانلار توپىدۇر».[4]

«دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر، جۇڭگو، روسىيە، بالقان رايونى، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە ھىندونوزىيە، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، ئومۇمەن ئۆتمۈشتە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى (ياكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىسى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەين ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمىمۇ «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ 85% ى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. قالغان 15%نى باشقا مەزھەبلەرگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەشكىل قىلىدۇ».[5] «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىپىنىڭ ھىجرىيە ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەسىرلەردىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل[6]، ئەبۇلھەسەن ئەل ئەشئەرى[7] ۋە ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى[8] قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئەينى ۋاقىتتا «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر.

### «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىپى ئىچىدىكى ئىككى خىل يۆنۈلۈش

بىرىنچى خىل يۆلۈنۈش ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل يېتەكچىلىك قىلغان يۆنۈلۈشتۇر. ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسىردىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە، مۇتەزىلىلەرنىڭ[9] دىنىي مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش ۋە دەلىللەشتە ئەقلىنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ ئالدىغا قويۇش ۋە ھەممىنى ئەقىلغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش خاھىشىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە سىستېمىلىرىنى

---

(1) نىسا سۈرىسى، 23-ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى، 275-ئايەت.

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

4 «ئىسلام توغرۇلۇق سوئال ۋە جاۋاب» ناملىق تور بېكىتىدىن.

5 پېقىرنىڭ «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» ناملىق ئەسىرىدىن.

6 ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھىجرىيىنىڭ 163- يىلى (780م) ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. باغدات، مەككە، يەمەن، شام (سۈرىيە ۋە لىۋان)، بەسرە ۋە كۇفە شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان مۇجتەھىد ئالىم.

7 ئەبۇلھەسەن ئەل ئەشئەرى(324-260ھ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەريي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، 300 دىن كۆپرەك ئىسلامىي كىتاب يازغان، مۇجتەھىد ۋە ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان ئەقىدەشۇناس ئالىم.

8 ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان( ؟- 333ھ) ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن سانىلىدۇ.

9 مۇتەزىلە- ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى ئەسىرىنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئەمەۋىلەرنىڭ ئاخىرقى ۋە ئابباسىيلارنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرلىرىدە تەرەققىي قىلىپ كۈچەيگەن ئەقىدىۋى مەزھەپتۇر. ئۇلار ئەقىلنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف دەلىللىرىنىڭ ئالدىغا قويىدىغان پىرقە بولۇپ، ئەقىل بىلەن يارىتىلىشتىكى تۇغما قابىلىيەت ئىككىسىنىڭ دىنىي دەلىلگە تايانماستىن، ھالال- ھارامنىمۇ ئايرىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۇلارمۇ «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»دىن سانىلىدۇ.

مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەم قارشى مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف دەلىللىرى بىلەنلا كۇپايىلىنىش تەرەپدارى بولغان بىر جامائەت بولۇپ، ئۇلار «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ئەھلى ئەسەر» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئىدى. ئەللامە مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە[1] مۇنداق دېگەن: «ھىجرىيەنىڭ تۆتىنچى ئەسىرىدە ئۆزلىرىنى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە مەنسۇپ قىلغان بىر جامائەت ئوتتۇرىغا چىقان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى كەلگەن بويىچە قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىش ۋە ئۇلارنى تەئۋىل قىلماسلىق، ئەمما قانداق شەكىلدە ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇش پىرىنسىپىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. كېيىنچە، ئابباسىيلار خەلىپىسى «ئەلقادىر بىللاھ»نىڭ زامانىدا بۇ جامائەت ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ رەسمىي مەزھىپى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، پۈتۈن دۆلەت تېررىتورىيەسىدە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا مەخسۇس پەرمان چىقىرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ۋە خاتىبلار جۈمەنىڭ خۇتبىلىرىدا بۇ مەزھەبنى تەبلىغ قىلىدىغان بولغان. ئەللامە ئىبنى جەۋزىنىڭ[2] بايان قىلىشىچە، بۇ مەزھەپ ئابباسىيلار تەرىپىدىن ھىجرىيەنىڭ 433 – يىلى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇلار مۇتەزىلە قاتارلىق مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف دەلىللىرىغىلا كۇپايە قىلغان ھالدا ئىش كۆرەتتى، ئىلمى كالام، ئىلمى مەنتىق ۋە پەلسەپىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايتتى. مانا بۇ «ئەھلى سۈننە ۋە لجامائە» مەزھىپى ئىچىدىكى بىرىنچى خىل يۆلىنىش ئىدى.

ئەمدى ئىككىنچى خىل يۆلىنىشكە كەلسەك، بۇ يۆلىنىشنىڭ ۋەكىللىرى ئەبۇلھەسەن ئەل ئەشئەرى بىلەن ئەبۇ مەنسۇر ماتىرىدى ئىدى. ئۇلار «ئەھلى سۈننە ۋە لجامائە»نىڭ ئەقىدە سىستېمىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە، مۇتەزىلە، شىئە ۋە خاۋارىج قاتارلىق مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتە قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس شەرىف دەلىللىرىگە تايىنىش بىلەن بىرگە، ئەقلىي دەلىللەرگە، مەنتىق، پەلسەپە ۋە ئىلمي كالامغا تايىناتتى. «ئەھلى ھەدىس» بىلەن «ئەشئەرىيلەر» ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر چوڭ ئىختىلاپ ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە كەلگەن ئىسىم _ سۈپەتلىرىنى ئۆز ئەينى ئېيتىمىزمۇ ياكى تەئۋىل قىلىمىزمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىدى. چۈنكى «ئاللاھنىڭ كۆزى»، ئاللاھنىڭ قولى»، ئاللاھنىڭ يۈزى» ۋە «ئاللاھنىڭ پۇتى» دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە كەلگىنى بويىچە ئاتايمىزمۇ؟ ياكى تەئۋىل قىلىپ «ئاللاھنىڭ ھىمايىسى»، «ئاللاھنىڭ قۇدرىتى» ، «ئاللاھنىڭ زاتى» ۋە «ئاللاھنىڭ ياردىمى» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە چۈشىنىشكە بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان. «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ئەھلى ئەسەر» تەرەپدارلىرى بۇ سۆزلەرنى قەتئىي تەئۋىل قىلماسلىق، باشقا مەنىدىمۇ چۈشەنمەسلىك، بەلكى كەلگەن بويىچە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىش، بۇلارنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلغان. ئەمما «ئەشئەرىيچىلەر» بىلەن «ماتىرىدىچىلەر» تەئۋىل قىلىشقا زۆرۈرىيەت تېپىلغانلىرىنى تەئۋىل قىلىشنى ۋە تەئۋىل قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئەمەسلەرنى تەئۋىل قىلماستىن ئۆز ئەينى ئېيتىش ۋە مەنىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلغان. چۈنكى ساھابىيلاردىن باشلاپ بارلىق «سەلەف سالىھ»لار تەئۋىل قىلىش زۆرۈر كەلگەن ئايەتلەرنى تەئۋىل قىلغان. مەسىلەن: ساھابىلەرنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇرئان كەرىمدىكى :[وَاصْنَعِ الْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا] دېگەن ئايەتتىكى[أَعْيُنِ] دېگەن سۆزنى «ھىمايە»دەپ تەئۋىل قىلىپ، ئايەتنى:[ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر كېمە ياسىغىن] دەپ تەپسىر قىلغان[3]. يەنە ئۇ [**وَالسَّمَاءَ بَنَيْنَاهَا بِأَيْدٍ**] دېگەن ئايەتتىكى[ **أَيْدٍ** ] دېگەن سۆزنى«قۇدرەت» دەپ تەئۋىل قىلىپ، ئايەتنى[ئاسماننى قۇدرىتىمىز بىلەن بىنا قىلدۇق]دەپ تەپسىر قىلغان[4]. يەنە ئۇ [**اللّهُ نُورُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ**] دېگەن ئايەتتىكى [**نُورُ**] نى«يېتەكچى» دەپ تەئۋىل قىلىپ، ئايەتنى [ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ يېتەكچىسىدۇر] دەپ تەپسىر قىلغان[5]. يەنە ئۇ [ **وَيَبْقَى وَجْهُ رَبِّكَ ذُو الجَلَالِ وَالإِكْرَامِ**] دېگەن ئايەتتىكى [**وَجْهُ**] دېگەن سۆزنى «ئۆزى» دەپ تەئۋىل قىلىپ، ئايەتنى[ پەقەت ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ]دەپ تەپسىر قىلغان[6].

### «ئەھلى ھەدىس» ۋە «ئەشئەرىيچىلەر»

«ئەھلى سۈننە ۋە لجامائە» مەزھىپىكىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى مەزكۇر يۆنىلىش پەرقى سەۋەبلىك «ئەھلى ھەدىس» ۋە «ئەشئەرىيچىلەر» دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىكى بەزى ئەمىرلەرنىڭ ئەشئەرىي مەزھىپىنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، «ئەھلى ھەدىس»نىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى كۈچى ئازايغان. «ئەھلى ھەدىس» ئۆزلىرىنىڭ ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرگىچە داۋام قىلغان «سەلەف سالىھ» لارنىڭ يولىدا ماڭغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئەمما ماتىرىدى ۋە ئەشئەرىلەرنى بولسا، ئىلمى كالام بىلەن ئىلمى مەنتىققا بېرىلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»دىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمما ماتىرىدى ۋە ئەشئەرىيلەر ئۆزلىرىنى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»نىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي

---

[1] مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە (1974-1898م) مىسىرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋە شەرىئەتشۇناس ئالىم.
[2] ئىبنى جەۋزى(1116- 1205م) باغداتتا ئۆتكەن، تارىخ، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھىي ساھەلىرىدە تونۇلغان مەشھۇر ئالىم.
[3] تەپسىر بەغەۋى 2 _ توم، 322 _ بەت.
[4] تەپسىر قۇرتۇبى52/17.
[5] تەپسىر تەبەرى 18/135.
[6] تەپسىر قۇرتۇبى 165/17.

قاتارلىق تۆت مەزھەپنىڭ مەنسۇپلىرى دەپ قارايدۇ. يەنە ئۇلار «قانداقلا بىر جامائەتنىڭ ‹سەلەفىي› دەپ ئاتىلىشى بىدئەتتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى ساھابىلەر ۋە ياكى تابىئىنلار ‹سەلەف› دەپ ئاتالمىغان. ‹سەلەف سالىھ›لارنىڭ يولىغا ئەگىشىش پەرزدۇر، ئەمما ‹سەلەف› نامىنى قوللىنىپ تۇرۇپ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرا ئەمەس»دەپ قارايدۇ. ئەبۇلھەسەن ئەل ئەشئەرى بىلەن ئەبۇ مەنسۇر ماتىرىدى ئىككىسى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مەزھەپنىڭ ئەقىدە سىستېمىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە باشقا مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتىكى مېتودلىرى ئازراق پەرقلىق بولغان. شۇڭا بۇلارمۇ «ماتىرىدىچىلەر» ۋە «ئەشئەرىيچىلەر»دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن.

«ئەھلى ھەدىس» ھىجرىيە 7 _ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىبنى تەيمىيەنىڭ[1] ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ھىجرىيە 856 _ يىلى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى بىلەن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىغان. كېيىن ئىبنى تەيمىيەنىڭ شاگىرتى ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ رەسمىي راۋاجلانغان. كېيىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن «سەلەفىيلىك» يەنە ئاجىزلىشىپ ئۆز نوپۇزىنى يوقاتقان. كېيىن مىلادىيە 18 _ ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ چىقىشى بىلەن «ئەھلى ھەدىس» قايتىدىن جانلىنىپ، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملىششقا باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن «ئەھلى ھەدىس» پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاجىزلىششىغا قاراپ «ئەھلى ھەدىس» كۈچلىنىشكە داۋام قىلغان. ئۇ چاغلاردا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دەرئىيە رايونىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئوچۇقلىغان ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياردەم سورىغان. نەتىجىدە، مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ۋەھھابىيلىق» ھەرىكىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ شۇئارى: «ئەقىدىنى ساپلاشتۇرۇش، خۇراپاتقا قارشى تۇرۇش، مازارلارغا چوقۇنماسلىق، ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلىمەسلىك، ئىبادەتنى بىر ئاللاھقىلا قىلىش، ئاللاھقا ھېچكىمنى ۋاستە قىلماسلىق، ‹قۇرئان كەرىم› بىلەن ‹ھەدىس شەرىف›نى چىڭ تۇتۇش»تىن ئىبارەت ئىدى. «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ۋەھھابىيلىق» ھەرىكىتى ئۆز ۋاقتىدىكى سەئۇد ئائىلىسىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشلىرىدىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىغان. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ ئىسلامىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ «ۋەھھابىي»دەپ ئاتىلىپ قېلىشى پەقەت بۇ ھەرىكەتكە باشچىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب بولغانلىقىدىن ئىدى. ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىگىلىرى ئۆزلىرىنى «ۋەھھابىيلار»دەپ ئاتىمايتتى ۋە شۇنداق ئاتىلىشىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى «سەلەف سالىھ»لارنىڭ يولىدا ماڭغان ئىسلاھاتچىلار، دەپ تونۇيتتى.

**سەلەف سالىھلار يولى چەكلىك يول ئەمەس**

زامانىمىز ئوتتۇراھاللىق ئىسلاھات ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن سانىلىدىغان سۇدان مائارىپ مىنىستىرى ئەللامە دوكتۇر ئىيسام ئەلبەشىر قاتارنىڭ «ئەل جەزىرە» تېلېۋىزىيە قانىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «سەلف سالىھ يولى مۇئەييەن مەزھەبمۇ ياكى ئۆلگە قىلىنىش كېرەك بولغان يولمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى سۆھبىتىدە مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، ‹سەلەف سالىھ› يولى ئۇزۇن مۇساپىلىك بىر يولدۇر. ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق تۆت مەزھەپنىڭ ئىماملىرى، سۇفيان سەۋرى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئەۋزائىي، لەيس ئىبن سەئد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىر ئەھلىنىڭ يولىدا ماڭغان ھەمدە بۇ يولنى مېتود قىلىپ ئىلگىرىلىگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «سەلەف سالىھ»لارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەردىن سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى : «زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا، مېنىڭ زامانىمدىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانى ۋە ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانىدۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا «سەلەف سالىھ» يولىدىكى بۇ ياخشىلىقنى شۇ ئۈچ ئەسىر بىلەن توختاپ قالغان ياكى شۇ ئۈچ ئەسىرگىلا خاس ئېدى دەۋېلىش توغرا ئەمەس. گەرچە ھەدىستە مەزكۇر ئۈچ ئەسىر تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئۈچ ئەسىرگە دېيىلگەن ياخشىلىق ئاشۇ ئۈچ ئەسىر ئەھلىنىڭ يولىدا يۈرگەنلەرئۈچۈنمۇ دېيىلگەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ((ئاخىرەتتە بەختلىك بولىدىغانلار) ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائە، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ بىر جامائەدۇر)[2] دېمەك، ھەدىستىكى «ياخشى»لىق ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىرگىلا خاس ئەمەس.

«سەلەف سالىھ»لارنىڭ يولىدىن ئىبارەت بۇ باغرى كەڭ يولغا مەنسۇپ بولۇش مەسىلىسى بىلەن، ئۆزلىرىگە «سەلەفىي» ئىسمىنى قويۇۋېلىپ، «سەلەف سالىھ»نىڭ مېتودىدىن ئازراق بىر قىسمىنى تۇتۇپلا ئۆزلىرىنى «سەلەف سالىھ»لارغا تەۋە قىلىپ كۆرسىتىدىغان، ئېقىم خاراكتېرلىك ياكى مەزھەپ تۈسىنى ئالغان ۋە ياكى جامائەتلەشكەن سەلەفىيچىلىكلەرنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى ھەقىقىي سەلەفىيلىك مەلۇم بىرلا ساھە ياكى مەلۇم بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. «سەلەف سالىھ» يولى مۇئەييەن فىقھىي قاراشنى ياكى مەلۇم بىر پىكىر ئەھلىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى «سەلەف سالىھ» يولى ناھايىتىمۇ كەڭرى بولۇپ، «سەلەف

---

[1] ئىبنى تەيمىيە- تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇسسالام ھىجرىيىنىڭ (1328-1263م) ھازىرقى سۈرىيىنىڭ شىمالىدىكى ھەرران دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى ئەڭ زور بولغان، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ۋە مۇجتەھىد ئالىم. «شەيخۇلئىسلام» دېگەن ئېسىل ئۇنۋانغا نائىل بولغان.

[2] ۋاقىئە سۈرىسى، 39-40 ئايەتلەر.

سالىھ»لار ئەقىدىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىدە، قائىدە _ پىرىنسىپلىرىدا، ئىسپاتى ئېنىق ۋە قەتئىيلىكى كۈچلۈك مەسىلىلەردە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، فىقھى قاراشلار ۋە ئەقىدىنىڭ شاخچە مەسىلىلىرى دېگەندەك مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ بەزى ئىختىلاپلىرىمۇ باردۇر».

## غەربنىڭ ئىسلامغا قارشى مەۋقەسى

ئۆتمۈشلەردە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققانلار ساختا دىنلارنىڭ مەنسۇپلىرى، بايلار ۋە جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئورنى ۋە نوپۇزى بار ئادەملەر ئىدى. چۈنكى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مەزكۇر قارشى چىققۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى خەلق بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ جان _ دىلى بىلەن پەيغەمبەرلەر بىلەن ئېلىشقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان چاغدىمۇ، ئۇنىڭغا مەككە جەمئىيىتىدىكى مەنسەپلىك، يۈزلۈك، نوپۇزلۇق ئادەملەر قارشى چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغاندىن كېيىنمۇ ئۇ جايدا يەھۇدىيلار قارشى چىققان. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم مەككىدىكى مۇشرىك كاتتىباشلارنىڭ دىن نامىدىن كىشىلەرنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋېلىشىغا يول قويمىغاندەك، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ دىن نامىدىن كىشىلەرنى قۇل قىلىشىغا يول قويمايتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفقا چىقىپ ئىسلامنى دەۋەت قىلغان چاغدا، ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ قارشى چىققان ئەقىلسىزلەرنىڭ ئارقىسىدا سەقىپ قەبىلىسىنىڭ دىنىي كاتتىباشلىرى بار ئىدى.

ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىشى بىلەن بۇ دىنىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەرمۇ دەل شۇ خەلقنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋېلىپ جان بېقىپ كېلىۋاتقان چېركاۋ زومىگەرلىرى ئىدى. ئۇلار ناۋادا ئىسلام دەۋىتىگە يول قويسا، خەلق دىن بېسىمدارلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئازادلىققا چىقاتتى. توغرىسى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خارلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئەزىزلىكىگە ۋە ھۆرلۈككە چىقاتتى. بۇ چاغدا، ھېلىقى دىنىي بېسىمدارلارنىڭ رولى قالمايتتى، نوپۇزى يوقىلاتتى، تاپاۋىتى توختاپ قالاتتى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتى، رەھىم _ شەپقىتى ۋە ھەققانىيلىقى ئىنسانلارنى قايىل قىلغانلىقتىن، ئىسلام دەۋىتى يېتىپ بارغانلا جايدىكى ئىنسانلار ئۆزلىكىدىن بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىۋاتقان بۇ ۋەزىيەت ياۋروپا چېركاۋلىرىنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دولقۇنىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلە _ مىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىپ، ئاخىرى ئۇلار بارچە ھىممىتىنى ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى سەت، مۇسۇلمانلارنى يامان قىلىپ كۆرسىتىشكە بېغىشلىغان. ئۇلار بۇ رەزىل پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، ياۋروپا جەمئىيىتىدە ئىسلام ھەققىدە پۈتۈنلەي يالغان رىۋايەتلەرنى، ئويدۇرما ھېكايىلەرنى، بۇرمىلانغان تارىخ كىتابلىرىنى تارقىتىشقا ۋە كىشىلەرنى ئىسلامدىن نەپرەتلەندۈرۈشكە قاتتىق كۈچىگەن.

ھازىرقى زامانىۋى ياۋروپامۇ ئەجدادلىرىنىڭ بۇ رەزىل پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قولىدىن كەلگەن ھىيلە _ مىكىرلەرنى قىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى ھازىرقى غەرب دۇنياسى ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىدىكى ساختا خىرىستىيانلىقنىڭ رەقىبى دەپ قارايدۇ، يەنە ئۇلار خىرىستىيانلىقنىڭ ئورنىنى كېچىكىپ بولسىمۇ ئىسلامنىڭ ئالىدىغانلىقىغا، كېلەچەكنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا قولىدىن كەلگەنچە ئىسلام دەۋىتىگە قارشى چىقىدۇ.

ياۋروپادىكى دۆلەت مەسئۇللىرى چېركاۋ پوپلىرىنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ، ئۇلارنىڭ رەزىل پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەمما ئەپسۇسكى، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزىنى تىڭشاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قول چوماق قىلماقچى بولىدۇ.

خىرىستىيان چېركاۋلىرىنى قاتتىق بىئارام قىلىۋاتقان ھەقىقەت تۆۋەندىكىچە:

1. دۇنيادا ھېچبىر ئىسلام ئالىمىنىڭ مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كېچىپ خىرىستىيانلىقنى ياكى باشقا دىنىنى تاللىغانلىقىغا دائىر بىرەر مەلۇمات يوق. ئەمما خىرىستىيان، يەھۇدىي، بۇددىست ۋە كوممۇنىستلاردىن مۇسۇلمان بولغان شەخسلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئالىملاردۇر.

2. مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئىچىدىن ئۆز دىنىنى تاشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ توغرا تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە مۇسۇلمان بولماقتا. ئەمما مۇسۇلمانلىقنى تاشلاپ خىرىستىيان بولۇپ كەتكەنلەر ئومۇمەن يوقسۇللۇق دەردىدە پۇلغا ئالدىنىپ خىرىستىيان بولماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، ئافرىقا قىتئەسى بۇنىڭ مىسالى.

3. خىرىستىيان دىنى ئەمەلىيەتتە دىن ئەمەس، پەقەتلا سىمۋولدۇر. خىرىستىيانلار بۇ سىمۋۇلنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ ھەقىقەتكە قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ساختىلىقىنى قوغداپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنى ھاياتلىق مىزانى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ھاياتىنى رەتكە سالىدۇ، ئەخلاقىنى ئوڭشايدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىككىلا ئالەملىك سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

4. ياۋروپادا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ نەسلى ئازىيىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ نەسلى كۆپىيىشكە باشلىغان. چۈنكى مۇسۇلمان ئەمەسلەر كۆپ بالىلىق بولۇشنى خالىمايدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار قانچىلىك كۆپ بالىسى بولسا شۇنچىلىك بەختلىك بولىدۇ ۋە كۆپ

باللىق بولۇشقا تىرىشىدۇ.

5. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلار ئەخلاقىنى تۆپتىن ئۆزگەرتىپ ئەڭ ئەخلاقلىق ۋە ئەڭ ئۆلگىلىك ئىنسانلاردىن بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەممە بىلىدىغان بىر رېئاللىقتۇر. مەسىلەن ئارتىست ياكى قىمارۋاز ۋە ياكى قاراقچى دېگەندەك ئەسلىدە يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كېيىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ھاياتىدا ئاپئاق پاكىز بەتلەرنىڭ ئېچىلغانلىقى بۇنىڭ مىسالى. ئەمما مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ باشقا دىنغا كىرىپ كەتكەن ئىنسانلارنى سۈرۈشتە قىلساق، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى، مەنىۋى ئەھۋالى، بەخت _ سائادىتى بۇرۇنقىدىن ناچار چىقىدۇ، ھەرگىز ياخشى چىقمايدۇ. بۇمۇ بىر ئەمەلىيەت. ئانا ۋەتەندە بۇرۇن مەدرىسىدە ئوقۇپ قۇرئان يادلىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۆز مىللىتىنى ساتىدىغان بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئىتتىنىڭ ھاياتىنى ياشاۋاتلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

6. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، غەرب بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىردىنبىر رەقىبى ئىسلام بولۇپ قالغان. چۈنكى ئىسلامنىڭ كېلىچىكى ئۇلارنى بىئارام قىلىدىغان بولۇپ قالغان.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىسلام دىنىغا هازىرقى زاماندا چاپلىغان ئەڭ چوڭ تۆھمىتى «تېررورىست» دېگەن ئاتالغۇدۇر. «تېررورىست» دېگەن ئاتالغۇنى ۋە تېررورىستلىق ھەرىكەتلەرنى ياۋروپا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن بېرى بىلىپ ۋە قىلىپ كەلگەن بولسا، بۇ ئاتالغۇ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يېڭى بىر ئاتالغۇدۇر. چۈنكى ئىنگلىز تىلىدىكى «Terror» سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «قورقماق، تەشۋىشلەنمەك ۋە سەراسىمگە چۈشمەك» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا «ism» دېگەن قوشۇمچىنى قوشقاندا «Terrorism» سۆزى «سەراسىمگە چۈشۈرۈش»، «ۋەھىيمىگە سېلىش»، «زوراۋانلىق قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەرەب تىلىنىڭ لۇغەتلىرىدە ياكى ئەرەب ۋە ئىسلام قامۇسلىرىدا، «الترهيب» (قورقۇتۇش) دېگەن سۆز بولسىمۇ، «الإرهاب» (تېررورىزم) دېگەن سۆز تېپىلمايدۇ . پەقەت ئىنگلىز تىلىدىك «Terrorism» سۆزىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىش جەريانىدا «الإرهاب» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن.

ئىسلام دۆلەتلىرىدە تۇنجى تېررورلۇق ۋەقەسى 1948 _ يىلى 10 _ ئاپرىل جۈمە كۈنى سەھەردە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا يەھۇدىي سىيۇنىزمى پەلەستىنىنىڭ «دېيرياسىن» دېگەن جايىدا پەلەستىنلىك ئاھالىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۆيىدە ھېچبىر ئىشتىن خەۋەرسىز ئولتۇرغان ئاياللار، بالىلار ۋە ياشانغانلارنى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرگەن.

**ياۋروپانىڭ تۈركىيەگە قارىتا دۈشمەنلىك تۇيغۇسى**

ياۋروپا ئەسلىدە ئاخىرقى ئىسلام خەلىپىلىكى بولغان ئوسمانىيلارغا قارشى بولسىمۇ، ئاتاتۈرك قۇرغان جۇمھۇرىيەتكە قارشى ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ جۇمھۇرىيەت ياۋروپانىڭ خالىغىنى بويىچە قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ خالىغىنى بويىچە كېتىپ باراتتى. ئەمما يېقىندىن بۇيان ياۋروپا، ئامېرىكا، رۇسىيە ۋە بارلىق ئىسلام دۈشمەنلىرى تۈركىيەدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. توغرىسىنى دېسەك ئىسلامدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئەردوغان باشچىلىقىدىكى ئىسلامىي ئويغۇنۇش ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلامنىڭ كۈچىدىن ئەنسىرەپ كېلىۋاتقانلارنى تېخىمۇ بىئارام قىلىشقا باشلىدى.

كاشكى، بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىرەردىن ئەردوغان بولسا ئىدى، غەرب ۋە ئامېرىكا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە چوقۇنغان بولاتتى. ئەمما ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلار ئىززەت ۋە كۈچ _ قۇۋۋەتنى ئاللاھ تائالادىن تەلەپ قىلماي، ئاللاھ تائالانىڭ قۇللىرىدىن تەلەپ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بىزنى شۇنداق خار قىلىپ قويىدى.

ياۋروپا _ تۈركىيە سۈركىلىشى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. بۇ قېتىم تۈركىيە تەرەپتە تۇرغانلار ھەقىقەت تەرەپتە تۇرغان بولىدۇ.

## كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ساقايماس كېسەللەردۇر

زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى داۋالىنىپ تۈزۈپ كېسەلدىن ساقىيالمىغان كېسەل كىشىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى دىنىمىزدا بۇيرۇلغان جىمى ئىبادەتلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى مېۋىسى بىزنىڭ ئەخلاقىمىزنى ياخشىلاش ۋە بىزنى ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە لايىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساقلىقىمىزنى ساقلىشىمىز، ئەخلاقىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، خاتالىقىمىزنى تۈزىتىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە كۆندىلىك، ئايلىق ۋە يىللىق ئىبادەتلەرنى مۇئەييەن ئىبادەتلەرنى پەرز قىلغان. بۇ خۇددى دوختۇرنىڭ كېسەللەرگە يېزىپ بەرگەن رېتسېپىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق مۇئەييەن ئىبادەتلەردىن ھەربىرىنىڭ ئەخلاقنى ياخشىلاشتا بەلگىلىك ۋەزىپىسى ۋە ئالاھىدە رولى بار. مەسىلەن: ناماز ئىنساننى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھتىن ساقلايدۇ، روزا تەقۋالىقنى ئاشۇرىدۇ، زاكات سېخىيلىققا ئادەتلەندۈرىدۇ، ھەج سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىدۇ. مۇشۇ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ تۇرۇپ، يەنە يالغان سۆزلەيدىغان، كىشىلەرنى ئالدايدىغان، ھارام يەيدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويىدىغان، ئۆزىنىڭ نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكىنى دەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان مۇسۇلمانلار خۇددى دوختۇرنىڭ دورىسىنى ۋاقتى قەرەلىدە يەپ تۇرۇقلۇق كېسەلدىن ساقىيالمىغان بىمارلارغا ئوخشاش مەنىۋى بىمارلاردۇر.

## كۆڭۈل خۇشلىقى بىلەن قىلىنغان ئەمەل بىلەن مەنپەئەتكە باغلانغان ئەمەلنىڭ پەرقى

مەن ھاياتلىق تەجرىبەمدە بۇنى شۇنى بايقىدىمكى، چىن كۆڭۈلدىن چىققان سەمىمىي ئىستەك بىلەن قىلىنغان ئەمەل داۋاملىشىدىكەن ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى بولىدىكەن. ئەمما دۇنيا مەنپەئەتىگە باغلانغان ئەمەل داۋاملاشمايدىكەن ۋە تۈزۈك مېۋە بەرمەيدىكەن. دىنىمىزنىڭ ئىشلارنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا ناھايىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەمر قىلغانلىقىدىكى سىر بۇ يەردە ئىكەن.

بىر پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسى لېكسىيەسىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ:

بىر ئادەم ھەر كۈنى چۈش ۋاقتىدا ئازراق ئارام ئېلىۋالاي دەپ ئۇخلىسا، مەھەللىنىڭ بالىلىرى بىر كونا چېلەكنى تېپىپ ئويناپ ئۇ ئادەمنى بەك بىئارام قىلىدىكەن، ئادەم زادى ئۇخلىيالمايدىكەن. ئادەم بالىلارنى كونا چېلەكنى تېپىپ ئويناپ ئۆزىنى راھەتسىز قىلىشتىن توسۇشنى ئويلاپتۇ. ئەمما بالىلارغا «ھەي بالىلار چېلەكنى تەپمەڭلار، مەن ئۇخلىيالمىدىم» دېسە، بالىلارنىڭ تېخىمۇ بەك تېپىپ، ئادەمنى تېخىمۇ قاتتىق بىئارام قىلىدىغان پەيلى بار ئىدى. شۇڭا بۇ ئادەم كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىرى ھېكمەت بىلەن ئىش قىلماقچى بوپتۇ ۋە بالىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا:

_ بالىلىرىم! چېلەكنى ناھايىتى ياخشى تېپىۋاتىسىلەر. مەن سىلەرگە ھەر كۈنى بەش سوم پۇل بېرەي، ھەر كۈنى كېلىپ مۇشۇنداق چېلەك تېپىپ بېرىڭلار، دەپتۇ. بالىلار خوش بولۇپ،

_ بولدى، كېلىشتۇق، بىز ھەر كۈنى كېلىپ سىزگە كونا چېلەكنى تېپىپ ئويناپ بېرەيلى، دەپتۇ. ئادەم شۇنى كۈنى بالىلارغا بەش سوم پۇل بېرىپتۇ. بالىلار ئەتىسى ئاشۇ ۋاقىتتا يەنە كېلىپتۇ. ئادەم بالىلارغا:

_ بالىلىرىم! بۈگۈن پۇلۇم سەل ئاز قاپتۇ، شۇڭا سىلەرگە ئىككى سوم بېرەي، چېلەكنى تېپىپ ئويناڭلار، دەپتۇ. بالىلار ئانچە خوش ياقمىغاندەك قىياپەتتە ماقۇل دەپتۇ ۋە ئالدىنقى كۈنلىرىدىكىدەك قاتتىق تەپمەپتۇ. ئازراق ئويناپ، ئويۇننى خالاس قىپتۇ. ئەتىسى يەنە كەپتۇ، ئادەم بالىلارغا:

_ بالىلىرىم! بۈگۈن پۇلۇم پەقەت قالماپتۇ، شۇڭا سىلەر خاپا بولماي شۇ كونا چېلەكنى بىكارغا تېپىپ ئويناپ بەرگەن بولساڭلاركەن، دەپ ئۇلاردىن ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىلار غەزەپلىنىپ:

_ بىز نېمىشقا بىكارغا چېلەك تېپىدىكەنمىز؟ بولدى، تەپمەيمىز، دەپ كېتىپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ بالىلار ھېلىقى ئادەمنىڭ مەھەللىسىدە چېلەك تېپىپ ئوينىماپتۇ.

دېمەك، بالىلار ئۆز كۆڭۈل خۇشلىقى بىلەن كونا چېلەكنى تېپىپ ئوينىغاندا، ئۇلار بۇ ئىشتىن ھۇزۇر ئالغاندا، ئەمما كېيىن ئىش مەنپەئەتكە باغلانغاندىن ئۇلار بۇ ئىشتىن ھۇزۇر ئالالمايدىغان بولۇپ قالغان.

## ياخشىلىق ئادەتتۇر

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياخشىلىق ئادەتتۇر» دېگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلىش، ھەمىشە ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ياخشىلاردىن بولۇش ھەركىم قىلىشقا تېگىشلىك ئىنسانىي زۆرۈرىيەتتۇر. بۇ بىر ئالىيجاناپلىق ياكى پەزىلەت ئەمەس، بەلكى ھەركىمنىڭ قىلىشى لازىم بولغان ئىشتۇر. مۇنداق قىلىش يارىتىلىشتىكى ساپ ھالەتنى ساقلاپ قالغانلىق ۋە يارىتىلىشنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ئىش قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئىنسانلار يۇغۇلۇشىدىن ياخشىلىق سۆيىدۇ ۋە يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ تۇغۇلما ساپ ھالىتىدۇر. ساماۋى دىنلارنىڭ ئاساسلىق رولى ۋە ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتىگە قايتۇرۇشتۇر. چۈنكى ئىنسانلار تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ساپ ھالىتىگە قايتىدىغان بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە رەببىنى تونۇيدۇ ۋە ھاياتىنى ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈشكە بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (توغرا دىنغا _ ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىن، ئۇ ئىنسانلارنى شۇ (دىن) نىڭ ئۈستىگە ياراتقان)[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەم ئىسلامنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاتا _ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خرىستىيان قىلىدۇ ۋە ياكى مەجۇسى (ئوتقا چوقۇنىدىغان) قىلىدۇ»[2]. دېمەك، ئىنسان ھەق دىنىنىڭ ئۈستىگە يارىتىلغان، ئۇ ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەت قىلىدىغان قىلىپ يارىتىلغان. بىزدىن تەلەپ قىلىنغىنى يارىتىلغان چاغدىكى ساپ ھالىتىمىز بىلەن ياشاشتۇر.

ئىنسانلارنىڭ تولىسى، خۇسۇسەن بىز ئۇيغۇرلار رىيكارلىققا ئادەتلىنىپ قالغان. شۇڭا بىزدىن بىراۋ بىرەر ياخشى ئىش قىلسا ياكى بىرىگە ياردەم قىلىپ قويسا، بىز ئۇنى ئالىيجاناپلىق دەپ ساناپ كېتىمىز، ئۇ كىشىنى ئۇلۇغلاپ چوقۇنغىلى تاس قالىمىز، بىز بۇ ئىشنى قالتىس ئىش ساناپ كېتىمىز، ھالبۇكى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشى ئىش قىلىش ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىكى خىسلىتى ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىدۇر. خۇددى پەرىشتىلەر گۇناھ قىلمايدىغان، ھايۋانلار ئىبادەت قىلمايدىغان يارىتىلغاندەك، ئىنسان ياخشىلىق قىلىدىغان، ياخشىلىقنى سۆيىدىغان قىلىپ يارىتىلغان مەخلۇقاتتۇر. بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزدىن باشلاپ بارلىق ئىشلىرىمىز رىياكارلىق ۋە شەكىلۋازلىق بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئارىمىزدىن بىراۋ قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشتىن بىرىنى قىلىپ قويسا، بىز ھاياجانلىنىپ كېتىمىز، ئۇنى ماختاپ كېتىمىز، ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئىشىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىمىز. ئەسلىدە تامامەن تەتۈرسىنى قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. يەنى بىز ياخشىلىق قىلغانلاردىن ئەمەس، بەلكى قىلمىغانلاردىن ھەيران قالساق بولاتتى.

---

[1] رۇم سۈرىسى30 _ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## مۇسبەتنى نىمەتكە ئايلاندۇرۇش

ھاياتلىق مۇساپىسىدە ھەمىشە خوشاللىق، ھەمىشە ئۇتۇقلا بولمايدۇ. ئىنسان بەزىدە ماددىي ۋە مەنىۋى زىيان _ زەخمەتلەرگە، مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. زىيان _ زەخمەت ئاچچىق، مەغلۇبىيەت ئاچچىق، پىلاننىڭ بەربات بولۇشى ئاچچىق، دىمەك زىيان تارتىش شۇنداق ئاچچىق نەرسە.

ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى ئاچچىق لىموندىن تاتلىق ئىچىملىك چىقارغاندەك، غۇرىدىن ھالۋا ياسىغاندەك بۇ ئاچچىق زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرالايدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر ئالدىغا چىققان قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارنى كۆرۈپ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇلار شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئىشقا سالالمايدۇ. ئەگەر ئىنسانلار بىلسە ئىدى، قىيىنچىلىقلار ۋە توسقۇنلۇقلار يوشۇرۇن تالانتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان مەيداندۇر. نۇرغۇنلىغان تالانتلار قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق ئىچىدە بىخ ئۇرۇپ چىققان. دالى كارنېگ مۇنداق دەپ يازغان‹ كاتتىلار ۋۇجۇدقا چىقارغان غەلىبىلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىرەردىن كەمچىللىك ھېس قىلىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوتتۇرىغان چىققان. مەسىلەن: شائىر مىلتون ئەگەر ئەما بولمىغان بولسا، شۇ مەشھۇر شېئىرىنى يازالمىغان بولار ئىدى. بىتخوۋېن پاڭ بولمىغان بولسا، شۇ مەشھۇر مۇزىكا ئەسرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بولار ئىدى›. چۈنكى بۇ مېيىپ ئىنسانلار ئۆزلىرىگە كەلگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتنى قوبۇل قىلغان. ئاندىن ئۆزلىرىدىكى كەملىكنى تالانتقا، ئاچچىقنى تاتلىق شارابقا ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان. مانا بۇ ئاچچىق لىموندىن تاتلىق ئىچىملىك ياسىغانلىقتۇر. ھەركىمدە ئاچچىقنى تاتلىققا، قايغۇنى خوشاللىققا ئۆرۈيەلەيدىغان قۇۋۋەت يوق. دەرتلىنىشكە ۋە شىكايەتكە ئادەتلىنىپ قالغانلارنىڭ مۇنداق قىلالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت قەلبى چوڭ، سەۋرىسى تولۇق ۋە ئىرادىلىك ئىنسانلار شۇنداق قىلالايدۇ. 9 _ ئەسىرنىڭ ئىسلاھاتچى ئۆلىماسى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئۆزىنىڭ تۈرمىدىكى ھاياتىنى تەسۋىرلەپ: ‹مېنىڭ تۈرمىگە تاشلانغانلىقىم مەن ئۈچۈن خىلۋەت، يۇرتۇمدىن پالانغانلىقىم مەن ئۈچۈن ساياھەت، تارتقان جاپالىرىم رىيازەتتۇر› دېگەن ئىكەن».

ئىمام ئەزەم تۈرمىگە تاشلانغان ۋە ھاياتىنى تۈرمىدە ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى. ئۇ كېيىن ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسىغا ئايلاندى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل زىندانغا قامالغان ۋە قامچىلانغان ئىدى. بىراق ئۇ كېيىنچە ئەھلى سۈننەت مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى؛ ئىبنى تەيمىييە تۈرمىگە ئېلىنغان ئىدى. ئۇ ئاشۇ تۈرمە ھاياتىدا زور مەنىۋى بايلىق توپلاپ ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا ئۆلىماسىغا ئايلاندى؛ ئىمام سەرەخسىي سۈيى تارتىلىپ كەتكەن قۇدۇققا تاشلانغان ئىدى، كېيىنچە ئۇ ئىسلام فىقھشۇناسلىقى توغرىسىدا يىگىرمە توملۇق ئەسەر يازدى؛ ئەللامە ئىبنى ئەسىر پالەچ تۇرۇپمۇ «جامىئۇل ئۇسۇل» دەك كاتتا ئەسەرنى يازغان ۋە ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولغان «نىھايە»نى تۈزگەن ئىدى؛ ئەللامە ئىبنى جەۋزى باغداتتىن قوغلىنىپ قۇرئاننى يەتتە خىل قىرائەت شەكلىدە ئوقۇيالايدىغان بولغان.

ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ياپونىيەدە بىر مىنىستىر ئۆتكۈزۈپ قويغان بىر خاتالىقى تۈپەيلىدىن جازالىنىپ، ھوقۇقىدىن ئېلىنىپ تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنى «مىنىستىر بولغاندىن كېيىن تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەش قانداق ئىكەن» دەپ مەسخىرە قىلغاندا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىشىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا : «مەن تازىلىق ئىشچىسى ئەمەس، مەن پۇقرالارنىڭ تەن _ سالامەتلىكى ئۈچۈن مۇھىتنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا تىرىشۋاتقان بىر ئادەممەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. چۈنكى بۇ ئادەم ئۆزىنى بىر ئاددىي تازىلىق ئىشچىسى ئەمەس، بەلكى دۇنيانى پاك _ پاكىز قىلىدىغان مۇھىم بىر ئادەم دەپ سانىغان. ئەگەر ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى، ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ كەسپىنى شۇنداق سۆيىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ. چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ خىزمىتى، ئىشى، كەسپى ۋە ھۈنىرى ۋەزىپە ئەمەس، بەلكى ھەۋەس ۋە خوشاللىق ھالىغا كەلگەندە ئادەم ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئىشىدىن بەخت _ سائادەت ھېس قىلالايدۇ. دىمەك، ئاساسلىق مەسىلە ۋەقەلىكلەرنى تەرجىمە قىلىشتا. ئەگەر بىز بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلارنى توغرا تەرجىمە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئىجابىي كۆزقاراشتا بولىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە بېشىمىزغا كەلگەن ئىشلاردىن بىزنى خوش قىلىدىغان ئەھۋاللارنى تاپالايمىز.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم دە ئوخشاش پۇل _ سەرپ قىلغان ئىككى ئادەملەرنىڭ ئىككى خىل ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿سەھرالىق ئەرەبلەردىن بەزىلىرى (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى سىلىق ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا ھادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ، (ئۇلار كۈتكەن) يامان ھادىسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلسۇن! ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت

قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴿ [1]. يۇقىرىقى ئىككى پىرقە ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئاۋۋالقىلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ساۋابىنى ئۈمىد قىلمىغان، شۇڭا بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق دەپ قارىغان. كېيىنكىلەر بولسا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر بولغانلىقتىن، ئۇلار ئاللاھ يولىدا بەرگەنلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە مۇيەسسەر بولۇش نىيىتى بىلەن بەرگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلغانلىقىنى ئىبادەت دەپ قارىغان. ئىش ئوخشاش بولغان، ئەمما نىيەت ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، نەتىجە ئوخشاش بولمىغان.

ئىنسانلار ئومۇمەن توپىقا ئوخشايدۇ، ئەمما بەزىسى ئۆرلىيەلەيدۇ، بەزىسى چۈشكەن يېرىدە يەرنى چاپلاپ يېتىۋالىدۇ. تۇرمۇشتىكى زەربىلەر بەزى ئادەملەرنى ھەرىكەتچان قىلسا، بەزى ئادەملەرنى ياتقۇزۇپ قويىدۇ.

مەن ۋەتەندە بىر ئالىمنى بىلىمەن، ئۇ كىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يادى قەلبىمىزدە ياشنىماقتا. ئۇ دىنىي ۋە تېبابەت ئىلمىدە يېتىشكەن يېتۈك ئالىم ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللام دېگەن كىشىدۇر. ئۇ كىشى بىلەن مەن 1994 _ يىلى خوتەندە سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم. ئۇ كىشى بىر كېسەلگە خىتايچە رېتسىپ يېزىۋاتاتتى. خىتايچە خەتنى خۇددى خىتايدەكلا ئوراپ، چىرماپ راۋان يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن ئۇ كىشىدىن خىتايچىنى قاچان ۋە قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى سورىۋىدىم. ماڭا ئۇنى تۈرمىدە ئۆگەنگەنلىكىنى ۋە تۈرمىنىڭ شارائىتىدا بارمىقى بىلەن توپىغا يېزىپ يۈرۈپ ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئويلاپ قالدىم، ئەگەر بۇ ئالىم تۈرمىگە تاشلانمىغان بولسا، خىتاي تىلىنى ۋە يېزىقىنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ، ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنەرمىدى؟ «قۇرئان سايىسىدا» دېگەن مەشھۇر تەپسىرنى يازغان سەييىد قۇتۇبنى ئالساق، بۇ كىشى مەزكۇر تەپسىرنى تۈرمىدە يازغان ئىكەن. بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت قىيىن شارائىتتىن ئۆزىمىزگە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى چىقىرىش بىزگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشتۇر. مەنمۇ «ۋەتىنىمگە بارالمىدىم، شۇڭا ئوقۇغانلىرىمنى يەتكۈزەلمىدىم، ئەمدى ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلغاي» دەپ ئولتۇرغان بولسام، ھېچ ئىش قىلالمىغان بولاتتىم. ئەمما مەن ۋەتەنگە بارالمىغانلىقتىن ئىبارەت بۇ يامان شارائىتنى، ئاچچىق تەقدىرنى مەنپەئەتلىك پۇرسەتكە، ئىجادىيەتكە ئۆزگەرتتىم.

[1]تەۋبە سۈرىسى، 98_99- ئايەتلەر.

## هايات _ ھەرىكەتتۇر

هايات _ ھەرىكەت، تىرىشىش ۋە كۈرەش دېمەكتۇر. هايات ھەرىكەت بىلەنلا ئۆزىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھەرىكەت تىرىكلەرنىڭ شوئارى، جىملىق ئۆلۈكلەرنىڭ بەلگىسىدۇر.

هايات تېز ئۆتۈپ كېتىشتە خۇددى ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشايدۇ. ئاققان سۇنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمىغاندەك ھاياتنىمۇ ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايدۇ. ئېقىپ تۇرغان سۇ سۈزۈك ۋە پاكىز تۇرغاندەك، ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان جىسىم ساق ۋە جۇشقۇن تۇرىدۇ.

ئاقمايدىغان سۇ ئۆزىنىڭ سۈزۈكلۈكىنى، پاكىزلىقىنى يوقاتقاندەك، ھەرىكەت قىلمىغان جىسىممۇ ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. هايات بىر نەرسىلەرگە ئېرىشىش يولىدا تىرىشىش ۋە ئىنتىلىش بىلەنلا ھۇزۇرلۇق ۋە بەختلىك ئۆتىدۇ. هايات قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىش بىلەنلا مەنىلىك ئۆتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ بەدىنىنى ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدىغان قىلىپ ياراتقان. ئاللاھ تائالانىڭ (ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغانغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن)[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرىكەت قىلىش، تىرىشىش ۋە كۈرەش قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان بۇ ئىنسان بەدىنى ھەرىكەتتىن قېپقالسا، چوقۇم ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىدۇ. ئادەم ئولتۇرمىغان ئۆينىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، تاملىرى كۆرۈمسىز بولۇپ كەتكەندەك، ئىشلەتمىگەن پىچاق تاتلىشىپ كېرەكتىن چىققاندەك، ھەرىكەتتىن قېپقالىغان، تىرىشچانلىقىنى يوقاتقان جىسىممۇ كاردىن چىقىدۇ.

ماددىي تەرەققىيات ئىنسانلارغا تۇرمۇشتا كۆپلىگەن ئوڭايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا يەنە كۆپلىگەن بەختسىزلىكلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا دادىمىز ئىش ئورنىغا ئاساسەن مېڭىپ باراتتى، بەزىلىرى ۋېلسىپىت بىلەن باراتتى. بىزمۇ مەكتەپكە مېڭىپ باراتتۇق. دېھقان ئېتىزغا كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ باراتتى، مۇئەللىم مەكتەپكە سومكىسىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ باراتتى، ھۈنەرۋەن دۇكىنىغا مېڭىپ باراتتى. ئىنسانلار يەنە كۆلدىن سۇ ئەكىلىشتەك، ھويلىنى تازىلاپ سۇ چېچىشتەك ئائىلىنىڭ جاپالىق ئىشلىرىنى قىلاتتى، ئىشقىلىپ تىرىكچىلىك جاپالىق، ئەمما تولىمۇ ھالاۋەتلىك ئىدى. ئۇ چاغلاردا قان بېسىمى، دىئابېت، خىلىسترىن دەيدىغان كېسەللەرنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدۇق. كىشىلەر ئۇ زامانلاردا ئۆزىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن زامانىمىزدىكىدەك كۆپ پۇل خەجلىمەيتتى.

ئۇ زامانلاردا ئاخشىمى بالدۇر ئۇخلاپ، ئەتىگەن سەھەر تۇرۇش ئادىتى ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇڭا ئەتىگەندە بالىلارمۇ روھلۇق ۋە تېتىك ھالدا مەكتەپكە باراتتى، ئاتا _ ئانىلارمۇ روھلۇق، جانلىق ئىدى، ھېچبىر كېسەلدىن دەرتلەنمەيتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا بىز ئاللاھ تائالانىڭ ھەرىكەتنى ھاياتلىقنىڭ نىشانىسى قىلىپ، كېچىنى ئۇيقۇغا، كۈندۈزنى تىرىكچىلىككە خاس قىلىپ بېكىتتۈەتكەن قانۇنىيىتىگە زىت ئىش قىلمايتتۇق.

ئەمما زامانىمىزدا بولسا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا كۆپلىگەن ئوڭايلىقلار بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە، بىز بۇرۇنقىدەك جاپا تارتمايدىغان بولدۇق. بالىلار مەكتەپكە مېڭىپ بارمايدۇ، بىز ئىش ئورنىمىزغا مېڭىپ بارمايمىز، كۆپىنچىمىز ئۆيىمىزدىن لىفت بىلەن چۈشىمىز، ماشىنىغا ئولتۇرىمىز، يەنە لىفت بىلەن ئىشخانىمىزغا چىقىمىز، ھەتتا مەسجىدكىمۇ بەزىدە ماشىنا بىلەن بارىمىز. ئاساسەن ھېچكىم پىيادە ماڭمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ياخشى. ئەمما بىز بۇ ئوڭايلىقلارغا ئېرىشىش بىلەن بىرلىكتە زىياننىمۇ ئاز تارتمىدۇق. ئەگەر چوڭ تارتقان زىيىنىمىز بولسا ھەرىكەت قىلماسلىق ياكى ھەرىكەتنى ئاز قىلىش بولدى. ھەر كۈنى ئاز دېگەندە يېرىم سائەت مېڭىپ بېرىش ھازىرقى زامان تېببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مۇھىم تەۋسىيەلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىز بىر سائەت تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ياكى ئۈندىداردا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشنى يېرىم سائەت مېڭىشتىن ئەۋزەل كۆرىمىز. ھالبۇكى، كۈندە يېرىم سائەت مېڭىپ بېرىش بىزگە ھەرگىز قىيىنغا توختىمايدۇ، ۋاقتىمىزنىمۇ ئالمايدۇ. ئەمما بىز قارنىمىزنى لىق تولدۇرۇۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزدە زاپاس ئېنېرگىيە توپلىۋېلىپ، بۇ ئېنېرگىيەنى چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايمىز، زىيادە ئېنېرگىيەنى سەرپ قىلىشقا تىرىشمايمىز. نەتىجىدە، بۇ بوشلۇقتىن بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاڭلاپ باقمىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى تېپىۋالىمىز. چۈنكى بىز راھەت ئىزدەش، جاپادىن قېچىش، تىرىشچانلىقنى قولدىن بېرىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتتۈەتكەن ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇش، تىرىشىش، ئاز _ تولا جاپا تارتىش قاتارلىق تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن زىتلاشتۇق. شۇڭا بۇ قىلمىشىمىزنىڭ جازاسىنى كېسەلگە گىرىپتار بولۇش، ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلالماسلىق قاتارلىق زىيان _ زەخمەتلەر بىلەن تۆلىدۇق.

چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قانۇنى بار. ئۇنىڭ بىرى كائىناتتا بېكىتتۈەتكەن قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ»، «ھەرىكەت تىرىكلەرنىڭ شوئارى»، «كېچە ئۇخلاشنىڭ، كۈندۈز تىرىكچىلىكنىڭ ۋاقتىدۇ»، «كېسەلدىن ساقلىنىش كېيىن داۋالىنىشتىن ئەۋزەل» دېگەن مەنىدىكى تەبىئىي قانۇنىيەتلەر بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلغانلار قىلمىشىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا ھەرخىل بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراش ئارقىلىق تارتىدۇ.

---

[1] ئىنشىقاق سۈرىسى، 6- ئايەت.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىككىنچى قانۇنى شەرىئەت قانۇنى بولۇپ، ئۇ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلىشىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىنى تاشلاش ئىككى ئالەملىك خاتىرجەملىكنىڭ ۋە بەخت _ سائادەتنىڭ كېپىلىدۇر. بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئۆزىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىغا، ئاندىن ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا تۇتقانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەر ئىككى قانۇنىغا ئەمەل قىلغان ئادەم ماددىي مەنىۋى جەھەتتىن ھېچقانداق زىيان _ زەخمەتكە ئۇچرىمايدىغان، ئىككىلىي ئالەم بەخت _ سائادەتلىك ھايات كەچۈرىدىغان ئادەمدۇر.

يەنە بىز ئاللاھ تائالانىڭ (كېچىنى كىيىمدەك(سىلەرنى يۆگەپ تۇرىدىغان) قىلدۇق. كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلدۇق)[1] دېگەن قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، كېچىنى ئويغاق يۈرۈشكە، كۈندۈزنى، خۇسۇسەن ئەتىگەنلىك ۋاقىتنى ئۇخلاشقا خاس قىلىۋالدۇق. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى ھەرخىل كېسەللىكلەرگە دۇچار قىلدۇق. تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كېچىسى ئۇخلىماي كۈندۈزى ئۇخلاشنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيىنى توغرۇلۇق ئېيتقانلىرى بىزنى بۇ توغرىدا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىن بىھاجەت قىلىدۇ. كېچىسى ئۇخلىماي كۈندۈزى ئۇخلاشنىڭ تەن ساقلىقىغا يەتكۈزىدىغان زىيىنىدىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان زىيىنىمۇ ئاز ئەمەس.

دېمەك، ئائىلىمىزدىكى ئېلېكترونلۇق جاھازلار بىكار بۇزۇلمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئىشلىتىش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغاندىلا بۇزۇلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك بىزنىڭ تەن سالامەتلىكىمىزمۇ ئاللاھ تائالا بېكىتتۈەتكەن قانۇنىيەت بىلەن زىتلاشقاندىلا بۇزۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نۇرغۇن كىشىلەر قەدرىنى بايقىيالمايدىغان ئىككى نەرسە بار، ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى، ۋاقىتتۇر»[2] دېگەن.

كېلىڭ قېرىنداشىم، كېسەل بولماستىن تەن ساقلىقنىڭ قەدرىنى بىلىڭ، ھېچ ئىش قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭىزنى قەدرلەڭ، ۋاقتىنى ئۆزىڭىزگە ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈڭ.

[1] نەبەئ سۈرىسى، 10_ 11-_ ئايەتلەر.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## هاجەتمەننىڭ هاجىتىنى راۋا قىلىش نەپلە ھەجدىن ئەۋزەل

ئىسلام پەرزلىرىنىڭ تۈرلۈك بولۇشى شەخس ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىسلام ئىبادەتلىرىنى تۈرلۈك قىلىپ بەلگىلىگەن. مەسىلەن: قۇرئان كەرىمدە ھەمىشە بىللە بايان قىلىنىپ كەلگەن ناماز بىلەن زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ پەرزنى ئالساق، بۇ ئىككىسى شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. چۈنكى ناماز ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتسە، زاكات ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ.

قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ پۇل _ مېلىغا يىلدا بىر قېتىم زاكات كەلگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتتىكى يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇرۇق _ تۇغقانلار ئارىسىدىكى يوقسۇللارنى يۆلەش ۋەزىپىسىمۇ يۈكلىنىدۇ. زاكات بىلەن سەدىقە ساۋاب ۋە ئەھمىيەت جەھەتتىن بىر _ بىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار سەدىقە ۋە خەي _ ئېھسان دېگەنلەرنى يانچۇقتىكى تومۇر تەڭگىلەردىن قۇتۇلۇش دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار يولدا ئۇچراشقان تىلەمچىگە بىر ياكى ئىككى تىيىن سەدىقە بېرىپ قويسا ئالەمچە ياخشى ئىش قىلغاندەك مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئەرەب تىلىدىكى«صدقة» دېگەن سۆز «صداقة»دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسىنى ۋە ساداقىتىنى ھەم سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبچىدە خەير _ ساخاۋەت «انفاق» يەنى( ئىنفاق) دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىنفاق» ياكى«نەفەق» دېگەن (تونىل، يەر ئاستى يول) دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەخپىي ھالدا كىشىلەرنىڭ قەلبىگە يول ئېلىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا سەدىقە ۋە خەير _ ئېھساننى مەخپىي بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ((ئاللاھ يولىدا) ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر [1]) دەپ كۆرسەتكەن.

### مىڭلارچە نەپلە ئىبادەتتىن بىر پەرز ئەۋزەل

پەرزنى ئادا قىلىشنىڭ نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە ۋە پەرزنىڭ ساۋابى نەپلىنىڭ ساۋابىدىن كۆپ ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق ھەم ئىختىلاپمۇ يوق. ئىسلام پەرزلىرىدىن ھەربىرى ئۆز ساھەسىدە مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. مەسىلەن: ناماز ۋاقتى كىرگەندە شۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنى ئادا قىلىش، بىراۋغا مىڭلارچە دوللار خەير _ ساخاۋەت قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدەك، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ۋاقتىدا بىرەر ئىنساننىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇشتەك مۇھىم جىددىي ئەھۋالدا جاننى قۇتۇلدۇرۇش ھەج قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قىسسە بار: سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە ئايرودرومىدا ئايروپىلانغا چىقىش سائىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ھاجىلاردىن بىرى يېنىدا ئولتۇرغان ھاجى سەئىد بىلەن تونۇشقۇسى كەلدى. چۈنكى كۈتۈش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىش بولۇپ، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولمىغاندا ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ. ھېلىقى ھاجى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئونىنچى قېتىملىق ھەجنى تاماملاپ يۇرتىغا قايتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ تازا ماختىنىدۇ. ئاندىن ھاجى سەئىدتىن ئۇنىڭ قانچە قېتىم ھەج قىلغانلىقىنى سورايدۇ. ھاجى سەئىد ئۇنىڭغا: مېنىڭ بۇ بىرىنچى قېتىملىق ھەج قىلىشىم بولىدۇ، بۇنىڭ ھېكايىسى بەك ئۇزۇن، شۇڭا كۆپ سۆزلەپ سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن» دەيدۇ. ھەمراھى ئۇنىڭغا: «زادى شۇنداق گەپ سېتىپ ئولتۇرمىساق بۇ ئۇزۇن ساقلاشنى ئۆتكۈزۈپ بولالمايمىز. سۆزلىگىن، قولىقىم سەندە» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاجى سەئىد قىسسىسىنى باشلايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوتتۇز يىل ساقلىغاندىن كېيىن بۇ ھەج پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن بىر شەخسىي دوختۇرخانىدا كېسەللەرنى فىزىكىلىق داۋالاش ئىشىدا يىگىرمە يىل ئىشلەپ پۇل توپلىدىم. ئاخىرى ھەج سەپىرىگە ئاتلىناي دەپ تەييارلىق قىلدىم. ئاخىرقى كۈنى دوختۇرخانىغا بېرىپ قالغان مائاشىمنى ئالاي دەپ بارسام، پەلەج بولۇپ قالغان بالىسىنى مەن داۋالاپ كېلىۋاتقان بىر ئايالغا ئۇچراپ قالدىم. ئايال ئوغلىنى داۋالاش ئىشىنى توختاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا: نېمىشقا توختىتىسىز؟ ياكى مەن ياخشى قارىمىدىممۇ؟»دەپ سورىۋىدىم، ئايال: «ياق، سىز راستىنلا بالىمىزغا ياخشى قارىدىڭىز، بىزنىڭچە بولسا بۇ داۋالاشنى داۋاملاشتۇرساق بولاتتى. چۈنكى ياخشى ئۈنۈپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمما بالامنىڭ ئاتىسى ئىشسىز قالدى، دوختۇرخانىغا تۆلەشكە پۇلىمىز يوق، شۇڭا توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدۇق» دېدى. مېنىڭ قاتتىق ئىچىم ئاغرىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىنىڭ مۇدىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئايالنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدىم، ئەگەر مۇمكىن بولسا ھەقسىز داۋالاشنى ئۆتۈندۈم. ئەمما مۇدىر قوپاللىق بىلەن: «بۇ خەير _ ساخاۋەت جەمئىيىتى ئەمەس، بۇ دېگەن پۇل تاپىدىغان يەر، پۇلى بولمىسا داۋالىمايمىز»دېدى. شۇ ھامان قولۇمنى يانچۇغۇمغا سېلىپ پۇلۇمنى سىقىمدىدىم، ئىچىمدە بۇ مېنىڭ يىگىرمە يىللىق ئىشلىگەن پۇلۇم، ھەج پۇرسىتى ئاران كەلدى ماڭا، ئەمدى بۇ پۇرسەت كېتىپ قالسا، ئۇلۇغ ھەرەمنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەبرىسىنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، زادى قانداق قىلاي دەپ ئويلاندىم، بىر تەرەپتىن بۇن پەلەج بالىغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى. ئاخىرى يانچۇغۇمدىكى پۇلۇمنى ئۇلارغا بېرىش قارارىغا كېلىپ، دوختۇرخانىغانىنىڭ ھېسابات بۆلۈمىگە كىردىم ۋە ھەممە پۇلۇمنى ھېلىقى بالىنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئالتە ئايلىق پۇلىنى ئالدىن تۆلىۋەتتىم. دوختۇرخانىدىكىلەرگە مېنىڭ پۇل بەرگەنلىكىمنى ئۇلارغا ئېيتماسلىقىنى ۋە چىقىمنى دوختۇرخانا ئۆزى كۆتۈرىدىغان بولدى دەپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. شۇ كۈنى ھەج قىلىش پۇرسىتىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ ھالىم پەۋرىشان بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن بىر

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى92 _ ئايەت.

ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلالىغانلىقىم ئۈچۈن سۆيۈنۈپ ئۆزۈمنى شاد قىلدىم. شۇي كېچىسى شۇنداق بىر ياخشى چۈش كۆردۈمكى، چۈشۈمدە مەن ھەرەمگە بېرىپتىمەن، كەئبىنى تاۋاپ قىلىپتىمەن. نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا سالام بېرىپ: «مۇبارەك بولسۇن! ھاجى سەئىد، بىزنىمۇ دۇئادا ئۇنۇتمىغايسەن»دېگىلى تۇردى. چۈشۈم ئاخىرلىشاي دەپ قالغانتى تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفوندا دوختۇرخانا مۇدىرى ماڭا مۇنداق دېدى: «سەئىد بۇ دوختۇرخانىنىڭ خوجايىنى بۇ يىل ھەجگە بارىدىكەن، ئەمما بىرەر ھەمراھقا موھتاج ئىكەن، شۇڭا سېنى تاللاپتۇ، ئەگەر ماقۇل دېسەڭ بارلىق چىقىمىڭنى خوجايىن ئۆزى قىلىپ سېنى ھەجگە بىرگە ئەلىپ بارىدىكەن، ئاندىن يەنە ساڭا ئايرىم ھەق تۆلەيدىكەن» دېدى، مەن ئويلانماستىنلا: «ماقۇل» دېدىم. بۇ خۇشاللىقتىن سۆيۈنۈپ ئالللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ يىغلاپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىر پۇل تۆلىمەستىن ھەجگە بېرىپ مانا بۇ ھەجنى تاماملاپ قايتىۋاتىمەن. ھەج سەپىرىدە دوختۇرخانا خوجايىنىغا ياخشى خىزمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ مېنى مۇكاپاتلايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ھېلىقى ئايالنىڭ پەلەج بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى دېۋىدىم، ئۇ دەرھال دوختۇرخانىنىڭ مۇدىرىغا تېلېفون قىلىپ، بالىنىنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى خوجايىن ئۆزى كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايالنىڭ ئېرىنى ئۆزىنىڭ بىر شىركىتىگە ئىشقا ئالدى. مەن خوجايىنغا دوختۇرخانىدا يوقسۇللارنى داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان بىر ياردەم ساندۇقى بېكىتىش پىكرىنى بېرىۋىدىم، ئۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى. مېنىڭ ئايالنىڭ بالىسى ئۈچۈن دوختۇرخانىغا تۆلىگەن پۇلۇمنى قولۇمغا ساق قايتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن يىغقان پۇلۇم قولۇمدا قېلىپ، بىكارلىق ھەج قىلىپ قايتىۋاتىمەن.

ھاجى سەئىد قىسسىسىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ھەمراھى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈشكە باشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «مەن ھاياتىمدا بۈگۈنكىدەك خىجالەتچىلىك ھېس قىلمىغان ئىدىم. مەن ئۆزۈمنى ئون قېتىم ھەج قىلدىم، شۇڭا مېنىڭ ئىسمىم ئالللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشىلارنىڭ قاتارىدا يېزىلىپ كەتتى دەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ھالبۇكى، مەن سەنچىلىك بولالماپتىمەن. مەن مىڭ قېتىم ھەج قىلساممۇ سېنىڭ بىر قېتىم قىلغان مۇشۇ ھەججىڭگە ئوخشاش ساۋاپ تاپالمايدىغانلىقىمنى بىلدىم. چۈنكى سېنى ئالللاھ تائالا ئۆزى چاقىرىپ كەپتۇ بۇ يەرگە، مەن بولسام ئۆزۈم سوقۇلۇپ كەپ قاپتىمەن. چۈنكى بىر قېتىم پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۇل _ مېلىمنى خەير _ ساخاۋەت يوللىرىغا ئىشلەتكەن بولسام مەنمۇ سەندەك ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشەلىگەن بولار ئىدىم» دېدى.

## ئىبادەت بىلەن ئىلىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق

مەن ھاياتىمدا ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى ياقتۇرمايدىغان نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى كۆردۈم. مەن بىھۇدە گەپ تالىشىپ، ئۆزلىرى بىلمىگەن دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە جېدەل قىلىشىپ ئولتۇرغان قېرىنداشلارنى كۆرۈپ: «ھەي بۇرادەرلەر! قۇرۇق گەپ تالاشقاندىن كۆرە كىتاب ئوقۇساڭلار بولمامدۇ؟»دەپ سورىسام، ئۇلار: «كىتاب ئوقۇغانلار نېمە ئىش قىلالاپتۇ؟ سىلى كىتاب يېزىپ نېمە غەلىبە قىلالىدىلا؟ دېدى. مەن دېدىمكى: «كىتاپ ئوقۇغان ئادەم بىلمىگەننى بىلىدۇ، ھېچبولمىسا ئادەم بولىدۇ. ئەمما مەن ئۆزۈمنى چوڭ ئىش قىلدىم دېيەلمەيمەن، مەن پەقەت بۇرچۇمنى ئادا قىلىشقا تىرىشۋاتقان بىرىمەن». ھەرەمدە ئىبادەت قىلىش نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن پەزىلەتلىك ئىش _ ھە! ئەمما مەن ئىشەنچلىك، تەقۋادار ئالىمنىڭ كىتابىدىن بىرەر ماۋزۇنى ئوقۇشنى ھەرەمدە ئىككى رەكئەت نەپلى ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەل كۆرىمەن. چۈنكى ئوقۇغان ۋە بىلگەن ئادەمنىڭ ئىككى رەكئەت نامىزىنى نادان مۇسۇلماننىڭ يۈز رەكئەت نامىزىدىن ئەۋزەل كۆرىمەن. بەلكى بۇ ئويلىغىنىم خاتادۇر. خاتالاشقان بولسا، جانابى ئاللاھتىن ئەپۇ سورايمەن. مەن نېمىشقا شۇنداق دەيمەن؟ چۈنكى دىنىنىڭ بېشى ئوقۇشتۇر. شۇڭا پەيغەمبىرىمىزگە تۇنجى ۋەھيى«ئوقۇ!» دەپ كەلگەن. يەنە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر)[1]. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرى ئابىد، يەنە بىرى ئالىم ئىككى كىشىنىڭ قايسىسى ئەۋزەل ئىكەنلىكى ھەققىدە سوئال سورالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئارتۇقلىقى مېنىڭ سىلەرگە بولغان ئارتۇقلىقىمغا ئوخشايدۇ»[2] دېدى. بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرمەكچى بولساق دەيمىزكى، بىر مەلۇم بىر مەكتەپتە 30 _ 40 يىلدىن بېرى مەكتەپكە قارايدىغان بىر دەرۋازىۋەن بار دەپ پەرەز قىلساق، بۇ دەرۋازىۋەن مەكتەبتىكى كاتتا ئۇستازغا ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇ كاتتا ئۇستازغا ھەر كۈنى ۋە ھەر سائەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىدۇ. ئەمما بۇلار ئۇنىڭدا ئوقۇپ بىلىم ئالىدۇ، ئۇنىڭ لېكسىيەلىرىنى تىڭشايدۇ. نەتىجىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە تۇرغان ۋاقتى ئاران 5 _ 6 يىل بولسىمۇ، بىر ئۆمۈرگە يەتكۈدەك بىلىم ئالىدۇ، ئادەم بولىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، ئەخلاقلىنىدۇ. ئەمما ھېلىقى دەرۋازىۋەن ئۇستازلارغا شۇنچىلىك تۆۋەنچىلىك بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ مەكتەپتە 30 _ 40 ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئۇ مەكتەپتىن دەسلەپتە بۇ مەكتەپكە قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ ئىشلەش جەريانىدا مائاش ئېلىپ قورسىقىنى باققاندىن باشقا ھېچ نەرسە ئالالمىغان ھالدا قۇرۇق قول چىقىدۇ. مۇسۇلمان ئادەممۇ ئاللاھ تائالاغا يىللارچە ئىبادەت قىلسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئوقۇپ بىلىم ئالمىسا، بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزىنى تولۇقلىمىسا، ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆگەنمىسە، ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا قۇلچىلىق قىلالمايدۇ، قىيىنچىلىقلار، زور سىناقلار ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. مۇنداقلارنىڭ ئىمانى ئاجىز بولغانلىقتىن ئىرادىسىمۇ ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما رەببىنى بىلىم يولى بىلەن تونۇغان، ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى ئوقۇپ ئۆگەنگەن مۇئمىن ئادەم دۇنيانىڭ ھەر قانداق ئازدۇرغۇچ كۈچلىرى ۋە زالىملارنىڭ قانلىق قامچىلىرى ئالدىدا تىز پۈكمەيدۇ، خۇددى تۇنجى ئىسلام شېھىتلىرى ياسىر ۋە سۇمەييەلەردەك ئەقىدە يولىدا جېنىنى قۇربان قىلالايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھتىن پەقەت ئۇنىڭ ئالىم بەندىلىرىلا قورقىدۇ)[3]. يەنى ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى، كاتتا قۇدرىتىنى بىلەن ئادەم ئاللاھ تائالادىن ھەممە ئادەمدىن بەكرەك قورقىدۇ ۋە ئۇنىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، ئوقۇڭ، بىلىم ئېلىڭ ۋە مۇسۇلمان بولۇڭ!

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى19 _ ئايەت.
[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ»دېگەن ھەدىس.
[3] فاتىر سۈرىسى28 _ ئايەت.

## ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى تۇرلۇك خۇراپاتلاردىن ۋە ھەرخىل خورلۇق ھەم ئېزىلىشلەردىن ئازات قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى كۆتۈرۈش ۋە ئىززىتىنى قوغداش، شۇنداقلا ھاياتىنى رەتكە سېلىش ئارقىلىق ئۇنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر دىندۇر. بۇ مەنە قادىسىيە غازىتى جەريانىدا ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قوماندىنى سەئد تەرىپىدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئىرانلىقلارنىڭ ھەربى قۇماندىنى رۇستەمگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى رىبى ئىبنى ئامىرنىڭ سۆزىدە تېخىمۇ تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ رۇستەمگە مۇنداق دېگەن: «بىز پەقەت ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتەك ئەزىزلىققا ۋە دىنلارنىڭ جەۋر _ زۇلۇملىرىدىن ئازات قىلىپ ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق» دېگەن.[1]

ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى جەفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەجاشىنىڭ ئالدىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ مۇنداق دەپ نۇتۇق سۆزلىگەن: «ئى پادىشاھىم! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا _ پاھىشە قىلىدىغان، ئۇرۇق _ تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق مىللەت ئىدۇق. بىزگە بىز نەسىبىنى، راستچىللىقىنى، ئىپپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. ئۇ بىزنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، ھارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىزنى زىنا _ پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال _ مۈلكىنى يەۋېلىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، روزا تۇتۇشقا ئەمر قىلىدۇ»[2] .

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ۋە قانداق قىلغاندا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن ھەم شۇنىڭ يولىنى روشەن قىلىپ سىزىپ بەرگەن. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە قانۇن _ تۈزۈملىرى ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ تولۇق قىلىپ بېكىتىلگەن.

توماس كارلايل[3] مۇنداق دەپ يازغان: «چۆلدە ياشايدىغان، ھەممە تەرەپتىن ئارقىدا قالغان ئەرەب مىللىتىگە بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلار ئىلىم _ ئىرپاندا دۇنيانىڭ قىبلىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەرەبلەر بۇرۇنقى ئاجىزلىقىدىن كۈچلەندى، سان جەھەتتىكى ئازلىق كۆپەيدى، خورلۇقتىن ئەزىزلىققا ئېرىشتى. چارەك ئەسىر ئۆتمەستىن، دۇنيا ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە ئىلىم _ مەرىپىتى بىلەن گۈللىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەرەبلەر ئىسلامدىن ئىلگىرى ئاياللارنى ئىنسان قاتارىدا كۆرمەيتتى. ئىسلامدىن كېيىن، ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتە دۇنيا خەلقىگە ئۈلگە بولۇپ قالدى. ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنىڭ سايىسىدا ئادالەتنى سۆيىدىغان، ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىدىغان، زۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغان، ئاجىزلارنى يۆلەيدىغان پەزىلەتلىك ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالدى. بىر قانچە ئون يىل ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشقان مۇنداق جىددىي ئۆزگىرىش ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. گويا ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ يەرلەشكەن ۋە ئۇلارنى جىمى ياخشى ئىشلارغا ئۈندەپ، يامان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرغان».

---

[1] بۇ قىسسە «البداية والنهاية» ۋە«تاريخ الطبري»ناملىق كىتابلاردا بايان قىلىنغان.

[2] دوكتور راغىب سەرجانىنىڭ لېكسىيەسىدىن.

[3] توماس كارلايلنىڭ «باتۇرلار» ناملىق ئەسىرى 1940- بەت، توماس كارلايل (1795-1881) مەشھۇر ئېنگلىز يازغۇچىسى.

## ئىنسان نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلىدۇ؟

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ھەربىر ئىنسان ئۆزىدىن ئۆزى «مەن نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھ بۇيرۇغان بويىچە ياشىمايمەن؟» دەپ سورىسا، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە «ئاللاھنى تونۇمىغانلىقتىن» دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاۋۋال ئەمىر قىلغۇچى رەببىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ كۈچ _ قۇدرىتىنى تونۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئەمىر _ پەرمانلىرىنى تونۇسا، ئۇ ئىنسان رەببىگە بولغان ئىتائەتمەنلىكنى چوقۇم ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئاددىي مىسالى شۇكى، قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش دۆلەت تەرەپتىن بېكىتىلگەن قانۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازالىنىدۇ. ئەمما ئىنسان بۇ قانۇنغا قانداق ۋاقىتتا خىلاپلىق قىلىدۇ؟ پەقەت قانۇننىڭ كۈچىنى ئاددىي ساناپ قالغاندا ياكى ئۆزىنى قانۇندىن كۈچلۈك ھېس قىلغاندا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ يەتتە (قات)ئاسماننى ۋە زېمىندىنمۇ ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى ياراتقان زاتتۇر، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر)[1]. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ يەتتە قات ئاسماننى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈشى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، مىسلىسىز كۈچ _ قۇۋۋىتىنى ۋە ھەممىنى بىلىشتەك مۇكەممەل ئىلمىنى بىلىپ، ئۇنى لايىقىدا قەدىرلىشى، ئۇنى ئۇلۇغلىشى، ئۇنىڭ جازاسىدىن قورقۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەمىشە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. ئىنسان رەببىنى بىلمىگەن ۋە لايىقىدا تونۇمىغان ئىكەن، ئۇنىڭ جازاسىدىنمۇ قورقمايدۇ. شۇڭا گۇناھ _ مەسىيەت سادىر قىلىدۇ.

[1] تالاق سۈرىسى12 _ ئايەت.

## ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قاتىللىق جىنايىتى

ئىنسانىيەت يەر يۈزىدە هايات كەچۈرۈشكە باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا قاتىللىق جىنايىتى يۈز بەرگەن ئىدى.ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە قابىل ۋە هابىل دەپ ئىككى قېرىنداش بار بولۇپ، ئۇلار ئۆيلىنىش يېشىغا كېلىپ قالغان ئىدى.ئۇ زامانلاردا دۇنيادا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشقا ئىنسان بولمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنىنىڭ بىر _ بىرى بىلەن ئۆيلىنىشىگە رۇخسەت بەرگەن ئىدى.ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى هەۋۋا ئانىمىز هەر قېتىمدا ئىككىزەك تۇغاتتى. ئىككىزەكنىڭ بىرى قىز، يەنە ئوغۇل بولاتتى. ئەمما بىر ۋاقىتتا توغۇلغان ئىككىزەكلەرنىڭ بىر _ بىرىگە ئۆيلىنىشى هالال ئەمەس ئىدى.ئۇلار پەقەت ئۆزىدىن كېيىن ياكى ئىلگىرى تۇغۇلغان قېرىنداشلىرى بىلەنلا ئۆيلىنەلەيتتى. قابىل ئۆزىنىڭ ئىككىزەك هەمشىرىسىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

ئەسلىدە قابىل بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇغۇلغان قىز هەمشىرىسى ئۇنىڭغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باشقا بىر قورساق كۆتۈش بىلەن تۇغۇلغان قېرىندىشى هابىلغا تېگىشلىك ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام قابىلغا ئۆزىنىڭ ئىككىزەك هەمشىرىسىگە ئۆيلىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى قايتا _ قايتا چۈشەندۈرسىمۇ، قابىل بۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام قابىل بىلەن هابىل ئىككىسىنى بىرەردىن قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت قايسىسىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولغان بولسا، ئۇنىڭ هەقلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىسۇن ئۈچۈن ئىدى. قۇربانلىقنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى قۇربانلىقنى ئاسماندىن بىر ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرۈپ تاشلىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار قۇربانلىق قىلىدۇ. هابىل چارۋا ماللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ يوغان ۋە سېمىز بىر مالنى قۇربانلىق ئۈچۈن كەلتۈردى. ئەمما قابىل تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ مېۋىلەرنىڭ ناچارلىرىدىن بىر سېۋەت ئېلىپ كېلىپ ئۇنى قۇربانلىققا ئاتىغان ئىدى. هابىلنىڭ قۇربانلىقىنى ئوت كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، ئەمما قابىلنىڭ قۇربانلىقىنى كۆيدۈرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قابىلنىڭ هەقسىزلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما قابىل بۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ.

قابىل هابىلنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش ئارقىلىق بۇ رەقىبىدىن قۇتۇلۇشنى پىلانلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر پۇرسەت تېپىپ قېرىندىشى هابىلنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قاتىللىق جىنايىتىنى سادىر قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ۋەقەلىكنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ( ئۇلارغا ئادەمنىڭ(هابىل ۋە قابىلدىن ئىبارەت) ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن بايان بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. هابىلنىڭ قوبۇل بولدى، قابىلنىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل هابىلغا) «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېۋىدى، (هابىل) ئېيتتى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولۇمنى سوزغۇچى ئەمەسمەن. چۈنكى مەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن. مەن هەقىقەتەن سېنىڭ مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناهىڭنى ۋە (باشقا) گۇناهىڭنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ دوزاخ ئەهلىدىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، زالىملارنىڭ جازاسى شۇدۇر». شۇنداقتىمۇ (قابىلنىڭ)نەپسى خاهىشى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. قاغا (بىر ئۆلۈك قاغىنى كۆمۈش ئۈچۈن) يەرنى كولىۋاتاتتى. (قابىل بۇنى كۆرۈپ): «ۋاي ئىسىت! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولالمىدىممۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولدى[1]).

رىۋايەتلەرگە كۆرە، تۇنجى قاتىللىق جىنايىتى سادىر قىلىنغان ۋاقىتتا ئادەم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەتكەن بولۇپ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان هامان ئۆيىگە كېلىپ هەۋۋا ئانىمىزغا ئەهۋالنى ئېيتقاندا، هەۋۋا ئانىمىز بۇ سۆزگە هەيران قالىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم دېگەن نېمە بۇنى بىلمەيتتى ۋە ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدى.شۇڭا ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى هابىلنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، هەۋۋا ئانىمىز قاتتىق نالە _ پەرياد قىلىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلاپ، ئۇنىڭغا دەيدۇ: «بولدى قىلىڭ، سىز هابىلنى بۇ دۇنيادا كۆرمىگەن بىلەن جەننەتتە كۆرىسىز ۋە بىرگە بولىسىز». بۇ ئەڭ ياخشى تەسەللى ئىدى.بىر ئانا ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ياخشى تەسەللى بارمۇ؟ باشقا قانداق بىر تەسەللى بۇ ئانىنىڭ ئاهۇ _ زارىنى پەسلىيەلەيتتى؟ شۇنىڭ بىلەن هەۋۋا ئانىمىز يىغىسىنى توختىتىدۇ ۋە سەۋر قىلىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئۇ بىزنى مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن مەڭگۈلۈك جەننەتنى ياراتتى. ئەگەر جەننەتتە ئۇچرىشىش تەسەللىسى بىلەن كۆڭلىمىزنى پەپىلىمسەك هاياتلىقتىن ئايرىلغان يېقىنلىرىمىزنىڭ هەسرىتىنى قانداق قىلىپ ئۇنۇتقان بولاتتۇق؟! ئۇنۇتمايلىكى، رەببىمىز تولىمۇ شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر.

---

[1] مائىدە سۈرىسى27 _ 31 _ ئايەتلەر.

## بىز ئەمدى پسىخولوگلارغا موھتاج بولۇپ قالدۇقمۇ؟

ھازىر دۇنيانىڭ قايسىبىر يېرىدە بولمىسۇن، ئىنسانلار جەمئىيىتى تۈرلۈك كىرىزىسلارغا مۇپتىلا بولماقتا. بۇ بىر تەرەپتىن زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىققان ھايات تەلەپلىرى، ياشاشنىڭ قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىغا بولغان ئىمانىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە قىممەت قاراشلارغا ماددىنىڭ ھۆكۈملىق قىلىنىشىدىن قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك. ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتى قىممەت قاراشلار ئاستى _ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن، گۈزەل ئەخلاق ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، مۇسۇلمانلاردا دۇنيالىق تېز مەنپەئەتلەر ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان، مەنىۋى جەھەتتىن يوقسۇللۇققا تولغان بىر جەمئىيەتتۇر. بۇ جەمئىيەت كىشىلىرى بايلىقتا، ئاز _ تولا ئىلىم _ پەندە مەلۇم دەرىجىدە يۈكسىلىش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ روھىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، مەنىۋىيەتكە بولغان قاتتىق ئېچىرقاش، روھىيەت تەشنالىقى ئىچىدە ھايات كەچۈرمەكتە. ئەسلىدە، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەنىۋى بايلىققا ۋە دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئىنسانلاردا بولمىغان ئەنگۈشتەرگە ئىگە تۇرۇپ، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلىكتىن، ھېلى ئۇنىڭ، ھېلى بۇنىڭ روھىيەت ھەققىدىكى دەرسلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىگە تەسەللىي بەرمەكچى بولىدۇ. شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، مۇسۇلمانلار مۇنداق روھىيەت دەرسلىرىگە ھەرگىز موھتاج ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن روھىيەتكە باي ئۈممەتتۇر. ئەگەر بىزنىڭ خەلقىمىز ئەقلىنى ئىشلەتسە ۋە چۈشەنسە، بىزنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىم ئەڭ چوڭ روھىي بايلىقىمىزدۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ روھىيەت بابىدىكى «قالتىس»لىقى بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «قالتىس»لارنى، ھەر قايسى ياۋروپالىق پسىخولوگلارنى ۋە ھەر قانداق بىر روھىيەت مۇتەخەسسىسىنى ئەلۋەتتە بېسىپ چۈشەتتى. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، كىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلىدى؟ بۇ ئاز سانمۇ؟ ئۇيغۇرلار مەپتۇن بولغان بۇ پسىخولوگلار سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا سۆز ئاچقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلغان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر سۆزىدىن روھىيەتنىڭ شىپاسى، ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ياكى ئائىلىۋى كىرىزىسنىڭ ھەل قىلغۇچ چارىسى چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ «رەقىبىنى يىقىتقان كۈچلۈك ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالىغان كۈچلۈكتۇر»، «ياخشىلىقتىن ھېچبىرىنى كىچىك سانىما، ھەتتا بىر بۇرادىرىڭنى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىشىڭمۇ كىچىك ئىش ئەمەس»، «مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى، ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىدۇر»، «كىمكى بىرەر قۇچقاچنى بوغۇزلاشتا بولسىمۇ رەھىمدىللىق قىلىدىكەن، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ» دېگەن ھەدىسلەر بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا ئۇ زات چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى تەلۋىلەشكەن، خۇراپاتقا كۆمۈلۈپ كەتكەن، ئىش پۇشۇقىنى بىگۇناھ قىزلىرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ، تۇپراققا كۆمۈش بىلەن چىقىرىدىغان، قورسىقى ئېچىپ قالسا، چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى پارچىلاپ يەيدىغان ھالەتتىكى پسىخىكىسى بۇزۇق، بەربات ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارنى دۇنيا خەلقىگە ئۈلگە بولۇشقا سازاۋەر ئىنسانلارغا ئايلاندۇرغان، ئەخلاق _ پەزىلەتنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىدىغان ئۇستازلاردىن قىلغان.

بىز ئۆزىمىزدىكى ئەنگۈشتەرنى قەدىرسىز، دەپ تاشلاپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ پەردازلىق نەرسىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگەنسېرى شۇنچىلىك كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ۋە شۇنچىلىك كۆپ پسىخىكىلىق راھەتسىزلىكلەرگە مۇپتىلا بولىۋېرىمىز. چۈنكى بىزنىڭ شىپايىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئەقىدىسىدە ۋە دىنىمىزدا يوشۇرۇنغان. بۇ ئۈممەتنىڭ ئەھۋالى ئىلگىرى نېمە بىلەن تۈزەلگەن بولسا، يەنە شۇنىڭ بىلەن تۈزۈلىدۇ!

# قۇرئان كەرىم مۆجىزىلىرى

## تاغلارنىڭ قوزۇق ئىكەنلىكى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: (يەر يۈزىنى(سىلەر ئۈچۈن) بىسات قىلمىدۇقمۇ؟. تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟)[1] دەيدۇ. بىزنىڭ بۇ ئايەتلەردىن توختالماقچى بولغىنىمىز (قوزۇق) دېگەن سۆز بولۇپ، ئاللاھ تائالا تاغلارنى قوزۇققا ئوخشاتقان. بۇ ئايەت تاغلارنىڭ بىز كۆرۈۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى يەرگە قېقىلغان قوزققا ئوخشاش بولۇپ، خۇددى قوزۇق چېدىرلارنى بوران _ چاپقۇنلارنىڭ ئۆرۈۋېتىشىدىن ساقلاپ قالغىنىدەك، زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

### ئىلمىي ھەقىقەت

ئىنسانلار ئون توققۇزىنچى ئەسىرگە كەلگۈچىلىك تاغلار توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمەيتتى، پەقەت تاغلارنى كۆپلىگەن تاشلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ئىگىزلىك دەپلا بىلەتتى. ئۇلار تاغلارنىڭ ئاستىدا ئۆزىنىڭ سىرتتا كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمىدىنمۇ ئۇزۇن بولغان قىسمى بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئىنسانلار گېئولوگىيە ئىلمىنىڭ سايىسىدا تاغلارنىڭ يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمىدىن نەچچە ھەسسە ئۇزۇنلۇقتا، ھەتتا ئۆزىدىن 15 ھەسسىگىچە ئۇزۇنلۇقتا يىلتىزى بارلىقىنى كەشىپ قىلىپ چىقتى. ھازىرقى ئىلىم _ پەن يەنە زېمىن پوستىنىڭ بىر قانچە قەۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ قەۋەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىشى سەۋەبلىك يەر تەۋرەش ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، تاغلارنىڭ يەر تەۋرىگە چاغدا خۇددى قوزۇقلاردەك قادىلىپ تۇرۇپ زېمىن پوستىدىكى قەۋەتلەرنىڭ تەۋرەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كەشىپ قىلغان.

### قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ھېچكىم تاغلارنىڭ يەر ئاستىدىكى يىلتىزى ياكى زېمىنىنىڭ پوستى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى پەقەت 19 _ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەنلا ئۆگەندى. ئۇنداقتا، قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كىم ئېيتىپ بەرگەن؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك خەت يېزىشنى ياكى ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن بىر پەيغەمبەر بۇ ئىلمى ھەقىقەتنى زادى نەدىن ئۆگەندى؟ بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمنىڭ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟!

## يەرنىڭ يېرىلىدىغانلىقى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (يېرىق زېمىن بىلەن قەسەمكى) دەيدۇ. بۇ ئايەتتىن توختىلىدىغىنىمىز( يېرىق زېمىن ) دېگەن سۆز بولۇپ، ئاللاھ تائالا يەرنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن، دەل –دەرەخلەرنى چىقىرىش بىلەن ۋە دېڭىز _ ئوكيانلار بىلەن يېرىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

### ئىلمىي ھەقىقەت

زېمىنىنىڭ تاش پوستى بولۇپ، ئۇ زېمىندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر ئەھۋالدۇر. ھازىرقى ئىلىم _ پەن زېمىنىنىڭ ھەر تەرىپىدىن يېرىق ھالىتىنى كەشىپ قىلغان.

### زېمىنىنىڭ يېرىق بولغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسى

1. زېمىندىكى بۇ يېرىقلار يەر ئاستىدىكى ھارارەتنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئەگەر زېمىندا مۇنداق يېرىق بولمىغان بولسا ئىدى، زېمىن ئىچىدىكى ھارارەت سەۋەبلىك پارتلاپ كەتكەن بولاتتى.
2. زېمىندىكى بۇ يېرىقلار ئارقىلىق يەر ئاستىدىكى گاز ۋە ھور قاتارلىقلار چىقىپ، زېمىنىنىڭ گاز ۋە سۇ قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەلۇمكى، ھاۋا بىلەن سۇ ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈردۇر.
3. زېمىندىكى بۇ يېرىقلار زېمىنىنىڭ تاش پوستىنى ۋە تاغ تىزمىلىرىنى ھاسىل قىلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ، شۇنداقلا يەر يۈزىدە دېڭىز ۋە دەريالارنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق سۇنى يىراق جايلارغا ئېلىپ بېرىشقا ياردەمچى بولىدۇ.
4. زېمىندىكى بۇ يېرىقلار ئارقىلىق قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

### قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى

ئاللاھ تائالا (يېرىق زېمىن بىلەن قەسەمكى) دېگەن سۆزى ئارقىلىق زېمىنىنىڭ ھەر تەرىپىدە يېرىقلارنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك كائىنات ھەقىقەتلىرىدىن بىرىگە ئىشارەت قىلغان. بۇ ھەقىقەتنى ئىنسانلار پەقەت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 _ يىللىرىدىن

[1] نەبەئ سۈرىسى، 6-7-ئايەتلەر.

بىرى بىلىپ يەتكەن بولدى. ئەمما قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتكە مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئىشارەت قىلغان. ئەگەر قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولمايدىغان بولسا، ئىنسانلار ئىلىم _ پەن سايىسىدا ئەمدىلا بىلىپ يەتكەن بۇ ھەقىقەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرى نەدىن بىلدى؟

## دېڭىزنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كاپىرلارنىڭ ھىدايەت نۇرىدىن يىراقلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى دېڭىزنىڭ ئىچىدىكى قاتمۇقات دولقۇنلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ياكى (ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى) چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ شۇنداق قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاركى، ئىنسان قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ بىراۋغا نۇر ئاتا قىلمىسا، ئۇنىڭ يورۇقلۇقتىن نېسىۋىسى يوقتۇر﴾[1].

### ئىلمي ھەقىقەت

كىشىلەر دېڭىزلارنىڭ سۇ ئۈستى دولقۇنلىرىدىن باشقا ئىچكى دولقۇنلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيتتى، شۇنداقلا سۇ ئۈستى دولقۇنلىرىنىڭ يۇقىرىدىن چۈشكەن يورۇقلۇقنى توسۇۋېلىپ، سۇ تېگىدە قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت ئون سەككىزىنچى ئەسىرگە كەلگەندىلا ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكىنىڭ سايىسىدا دېڭىزلارنىڭ ئەڭ ئاستىغا كىرىشنى ئۆگەندى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار دېڭىزلارنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى كەشىپ قىلىپ چىقتى. يەنە ئۇلار دېڭىزلارنىڭ سۇ ئۈستى قىسمى ۋە ئىچكى قىسمىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ۋە دېڭىزنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىكەنلىكىنى كەشىپ قىلىپ چىقتى. ئەمما قۇرئان بۇنى مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرى سۆزلىگەن ئىدى.

### قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى

ئۆتمۈشلەردە دېڭىزلار مەجھۇل ئالەملەردىن سانىلاتتى. چۈنكى كىشىلەر دېڭىزلارنىڭ ھەقىقىتى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمەيتتى، دېڭىزلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان خۇراپىي ئېتىقادلار مەۋجۇت ئىدى. شۇنداق بىر زاماندا، كىشىلەرنىڭ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە شۇڭغۇپ كىرىش ئىمكانىيىتى يوق بىر شارائىتلاردا، قۇرئان كەرىم دېڭىزلارنىڭ ئىچكى دولقۇنلىرىنىڭ بارلىقىدىن ۋە دېڭىزلارنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقلاردىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرمىگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك خەت يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن بىر كىشىنىڭ بۇ ھەقىقەتلەردىن سۆز ئېچىشى مۇمكىنمىدى؟ بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىنى بىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلمامدۇ؟

(1) نۇر سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.

## سۈتنىڭ تەركىبلىنىشى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (شەكسىزكى، ھايۋانلاردىمۇ سىلەر ئۈچۈن چوڭ بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى ھايۋانلارنىڭ قارنىدىكى غىزادىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز) [1] دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ھايۋانلاردا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئىنتايىن پايدىلىق ۋە تولىمۇ پاكىز سۈتنى چىقىرىش بۇ ئەقىلسىز ھايۋانلارنىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر.

### ئىلمىي ھەقىقەت

ئىلىم _ پەن سۈتنىڭ تەركىبلىنىشىدىكى تۆت باسقۇچنى كەشپ قىلىپ چىققان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ھايۋانلارنىڭ قارنىدىكى ھەزىم قىلىنىش باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭدا ھايۋاننىڭ يېگەن ئوت _ چۆپلىرى غىزاغا ئايلىنىدۇ.

2. غىزادىن سۈتنىڭ ئايرىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭدا ھايۋانلارنىڭ ئۈچەيلىرى غىزالىق ماددىلارنى سۈمۈرۈپ ئالىدۇ، ئاندىن بۇ ماددىلار قان تومۇرلارغا بېرىپ يېتىدۇ، ئاندىن قانغا ئارىلىشىدۇ.

3. قان ئۆزىگە كەلگەن غىزالىق ماددىلارنى جىسىمنىڭ ھەر تەرىپىگە ئەۋەتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھايۋاننىڭ ئەمچىكى قان ئارىسىدىن سۈت ماددىلىرىنى ئۆزىگە سۈزۈپ ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈت ھاسىل بولىدۇ.

4. ئەمچەكتە سۈتنىڭ ياسىلىشى بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ ئەمچىكى مىليونلارچە دوۋساقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دوۋساقلار خالتىلارغا ئوخشاش بولۇپ، ھەربىر دوۋساق مىڭلارچە ھۈجەيرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ھەربىر ھۈجەيرە ئۆزىگە قاندىن كەلگەن ماددىلارنى سۈت خالتىلىرىغا ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ مىليونلارچە دوۋساقلارغا ئەۋەتىلگەن سۈت ماددىلىرىدىن ساپ ۋە پاكىز سۈت مەيدانغا كېلىدۇ.

### قۇرئان كەرىم مۆجىزىسى

ئىنسانلار يېقىنقى زامانلارغىچە سۈتنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەمما قۇرئان كەرىم مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئەڭ ئىنچام ۋە ئەڭ بەدىئىي سۆزلەر بىلەن سۈتنىڭ تەركىبلىنىشىدىكى سىرلارنى بايان قىلغان ئىدى. ئەگەر بۇ ھەقىقەتلەردىن ئاللاھ تائالا خەۋەر بەرمىگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇلارنى نەدىن بىلەتتى؟

---

[1] نەھل سۈرىسى، 66-ئايەت.

## شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ قوزغىلىشى

بۇلۇتلارنىڭ يۆتىلىشى بۇلۇتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان شاماللارنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. تەتقىقاتچى ئالىملار شاماللارنىڭ دېڭىز يۈزىگە كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ بۇلۇت ھاسىل قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا شامالنىڭ چاڭ ـ توزانلارنى ۋە بىر قىسىم تۇپراق دانچىلىرىنىمۇ يۇقىرىغا كۆتىرىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار يەنە شاماللار كۆتىرىپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىققان چاڭ ـ توزان، تۇپراق دانچىلىرى، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىلىرى ۋە تۇمان قاتارلىقلارنى دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارلىرىغا ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دانچىلارنىڭ ئەتراپىنى سۇ پارلىرى ئوراپ ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىشى نەتىجىسىدە ئېغىر بۇلۇت پارچىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

قۇرئان كەرىم بۇلۇتنىڭ شاماللار ئارقىلىق قوزغىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ شاماللانى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنىچە تارقىتىدۇ)[1].

قۇرئان يەنە، شامالالرنىڭ سۇپارلىرىنى ھەيدەيدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېغىر بۇلۇت ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن يامغۇر تامچىلىرى چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: (بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شامالالرنى ئەۋەتتۇق. بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر)[2].

### ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكى

كىشىلەر ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تەتقىقاتچىلار زامانىمىزدىكى ئىلىم ـ پەننىڭ سايىسىدا ئاسمان جىسىملىرىدىكى قالدۇق تۈتۈن ماددىلىرىنى ۋە ئۇلاردىن يېڭى پلانېتلارنىڭ تەركىب بولىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەسلىدە تۇمان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئەمما قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن قەيت قىلغان. (ئاللاھ ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى)[3].

### ئاي نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئاينىڭ ئەسلىدە قۇياشقا ئوخشاش ياندىغان نۇرلۇق ماددا بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى ۋە كېچىدىكى ئاي نۇرىنىڭ پەقەت قارشى تەرەپتىكى قۇياشنىڭ نۇرىدىن ئەكس ئەتكەن (قايتۇرغان) يورۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ھالبۇكى قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى ئاللىبۇرۇن ئېلان قىلغان: (كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى (يەنى نۇرىنى) كۆتىرىۋەتتۇق)[4].

قۇرئان كەرىم يەنە قۇياشنى يانغۇچى چىراق، ئاينى يورۇقلۇق بەرگۈچى دەپ تەرىپلىگەن: (ئاسماندا بۇرۇجلەرنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراق (قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر)[5].

بۇ ئايەتلەرد، ئاينىڭ يورۇقلۇقنى قۇياشتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ قۇياش بىلەن ئاينى «ئىككى چىراغ» دەپ تونۇشتۇرماستىن، قۇياشنى «چىراغ»، ئاينى «نۇرلۇق» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنى ئونۇتماسلىق كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئورنىغا شۇنداق كەم – زىيادە قىلىنماستىن، ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز ئەمەس. ئەرەب تىلىنىڭ زەۋقىنى تېتىغانلار بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ.

### ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگىننىڭ كەملىكى

كىشىلەر ھازىرقى ئىلىم ـ پەن بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ئوكسىگىننى ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدىمۇ بار، دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئايروپىلان ئىجاد قىلىنىپ كىشىلەر ئاسمانغا ئۆرلىگەندىن كېيىن، ھاۋانىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا ئوكسىگىننىڭ كەملىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ئۇ جايلاردا نەپەسنىڭ سىقىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى مۇندىن بۇرۇن ئېلان قىلغان: (ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ)[6].

بۇ ئايەتتە، ئىمان ئېيتىش قىيىن كەلگەنلىكتىن كۆكسى تارايغان كىشى ھاۋا بوشلۇقىغا چىققاندا ئوكسىگىننىڭ كەملىكىدىن نەپسى

(1) رۇم سۈرىسى، 47 ـ ئايەت.
(2) ھىجر سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.
(4) ئىسرا سۈرىسى، 12 ـ ئايەت.
(5) فۇرقان سۈرىسى، 61- ئايەت.
(6) ئەنئام سۈرىسى، 125- ئايەت.

سىقىلغان كىشىگە ئوخشىتىلغان. بۇ ئايەتتە، ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېنىنىڭ كەملىكىدىن نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىنلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

### ھەر شەيئىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى

تەتقىقاتچىلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ خۇددى جانلىقلارغا ئوخشاش جۈپ ئىكەنلىكىنى، ھەتتا جاماداتلار(قاتتىق جىسىملار)نىڭمۇ جۈپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن: (پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتقان، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۈپ ياراتقان ئاللاھ بارچە نوقسانلاردىن پاكتۇر)[1].

### سىپزىمنىڭ تېرىدە ئىكەنلىكى

تېببىي مۇتەخەسسىسلەر ئاغرىقنى ھېس قىلىش پەقەت تېرىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بەدەنگە ئوكۇل سېلىنغاندىمۇ ئوكۇل تېرىدىن گۆشكە ئۆتۈپ بولغىچە ئاغرىق ھېس قىلىنىدۇ. ئەمما ئوكۇل گۆشكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىق ھېس قىلىنمايدۇ. كۆيۈكمۇ شۇنداق. قۇرئان كەرىم بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ئۆز ۋاقتىدىلا ئېلان قىلغان: (شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازاپنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز)[2]. چۈنكى تېرە كۆيۈپ بولسا، ئازاب ھېس قىلىنمايدۇ، شۇڭا تېرە يېڭىلىنىپ تۇرغاندىلا ئازاب داۋام قىلالايدۇ.

### يەرشارىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (كۆن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق. ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ)[3].

بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ئورنى قۇياشتىن 93 مىليون مىل يىراقلىقتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوقىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىنى 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. زېمىن شار شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سائەتلىك ئايلىنىشى مىڭ مىل (1500 كىلومېتىر) دۇر. ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى بىر سائەتلىك ئايلىنىشى 65 مىڭ مىلدۇر. ئەگەر يەر شارى ئۆزىنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە ھەجىمدىن چوڭ ياكى كىچىك بولغان بولسا، زېمىندىكى ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. چۈنكى يەر شارىنىڭ شەكلى بىلەن ھەجمى ئۇنىڭ تېزلىكى ۋە ئايلىنىشىغا مۇناسىپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى بىر سائەتتە مىڭ مىل بولماستىن، ئۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا يەنە ھاياتلىق باشقىچە بولغان بولاتتى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ھازىرقىدىن زىيادە بولۇپ يۈز مىڭ مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سائەتكە سوزۇلۇپ كېتىپ، زىرائەتلەر كۆيۈپ كەتكەن ۋە جانلىقلارمۇ ھالاك بولغان بولاتتى. ئەگەر كەم بولۇپ يۈز مىل بولغان بولسا، كۈندۈزنىڭ ۋاقتى ئاران 1سائەت 20 مىنۇتقا قىسقىراپ كېتىپ، زىرائەتلەر پىشمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يىللىق ئايلىنىشى ھازىرقىدىن كەم ياكى زىيادە بولغان بولسا، دۇنيادىكى 4 پەسىلدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىش نىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. شۇنداقلا، ئەگەر يەرشارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يېقىن بولغان بولسا، يەرشارىدىكى ئىنسان، ھايۋان، دەل – دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋ زىرائەت ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ مۇساپىسى ھازىرقى مىقداردىن يىراق بولغان بولسا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى توڭلاپ نابۇت بولغان بولاتتى. دېمەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە پۇختا پىلانى بىلەن ئەزەلدە شۇنداق بېكىتىلگەن قانۇنىيەتلەردۇر.

### زەررىدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقى

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: (ئاسمان _ زېمىندىكى زەررە (ئاتوم) چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچ قايسىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشىدىن چەتنەپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا خاتىرلەنگەن)[4]. بۇ ئايەت ئەڭ كىچىك نەرسە _ ئاتوملا ئەمەس، بەلكى ئاتومدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ماتېرىيالىزمچىلار 19 _ ئەسىرگە كەلگۈچىلىك ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتوم دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى ئاتومدىن كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاتومنىڭ كىچىك پارچىلىرى پروتون، نېيترون ۋە ئېلېكتروندىن ئىبارەت.

### ھەر نەرسىنىڭ ئۆلچەملىك يارىتىلغانلىقى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق. ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق. يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتتۇق)[5]. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ھەر نەرسە مەلۇم مىقداردا ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئوكسىگېننىڭ مىقدارى 21% بولماي 50 % بولغان بولسا، دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئەڭ كىچىك بىر شامال بىلەن

---

(1) ياسىن سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى، 56- ئايەت.
(3) سۈرە ياسىن، 39- 40- ئايەتلەر.
(4) سۈرە يۇنۇس، 16- ئايەت.
(5) ھىجىر سۈرىسى، 19- ئايەت.

هالاك بولغان بولاتتى. دۇنيادىكى جانلىقلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىش ئارقىلىق هايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىپ، كاربۇن4 ئوكسىدىنى سىرتقا چىقىرىدۇ. زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل _ دەرەخلەر كاربون 4ئوكسىدىنى سۈمۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى ساپ ئوكسىگېننى سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەت ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولسا ئىدى، جانلىقلار ۋە جانسىز ئۆسۈملۈكلەر ياشىمىغان بولاتتى. بۇ ئايەتتىكى ﴿ئۆلچەملىك﴾دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «نىسبەتنىڭ باراۋەرلىكى» دېگەنلىكتۇر. هازىرقى زامان خىمىيە ئالىملىرى زىرائەتلەردىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئۆلچەمدە تەڭپۇڭلاشقان نەرسىلەردىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

## بارماق ئىزلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (بىز ئۇلارنىڭ بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز)[1] دېگەن. بىر ئىنساندىكى ئورگان يەنە بىر ئىنساندىكىسىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: كۆز كۆزگە، قۇلاق قۇلاققا، قول قولغا، بۇرۇن بۇرۇنغا ئوخشايدۇ. بىراق، بارماقلارنىڭ سىزىقلىرى هەرگىزمۇ بىر _ بىرىگە ئوخشاش چىقمايدۇ. بەلكى هېچبىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىكى ﴿بارماقلىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىشقا قادىرمىز﴾ دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزلىرىنىڭ بىر _ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقىقەت 1884 _ يىلى كەشپ قىلىنىپ، شۇندىن بېرى بارماق ئىزلىرى ئىنسانلارنى بىر _ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

مۇندىن باشقا قۇرئان كەرىم ئالدىن خەۋەر بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەر زامانىمىزدا، ئىلىم ـ پەن سايىسىدا ئىسپاتلاندى ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ يېقىن كېلەچەكتە ئىسپاتلىنىشىغا ئىشىنىمىز.

(1) قىيامەت سۈرىسى، 4 ـ ئايەت.

## تىللاشنى ئەمەس ئىنساپنى ئۆگىنەيلى!

مېنى ئەڭ كۆپ بىئارام قىلىۋاتقان ئەھۋاللارنىڭ بىرى بەزى قېرىنداشلارنىڭ ئۈندىدار، فېيسبۇك، تۇۋىتتېر قاتارلىق ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە بىر _ بىرىنى تىللىشى ۋە ئۆلىمالىرىغا تىل ئۇزىتىشى بولدى. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى دېگۈسى كېلىدۇ، بىلگەنلىرىنى خەلقىگە يەتكۈزگۈسى كېلىدۇ. ئەمما ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئۇنى ياقتۇرۇش ياكى ياقتۇرماسلىق ئۆزىنىڭ ئىشى. دەۋەتمۇ شۇنداق. دەۋەتنى قىلىمىز. خالىغانلار قوبۇل قىلىدۇ، خالىغانلار رەت قىلىدۇ. زادى دىنىمىزدا ھېچكىمنى بىرەر ئەقىدىگە ياكى بىرەر پىكىرگە زورلاش يوق. قۇرئان كەرىمدىكى (دىندا زورلاش يوق) دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئېچىنىشلىق ئىش شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىملىرى بىر نەرسە يازسا ياكى سۆزلىسە، ئۇنىڭغا قارىتا ياخشى ئىنكاسلار بىلەن بىرلىكتە تىل ئاھانەت، تۆھمەت، ھاقارەتلەر يېغىپ كېتىدۇ. ھاياتىدا مەكتەپ كۆرمەي، ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئىلىم ئۈچۈن سەپەر قىلىپ باقماي تۇرۇپ، ئۈندىداردىن بىر ئىككى ئايەت ۋە بىر ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىپلا، ھاياتىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئاتاپ 30 _ 40 يىل بۇ يولدا يۈرگەن ئەزىمەتلەرنى تىللايدىغان، ھاقارەت قىلىدىغان قېرىنداشلارمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن ئاللاھ تائالادىن قورقماسلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك دىنىنى چۈشەنمەسلىك، رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلمىغانلىق دەپ چۈشىنىمەن. ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېسابى بار. بەزىدە بىر كەلىمە سۆز جەننەتنى قازىنىشقا سەۋەب بولۇپ قالسا، بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز دوزاخ ئەھلى بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە سورىقى بار. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى (قارا خوتۇننىڭ بالىسى) دەپ قويغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزەپتىن چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئەبۇ زەرنى «سەن جاھىلىيەتنىڭ ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان ئادەم ئىكەنسەن» دەپ ئەيىبلىگەن. ئەبۇ زەر بۇ خاتالىقىدىن ئۆزرە تىلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇبارەك يۈزىنى بىلالنىڭ تاپىنى ئاستىغا قويماقچى بولغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يولدا كېتىپ بارغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «قارىسىلا ماۋۇ ئادەم ئەجەب پاكاركىنا» دەپ قويغانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، سىز ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭىز، دەرھال تەۋبە قىلىڭ» دېگەن. مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق بولغان. ئۇلار شۇنداق ئېھتىيات قىلاتتى، ئاللاھ تائالادىن شۇنداق قورقاتتى. ئەمدى بىزگە نېمە بولدى؟ مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يەپ ئۇلاردىكى خاتا يۆنىلىشلەرگە تۈزىتىش بېرىش ئۈچۈن باش قاتۇرغان ئالىملارنى پەقەت ئۇلار بىزنىڭ دېتىمىزگە ياقمىغانلىقى ئۈچۈنلا «مۇناپىق»، «خىتاينىڭ غالچىسى» دەپ ھاقارەت قىلساق، بۇنىڭ سورىقى يوقمۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇنى بىلمەمدۇ؟ ھېسابىنى سورىمامدۇ؟ يەنە كېلىپ تارىختىن بېرى ئادەم تىللايدىغانلار، كىشىلەرگە ھاقارەت قىلىدىغانلار، ياخشىلارنى سۆكىدىغانلار ئازغۇنلۇقنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ كەلگەن بولسا، چىرايلىق نەسىھەت قىلىدىغانلار، سەۋرچانلىق قىلىدىغانلار ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغانلار ئىمان ۋە ھىدايەتكە ۋەكىللىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسىڭىز ئىسلام تارىخىنى ئوقۇڭ، ئىنسانىيەت تارىخىنى ئوقۇڭ. چۈنكى دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى پەيغەمبەرلەرنى ۋە مۇئمىنلەرنى تىللىغانلار پەقەت ئازغۇنلار تەبىقىسىدىكىلەر بولۇپ كەلدى. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى «گېپىنىمۇ ئۇقتۇرالمايدىغان پەس ئادەم» دېگەن بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالام «مەن ساڭا رەببىمنىڭ ئەلچىسىمەن» دەپ چىرايلىق جاۋاب بەرگەن. ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئەبۇ لەھەب ۋە ئەبۇجەھىل قاتارلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى، بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ نەمۇنىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئابىدىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «مەجنۇن»، «سېھىرگەر» دېگەن سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن. مەجنۇن دېگەن ساراڭ دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ھېچبىرىنى تىللىمىغان. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىلىرى بولغان ئۇلۇغ ساھابىلەرنىمۇ كاپىرلار، ئەقىلسىزلەر، يالاڭتۆشلەر، ھاجەتمەنلەر دېگەندەك ھاقارەتلەر بىلەن ھاقارەتلىگەن. ئەمما ئۇلار «سىلەرگە ھىدايەت تىلەيمىز» دەپ يولىغا داۋام قىلغان. ئاخىرى شۇلار غەلىبە قىلغان.

يەنە بىر مەسىلە، ئىلمىي ئۇسۇلدا يېزىلغان بىر نەرسىگە نارازى بولغان ئادەم ئۆزىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا جاۋاب بەرمەمدۇ؟ ياكى ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللاش مەدەنىيەت بولۇپ قالدىمۇ؟ ئادەتتە ئۇتتۇرۇپ قويغانلار ۋە كۈچى يەتمىگەنلەر ئاچچىقىنى تىلىغا يۆلىنىپ تىللاش بىلەن ئالىدۇ. بۇ نامەردلەرنىڭ ئىشى ئەسلىدە. يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنى مۇجاھىد، ھىجرەت قىلغۇچى ۋە ئىسلام يولىدا ماڭغۇچى دەپ يۈرگەن قېرىنداشلارنىڭ باشقىلارنى، خۇسۇسەن ئالىملارنى «مۇناپىق»، «كاپىرلارنىڭ غالچىسى»، «كاپىر» دەپ ھاقارەتلىشىنى ئۇلارنىڭ دىنى راۋا كۆرەرمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇندا قىلغانمۇ؟ ياكى ساھابىلەر شۇنداق قىلغانمۇ؟ ياق. ئەمىسە كىملەر شۇنداق قىلغان؟ مۇشرىكلار شۇنداق قىلغان.

بەزى قېرىنداشلار ئۆزلىرىنى مۇكەممەل ئىسلامىي قىيامەتتە كۆرسىتىپ يۈرۈش بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا مىسۋاك دېسە ئاغزىدا ھەمىشە بار، ساقال دېسە شۇنداق كېلىشكەن، كىيىم دېسە تەقۋا قىياپەتتە رەسمىي سالاپەتلىك يۈرىدۇ. ئەمما ئېغىزى بۇزۇق! ئۇنى كاپىر، مۇناپىق دېسە، بۇنى بىدئەتچى دەيدۇ، ئۇنى غالچى دېسە، بۇنى جاسۇس دەيدۇ. ئېنىقلىماستىن، ئەقىلغا ئەمەس، بىر دەملىك ھېسسىياتقىلا بېرىلىپ، شۇنداق خەتەرلىك سۆزنى قىلغان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان: «كىمكى بىراۋنى كاپىر دېسە، ئەگەر ئۇ دېيىلگەن ئادەم كاپىر بولمىغان بولسا، دېگۈچى ئۆزى كاپىر بولىدۇ»دېگەن ھەدىسىنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ بۇ كىچىك سۆز ئەمەسقۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «بىراۋنىڭ مۇسۇلماننى كاپىر دېگەنلىكى ئۇنى ئۆلتۈرگىنى بىلەن تەڭدۇر» دېگەن.

ئاللاھ تائالا بىزگە مۇسۇلمانچە سالام قىلغان ئادەمنىمۇ كاپىر دېيىشتىن توسقان. قۇرئان كەرىم بىزگە: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ يولىدا غازاتقا ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ئېنىقلاپ ئىش كۆرۈڭلار، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەپ «سەن مۇئمىن ئەمەسسەن» دېمەڭلار)[1] دەپ تەلىم بەرگەن. ئېغىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى بار ئەمەسمۇ؟ زادى مۇسۇلمانلاردىن ھېسسىياتنىڭ ئارقىسىدىن ئىش قىلىدىغان كىشلەرنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە كەلتۈرىۋاتقان خەتىرى ۋە زىيىنى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭ بولماقتا. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرىنى تىللاپ بېرىپ، خەلقنى بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن، كاپىرلارنىڭ ئۇلارنى بوزەك قىلىشى ئوڭاي بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە توردىن، ئۈندىداردىن بىرەر ئىككى ھەدىس ئۆگىنىۋالغانلار دىنىنى ئۆزىنىڭ دېتىگە قاراپ خالىغانچە كېسىپ، قۇراشتۇرۇپ، بۇرمىلاپ چۈشەندۈرمەكتە. سۆزگە ئۇستىلىرى تېخىمۇ چوڭىنى قىلماقتا. ئادەم تىللاشنى كەسىپ قىلىۋالماقتا. ھالبۇكى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن ئىپار ياغاتتى، گۈل ياغاتتى، چىرايلىق سۆز چىقاتتى. ئەمما ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئېغىزىدىن مەسخىرە، تىل –ئاھانەت ۋە سەت سۆزلەر ياغاتتى. ئۇنداقتا، باشقىلارغا رەددىيە بېرىشتە قەلەمگە تايانماي سېسىق تىلىغا تايىنىپ ئادەم تىللايدىغانلار، ئىسلام ئۆلىمالىرىغا تىل ئۇزىتىدىغانلار قانداق ئادەملەردۇ؟ ئۇلارنىڭ خۇمەينى بىلەن ھەسەن نەسرۇللادىن نېمە پەرقى بار. چۈنكى بۇ ئىككىسىگە قارىسىڭىز، ئۇلاردىكى ساختا قىياپەت بىلەن ساختا تەقۋالىق ئۇلارنى ئۈلگىلىك ئالىملارغا ئوخشاش كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان لەنىتى شەخسلەردۇر. ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۈلگىلىك زاتلىرىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنى تۇرماستىن تىللايدۇ ئەمەسمۇ؟! ئۇيغۇرلاردىكى ئادەم تىللايدىغانلارمۇ بۇ ئىككىسىگە ئوخشاپ قالدىمۇ يا؟ قېرىنداشلار ئاللاھتىن قورقايلى! ئىنساب قىلايلى!

[1] نىسا سۈرىسى94 _ ئايەت.

## قۇرئان ئوقۇش ئىبادەتتۇر

قۇرئان ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتابتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش پەرزدۇر. قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن كىشىلەرمۇ ئۇنى ئوقۇسا ئەلۋەتتە ساۋاب بولىدۇ، بۇ قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ ئىمتىياز قۇرئاندىن باشقا ھېچقانداق بىر ساماۋى كىتابقا بېرىلمىگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (دانە – دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن)[1] دەپ ئەمر قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەت ھەم ساۋابلىق ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. «ئەلىف، لام، مىم» نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى «ئەلىف» بىر ھەرپ، «لام» بىر ھەرپ، «مىم» بىر ھەرپتۇر»[2]. يەنە ئۇ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇڭلار، قۇرئان كەرىم ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغان ھالدا كېلىدۇ»[3].

[1] مۇززەممىل سۈرىسى، 4 _ ئايەت.
[2] تىرمىزى رىۋايىتى.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئايەت ئوقۇغاننىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەس

بىزدىكى يەنە بىر ئاجىزلىق شۇكى، قۇرئان كەرىم دىن بىرەر ئايەت ياكى بىرەر ھەدىس ئوقۇغان ئادەمنى قالتىس چاغلاپ كېتىمىز، ئۇنىڭ كىم بولۇشى دىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ پۈتىنى سۆيگىلى تاس قالىمىز. شۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىمىزكى، ئايەت ۋە ھەدىسلارنى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئايەت بىلەن ھەدىسنى تىلىغا ئېلىشقا لاياقەتلىك ئادەملەر ئەمەس! مىسىردىكى قىبتىلارنىڭ مەنىۋى داھىسى، ئوتتۇرا شەرقتىكى پوپلارنىڭ كاتتىسى پاپا شەنئۇدە ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىغان «قارىي پوپ» ئىدى. ھەر كۈن مۇسۇلمانلاردىن بىر قانچىسنى قەتلى قىلىپ تۇرىدىغان ئىسرائىلىيەنىڭ رەئىسىمۇ بىر قانچە نۇتقىدا ئايەت ئوقۇغان. ئوباما قاھىرەگە كەلگەندە، ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە سالام بېرىپ: «ئەسسالامۇ ئەيكۇم» دېگىنىگە ئالقىش يېغىپ كەتكەنلىكى، يەنە ئۇنىڭ بىر نۇتقىدا ئايەت ئوقۇغانلىقىغا ھاياجانلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدانغاندىن كېيىن يەنە ئالدىنىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ بىر ئاددىي ئىپادىسىدۇر. بۇ خۇددى تۆمۈر خەلىپىنىڭ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ بەرگەن تۆگىچىلارغا ئىشىنىپ كەتكىنىگە ئوخشاش بىر ئىش. ئۇلار ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئۆز مۇددىئالىرى ئۈچۈن، بەلكى رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئوقۇپ قويسا، بىز نېمىشقا ئۇلارنى ئالقىشلايمىز؟ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرىمىزنى ئۆزىنىڭ شەخسىي غەرىزى ئۈچۈن قوللىنىۋاتقانلىقىدىن شۇنچىلىك خوشال بولۇپ كېتىمىزمۇ؟ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ بەزى زىيالىيلارنىڭ لېكسىيەلىرىدە بىرەر ئايەت ياكى بىرەر ھەدىسنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇپ قويغىنىغا بىز خوشاللىنىپ ئۇلارغا چوقۇنغىلى تاس قالىمىز. ھالبۇكى، ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولغانلارنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسلارنى قىستۇرۇپ سۆزلىشى بىر مودا! ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ سورۇنلىرىنى قىزىتىشنى خالايدۇ، خالاس.

بىزدىن دىنىي ساھەلەردە ئوقۇغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ ۋە بەزى ئىمام _ خاتىبلارنىڭ ئەبگاللىقى، ئاتا ۋەتەندىكى بەزى ئىستىبداتلىق دىنىي ئالىملارنىڭ ئۇتتۇق سۆزلەشتىن مەنئى قىلىنغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى سەھنە بىكار قالغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ سۆزمەنلىكىگە ئىشىنىپ، خەلقىمىزنىڭ دىنىي جەھەتتىن يول خەرىتىسى سىزىپ بېرىشكە ياكى ئۇلارنىڭ دىنىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بېرىشكە ئالدىراۋاتقانلارمۇ بار.

ئەگەر بىزنىڭ دىنىي ئالىملىرىمىز، ئىمام _ خاتىبلىرىمىز روھىيەتنىڭ ئۇستازلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرالىسا ئىدى، خەلقىمىز بۇنچىلىك روھىي بوشلۇقتا، مەنىۋى پېقىرلىقتا، بۇنچىلىك روھىيەتكە بولغان ئېھتىياج قاشتا قالمىغان بولار ئىدى.

## ھەرەمدىن چىقمايدىغان مۇناپىقلار

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، ئادەمگەرچىلىك قائىدىسى بىلەن ياتلىشىپ كەتكەن، مۇسۇلمانلىق بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن، ئىچكى دۇنياسى رەزىللىكلەر بىلەن تولغان، پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئۆزىنى ئۇيغۇر، مۇسۇلمان دەپ ساناپ يۈرىدىغان بىر قىسىم مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرى ئادەمنى ھەقىقەتەن يىرگەندۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى مۇناپىقلار تاشقى دۇنياسىنى پەردازلاپ ئۆزلىرىنى مۇئمىن _ مۇسۇلمانلاردەك كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ھەر تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەرنى قىلماقتا. ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇناپىقلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زىيانلىرى كاپىرلارنىڭكىدىن ئەلۋەتتە كۆپ ۋە ئېغىر بولماقتا.

بۇ يىل مەككىگە كەلگەن ھاجىلار ئارىسىدىكى ئىشەنچلىك بىر دوستۇمنىڭ ئەپسۇسلىنىش بىلەن ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ بىزدە مۇناپىقلىقنىڭ ۋە ساتقۇنلۇقنىڭ نەقەدەر تۈرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران قالدىم. دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازنى مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇيدىغان، ھەرەمدىن چىقمايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئۇچرىشىپ قالغان ئۇيغۇر ھاجىلارنى يانفون ئارقىلىق رەسىمگە تارتىۋېلىپ ۋەتەندىكى خوجايىنلىرىغا يوللاپ بېرىپ تۇرىدىغان، مۇقەددەس جاي مەككىدە تۇرۇپ، يەنە مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بۇ ساتقۇنلۇق قىلمىشىنى سادىر قىلىدىغانلا كۆپ ئىكەن. ئۇلار تەرىپىدىن رەسىمى ۋەتەنگە يوللانغان ئۇيغۇر ھاجىلارنىڭ ئائىلىسى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەھدىتلىرىگە چىداپ تۇرالماي مەككىدىكى ئاتا _ ئانىسىغا تېلېفون قىلىپ تېز قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنىدىكەن. چۈنكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ھاجىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى كادىر بولسا ئىشتىن بوشىتىش، سودىگەر ياكى كاسىپ ياكى دېھقان بولسا ئېغىر جەرىمانە قويۇش بىلەن تەھدىت قىلىدىكەن، كۆپلىرىنى سولىۋېلىپ ئاتا _ ئاناڭ كەلسۇن ئاندىن سېنى چىقىرىمىز دەپ قاماققا ئالىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن مەككىگە كەلگەن ئۇيغۇر ھاجىلار بىر _ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقىدىكەن، ۋەتەندە بىر _ بىرى بىلەن ئىزدىشىپ يۈرىدىغان خېلى يېقىن كىشىلەرمۇ بۇ يەردە بىر _ بىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ كېتىدىكەن. مۇمكىنقەدەر ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىدىكەن. مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ۋەتەندىن كەلگەن تەھدىتلەر يۈزىسىدىن ھەج ۋاقتىغىچە تۇرالماي ئانا ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەن ھاجىلارنىڭ سانى ئاز ئەمەسكەن. ئۇلار بىر ئۆمۈر ئارزۇ قىلىپ، تاپقان تەرگەنلىرىنى پاسپورت ئېلىش، بۇ يەردىن تۇرۇش ۋىزىسى ئېلىش ۋە يول چىقىمى ئۈچۈن خەرج قىلىپ مىڭبىر تەسلىكتە بۇ مۇقەددەس جايغا كەلگەن بولسىمۇ، ساتقۇنلارنىڭ مەلۇم قىلىپ قويۇشى سەۋەبلىك ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقتىن، چارىسىز ھالدا ئانا ۋەتەنگە كەلگەن پېتى قايتىپ كەتمەكتە ئىكەن.

### ھەرەمدە قىلىنغان گۇناھنىڭ جازاسى ھەسسىلەپ بولىدۇ

ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەر ئەقىدىسى شۇنچىلىك بۇزۇق، ئەخلاقى شۇنچىلىك يامان، قىلمىشلىرى شۇنچىلىك رەزىل تۇرۇپمۇ، ھەرەمگە قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى. ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىل ھەرەمگە كىرىۋالسا، ئۇ تاكى ھەرەمدىن سىرتقا چىقمىغۇچە كۈتەتتى، ھەرگىز ھەرەمنىڭ ئىچىدە قان تۆكۈش، گۇناھ قىلىش خىيالىدا بولمايتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلار مەسجىدى ھەرەمنى ئۇلۇغلاپ كەلدى، ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە گۇناھ سادىر قىلىشتىن ئىنتايىن ھەزەر ئەيلەپ كەلدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: (كىمكى ئۇ يەردە (يەنى مەسجىدى ھەرەمدە) زۇلۇم بىلەن ئازغۇنلۇقنى خالايدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابتىن تېتىتىمىز)[1]. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: «مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرگە ھەسسىلەپ كۆپ ساۋاب يېزىلغاندەك، بۇ شەھەردە سادىر قىلىنغان گۇناھ _ مەسىيەتلەرگىمۇ ھەسسىلەپ گۇناھ يېزىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ جايدا قىلغان بىر گۇناھنىڭ جازاسى ھەسسىلەپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەردە گۇناھ _ مەسىيەت سادىر قىلغانلىق ئىككى چوڭ جىنايەتنى سادىر قىلغانلىق بولىدۇ: بىرى، مەزكۇر گۇناھنى قىلغانلىق، يەنە بىرى، مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر. بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ جازاسى ئەلۋەتتە ھەسسىلەپ ئېغىر بولىدۇ. ئايەتتىكى «زۇلۇم بىلەن ئازغۇنلۇق»تىن مەقسەت دىنىمىزدا مەنئى قىلىنغان بارلىق گۇناھ _ مەسىيەتلەردۇر». ئىمام تەبەرى ئۆز تەپسىرىدە ئىلگىرىكى ئۆلگىلىك زاتلارنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى نەقىل قىلغان: «بىراۋ بىرەر گۇناھنى قىلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلمايدۇ. ئەمما بىراۋ گەرچە ئۆزى باشقا بىر جايدا بولسىمۇ مەككىدە گۇناھ قىلىشنى ئويلىسا، ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلىدۇ». بۇنىڭغا ئاساسەن، بىراۋ مەككىدە تۇرۇپ بىرەر گۇناھ قىلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا شۇ گۇناھنى قىلغانلىقنىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ. چۈنكى ئۆزى باشقا بىر دۆلەتتە تۇرۇپ يامان ئويدا بولغان ئادەمگە گۇناھ يېزىلغان يەردە، مەككىدە تۇرۇپ يامان خىيالدا، گۇناھ قىلىش ئويىدا بولغان ئادەمگە قانداقمۇ گۇناھ يېزىلمىسۇن؟!

ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بىزنىڭ شۇ نومۇسسىز ئۇيغۇر مۇناپىقلىرىمىز ۋەتەندە قىلغان رەزىللىكلىرىگە بۇ يەردە تەۋبە قىلىپ، گۇناھتىن پاكلىنىشنىڭ ئورنىغا بۇ يەرگە كېلىپ بىچارە ھاجىلارنى زالىملارغا چېقىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھەج قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلماقتا. بۇنىڭدىن ئېغىر گۇناھ بارمىدۇ؟ بۇنىڭدىن يامان مۇناپىقلىق بارمىدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ يامان زۇلۇم بارمىدۇ؟ بۇ مۇناپىقلار مەسجىدى ھەرەمگە نېمىشقا كىرىدىغاندۇ؟ ئوقۇغان نامازلىرىمىز ۋە قىلغان ئىبادەتلىرىمىز قوبۇل بولىدۇ، دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ ئۇلارغا

[1] ھەج سۈرىسى25 _ ئايەت.

بۇ پەتۋانى كىم بەرگەندۇ؟ ھەرەم تەۋبە قىلىدىغان يەرمۇ ياكى گۇناھ قىلىدىغان، ئادەم چاقىدىغان، ھاجىلارنى مەلۇم قىلىدىغان جايمۇ؟ «ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى»دەپ ھۆرمەتلىنىدىغان، ئۆيىدىن چىققاندىن تاكى يەنە ئۆيىگە قايتقۇچىلىك پۈتۈن سەپىرى ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان شۇ ئۇلۇغ ھاجىلارنىڭ يۈرىكىنى دەككە-دۈككىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى پەرىشان قىلىپ، ئۇلارنى ھەج پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىپ تۇرۇپ، نومۇس قىلماي مەسجىدى ھەرەمگە قەدەم باسىدىغان بۇ مۇناپىقلارنى مۇسۇلمان دەپ گۇمان قىلغان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئەزىز مېھمانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان بۇ تۈردىكى مۇناپىقلارنىڭ ئورنى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە بولۇشقا تېگىشلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خار قىلسۇن! مۇئمىنلەرنى ئەزىز قىلسۇن!

**ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ ھەققىدىن ئۆتۈپ بەرمەيدۇ**

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بۇ تۈردىكى مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەزىز مېھمانلىرى بولغان ھاجىلارنى زالىملارغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئەمدى تەۋبە قىلاي دېسىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇلار ھەرەمدە بىر ئۆمۈر تەۋبە قىلسىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كەچۈرمەيدۇ، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىراۋنىڭ ھەققىدىن ئۆتۈپ بەرمەيدۇ. گەرچە ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلسا جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىدىن ئۆتۈپ بېرىشنى ۋەدە قىلمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېمىگەن. بەلكى ھەق ئىگىسى ئۆتمىگۈچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى گۇناھ – مەئسىيەتلەر ۋە جىنايەتلەر ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەئسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ – مەئسىيەتلەر ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر _ پەرمانلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەر قانداق گۇناھ – مەئسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار دېگىنىمىز: ئىنسانلارنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىش، زۇلۇم قىلىش، ھەقلىرىنى يەۋېلىش، ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش، ئابرۇيلىرىنى تۆكۈش، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش قاتارلىق يامانلىقلارنى ۋە جىنايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن ھۆزۈر ئىچىدە ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش ۋە ئۇلارغا قارشى ئىشلەنگەن قانداقلا بىر يولسىزلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ھايۋانلاردىن يوللۇق پايدىلىنىش، ئۇلارغا شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1. بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش.

2. گۇناھ، يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

3. بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىلمىشكارلىرىنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال – مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[1]دېگەن.

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## «ۋاھابىزم ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئازغۇنلۇق» دېگەن ماقالىغا ئىككى جۈملە سۆز

ئەزىز قېرىنداشلار مەن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى بۇ ماقالىغا قارىتا ئازراق سۆزلەپ قويغانتىم. ئوقۇرمەنلىرىمدىن بۇ ماۋزۇدا تەپسىلرەك بىر نەرسە يېزىشىمنى تەلەپ قىلغانلار كۆپ بولدى. شۇڭا ئىلگىرى يازغانلىرىمغا ئازراق بىر نەرسە قوشتۇم ۋە ھۆزۈرۇڭلارغا تەقدىم قىلدىم.

«ۋاھابىزم ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئازغۇنلۇق» دېگەن ماقالىنى يازغان ئەركىن سىدىق دىگەن كىشىنىڭ ئۆزى دىندا ئوقۇمىغانلىقتىن، دىنىي مەلۇماتى بولمىغاننى ئاز دېگەندەك، ئانا ۋەتەنىنىڭ يېقىنقى زامان دىنىي ساھەسىدىكى ئۆزگىرىشلەردىنمۇ، دىنىي جامائەتلەردىنمۇ خەۋىرى يوق تۇرۇپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردىن ئەپقاچتى سۆزلەرنى تېرىپ ئەكىلىپ قۇراشتۇرۇپ بىر ماقالە سۈپىتىدە ئېلان قىلغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

1. ئىسلاھاتچى ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ھەققىدە دېگەن سۆزلىرى مۇندىن ئىلگىرىمۇ كۆپ دېيىلگەن سۆزلەر بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئەرەب ۋە ئىسلام ئالىملىرى دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۇيدۇرۇپ چىقىلغان تۆھمەت دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلار ھېمفىر شەخسىيىتىنىڭ ئۇيدۇرما بىر شەخسىيەت ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن. ھېمفىر دېگەن ئادەم ئۆتكەنمۇ ياكى ئىسمى بار، جىسمى يوق شەخسىيەتمۇ مەن بىلمەيمەن. بۇ ھەقتە بىر قېرىندىشىمىز «ۋاھابىزم ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئازغۇنلۇق دېگەن ماقالىغا مۇھاكىمە» دېگەن تېمىدا، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ رەددىيەلىرىنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ، يېتەرلىك جاۋابنى يېزىپتۇ. مەنمۇ شۇ جاۋابنى قوللايمەن. چۈنكى مەن ۋاھابىيلىقنىڭ ئادۋوكاتلىرىدىن ئەمەس، ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغۇچىلاردىنمۇ ئەمەس. ئەمما ئۇ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ بۇزغۇنچى ئەمەس، بەلكى بىر ئىسلاھاتچى ئالىم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ئارتىلغان ناھەق تۆھمەتكە قارشى تۇرىمەن.

2. «ۋاھابىزم ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئازغۇنلۇق» دېگەن ماقالىدا ئاپتور سەلەفىيلەر بىلەن ئىخۋانۇلمۇسلىمۇن (مۇسۇلمان قېرىنداشلار) جامائىتىنىڭ پەرقى ئايرىيالماپتۇ. بۇ ئىككىسىنى بىرى يەنە بىرىنىڭ داۋامى قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى سەفىيلەر بىلەن ئىخۋانلار ئىككى قۇتۇپتۇر. ئۇلار بىر _ بىرىگە يېقىنمۇ ئەمەس. بۇنى ھازىر ئادەتتىكى خەلقمۇ بىلىدۇ.

3. «ۋاھابىزم ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئازغۇنلۇق» دېگەن ماقالىدا چەتئەللەردە ئوقۇغانلارنىڭ 30 _ يىللاردىن ئىلگىرى كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە 30 _ يىللاردىن كېيىن دىنىي ئىلىمنىڭ ئارقىغا چېكىنگەنلىكىنى ۋە چىنگىزخان داموللامنى 30 _ يىللاردىن بۇرۇن ئۆتكەن دەپ يېزىپتۇ. ھالبۇكى، چىنگىزخان داموللام 1947 _ يىلى 1 _ ئايدا مىسىردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. 1952_ يىلىنىڭ ئاخىرى ، ئۇنى «خەلق دۈشمىنى»دەپ جىنايەت بېكىتىپ، ئۆلۈم جازاسى بەرگەن ۋە ئىجرا قىلغان. ئاپتورنىڭ دەۋا قىلغانلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئانا ۋەتەندە دىن 30 _ يىللاردىن ئىلگىرى خۇراپاتقا چۆمۈپ كەتكەن. تاتار ژۇرنالىست نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ «ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2013 _ يىلى 8 _ ئايدا نەشردىن چىقتى. بۇ كىتاب ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ 1910 _ يىلىدىن 1917 _ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دىنىي ھاياتىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەن كىتاب. نۇشىرۋان يائۇشېف ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە جايلىرىنى، ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى بىر _ بىرلەپ كېزىپ چىقىپ، قازاندا چىقىدىغان «شۇرا» ژۇرنىلى بىلەن «ۋاقىت»گېزىتىگە ھەر ھەپتە ماقالە ئەۋەتىپ تۇرغان ۋە بۇ ماقالىلار ئۆز ۋاقتىدا نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاب شۇ ماقالىلارنىڭ توپلىمى ئىكەن. بۇ كىتابتا شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ھاياتىنىڭ مەسجىدنى تاشلاپ خانىقاغا بارىدىغان، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا ئەمەس مازارلارغا قىلىدىغان، پەيغەمبەرگە ئەمەس، ئىشانلارغا ئەگىشىدىغان، تەۋھىدكە ئەمەس، خۇراپاتقا ئىمان كەلتۈرگەن ھاياتىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ كىتابنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىش كېرەك. دېمەك، شۇ ۋاقىتلاردا ئومۇم خەلقنىڭ دىنىي ھاياتى خۇراپات بىلەن تولۇپ كەتكەن. موللا دېگەنلەرمۇ دىننى چۈشەنمىگەن. ئۇلار قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ مۇكالىمە سۆزلەشنىلا بىلگەن. ئەمما خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە دەۋەت قىلىش يوللىرىنى ئىزدەشتىن كۆرە، نەزىر _ چىراغلارنى ئەۋزەل كۆرگەن. ئابدۇلقادىر داموللامدەك مەرىپەتپەرۋەرلەردىن مىڭدىن بىرەرسى چىقىپ قالسا، شۇ موللىلار ھۆكۈمدارلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈپ تۇرغان. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا مەرىپەتپەرۋەر تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللامۇ بۇ جاھىل خەلققە مەقسىتىنى چۈشەندۈرەلمەستىن قايتقان ئىكەن. بۇ ھەقىقەت ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ئاپتورنىڭ «1930 _ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ دىنىي ئىشلىرى ۋە دىن ئىلمىي تەتقىقاتچىلىقى ئۆلۈك ھالەتتە تۇرۇپ قالدى، بۇزغۇنچۇلۇققا ئۇچرىسا ئۇچرىدىكى تەرەققىي قىلالمىدى» دېگەن سۆزى ئەمەلىيەتكە قەتئىي ئۇيغۇن ئەمەس. ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي سەۋىيەسى پەۋقۇلئاددە تەرەققىي قىلىپ كەتكەن، ئۇلار نېمىنىڭ ئىسلام ۋە نېمىنىڭ خۇراپاتلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ كەتكەن. ئىسلامىي پىرقىلەرنىمۇ ئايرىپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇ ئەھۋال 30 _ يىللاردا بولغانمۇ؟

4. ئاپتور يەنە ۋەھھابىيلىقنى ۋەتىنىمىزگە 80 _ يىللاردىن كېيىن كىرگەن دەپتۇ. ھالبۇكى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ تەۋھىد دەۋىتى ئانا ۋەتىنىمىزگە 30 _ يىللاردىن بۇرۇن كىرگەن. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى سابىت داموللامدۇر. سابىت داموللام ئىنقىلاب قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئەقىدىنى تەشۋىق قىلغان ۋە «ئەقائىد جەۋھەرى» دېگەن كىتابنى يازغان. ئەمما 1983 _ يىلىدىن كېيىن خوتەندە مەرھۇم مۇھەممەد ئابدۇللا مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇللا روزى داموللاجىم قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قايتىدىن جانلانغان ۋە ئومۇملىشىشقا يول ئالغان.

5. ئاپتورنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»گە بەرگەن باھاسىنى قوللايمەن. ئەمما بىز مىڭ يىلدىن بىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ يولىدا مېڭىۋاتىمىز دېگەن سۆزى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك ئەگگۈشتەر بىلەن ئەمدى تېخى 80 _ يىللاردىن كېيىن تونۇشتى. بىزدە قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ روھىنى شۇنداق ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان مۇكەممەل بىر مىراسنىڭ بارلىقىنى 20 _ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىلدۇق. كاشكى، بىز ئاپتور دەۋا قىلغاندەك «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ روھى بىلەن ياشىغان بولساقمۇ بەلكى ھازىرقى تەقدىرىمىز ۋە دىنىنى چۈشىنىشىمىز باشقىچە بولغان بولار ئىدى. بىز ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان دىۋانىلەرمىز. بىز يۈسۈپ خاس ھاجىب بىلەن پەخىرلىنىشكە ئامراق. ئەمما ئۇ ئالىمنى دوراشقا ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا قىزىقماي كەلدۇق. چۈنكى ئۇ بىر دىندار. دىندار بولغاندىمۇ دىنىمىزنى توغرا چۈشەنگەن، قۇرئان ۋە سۈننەتنى خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتبىق قىلىشتا ۋايىغا يەتكۈزگەن تەڭداشسىز ئالىم ئىدى. دېمەك، بىز ئۇنىڭ يولىدا ماڭالمىدۇق، خۇراپاتنى دىندارلىق دەپ تەشۋىق قىلدۇق، تەركىدۇنيالىقنى تەقۋالىق دەۋالدۇق، مەسجىدنى خانىقاغا ئۆزگەرتىۋالدۇق.

6 _ ماقالىدە يەنە سەلەفىيلەر بىلەن تەكفىر، ھىزبۇتتەھرىر دېگەنلەرنى ئارىلاشتۇرىۋەتكەن. سەلەفىيلىك _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ 3 _ ئەسىرگىچە كەلگەن ئارىلىقتا ئۆتكەن مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان نام. ھازىر بۇزغۇنچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى سەلەفىي دەپ ئاتىۋالغان. يەنە تېخى سەلەفىيلەردىن مەدخەلىي دېگەن بىر مەزھەب چىققان. بۇ مەزھەبنىڭ نامى ئوتتۇرا ئاسىيادا بەك كۆپ ئاڭلىنىدىكەن. خۇسۇسەن ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئوقۇپ بارغانلار بۇ مەزھەبنى تارقىتىدىكەن. مەن بۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىپ ئىنتېرنېتتىن ئىزدەندىم ۋە بەزى كىتابلىرىنى ئوقۇدۇم. تەخمىن قىلدىمكى، بۇ مەزھەبمۇ خۇددى ھىببۇتتەھرىر، ھىزبۇل ھىجرەت ۋە ھىزبۇتتەكفىرلەرگە ئوخشاش دۆلەتلەر ئىجاد قىلغان بىر مەزھەب ئىكەن. چۈنكى مەدخەلى مەزھىبىنىڭ بىرىنچى پىرىنسىپى ھاكىمىيەتكە قارشى چىقماسلىق، ھاكىمىيەتنى ئاشكارا تەنقىد قىلماسلىق ئىكەن. شۇڭا بۇ مەزھەپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىلىرى تەرىپىدىن كۆپ تەشۋىق قىلىنىغانلىقىنىڭ سىرىنى ئەمدى چۈشەندىم. بەلكى يېقىندا جۇڭگومۇ بۇ مەزھەبنى ئىمپورت قىلىشى مۇمكىن دەپ قالدىم. چۈنكى بۇ مەزھەب ھاكىمىيەتكە خىزمەت قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ھىزبۇتتەھرىر يۇرتىدە ئوت بار، ئەقىدىسى بار كىشىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يوقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ھىزبۇتتەكفىر مۇسۇلمانلارنى بۆلۈپ ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن، ھىزبۇل ھىجرەت بولسا، مۇسۇلمانىنىڭ ۋەتىنىنى كاپىرلارغا تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىش ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن، ھازىرقى ساختا سەلەفىيلىك بولسا، مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىغا دۈشمەن قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى شانلىق ئۆتمۈشى بىلەن ئالاقىسىز قىلىپ قويۇپ، يەنە ھۆكۈمەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىكەن. دېمەك، ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلار بىلىپ _ بىلمەي ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

7. ئاپتور يەنە «مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم "مەن ئەرەب، لېكىن ئەرەب مەن ئەمەس" دېگەنىكەن» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاپتور نەدىن تاپقاندۇ؟ مۇنداق بىر ھەدىس ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. بۇ پەقەت ئۇيدۇرما سۆزدۇر. ئاپتور بۇ ئۇيدۇرما ھەدىس ئارقىلىق نېمە دېمەكچىكىن بىلمىدىم. ئەگەر ئەرەبلەرنى سۆكمەكچى بولسا، بىزمۇ ئەرەبلەرگە چوقۇنغۇچىلاردىن ئەمەسمىز. ياخشىسىنى ياخشى، يامىنى يامان دەيمىز. ئەمما ئىسلام ئالىملىرىنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزمەيمىز. توغرا ئۇلاردىن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ قوينىغا ئۆزلىرىنى ئاتقانلارمۇ بولغان. شەرىف ھۈسەيىن قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

ئاخىرىدا، ئاپتور ئەپەندىگە دېمەنكى، ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن! سىز ئۆزىڭىزنىڭ ساھەسى بولمىغان بىر يوچۇن ساھەگە كىرىپ قېلىپ گاڭگىراپ قاپسىز. ئەگەر ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام تارىخى ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەردىن بولسىڭىز، ئاۋۋال ياخشى ئوقۇڭ، كىتاب كۆرۈڭ. ئاندىن سۆزلەڭ!

## رامىزاننى قانداق كۈتۈۋالىسىز؟

ھاياتلىق سەپىرى ئاللاھ تائالاغا كېتىپ بارغان بىر ئۇزۇن سەپەر بولۇپ، ئادەتتە ھەر قانداق بىر سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئوزۇق _ تۈلۈك ئېلىۋېلىشقا موھتاج بولغىنىمىزدەك، بۇ ھاياتلىق سەپىرىدىمۇ ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئوزۇق _ تۈلۈك ئېلىۋېلىشقا موھتاجمىز. مەلۇمكى، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئوزۇق _ تۈلۈك تەقۋالىقتۇر.

خۇددى ئادەتتىكى سەپەرلىرىمىزدە، يول بويى ئالدىمىزغا چىققان ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدىن ماشىنىمىزغا ماي قاچىلاپ ماڭغىنىمىزدەك، رامىزان ئېيىغا ئوخشاش مەخسۇس ئايلاردا ئۆزىمىزنى روھىي ئوزۇقلار بىلەن تەمىنلەپ، تولۇقلاپ تۇرىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

رامىزان ئېيىنىڭ روھانىيلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئاينى ئاللاھنىڭ تائەت _ ئىبادىتى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئەخلاقىڭىزدىن قىڭغىرلىقلارنى تۈزىتىپ، ئەمەل _ ئىبادەتلىرىڭىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئۆزىڭىزنى بىر قېتىم رېمونت قىلىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندە سىزگە 20 تەكلىپنى تەقدىم قىلىمىز:

1. بىر ئاي بويىچە ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىش، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ساۋاب قازىنىشقا بەل باغلاپ نىيەتنى دۇرۇسلاش.

2. رامىزان ئېيى بويىچە ھەر كۈنى ئاز مىقداردا بولسىمۇ يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىپ تۇرۇش.

3. ھەر كۈنى قۇرئان كەرىمنى كۆڭۈل قويۇپ، ئىخلاس بىلەن ئوقۇشنى ۋەزىپە قىلىش.

4. تىلنى يالغاندىن، گەپ توشۇشتىن، غەيۋەتتىن ۋە ھاجەتسىز كۆپ سۆزلەشتىن ساقلاش.

5. باللارنى تائەت _ ئىبادەتكە كۆندۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش، زىكرلەرنى ئېيتىش ۋە مەسجىدلەرگە بىرگە ئېلىپ چىقىش.

6. بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش.

7. ئاتا _ ئانىنىڭ خىزمىتىنى كۆپرەك قىلىپ، ئىبادەت ۋە دۇئالىرىدا ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئېلىۋېلىش.

8. ھەر ۋاقىت ئاللاھقا زىكىر، تەسبىھ ئېيتىشنى ئادەت قىلىۋېلىش.

9. مەسجىدلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋەز _ نەسىھەتلەرگە قولاق سېلىپ ئىبرەت ۋە دەرس ئېلىش.

10. ئۇرۇق _ تۇغقانلارنى، قوشنىلارنى ۋە دوستلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنى رامىزان ئېيىنىڭ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش.

11. گۇناھ _ مەسىيەت سادىر قىلىپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش.

12. تاراۋىھ نامىزىنى مەسجىدلەردە تولۇق ئادا قىلىش.

13. گۇناھلار، كەمچىلىكلەر ۋە خاتالىقلار ئۈچۈن ھەر كۈنى تەۋبىنى يېڭىلاپ تۇرۇش.

14. دۇئانى كۆپ قىلىش، ئاللاھقا چىن يۈرەكتىن ئېسىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش.

15. ھەر كىمگە ناھايىتى ئىللىق، قىزغىن ۋە تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىش.

16. پۈتۈن يېتەرسىزلىكلەرنى بۇ رامىزان ئېيىدا تولۇقلىۋېلىپ، شۇ بويىچە داۋام قىلىش.

17. رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ، بۇ كۈنلەرنى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش.

18. رامىزاندا بىر ئاي بويىچە ئالغان روھىي ئوزۇق ۋە روھىي تەربىيەنىڭ كۈچى بىلەن ھاياتنىڭ ئاخىرغىچە بۇ ئىستىقامەتنى ساقلاشقا بەل باغلاش.

19. زاكاتنى تولۇق ۋە جايىدا ئادا قىلىش، پىتىر سەدىقىسىنى ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن ئادا قىلىش.

20. ساۋاب ۋە شەرەپ جەھەتتە مىڭ ئايدىن ئۇلۇغ بولغان قەدىر كېچىسىنى تېپىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئاخىر 10 كۈنىدە ئىبادەتنى كۆپ قىلىش.

## بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەت خەلقىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز؟ (1)

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھەر خىل مىللەت، قەبىلە ۋە ئىرق قىلىپ ياراتقان بولۇپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇپ بىر _ بىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ (ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق)[1] دېگەن. ئىنسانلارنىڭ تىلى، رەڭگى، مىجەز – خۇلقى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىر خىل بولمىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە تەڭداشسىز ئىلمىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر. (ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىلىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ ھەر خىل بولغانلىقىدۇر. شەكسىزكى، بۇنىڭدا بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار)[2].

دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك پەزىلەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بولغاندەك، تۈزىتىشكە ياكى يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك ناچار تەرەپلىرىمۇ بولىدۇ. ھېچقانداق بىر مىللەتنى مۇتلەق ياخشى ياكى مۇتلەق يامان دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە ياخشىلار بولغىنىدەك، يامانلارمۇ بار. شۇڭا دەيمىزكى، دۇنيادا يامان مىللەت يوق، ئەمما يامان ئادەملەر بار. ھەممە مىللەتنى ئاللاھ تائالا ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەممە مىللەت ئوخشاشتۇر، ھېچقانداق بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتتىن ئەۋزەل ياكى ھۆرمەتلىك ئەمەس، ئەۋزەللىك ۋە ھۆرمەت پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا بولغان تەقۋالىقتا ئىپادىلىنىدۇ، يەنى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، قايسى دۆلەتتىن بولسۇن ۋە قايسى جەمەتتىن بولسۇن، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەقۋالىق دائىرىسىدە ھايات كەچۈرگەن ئادەم ياكى مىللەت ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئەڭ ئەۋزەلدۇر. «شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر»[3]. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، بىز ھەرقانداق بىر دۆلەتتە تۇرساق ۋە ھەرقانداق بىر مىللەت بىلەن ياشىساق، چوقۇم شۇ دۆلەتنىڭ، شۇ مۇھىتنىڭ ۋە شۇ مىللەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايمىز. ئەقلى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى، ئالىيجانابلىقىنى ۋە ئەخلاق – پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ھېچكىم باشقىلارنىڭ يامان قىلىقلىرىنى ۋە ئەخلاقسىزلىقىنى دوراشنى خالىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىنسان ئىسلامدي تەربىيەدىن نېسىۋە ئالالمىغان، ئائىلە تەربىيەسى يېتەرسىز بولسا، ئاسانلا باشقىلارنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ. ئىسلام ئەخلاقى، ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيەسى بۇنداق بەختسىزلىكلەردىن قوغداپ تۇرىدىغان قالقاندۇر. شۇڭا ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆگىنىش ۋە ئائىلە تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ناھايىتى زۆرۈردۇر.

بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئەقىللىق، تىرىشچان ۋە ئەخلاق – پەزىلەتلىك بىر خەلقمىز. ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك ۋە ئىلىم – مەرىپەتلىك خەلق بولغانلىقتىن، بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىنىڭ سىرتىدا، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىكەن. بىز ئەۋلادلىرىمىزغا ياخشى بىر كېلەچەك ھازىرلاشنى ۋە ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىكى خەلقنىڭ قوللىشىغا، مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنى خالىساق، چوقۇم ئۆزىمىزدىكى ئېسىل جەۋھەرلەرنى چىقىرىشىمىز، ئەۋلادلىرىمىزغا، ئەتراپىمىزدىكى خەلققە ياخشى تەسىراتلارنى بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ئەخلاق – پەزىلىتىنى ۋە ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

بىز قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش قابىلىيىتىمىز ئالاھىدە يۇقىرى بولغان بىر خەلقمىز. شۇڭا، بىز مەيلى ياخشىلىق بولسۇن ياكى يامانلىق بولسۇن، ھەرقانداق بىر يېڭىلىقنى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىپ كېتەلەيمىز. ئەگەر بىز بۇ قابىلىيىتىمىز بىلەن ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ئەخلاق – پەزىلىتىنى، ياخشى ئادىتىنى ۋە گۈزەل تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىدىغان بولساق، بۇ ئىشتا چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز.

بىز ئۇيغۇرلار قانداقلا بىر دۆلەتتە تۇرساق ۋە قانداقلا بىر مىللەت بىلەن ياشىساق، چوقۇم شۇ دۆلەتكە ۋە شۇ خەلققە ئۆزىمىزدىكى پەزىلەتلەرنى ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى نامايان قىلالىغاندەك، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزىمىزگە يەرلەشتۈرەلەيمىز. مەسىلەن: ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە ياۋروپا قاتارلىق خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بىر تەرەپتىن يەرلىك خەلققە ئۆزلىرىنىڭ ئىمان _ ئېتىقادلىق، ھالال _ ھارام مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاتا _ ئانىسىغا كۆيۈمچان، ئائىلىسىگە مېھرىبان بولۇشتەك ئالاھىدە تەرەپلىرى بويىچە تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك خەلقنىڭ راستچىللىق، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، مۇئامىلىدە دۇرۇسلۇق قاتارلىق ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ. ئەرەب دۆلەتلىرىدە ياشايدىغان قېرىنداشلىرىمىز بىر تەرەپتىن ئەرەبلەرگە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، مېھماندوستلۇق، كەمتەرلىك قاتارلىق ئېسىل – پەزىلەتلىرى بىلەن تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئىبادەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ياردەمسۆيەرلىك،

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى:13 – ئايەت.
[2] رۇم سۈرىسى:22_ ئايەت.
[3] ھۇجۇرات سۈرىسى:13 – ئايەت.

سىخىيلىق قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقنى ئۆگىنىپ ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ. چۈنكى بىز قانداقلا بىر دۆلەتكە بارساق، ئۇ دۆلەتتە بىزدە بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرنى بايقىغاندەك، بىزدە بولۇپ ئۇلاردا بولمىغان كەمچىلىكلەرنىمۇ بايقايمىز. شۇڭا، بىزدىكى پەزىلەتلەرنى ئۇلارغا يۇقتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردىكى پەزىلەتلەرنى قوبۇل قىلساق ئەڭ پايدىلىق ئىش قىلغان بولىمىز.

ئەمدى تۈركىيەگە كەلسەك، تۈركىيە بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئىككىنچى ۋەتىنىمىز بولۇپ قالدى. تۈركلەر بىزنىڭ قان قېرىنداشلىرىمىز بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزگە ئەڭ يېقىن خەلقتۇر. تۈركلەر بىلەن بىزنىڭ ئەسلىمىز بىر، دىنىمىز بىردۇر. تۈركىيەدىن ۋە تۈرك خەلقىدىن بىزنىڭ ئۆگىنىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن كۆپ بولغىنىدەك، ئۇلارغا يۇقتۇرىدىغانلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: ئەگەر بىز تىرىشساق، ئىنتىزامچانلىق، راستچىللىق، پاكىزلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەخلاق _ پەزىلەتلەرنى ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، ئۇلارغا مېھماندوستلۇق، سەمىمىيلىك، ئاقكۆڭۈللۈك، ئاددىي _ ساددىلىق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەخلاق _ پەزىلەتلىرىمىزنى يۇقتۇرالايمىز.

بۇ يەردە يۇقتۇرۇشتىن مەقسەت ئۆز تەسىرىمىزنى كۆرستىش ۋە ئۆزىمىزدىكى جەۋھەرلەرنى قېزىپ چىقىرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتۇر. چۈنكى بىز ياشاۋاتقان بۇ دېموكراتىك دۆلەتلەردە ھەممە ئىشتا خەلققە تايىنىمىز. مەلۇمكى، بۇنداق دۆلەتلەردە خەلق ھۆكۈمەتتىن كۈچلۈك بولىدۇ ۋە خەلقنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدۇ. بىز يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشىغا، ھىمايىسىگە ۋە سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولالىساق، ئەلۋەتتە ھۆكۈمەتلەرنىڭمۇ قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيمىز. بۇ چاغدا ھۆكۈمەت بىزنى سىپتۇۋەتمەكچى بولسىمۇ خەلق بۇنىڭغا يول قويمايدۇ ۋە بىزنى قوغدايدۇ. ناۋادا بىز خەلقنىڭ كۆزىدىن چۈشۈپ كەتسەك، ئۇلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قالساق ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي قالساق، ئىشىمىز چاتاق بولىدۇ. ئۇ چاغدا بىزنى ھېچكىم قوغدىمايدۇ. شۇڭا بىز قايسى دۆلەتتە تۇرساق شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز شەرت.

تۈركىيەنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ۋە ھەر قايسى مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىدە، ئۇيغۇرلارنى ئەڭ ئاۋۋال مەدەنىيەت ياراتقان ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ ئىلىم _ مەرىپەتلىك خەلق دەپ يازىدۇ. شۇڭا، تۈركلەر بىزنى ئەڭ مەدەنىيەتلىك ۋە ئىلىم _ مەرىپەتلىك خەلقنىڭ ئەۋلادى دەپ بىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز تۈركلەرگە شۇ گۈزەل تەسىراتنى بېرەلەيدىغان سەۋىيەدە ئەمەس. چۈنكى بىز بىر قانچە يۈز يىلدىن بېرى مەدەنىيەتتىن ۋە ئىلىم _ مەرىپەتتىن يىراقلاشتۇرۇلدۇق، ئەجدادلىرىمىزدا بولغان پەزىلەتلەرنىڭ كۆپلىرىدىن مەھرۇم قىلىندۇق. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز ئۇيغۇرلاردا باشقا مىللەتلەردە بولمىغان بىر قىسىم گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىيجانابلىقلار ھېلىھەم بار.

**تازىلىق**

تۈركلەردىن بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك مۇھىم بولغان ئەخلاق _ پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىلىرىدىن بىرى پاكىزلىق بولسا كېرەك. پاكىزلىق دېگىنىمىز: ئۆي ئىچىمىزنىڭ، ئىش ئورنىمىزنىڭ، كىيىم _ كېچەكلىرىمىزنىڭ ۋە بەدىنىمىزنىڭ ھەمىشە پاكىز، رەتلىك، چىرايلىق بولۇشى دېگەنلىكتۇر.

ھازىرقى تۈركىيەدىكى تۈركلەر پۈتكۈل مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىچىدە، ھەتتا بارلىق ئىنسانىيەت ئىچىدە تازىلىقتا، پاكىزلىقتا ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىدىغان، تولىمۇ پاكىز، مەدەنىيەتلىك بىر خەلقتۇر. بۇ خەلق ئۆزىنىڭ پاكىزلىقى، ئىنتىزامچانلىقى بىلەن ھەر يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىدىغان دۇنيا ھاجىلىرى ئىچىدە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كەلمەكتە. تۈركلەرنىڭ پاكىزلىقىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى ماختايدۇ. تۈركلەر ھەر تەرەپتىن پاكىز بولغان، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرگەن كىشىلەرنى ياقتۇرىدۇ، ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەمما پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، تازىلىق قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئىنتايىن بەك يامان كۆرىدۇ. بۇ خەلق بىزنىڭ بەزى ئۇيغۇرلىرىمىزدەك ئەخلەتنى بالكوندىن يەرگە ئاتمايدۇ، ئۆيىنىڭ ئالدىغا دۆۋلەپ قويمايدۇ، ئۆي ئىچىنى رەتسىز، پاسكىنا تۇتمايدۇ، ئاشخانىسىنى مايلىشىپ كەتكەن ھالدا قويمايدۇ، ھاجەتخانىسىنى خۇشپۇراقسىز تۇتمايدۇ، ھاۋانىڭ ئىسسىق كۈنلىرى كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنماي تۇرالمايدۇ، كىيىم _ كېچەكلىرىنى پاك – پاكىز تۇتىدۇ ۋە ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، قوللىرىنى ۋە يۈزىنى سوپۇنلاپ يۇيۇپ تۇرىدۇ، مەسجىدكە كىرسە چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ كىرىدۇ ۋە پۇتىغا پايپاق كىيمەي كىرمەيدۇ.

ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارغا قۇچاق ئاچىدىغان تۈركىيەدەك بىر دۆلەت يوق، ئۇلارغا تۈركلەردەك يېقىن خەلقمۇ يوق. بىز تۈركىيەدە ياشىماقچى ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى مۇشۇ دۆلەتتە يېتىشتۈرمەكچى بولساق، چوقۇم مۇشۇ دۆلەت خەلقىنىڭ قوللىشىنى، سۆيگۈسىنى ۋە ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە موھتاجمىز. بىز بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە پىداكارلىق قىلىشىمىز، يامان مىجەز – خۇلقىمىزنى ئۆزگەرتىپ، مۇشۇ خەلقنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگىنىشىمىز، بۇ خەلقنىڭ ئەيىبىنى ئەمەس، ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئىزدىشىمىز، بولۇپمۇ بۇ خەلقنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش روھىنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئابرۇيىنى قوغدىغان، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ يۈزىنى ئاق قىلغان ۋە بىزگە جاي بەرگەن خەلقنى مەمنۇن قىلغان بولىمىز.

پاكىزلىق ۋە تازىلىق ئەڭ ئاۋۋال بىردىنبىر ئىسلام مەدەنىيىتى، ئاندىن قالسا بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزدۇر. چۈنكى بىز ئەڭ پاكىز، ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقنىڭ ئەۋلادلىرىمىز. بىز ئۇيغۇرلاردا: «تەن ساقلىق – زور بايلىق، ساغلام تەندە ساپ ئەقىل» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇ سۆز جەۋھەرلىرىنىڭ بىباھا قىممىتى ۋە ئىلمىي ئاساسىي بار. چۈنكى تەن ساغلام بولغاندىلا ھەر قانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىغىلى بولىدۇ. پاكلىق، پاكىزلىققا ھەر دائىم ئەھمىيەت بېرىش – ساغلام بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

تازىلىقتا رىئايە قىلىشنى ئادەت قىلغاندىلا ساغلام، زېرەك، چېچەن ۋە قاۋۇل بولغىلى بولىدۇ.

تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش – بىر مىللەتنىڭ ساپاسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئېسىل پەزىلىتىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسىدۇر. مۇسۇلمانلار تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ئەڭ ئاۋۋال يېتىلدۈرگەن خەلقتۇر. چۈنكى پاك ۋە پاكىز بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسىدۇر. دۇنيادا ھېچقانداق دىن، ھېچقانداق پەلسەپە ۋە ھېچقانداق قانۇن كىشىلەرنى مۇسۇلمانلار تاھارەت ئېلىپ پاكلانغاندەك كۈندە بەش قېتىم پاكلىنىشقا بۇيرۇمايدۇ. شۇڭا پاكىزلىققا بۇيرۇلۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان ھېچقانداق خەلق يوق. ئەمما ئەپسۇسكى، تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغان مۇسۇلمانلار بار.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇرغۇنلىغان ياخشى تازىلىق ئادەتلىرىمىز بار. مەسىلەن:

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار مۇھىت تازىلىقىغا، جۈملىدىن ھويلا- ئارام، مەسجىد، ساراي، ئۆي-ماكانلارنىڭ تازىلىقىغا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئانا ۋەتەندىكى مۇسۇلمانلارلا ياشايدىغان رايونلاردا بۇ ئادەتنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار مۇھىت تازىلىقىنى دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنە ھەم مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئورمان ئۆستۈرۈپ، باغۋاران بىنا قىلىپ، گۈل-گىياھ تېرىپ مۇھىتنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. خەلقىمىزدىمۇ «بېغى يوقنىڭ نېنى يوق» دەيدىغان ماقال بار.

ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ھويلا، يوللارغا سۇ سېپىپ سۈپۈرۈش مۇسۇلمان ئائىللىرىنىڭ ھەر كۈنلۈك سەھەر تۇرۇپ پۈتتۈرىدىغان بىرىنچى ئىشىدۇر. مۇسۇلمانلار بامدات نامىزىدىن يارىغ بولغاندا، ئۆي ئىچىنى پاك پاكىز تازىلاپ بولۇپ ئاندىن ناشتا قىلىدۇ. ئەخلەتنى، يۇندىنى ھەرگىز يول بويلىرىغا، سۇ قاناللىرىغا تۆكمەيدۇ. شۇنداقلا يولدىكى توسقۇنلارنى ئېلىۋېتىش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، قۇدۇق قېزىش قاتارلىقلارنى چوڭ ساۋابلىق ئىش دەپ بىلىدۇ. زىرائەتلەرنى، گۈل-گىياھلارنى نابۇت قىلمايدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئۇلار شەخسىي تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ناماز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى بولۇپ، پاكلىق، پاكىزلىق ۋە تاھارەت بولمىسا ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار شەخسىي تازىلىقنى قانداقلا شارائىتتا بولسۇن، ھەر دائىم ئۆز ۋاقتى سائىتىدە مۇنتىزىم ئورۇنلايدۇ.

بەشىنچىدىن، ئۇلار يېمەك – ئىچمەكنىڭ پاكلىقىغا ۋە تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاچ قالسا قالىدۇكى، ھارام يېمەكلىكلەرنى يېمەيدۇ.

پاكىزلىق ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ئېسىل سوۋغىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ۋاقىت تازىلىققا، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ كىيىمى، بەدىنى ھەمىشە پاكىز، خۇشپۇراق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلار 6 _ ئەسىردىن بېرى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ھەر ۋاقىت تازىلىق قىلىپ، پاكىز، ئېسىل، خۇشپۇراق يۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا بۇيرۇشىدا، ئۇلارنىڭ تەن ساقلىقى، ئەخلاقى، دىيانىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەر بار. قىسقىسى، _ تىببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك _ يۇيۇنۇشتا تەرلەشتىن كېلىپ چىققان مايلىق تۇز ماددىلىرى بىلەن بەدەننىڭ يېپىلىپ قالغان تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ، ئىنساننىڭ نەپەس ئېلىشىنىڭ ئوڭايلىشىشىغا، بەدەننىڭ راھەتلىنىشىگە، روھنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق بولغان ئىجابىي نەتىجىلەر باردۇر. مۇندىن باشقا بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇپ تۇرۇش ئارقىلىق بەدەندىكى يېقىمسىز پۇراقلار يوقىلىدۇ، ۋۇجۇدنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. پائالىيەتچانلىقى ئاشقان ئادەم مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى روھلۇق، جوشقۇنلۇق بىلەن كامىل ئورۇنداش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە روھ بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا پاكىزلىق تەرەپتىن باغلىنىش بولۇپ، بەدەن كىرلەشكەن ۋاقىتتا روھ چۈشكۈنلىشىدۇ، بەدەن پاكىز بولغان ۋاقىتتا روھمۇ جانلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ھازىرمۇ سۇ قىس. بۇ جاينىڭ مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى ھالىغا قارايدىغان بولساق، شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەبىستاننىڭ سۇ قىس، قۇرغاقچىلىق چۆللىرىدە، تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قوللارنى يۇيۇشقا، كۈندە ئاز دېگەندە بەش قېتىم تاھارەت ئېلىپ، قول _ پۇتلارنى، يۈزنى، گاھ پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشقا، جۈمە، ھېيت ۋە مېيىت نامازلىرىغا، ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە ۋە توي _ تۆكۈنلەرگە بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، خۇشپۇراق بۇيۇملىرىنى ئۆزىگە، كىيىمىگە چېچىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگەتكەن ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر مەدەنىيەتلىك ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. مۇشۇنداق بىر ئىلغار، مەدەنىيەتلىك بىر دىنغا مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ھەربىر ئوقۇرمەن ئۆزى قارار قىلسۇن!

---

1 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەت خەلقىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز؟ (2)

دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئاخىرەتتىكى جەننەتنىڭ سۆيگۈسى ۋە ئارزۇسى بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئەمما ئۆزىنى ئۆستۈرگەن جەننەت ۋەتىنى ئۈچۈن ھېچبىر ئىش قىلمايدۇ، ئۇنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنىڭ يېتىلمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ھالبۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەن سۆيگۈسى ھەرقانداق بىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ۋاپادارلىق بۇرچىدۇر. ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ۋەتەنىدىن سۆيۈملۈك جاي يوقتۇر. دىنىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ چوڭ سۆيگۈ ـ ۋەتەن سۆيگۈسىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان ۋاپا بۇرچى بولغانىدەك، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مال ـ مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەرقانداق بىر پۇقرانىڭ ئۇنى ئىللىق قوينىدا ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرگەن ئانا ۋەتەنگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

### ۋەتەنپەرۋەرلىك

تۈركلەرنىڭ بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىككىنچى چوڭ خىسلىتى ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. ئۆز ۋەتىنىنى جېنىدىن ئارتۇق بىلىپ سۆيۈشتە، ۋەتىنى ئۈچۈن جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىشتا تۈركلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدىغان ھېچقانداق مىللەت بولمىسا كېرەك دۇنيادا. تۈرك خەلقى ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن راھەتلىك بىلەن ۋاز كېچەلەيدۇ، بىر ـبىرىگە دۈشمەن بولۇپ كېلىۋاتقان گۇرۇھلارمۇ ۋەتەن مەسىلىسىدە دەرھال بىرلىشەلەيدۇ، ھەرقانداق قىيىن شارائىتلاردىمۇ بىرەر يولباشچىنىڭ ئارقىسىدا بىرلىشەلەيدۇ، ھەرقانداق بىر دەۋرادا، ھەرقانداق بىر ئىنقىلابتا يولباشچىلىرىنى ئۆز بېشىغا يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇلار ۋەتەن يولىدا ئۆلۈشنى ئەڭ شەرەپلىك ئۆلۈم دەپ بىلىدۇ، پەرزەنتلىرى ۋەتەن ئۈچۈن شېھىت بولغان كىشىلەر تەزىيە بىلدۈرگەنلەرگە دەرتلەنمەيدۇ، ھەسرەت چەكمەيدۇ، پەقەتلا «ۋەتەن ئامان بولسۇن!» دەيدۇ. تۈرك خەلقى ۋەتەن يولىدا جېنىنى بەرگەنلەرنى ناھايىتى بەك ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى «شېھىتنىڭ تۇغقانلىرى» دەپ قەدىرلەيدۇ ۋە ئاسرايدۇ. قىسقىسى، تارىختىن بېرى ۋەتەن يولىدا جېنىنى بېرىش تۈرك ياشلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى بولۇپ كەلگەن. چاناققەلئە ۋە باشقا كۆپلىگەن ئۇرۇشلاردا جېنىدىن ئايرىلغان ئەزىمەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

تۈرك خەلقى يەنە ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئۆز دەۋاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا پىداكارلىق قىلىش، قىلغان ھەربىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش جەھەتلەردىمۇ بىزگە ئۈلگە بولالايدۇ. بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكتە بىزنىڭ ئىزچىل ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىشتا ئۇنىڭ قەلبىگە ۋەتىنىنى سۆيۈش تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈپ بەرگەن. بۇ تۇغما مۇھەببەت ئىنساننى ۋەتىنىگە باغلايدۇ. ئۇ مەجبۇر بولۇپ قالمىغۇچە ۋەتىنىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋەتىنى بولغان مەككىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ يولغا چىققاندا: «ئەي مەككە! سەن ئاللاھقا ۋە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك شەھەرسەن، ئەگەر خەلقىڭ مېنى چىقارمىغان بولسا ئىدى، مەن ھەرگىز سەندىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەيتتىم»[1] دېگەن. ۋەتەنىدىن ئايرىلىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان، ناھايىتى قىيىن بىر ئىش بولغاچقا، مۇھاجىرلارنىڭ پەزىلىتى ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاجىر ساھابىلەرنىڭ ئەنسار ساھابىلەردىن ئارتۇقچىلىقى ئۇلارنىڭ ۋەتەنلىرىنى تەرك ئەتكەنلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇھاجىرلارنى ئالاھىدە مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن: ((ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر)[2].

ۋەتەنىدىن ئايرىلىش ئەڭ ئېغىر جازا ۋە ئەڭ قاتتىق ئازاپ بولغاچقا، ئىسلام جازا قانۇنىدا جىنايەتچىنى ۋەتەنىدىن پالاش، ئۆلۈم جازاسى بىلەن تەڭ تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك)[3]. يەنە قۇرئان كەرىمدە ۋەتەن سۆيگۈسى جان سۆيگۈسى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. (ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى)[4].

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

(2) ھەشر سۈرىسى 8- ئايەت

3 مائىدە سۈرىسى 33- ئايەت.

4 نىسا سۈرىسى 66- ئايەت.

ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيۈشنى ئىنسانلىق بۇرچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، ياخشىلىق قىلغاننى سۆيۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ تونۇيدۇ. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، ئۇنى تۆرلۈك نېمەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، ئۇنى بارچە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، كۆكسى كەڭ، قوينى ئىسسىق ئاشۇ ئانا ۋەتىنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى بارمۇ؟! ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىرى بارمۇ؟!

ۋاپادار ئىنسان چوقۇم ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى، ھەركىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ قوينىدەك ئىسسىق ۋە يۇمشاقتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا بىزنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىز تۇرغان يەردە، ۋەتەنمۇ شۇنداق قەدىرلىك ئانا! بەلكى بۇ، بىزنى تۇغقان ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئانىمىزدۇر. چۈنكى، ئانىلارنى ئۆستۈرگەن توپراقمۇ ئەنە ئاشۇ ۋەتەن ئەمەسمۇ؟

ھەركىمنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدۇر. ھەركىم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىسسىق ۋە يېقىملىق بولغاندەك، ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىمۇ شۇنداق ئىسسىق ۋە يېقىملىقتۇر. ئۆيىمىزنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىش ياكى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قانچىلىك مەبلەغ، ۋاقىت، كۈچ ۋە ئەقىل سەرپ قىلغىنىمىزدەك، ۋەتىنىمىزنىڭ كېلىچەك قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ ئەڭ ئاز دېگەندە شۇنچىلىك پىداكارلىق كېرەك.

ۋەتەن ئۆز ئۆيىمىز. چۈنكى ھەركىم ئۆز ئۆيىگە ئۆزى خالىغانچە كىرىدۇ ۋە خالىغانچە ئولتۇرىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئۆي ساھىبى رۇخسەت بەرگەندىلا كىرەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگىمۇ شۇنداق ۋاقىتلىق رۇخسەت بىلەن كىرىدۇ. ھەج، ئۆمرە، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن چەتئەلگە چىققانلار ۋە چەتئەللەردە تۇرۇپ قالغانلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە قەدرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولماقتا.

ۋەتەن سۆيگۈسى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن، ياكى ئەدىبلەرنىڭ قىسسىلىرى بىلەن، ياكى ئارتىستلارنىڭ ناخشىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ۋەتەن سۆيگۈسى پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ. ۋەتەن ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكنى، جاننى پىدا قىلىش تەبىئىي بۇرچتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ۋە ئەمەلىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بىردىنبىر ئابىدىسىدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان مەككىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەرك ئەتكەن ئەمەس. ئۇ مەدىنىگە بارغاندىن كېيىنمۇ، ھەمىشە مەككىنىڭ غېمىدە بولدى. ئاللاھتىن مەككىنىڭ بۇددىست ئەرەبلەرنىڭ قولىدىن فەتھى قىلىنىشىنى تىلەش بىلەن بىرلىكتە ئەسكەر ۋە قورال كۈچى تەييارلىدى. بىر كۈنمۇ مەككىنى ئېسىدىن چىقارمىدى، بارلىق ھىممىتىنى ئانا يۇرتى مەككىنىڭ فەتھى ئۈچۈن ئاتىدى، ھەتتا چۈشىدىمۇ مەككىگە بېرىپ، ھەرەمنى تاۋاپ قىلىپ كۆرگەن ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە ئۆزىنىڭ غەيرىتى بىلەن ئاخىرى مەككىنى فەتھى قىلدى.

## بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەت خەلقىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز؟ (3)

ۋاقىت ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ۋە ھەقىقىي دەسمايىسىدۇر. ئىنسان مۇشۇ دەسمايىسى ئارقىلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەكسى ئەھۋالدا، ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ. خۇددى بۇ دۇنيادا دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان تىجارەتچى زىيان تارتقاندەك، بۇ دۇنيادا ئۆمۈردىن ئىبارەت دەسمايىسىدىن پايدىلانمىغانلار ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتىدۇ. ئەڭ چوڭ زىيان ئاخىرەتتىكى زىياندۇر.

ئىنساننىڭ تۇغۇلۇپ ئۆلگەنگە قەدەر بولغان ھاياتىنىڭ ھەممىسى ۋاقىتتۇر. تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ھەسەن بەسرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئى ئادەم بالىسى! سەن كۈنلەرنىڭ يىغىندىسىسەن، ئۆتۈپ كەتكەن ھەربىر كۈن بىلەن بىرگە سېنىڭ بىر پارچەڭ تۈگەپ ماڭىدۇ». ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن كىشى ئۈچۈن، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىنىڭ ۋە ئۆمرىنىڭ قىممىتىنى بىلىنىدىغان ۋە ھەسرەت چېكىدىغان چاغلىرى كېلىدۇ. ئەرمما ئۇ چاغلاردا ئىنسان بەك كېچىپ قالغان بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسانلار قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، قوللىرىنى چىشلەيدىغان ئىككى كۆرۈنۈشنى بايان قىلغان.

بىرىنچىسى، دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، ئاخىرەتكە قاراپ كېتىۋاتقان چېغى، يەنى سەكراتتىكى چېغىدۇر. ئىنسان بۇ چاغدا «كاشكى، ماڭا يەنە بىر مۇددەت مۆھلەت بېرىلگەن بولسىچۇ، مەن يامان قىلغان ئىشلىرىمنى تۈزىتىپ، گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىپ، ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ئوبدانراق تەييارلىق قىلىۋالغان بولسامچۇ» دەپ ئارزۇ قىلىپ باقىدۇ ۋە بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل _ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداقلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. سىلەر بېشىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «ئى رەببىم! مېنىڭ ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن بولساڭ، مەن سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بەرگەنلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىڭلار)[1]. ئاللاھ تائالا بۇ قۇرۇق ئارزۇغا رەددىيە بېرىپ، ئارقىدىنلا: (ئاللاھ ھېچكىمنى ئەجىلى كەلگەندە كېچىكتۈرمەيدۇ. ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر)[2] دەيدۇ.

ئىككىنچىسى، قىيامەت كۈنى ئەمەللەر تارازىدا تارتىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلغانلار جەننەتكە، يامان ئىش قىلغانلار دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، دوزاخ ئەھلى دۇنياغا قايتىپ بېرىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، جەننەتكە لايىق كىشىلەردىن بولۇپ كېلىشتىن قاتتىق ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: (كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئۆلۈم بىلەن ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق كاپىرنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز. ئۇلار دوزاختا: «رەببىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقىچە ئەمەللەرنى قىلىۋالساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (ئۇلارغا دېيىلىدۇ) «سىلەرگە ۋەز _ نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز _ نەسىھەت ئالالىغۇدەك بىر ئۆمۈر ۋاقىت بەرمىدۇقمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلدىغۇ، (نېمىشقا ئىمان ئېيتمىدىڭلار؟) ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ياردەم بەرگۈچى يوق»)[3].

### ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلەش

ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ياۋروپا ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ ۋاقىتقا قانداق ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دۆلەتلەردە ۋاقىتنىڭ ئۆزى نەق پۇل ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش، ۋاقىتتىن ۋايىدىلىنىش ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلماسلىق قاتارلىق ئىشلار ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئىپادىسى بولغىنىدەك، مەدەنىيلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىستانبۇلدەك ئالدىراشلىق شەھەردە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلار تۈركلەرنىڭ ۋاقىتقا قانچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنىمۇ قەدىرلەيدىغان مەدەنىيەتلىك بىر خەلق ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە ياخشى بىلىدۇ.

ھەقىقەتەن تۈركلەر ئىسلام دۆلەتلىرى ئىچىدە ۋاقىتنىڭ قەدرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ۋاقىتتىن ئەڭ تولۇق پايدىلىنالايدىغان، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ قەدىرلەيدىغان بېگانە خەلقتۇر. تۈركىيە ۋاقىت مەسىلىسىدە ئىسلام ئەخلاقىنى ۋە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر دۆلەتتۇر. تۈركلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ئۇچرىشىش ياكى زىيارەت قاتارلىق ھەرقانداق بىر ئىش ئۈچۈن ئالدىن ۋاقىتنى بەلگىلەپ ۋەدىلىشىشى، ئاندىن ۋەدىلەشكەن شۇ سائەت، شۇ دەقىقە ئىچىدە ھازىر بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. ۋاقىتقا رىئايە قىلىشتا، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلەشتە تۈركلەرنىڭ شەھەرلىكلىرى بىلەن يېزىلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. چۈنكى بۇ خەلق ئەزەلدىن شۇنداق تەربىيەلەنگەن خەلقتۇر.

تۈركىيەدە بەزى كىشىلەرنىڭ بىر كۈندە ئىككى ياكى ئۈچ ئورۇندا ئىشلەشتە نەتىجە قازىنىشىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان،

---

[1] مۇناپىقۇن سۈرىسى:9-10- ئايەتلەر.

[2] مۇناپىقۇن سۈرىسى:11- ئايەت.

[3] فاتىر سۈرىسى: 36- 37- ئايەتلەر.

ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈشكە زادى رازى بولمايدىغان ئېسىل خىسلەتتىن بولسا كېرەك. ھەرقانداق بىر خەلق بىلەن ياشىغان ئادەم ئەلۋەتتە شۇ خەلقنىڭ قىسمەن تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بىز تۈركلەر بىلەن ياشاپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۇلارنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ۋەدىلەشكەن ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق خىسلەتلىرىنى ئۆگەنمەيمىز؟ بىز نېمىشقا ئۆزىمىز ياشاۋاتقان جايدىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيمىز؟ ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە روھىدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ياخشى كىشىلەرمۇ بار، يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك يامان كىشىلەرمۇ بار. ياخشى كىشىلەرنىڭ گۈزەل خىسلەتلىرىنى ئۆگەنگەن كىشى ھەممىشە پايدا تاپىدۇ، قەتئىي زىيان تارتمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ سىزگە ئىپار بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋالسىز ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ خۇشبۇيىنى پۇرايسىز. كۆرەك باسقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ كىيىمىڭىزنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بەدبۇي سېسىق پۇراقنى پۇرايسىز»[1].

ئۆزىنىڭ پايدا – زىيىنىنى بىلىدىغان، ئەقىللىق كىشىلەر چوقۇم ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى. ئەگەر ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىدىگە يول قويسا، ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانغا ئوخشاش بىلىدۇ. ئىنسان تىنىمسىز ھالدا ئالدىغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋاتىدۇ. پەلەكنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشى ئۇزۇن يولدىكى باسقۇچلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان يېڭى بىر تاڭدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنساننىڭ مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئۇنى كۆز ئالدىدا ئايان بولىۋاتقاندەك سېزىشى، ئىلگىرى بولغان ۋە كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ئاقىلانىلىق ئەمەسمۇ

كىشىنىڭ ۋاقىت مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى توختاپ تۇرغاندەك ھېس قىلىشى ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىدۇر. بۇ خۇددى پويىزدا ئولتۇرغان يولۇچىنىڭ ئۆزىنى جىم تۇرغاندەك پەقەت سىرتتىكى شەيئىلەرلا مېڭىۋاتقاندەك سەزگىنىگە ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ئىنسان خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ھامان كۆزلىگەن نىشانغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. مۇسۇلمانلار ۋاقىتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار «ۋاقىت قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن كەسمىسەڭ، سېنى ئۇ كېسىدۇ»دېگەن ھەقىقەتنى ياخشى بىلىدۇ. بىر ھەدىستە: «بەندىنىڭ قەدىمى قىيامەت كۈنىگە قويۇلۇشىغىلا تۆت نەرسىدىن سوئال قىلىنىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، ياشلىقىنى نېمە ئىش بىلەن تۈگەتكەنلىكىدىن، مال – دۇنيانى قانداق يول بىلەن تاپقانلىقى ۋە ئۇنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمىگە قانداق ئەمەل قىلغانلىقىدىن سوئال – سوراق قىلىنىدۇ»[2] دەپ كەلگەن.

ۋاقىت چىرايلارغا قورۇق، بەدەنلەرگە ئاجىزلىق، چاچ ۋە ساقاللارغا ئاقلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە ئاخىرى ئەجەلنىمۇ چاقىرىپ كېلىدۇ. ۋاقىتنى يۈرۈشىدىن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئىنسان قۇدرىتى ئۇنى ئارقىغا چېكىندۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ – ۋاقىت. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى بىلىم ئېلىش، ئىجاد قىلىش، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئەقىللىقلارنى ئويغىتىش پەيتىدۇر.

دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى ئۇزۇن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى جايىدا ئورۇنداپ، نەتىجە يارىتىش بىلەن ئاللاھنى ۋە خەلقنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان مۇسابىقىدۇ.

ۋاقىت _ ھايات، ۋاقىت _ پۇل، ۋاقىت _ ئىلىم، ۋاقىت _ سالامەتلىك، ۋاقىت _ پەن _ تېخنىكا، ۋاقىت _ قىممەتلىك ھەر نەرسە. بەزى شىركەتلەر بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ھېسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بەزى كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر مىنۇت كېچىكىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر رېئاللىق.

قولدىن كەتكەن ھەممە نەرسە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنساننىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر بىر ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ زايە قىلماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

**ئۆلگۈرەلمەسلىك ۋە ۋاقىتىدا قىلالماسلىقنىڭ سەۋەبى**

قانداقلا بىر ئىشنى ۋاقتىدا قىلالماسلىق، بىرەرۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىيالماسلىق ۋە قانداقلا بىر ئىشقا ياكى بىر يەرگە ئۆلگۈرەلمەسلىكنىڭ بىرلا سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ، «تېخى ۋاقىت بارغۇ» دەپ ئۆزىڭىزنى ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. ھەممە ئىشنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتتاقىلىمەن دەيدىغان ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلايدىغان ئەخمەقلەردۇر. مۇنداقلارنىڭ قىلغان ئىشى غەلىبىلىك بولمايدۇ.

1 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
2 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
3 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشقا «ۋاقتىم بار» مۇئامىلىسىنى قىلىپ، باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە قىلىدىغان ئىشىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، بارىدىغان يېرىگە كېچىكىپ بارىدۇ. بۇ ئارىدا كۆپ ئىزتىراپ چېكىدۇ، ئىشىنى ئالدىرا تېنەپ چالا _ پۇچۇق قىلىدۇ. ئەمما ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان ئادەم ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، بارىدىغان يېرىگە ۋاقتىدا بارىدۇ، ئىزتىراپ چەكمەيدۇ، كېچىكىپ قېلىپ ئاقىزادە بولمايدۇ، ھەممە ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ.

**نەتىجە قازانغانلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدۇ**

ھاياتىدا چوڭ ئىشلارنى قىلغان ۋە كاتتا نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدىكەن، بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىكەن. ئەمما ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدىغان ئىنسانلار ھەممە ئىشنى «تېخى ۋاقتىم بارغۇ» دەپ ئارقىغا سۈرۈش ئارقىلىق ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ، ھېچبىر نەتىجە قازىنالمايدۇ.

تىرىشچان ئادەملەر ئۆچۈن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىكتۇر. تىرىشچان ئادەملەر ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلىغۇسى كېلىدۇ. ئەمما بىكار تەلەپلەر ئۆچۈن كۈن ئۆتسە، سائەت توشسا بولدى. ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالاردۇر.

**ۋاقىت ئوغرىسى پۇل _ مال ئوغرىسىدىن ياماندۇر**

ئەپسۇسكى، باشقىلارنىڭ پۇل _ مېلىنى ئوغرىلىغان ئادەمنى كىشىلەر ئوغرى دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالارنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىت ئوغرىسىنىڭ قىلمىشى مال ئوغرىسىنىڭ قىلمىشىدىن ئەلۋەتتە ئېغىردۇر. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلىغانلىق ئۇنىڭ پۇل _ مېلىدىن ئوغرىلىغاندىن ياماندۇر.

سائەت مانچىگە دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ۋەدىلەشكە جايغا ۋاقتىدا بارماسلىق ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىق ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى، ئۆمرىنى ئوغرىلىغانلىقتۇر.

كېرەك بولغىنى ۋاقىتنى سەرپ قىلىش ئەمەس، ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتۇر. ۋاقىتنى مەنىسىز سەرپ قىلغان ئادەم ئۇنى زايە قىلغان بولىدۇ، ئەمما ۋاقىتتىن پايدىلانغان ئادەم نەتىجە قازىنىدۇ. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدا ۋاقىت _ ئىبادەتتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش (يەنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش) ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادا مەۋجۇتتۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ (جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم)[1] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. ئەمما مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ، خۇسۇسەن، غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە «ۋاقىت _ پۇلدۇر» دېگەن پەلسەپە ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ پەلسەپىنى ھەسەن بەسرىنىڭ «مەن ھاياتىمدا ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئالتۇن، كۈمۈشتىن قىممەتلىك بىلىدىغان كىشىلەرنى كۆردۈم» دېگەن سۆزىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ۋاقىتنىڭ مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىدا نەقەدەر قىممەتلىك، نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. چۈنكى ئالتۇن، كۈمۈش زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئىشلەپ تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆمۈر زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلىبولمايدۇ.

بىر باغلام پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئادەمنى كىشىلەر ساراڭ دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن، ئويۇن _ تاماشا بىلەن زايە قىلىۋەتكەن ئادەم ھەقىقىي ساراڭدۇر. چۈنكى ۋاقىت پۇلدىن قىممەتلىكتۇر. بەزى شىركەتلەر بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر مىنۇت كېچىكىپ قېلىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ رېئاللىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

---

[1] زارىيات سۈرىسى، 56_ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

## بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەت خەلقىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز؟ (4)

شەكسىزكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئىماندىن قالسا، ئۆگىتىش ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بالىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش خۇددى ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىش زۆرۈر بولغاندەك زۆرۈردۇر.

چۈنكى ئانا تىلى يوقىلىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا قالغان بىر مىللەتنىڭ، ئۆز ئانا تىلىنى خۇددى دىنىنى قوغدىغاندەك مەھكەم تۇتۇپ قوغدىشى، تەبىئىي زۆرۈرىيەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامدا مىللەتچىلىك يوق. ئەمما ئىسلامدا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى، ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش بار. ئەمما بىر مۇسۇلمان مىللەتنىڭ تىلى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تىلى ئاستىدا ئاستا-ئاستا ئىستېمالدىن قېلىش، ھەتتا يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا بۇ تىلنى قوغداپ قېلىشنى پەرز دەرىجىسىدىكى زۆرۈرىيەت دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

چۈنكى مەزكۇر مۇسۇلمان مىللەت ئەگەر ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى قوللىنىش ئورنىغا، مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تىلىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئىسلامىي ئەخلاقىنىمۇ ئاستا-ئاستا قولدىن بېرىپ قويۇشقا قاراپ يول ئالغان بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر مىللەتنى ۋە ئۇنىڭ تىلىنى ساقلاپ قېلىش شۇ مىللەت خەلقى ئۈچۈن دىنىي ۋە مىللىي مەجبۇرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندەك خەلقى مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆز ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى، بالىلىرىغا ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا سۆزلىشىشنى بىلمىگەن ئادەم قانداقمۇ ئۆزىنى شۇ مىللەتكە مەنسۇپ قىلالىسۇن؟ قانداقمۇ شۇ مىللەتنىڭ دەۋاسىنى قىلالىسۇن؟ ئۆزىنىڭ ئانا  تىلىنى بىلمىگەن ئادەم ھەرقانچە ۋەتەنپەۋەرلىك قىلىمەن دېسىمۇ ئۇنى بېجىرەلمەيدىكەن. مەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇردىن بىر قانچىسىنى بىلىمەن. زادى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن، ئۆزىنىڭ تارىخىدىن يىراق ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر بارماق بىلەن ساناپ بەرگۈچىلىك ئاز بولىدىكەن. ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە تەلپۈنىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىدىغان مۇشۇ ئاز كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ يۇرتى بولغان ئانا ۋەتەنگە قانچىلىك ئىخلاس قىلسىمۇ، بۇ ۋەتەننى قانچىلىك بەك سۆيگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا گەپ قىلىشنى ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئوقۇشنى بىلمىگەنلىكتىن، قىلماقچى بولغانلىرىنى قىلالماي، دېمەكچى بولغانلىرىنى دېيەلمەي كەلمەكتە. بۇلار  ئۆز ئانا تىلىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك كۆپ قىينالماقتا.

سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئاتا – ئانىسى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ۋە پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىلمىگەن ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئۆز مىللىتىگە يېقىملىق، ئۆز مىللىتىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ۋاپادار چىقىدىكەن. ئەمما ئۆزلىرى ۋەتەنپەرۋەر ياكى ئۆلىما بولغان بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىلمىگەن ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى – پەسلىنى بىلمەيدىغان، مىللىتىگە كۆيۈمسىز بولۇپ چىقىدىكەن. بۇلار بىزنىڭ كۆرگەن ۋە ئىگىلىگەنلىرىمىزدۇر.

شۇڭا دەيمىزكى، بىر ئۇيغۇر ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلمايدىغان، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار، ئاقكۆڭۈل، تىرىشچان ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان ۋاپادار بىر كىشى بولسا، ئۇ چوقۇم بالىلىرىغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشى لازىم. ئۇ ئۆزىنىڭ نام – نىشانىسىنىڭ داۋام قىلىشىنى خالىسا، چوقۇم بالىلىرىغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشى لازىم.

ئۆز ئانا تىلىنى ساقلاش مەسىلىدە ئانا ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن چەتئەللەردە، خۇسۇسەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا ئوخشىغان خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى جان تىكىپ قوغداشتۇر. ئۇيغۇر نەدە بولمىسۇن، ئۇيغۇر بولۇپ ياشىشى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

مەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇغۇلغان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ھەتتا يەسلىدىن باشلاپ تاكى دوكتورلۇققا قەدەر ئەرەب تىلىدا ۋە ئەرەب مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ يېتىشكەن نۇرغۇنلىغان تۈركلەرنى بىلىمەن. ئۇلار تۈرك تىلىنى ۋە تۈركلەرگە خاس ئەدەپ - ئەخلاقلارنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمىغان. قىسقىسى، مەن بۇ يەردە تۈركچە بىلمەيدىغان بىرمۇ تۈرك كۆرۈپ باقمىدىم. ئەمما ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان مىڭلارچە ئۇيغۇرلارنى ئۇچراتتىم. بۇ ئۇيغۇرلارنى توي _ تۆكۈنلەردە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ سورۇنلىرىدا كۆرۈپ ئۇيغۇر ئىكەن دېمىسىڭىز، سىرتتا كۆرگەندە ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر دېمەيسىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ گەپ – سۆزى، ئۆرپ – ئادىتى، كىيىنىشى، مەدەنىيىتى، تەقى – تۇرقى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرغا ئوخشىمايدۇ. بىزگە ئەڭ يېقىن خەلق ئۆزبېك قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدىمۇ ئۆزبېك تىلىنى بىلمەيدىغان بىرەرمۇ ئۆزبېكنى ئۇچراتمىدىم. بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل ئىلگىرى مەن مەككىدە بىر ئۆزبېك كىشىنىڭ دۇكىنىغا كىرگەن ئىدىم، بۇ ئارىدا ئۇ كىشىنىڭ توققۇز ياشلاردىكى بىر بالىسى ئۇنىڭغا شۇنداق تاتلىق ساپ ئۆزبېكچە گەپ قىلدى. مەن بالىغا قىزىقىپ قېلىپ دادىسىدىن «بالىڭىز مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟ ئۆز تىلىنىمۇ ياخشى بىلىدىكەن» دېگەن ئىدىم. دۇكانچى ماڭا : «قارىكە! بىز ئۆزبېكلەر ئۆيدە ئۆزبېكچە گەپ بىرەمىز، بالىلار ھەم ئۆزبېكچە گەپ بىرەدى. بىز بالىلارغا ‹ئۆيىنىڭ

ئىچى بىزنىڭ مەملىكەتىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆيدە ئۆزبېكچە گەپ بېرەسەن، ئۆينىڭ سىرتىدا ۋە مەكتەپتە قايسى تىلدا گەپ بەرسەڭ بۇ سېنىڭ ئەركىڭ، دەپ تەربىيە بېرەمىز» دېگەن ئىدى.

تۈركلەرنىڭ ئۆز تىلىنى قوغداش، ئۆز تىلىنى قەدىرلەش ۋە ئۆز تىلى بىلەن پەخىرلىنىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى ھەقىقەتەن ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە دېگەندەك چەتئەل تىلى بىلىدىغان تۈركلەرمۇ چەتئەل تىلىنى تۈرك تىلىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالمايدۇ، تۈركچە سۆزلىشىش كېرەك بولغان يەردە چەتئەلچە گەپ قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ، ئۇلار چەتئەل تىلى ئۆگىنىپ ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتمەيدۇ ياكى يىراقلىشىپ كەتمەيدۇ، ھەر ۋاقىت ئۆز تىلىنى بارچە تىللارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. تۈركىيەدىكى مەدرىسىلەردىمۇ دىنىي بىلىملەرنى ئاۋۋال تۈركچە ئوقۇتىدۇ، ئەرەب تىلىنى پەقەت ئەرەب تىلى ئۆگىنىدىغانلارغا ۋە مەدرىسىدە چوڭقۇرلاپ ئوقۇماقچى بولغانلارغا ئۆگىتىدۇ. ئىشنىڭ ئەسلى مۇشۇدۇر. چۈنكى مەدرىسىگە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلى ئۆگىنىپ، دىنىي ئىلىمنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگىلى كىرمەيدۇ. كۆپلىگەن بالىلارنى ئاتا – ئانىسى دىنىي بىلىملەرنى، ئىسلام ئەخلاقىنى ۋە ھالال – ھارام مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىۋالسۇن دەپ ئەۋەتىدۇ. شۇڭا ئەمدىلا مەدرىسىگە كىرگەن بالىغا ئەرەب تىلى باشلىنىپ قويىغاندا، ئۇ بالا ئاۋۋال ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم بىلىملەرنى ئۆگىنەلمەي قالىدۇ. ئەمما ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇپ دىندا ئالىم بولۇش ئۈچۈن مەدرىسىگە كىرگەن بالىلارنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولىدۇ.

ۋەتىنىمىزدە بىزگە قىسمەن ياخشى پۇرسەتلەرمۇ كەلگەن بولسىمۇ، بىزدە ئوقۇتۇش پروگراممىسى، مۇنتىزىم دەرسلىك پىلانى بولمىغانلىقتىن، ئەمدىلا مەدرىسىگە كىرگەن بالىنى ئەرەب گرامماتىكىسىدىن باشلىتىپ قويۇپ، بۇ بالىنى زېرىكتۈرۈپ جاق تويغۇزۇۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بالا مەدرىسىدىن قېچىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قاچقاندىمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان، پەقەت ئاتا – ئانىسىنىڭ زورى بىلەنلا مەدرىسىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان، بىر قانچە ئون يىل مەدرىسىدە ئوقۇغان بولسىمۇ، مەدرىسىنىڭ توپىسىنى يېگەندىن باشقا ھېچ نەرسە ئالالماي چىقىدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئۆتمۈشلەردە يۈز تالىپ مەدرىسىدە ئوقۇسا، ئۇلاردىن بىر ياكى ئىككىسى دىندا ئالىم بولۇپ چىقسا، قالغانلىرى قورسىقىدا ئۇماچ يوق، «ئېتى ئۇلۇغ، داستىخىنى قۇرۇغ» بولۇپ چىقىدىكەن، ئاندىن ئۇلار موللا ئاتالغانلىقتىن، كىشىلەر مەسىلە سورىسا، بىلمەيمەن دېيىشتىن ئۇيۇلۇپ، خاتا پەتىۋالارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ خەلقنى ئازدۇرغان ئىكەن.

دىنىي بىلىملەرنى ئۆز تىلىمىزدا ئۆگەتسەك، بىزگە نېمە زىيان بولىدۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئەرەب تىلى ئۆگىنىشى شەرتمۇ؟ ياكى ئۇيغۇر تىلى تىل ئەمەسمۇ؟!

ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ تىلىنى ۋە يېزىقىنى قەدىرلىمىسە، ئۇنى كىم قەدىرلەيدۇ؟ ئىنگلىزلار ئۆز تىلى قاتتىق تەشۋىق قىلىنغانلىقتىن ۋە بەدەل تۆلەپ تارقاتقانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىلى دۇنياۋى تىلغا ئايلانغان ۋە ھەممە مىللەت ئۆگىنىدىغان دۇنياۋى تىل بولۇپ قالغان. مانجۇلار ئۆزىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش خەۋپىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە ئۆز تىلىنى كۆزقارچۇغىسىدەك ساقلاپ قالالمىغانلىقىدىن، ئاخىرى ئۇلارنىڭ قۇملۇق يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇدەكلا دۇنيادىن غايىپ بولۇپ كەتتى .تىل ئەنە شۇنداق مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر تۇتاش مەسىلىدۇر.

## قانداق قىلغاندا ئائىلىمىزنى جەننەتكە ئايلاندۇرالايمىز؟

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى. ئىنسانلار جەمئىيەتنىڭ خۇرۇچى. چۈنكى جەمئىيەت ئىنسانلار بىلەنلا جەمئىيەت بولالايدۇ. جەمئىيەتنىڭ پەزىلەتلىك ياكى رەزىل بولۇشى شۇ جەمئىيەتتە ياشايدىغان ئىنسانلارغا باغلىقتۇر. ئىنسانلارنىڭ پەزىلەتلىك ياكى رەزىل بولۇشى شۇ ئىنسانلار ئۆسۈپ يېتىلگەن ئائىلىلەرگە باغلىقتۇر. ئائىلە ئاللاھ تائالاغا يارايدىغان، خەلققە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق، دىن ۋە ۋەتەن ئىشىغا يارامىلىق ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىسا، بۇ ئائىلە غەلىبىلىك ئائىلە ۋە بەختلىك ئائىلە بولالايدۇ. ئائىلە ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ جەننىتى بولسۇن دەپ يارىتىپ بەرگەن ئىسسىق ئۇۋىدۇر. ئۇنى جەننەت قىلىش ياكى دوزاخقا ئايلاندۇرۇش شۇ ئىنسانلارغا باغلىقتۇر.

ئائىلىنى جەننەتكە ئايلاندۇرۇش ناھايىتى ئوڭاي بولۇپ، ئۇنىڭ چارىلىرى كۆپتۇر. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. تەقۋالىق

تەقۋالىق _ ئاللاھ تائالاغا قارىتا، ئاتا _ ئانىسىغا قارىتا، پەرزەنتلىرىگە قارىتا، جورىسىغا قارىتا، ئۇرۇق _ تۇغقانلىرىغا، قوشنىلىرىغا، جەمئىيەت ئەزالىرىغا ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە قارىتا ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى بىلىش ۋە ھەممىنى جايىدا ئورۇنداش، قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلماي، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن قورقۇش دېگەنلىكتۇر.

2. قانائەت

قانائەت _ ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان كىشىلەردەك بولالمىغانلىقىغا بىئارام بولماسلىق ۋە ئۆزى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ھاياتىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىش دېگەنلىكتۇر. سىز ئۆزىڭىزگە بېرىلگەن چىراي، ئەقىل، بايلىق، ئائىلە قاتارلىق نېمەتلەرگە رازى بولۇپ شۈكۈر قىلسىڭىز، سىز قانائەتلىك بولغان بولىسىز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە : «بىز ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق »[1] دەيدۇ. تەقسىمات ئاللاھ تائالادىن بولغانلىقى ئۈچۈن، سىزنىڭ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشتىن باشقا ئىختىيارىڭىز يوقتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر ھالال – ھارامنى ئايرىماي كۆپ پۇل تاپىدۇ، ئەمما ئۇلار پەقەتلا ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان رىزقىنى يەيدۇ.

قانائەت ئائىلىنى بەختلىك قىلىشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. پىسخولوگىيە ئالىملىرى دەيدۇ: «ئائىلىنى بەختسىز قىلىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپتۇر، ئەمما ئائىلىنى بەختلىك قىلىدىغان ئامىل بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ، قانائەتتۇر».

3. ئائىلىنىڭ قەدرىنى بىلىش

ئائىلە ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە تولىمۇ قىممەتلىك بىر مۇئەسسەسەدۇر. ئاللاھ تائالا ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز قۇرۇپ چىققان دەسلەپكى ئائىلىنى ئىنسانىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان. دېمەك، ئىنسان دېگەن ئۇلۇغ مەۋجۇدات ئائىلىدىن بارلىققا كەلگەن.

ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ دەرىجىسى بىر خىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جەننەت دەرىجىلىرىمۇ بىر خىل بولمايدۇ، شۇڭا جەننەت بىر قانچە دەرىجىلىك بولىدۇ. بىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئوخشاش دەرىجىدە بولۇپ، ھەممىسىنىڭ بىر خىل جەننەتكە كىرەلىشى ناتايىن. چۈنكى ئەمەللەر پەرقلىقتۇر. ئەمما بۇ ئائىلە ئەزالىرى ئۆز ئارىسىدىكىلەرنىڭ شاپائىتى بىلەن جەننەتتە بىر يەردە بولالايدۇ. مەسىلەن: ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرەرسىنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئالىي جەننەتكە كىرگەن بولسا، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش ئارقىلىق ئۆزى كىرگەن جەننەتتىن دەرىجىدە تۆۋەنرەك جەننەتكە كىرگەن ئائىلە ئەزالىرىنى ئۆزى تۇرغان ئالىي جەننەتكە ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز»[2]. دېمەك، ئائىلە بۇ دۇنيادىمۇ مۇھىم، ئاخىرەتتىمۇ مۇھىم.

4. كۆيۈمچان ۋە رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش

ئائىلىنى بەختلىك ھالدا داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى تولۇپ تاشقان كۆيۈمچانلىق ۋە بىر _ بىرىگە قارىتا رەھىم _ شەپقەتتۇر. ئاددىي بىر كۆيۈمچانلىقمۇ دىللارنى يۇمشىتىشقا، كۆڭۈللەرنى ئىللىتىشقا يېتەرلىكتۇر. ئاتا بولغۇچى ئايالىغا ۋە بالىلىرىغا ۋايىغا يەتكەن كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق ۋە رەھىم _ شەپقەت تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، ئانا بولغۇچىمۇ ئېرىگە ۋايىغا يەتكەن كۆيۈمچانلىق، ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، ئاتا بىلەن ئانا بالىلىرىغا ناھايىتى ئەدەپلىك، مېھىر _ مۇھەببەتلىك ۋە ئىنتايىن كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، بالىلارمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدىغان بولىدۇ. ئائىلە جەننەتكە ئايلىنىدۇ.

---

1 زۇخرۇف سۈرىسى، 32_ئايەت.
[2] تۇر سۈرىسى: 21 _ ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئائىلە ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە رەھىم _ شەپقەت، مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىقنى ئىپادىلەيدىغان «الرحمة» دېگەن سۆزنى كەلتۈرگەن. ئەر _ ئايال توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: (ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئاياللاردىن ئۇنسى – ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھىر- مۇھەببەت ئورناتقانلىقىدۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك _ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار)[1]. ئاتا _ ئانىلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: (ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە : «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە (مېھرى بىلەن) تەربىيەلىگەندەك، (سەنمۇ) ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن» دېگىن)[2].

5.  ئۈلگىلىك رولنى يارىتىش

ئاتا ئۆزىدە ئۈلگىلىك رولنى يارىتىش ئۈچۈن ئاساسلىق ئۈچ ئىشقا موھتاج بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۈلگىلىك ئاتا، ئىككىنچىسى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرىدىغان ئاتا، ئۈچىنچىسى، باللىرى بىلەن دوست ئاتا.

ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىغا ئىسلامنىڭ توغرا چۈشەنچىلىرىنى ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئىبادەت پرىنسىپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەمەلىي تەتبىقاتلارنى ئۆگىتىش ۋە ئەمەلىي مەشىقلەر بىلەن ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار. باللار ھاياتىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك چاغلىرىنى ئائىلىسىدە ئۆتكۈزىدۇ. يەنى ئۇلار تەربىيەدە ئەڭ ئۈنۈملۈك ھېسابلىنىدىغان باسقۇچنى ئاساسەن ئائىلىسىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ باسقۇچتا باللارنىڭ يېنىدا داۋاملىق بولىدىغان ئاتا-ئانىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدۇر. نەتىجىدە، ھەممىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ.

باللارغا ئۈلگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇش، نېمىگە ئېھتىياجى بار، ئوقۇش ئەھۋالى قانداق بۇلارنى ھەر كۈنى دېگۈدەك سوراپ تۇرۇش ئاتا _ ئانا بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى كۈچەيتىدۇ.

ئاتىنىڭ باللىرىنى ھەيۋىسى بىلەن قورقىتىدىغان سۈرلۈك ئاتا بولۇۋېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئەيمەندۈرۈش بىلەن، قورقۇتۇش بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى باللارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا كۆڭلىنى ئېچىش، ئۇلارغا ئىللىق ۋە مېھرىبان بولۇش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ئاتا _ ئانا باللىرىغا سۆزلىرى بىلەن تەربىيە قىلغىنىدىن ئۇلارغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تەربىيە بەرگىنى ئەلۋەتتە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ئاتا _ ئانا ئۆزلىرىنى ياخشى تەربىيەلىسە ۋە ئۆيدە ۋە ئۆيىنىڭ سىرتىدا ئەدەپ – ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرسە، باللىرىغا ئەڭ ياخشى تەربىيەنى قىلغان بولىدۇ. قىسقىسى، بالىڭىزنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى خالىسىڭىز، سىز شۇنداق بولۇڭ!

**قانداق قىلغاندا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر _ بىرىگە بولغان سۆيگۈسىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟**

شەكسىزكى، ھەرقانداق ئائىلىنى ياشارتىپ تۇرىدىغان نەرسە سۆيگۈ _ مۇھەببەتتۇر. چۈنكى سۆيگۈ _ مۇھەببەت ئائىلىنىڭ ھاياتىدۇر. شۇڭا، ئەزالىرى ئۆزئارا سۆيگۈ _ مۇھەببەتتىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالالمىغان ئائىلە جانسىز، مەنىسىز، خۇشاللىقسىز ۋە بەختسىز ئائىلىدۇر.

زامان تەرەققىي قىلىپ، پەن _ تېخنىكا ۋاستىلىرى سايىسىدا ھاياتتا كۆپ ئىشلار ئوڭايلاشقان بولسىمۇ، بەزى مۇھىم ئىشلار قىيىنلىشىپ قالدى. مەسىلەن: ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر _ بىرىگە سۆيگۈ _ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش، بىر _ بىرىنىڭ دەردىگە يېتىش ۋە بىر _ بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ھاياتلىقنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى يېنىكلىتىش ئىشلىرى قىيىنلىشىپ كەتتى. كىچىك ۋاقتىمىزدا بوش ۋاقىتلىرىمىزنى ئائىلىدىكىلەر بىلەن، خۇشۇسەن قېرىنداشلار بىلەن بىللە بولۇپ خۇشال ئۆتكۈزەتتۇق، بىر _ بىرىمىزدىن ئايرىلالمايتتۇق، خۇشاللىقىمىزنى بىللە ئويۇن ئويناش ياكى سۆھبەتلىشىشتىن تاپاتتۇق. ئەپسۇسكى، زامانىمىزدا بوش ۋاقتىمىز شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئائىلە ئەزالىرىمىز بىلەن، خۇسۇسەن باللىرىمىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا پۇرسەت تاپالماي قېلىۋاتىمىز. باللارنىڭمۇ بىز بىلەن ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ۋە ھاجىتىمۇ يوق. چۈنكى ئائىلىدە ھەممە كىشىنىڭ قولىدا بىردىن يانفون بولغانلىقتىن، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقىدىغان، كۆڭلىنى شۇنىڭ بىلەن خۇشال قىلىدىغان، ئائىلە ئەزالىرىغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولۇپ قالماقتا.

ھەركىمنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشى ۋە ھەممىدىن بۇرۇن قولغا ئالىدىغان نەرسىسى يانفون بولغانلىقتىن، باللار ئاتا _ ئانىسى بىلەن، ئاتا _ ئانىلار باللىرى بىلەن، ھەتتا ئەر _ ئاياللار بىر _ بىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى

[1] رۇم سۈرىسى:21_ ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 24_ ئايەت.

مېھىر _ مۇھەببەت، بىر _ بىرىنى سېغىنىش، بىر _ بىرىگە كۆيۈنۈش كەيپىياتلىرى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ بېرىپ، بىر _ بىرىنىڭ سۆزى قۇلىقىغا ياقمايدىغان، ئېھتىياج يۈزىسىدىن بىر _ بىرىگە گەپ قىلىسمۇ، ئالدىراپلا گېپىنى تۈگىتىپ يانفونىغا يۈزلىنىدىغان ئەھۋاللار شەكىللەنمەكتە.

كىچىك ۋاقتىمىزدا ئۆيىمىز تار، ئەمما كۆڭلىمىز بەكمۇ كەڭ ئىدى، ئاكا _ ئۇكىلار ھەممىمىز بىر ئېغىزلىق تار ئۆيدە خۇشال – خۇرام ۋە ناھايىتى ھۇزۇرلۇق ياتاتتۇق. زامانىمىزدا ئۆيىمىز كەڭ، ئەمما كۆڭلىمىز تار بولۇپ كەتتى، ئىككى قېرىنداش بىر ئۆيگە سىغمايدۇ، چۈنكى ئۇلار چىقىشالمايدۇ. شۇڭا ھەركىمنىڭ ئەڭ ياخشى سىرداشى ۋە دوستى يانفون، ئىنتېرنېت ۋە كومپيۇتېر بولۇپ قالدى. بالىلارنىڭ ھەربىرى يالغۇز خانىدا يېتىشنى خالايدۇ ۋە يېنىغا ھېچكىم كىرمىسە دەيدۇ. ھەتتا بالىلار بىر ئۆيدە تۇرۇپ، بىر _ بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، ئۇچۇر يېزىشىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

بىز بۇ ئەھۋالدا، ئائىلە ئەزالىرىمىزنى بىر _ بىرىگە يېقىن قىلىش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆيگۈ _ مۇھەببەتنى تىرىلدۈرۈش ۋە ئائىلىمىزنى جەننەت ئائىلىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا دىنىمىزنىن كۆرسەتمىسىگە موھتاجمىز. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىگە چارە ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز دىنىمىزغا ئەمەل قىلساق، بۇ دۇنيادا بەختلىك ۋە ھۇزۇر _ ھالاۋەتلىك ھايات كەچۈرىمىز، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ مەڭگۈلۈك بەختلىك ۋە ھۇزۇر _ ھالاۋەتلىك ھاياتقا ئېرىشىمىز.

ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىقنى ھاسىل قىلىش ۋە ئۆزئارا سۆيگۈ _ مۇھەببەتنى تىرىلدۈرۈشنىڭ ئامىللىرى ۋە چارىلىرى كۆپ. مەن ئەڭ ئۇگاي ۋە دەرھال قىلغىلى بولىدىغان بىرلا چارىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. ئۇ بولسىمۇ، ئائىلە ئەزالىرى بىرلىشىپ ئىبادەت قىلىشتۇر.

بىرلىشىپ ئىبادەت قىلىش قانداق بولىدۇ؟

بۇ ناھايىتى ئوڭايدۇ. تۆۋەندىكى بەش ئىشنى بىرلىشىپ قىلساق، بىز ئائىلە ئەزالىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى، سۆيگۈ _ مۇھەببەتنى ئاشۇرالايمىز، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئائىلىمىز ئىللىق، ھۇزۇرلۇق، بەختلىك ۋە خۇشاللىق چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئائىلىگە ئۆزگىرىدۇ.

1. بىللە قۇرئان ئوقۇش، بىرەر بەت بولسىمۇ ئوقۇش.
2. بىللە ئىككى رەكئەت بولسىمۇ ناماز ئوقۇش.
3. بەش مىنۇت بولسىمۇ بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىش.

4. بىللە دۇئا قىلىش (بۇ داستىخاندىن تۇرغاندىن كېيىن قىلىنىدىغان دۇئادىن باشقا).
5. كۈندە بىرەر قېتىم بولسىمۇ تاماقنى بىللە يېيىش.

ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش ھەقىقەتەن ئادەمگە خۇشاللىق ۋە بەخت _ سائادەت بېغىشلايدىغان تولىمۇ ياخشى ئىشتۇر. ئائىلىنىڭ تېخى قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىپ بولالمىغان كىچىكلىرىنىمۇ چاقىرىپ كېلىپ قۇرئان ئوقۇشقا ئىشتىراك قىلدۇرۇش پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن كاتتا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنى بىر _ بىرىگە يېقىن قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ.

كۈندە ئىككى رەكئەت بولسىمۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن، مۇمكىن بولمىغاندا ئەر _ ئايال ئىككىيلەن ئىككى رەكئەت بولسىمۇ بىللە ناماز ئوقۇشتىن كېلىدىغان سائادەتنى ۋە ئىللىقلىقنى تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن.

كۈندە بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ، ھەممە بىرلىكتە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، مەسىلەن: «سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى، سۇبھانەللاھىل ئەزىم» دەپ تەسبىھ ئېيتىش ياكى «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ، لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر» دەپ ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەلبىدە خۇشاللىقنى ۋە مېھىر _ مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ.

تائاملىنىپ داستىخاندىن تۇرۇش ئالدىدا دۇئا قىلىشتىن باشقا، مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا ھەممە قولىمىزنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ بىرلىكتە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغىنىمىزدا قەلبىمىز گۈزەل ھېسلارغا تولغان بولىدۇ، قەلبىمىز يۇمشاپ، بىر _ بىرىمىزگە بولغان سۆيگۈ _ مۇھەببىتىمىز كۈچلىنىدۇ.

ئىمكانىيەت بولسا كۈندىلىك تائاملىنىشنى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە قىلىش، ھېچبولمىغاندا، كۈندە بىر ۋاخ تامانى بولسىمۇ ھەممە بىرلىكتە يېيىش ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى كۈچەيتىدۇ، سۆيگۈ _ مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا داستىخاندا ئائىلە ئەزالىرى ئازراق بولسىمۇ مۇڭدىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ، نەتىجىدە مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلىرى بولسا مەسلىھەتلىشىدۇ، بىرەرسىنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا بىللە ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن! يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم ئۆزۈم تەجرىبە قىلىپ پايدىسىنى كۆرگەن ئىشلاردۇر. سىلەرنىڭمۇ تەجرىبە قىلىپ كۆرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، چوقۇم خۇشال بولۇپ قالىسىلەر. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنىڭ ئائىلىسىنى جەننەت ئائىلىلەردىن قىلغاي، ئامىن.

## ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ھېس قىلىدىغان ئادەم ياخشى ئادەمدۇر

گۇناھكار ئادەم نە ئۆزىنىڭ گۇناھىنى، نە خاتالىقىنى، نە كەمچىلىكىنى ھېس قىلمايدۇ، ھەتتا ئېتىراپمۇ قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ قىلمىشى بىلەن بەنت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئويلىنىشقا، ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە ۋە ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىشقا ۋاقتى يوق. ئەمما ياخشى ئادەم ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ھېس قىلىدۇ، خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە گۇناھىنى تونۇيدۇ، سەۋەنلىكتىن بىرەر كىشىگە زىيان ياكى ئەزىيەت يەتكۈزۈپ قويغان بولسا ۋە ياكى بىرەر ئىشنى بۇزۇپ قويغان بولسا، بۇنىڭدىن قاتتىق بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزى زىيان يەتكۈزگەن كىشىدىن دەرھال رازىلىق ئالىدۇ ۋە ئۆزى بۇزۇپ قويغان ئىشنى ئوڭشايدۇ. چۈنكى ئۇ ياخشى ئادەمدۇر، چۈنكى ئۇ ۋىجدانلىق ئادەمدۇر. بىراق ئەخلاقى ناچار، يامان ئادەمدە ۋىجدان دېگەن نەرسە بولمايدۇ. شۇڭا مۇنداق ئادەمدە قىلمىشلىرى ئۈچۈن گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەق _ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشنى ئۆز ھەققىم دەپ بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھەقسىز قىلمىشلىرىنى يوللۇق سانايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر. دۇنيادا كىچىككىنە بىر خاتالىقى يۈزىسىدىن ۋىجدان ئازابى تارتىدىغان ئىنسانلار بولغىنىدەك، ئازراق مەنپەئەت ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ياكى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى سېتىۋېتىدىغان ئىنسانلارمۇ بار.

ئەگەر سىزدە يامان قىلغان ئىشلىرىڭىز ئۈچۈن گۇناھكارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولسا، بۇ سىزنىڭ ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنىڭ ۋە توغرا يولدا كېتىپ بارغانلىقىڭىزنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى شۇ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى سىزنىڭ توغرا يولدا ئىزچىل مېڭىشىڭىزنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. تەۋبە – ئىستىغفارنىڭ بۇيرۇلىشىدىكى ھېكمەت بۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ، گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش ۋە قىلمىشىنى تۈزىتىش، بۇزۇپ قويغانلىرىنى ئوڭشاش ئارقىلىق ئوڭشىلىپ تۇرسا، ئۇ توغرا يولدىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ پۈتى ئۇيان – بۇيان تېيىپ كەتمەيدۇ.

بىر ئادەمدە گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ بولغانلىقى ياخشىلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەمما گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ناھايىتى زۆرۈردۇر. چۈنكى ھەمىشە ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىش خەتەرلىك ئىش بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۈمىدسىزلىكتىن گۇناھقا تېخىمۇ پېتىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىزدە بىرلا يول بار. ئۇ بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزنى ئوڭشاپ، ئەمەلىمىزنى تۈزىتىپ، بۇزۇپ قويغان ئىشلىرىمىزنى تۈزەش، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ گۇناھتىن پاكلىنىشتۇر.

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا بارلىق گۇناھلارنى تەۋبە ئارقىلىق مەغپىرەت قىلىدۇ، تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەمما تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى، ئۆزىنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى تۈزىتىش، ئۆزى يامانلىق قىلغان كىشىلەردىن رازىلىق ئېلىش، ھەققىنى ئېلىۋالغان بولسا قايتۇرۇپ بېرىش، بىرەر ئىشنى بۇزۇپ قويغان بولسا، ئۇنى ئوڭشاش قاتارلىقلاردۇر. ئاللاھ تائالا تەۋبىلەرنى شۇنىڭدىن كېيىن قوبۇل قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى تۈزىمەي تۇرۇپ، «تەۋبە قىلدىم» دەپ مىڭلاپ ئىستىغفار ئېيتقانىنىڭ پايدىسى يوق.

ھەممىمىز خاتالىشىمىز، ھەممىمىز ئىشلارنى بۇزۇپ قويىمىز، ھەممىمىز ھەمىشە توغرا ئىش قىلىپ كېتەلمەيمىز. ئەمما ئەگەر بىزدە ۋىجدان بولسا، خاتا قىلغانلىرىمىزدىن، بۇزۇپ قويغانلىرىمىزدىن ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقىنى، كەمچىلىكىنى ۋە گۇناھىنى ھېس قىلىمىز. گۇناھ قىلىپ سالغاندا گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشى ياخشى ئىشتۇر. ئەمما بۇ تۇيغۇ سىزنى توغرىلىققا ۋە تەۋبە – ئىستىغفارغا باشلاپ بارمىسا، ئۇ پايدىسىز ئازابلىنىش ۋە بىھۇدە بىئاراملىقتۇر. ئەگەر سىزدە گۇناھكارلىق تۇيغۇسى قوزغالغاندا، قىلمىشىڭىزغا پۇشايمان قىلىپ، توغرا ئىش قىلىشقا بەل باغلاپ، توغرىلىققا قاراپ يول ئالالمىسىڭىز، سىزدىكى گۇناھكارلىق تۇيغۇسى سىزنى بىھۇدە ئازابلاشتىن ۋە كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۇڭا سىزدە يامان قىلغان ئىشىڭىز ئۈچۈن گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ بولغانلىقى ۋىجدانلىق ئىكەنلىكىڭىزنىڭ ئالامىتى بولغىنىدەك، گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىڭىزنى راھەتلەندۈرۈشىڭىز دىيانەتلىك ئىكەنلىكىڭىزنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر سىز گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز قىيىنىغاندىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىز.

## نەپس ئاللاھقا يېقىنلىششىنىڭ ۋاسىتىسىدۇر

ئاللاھ تائالا ھېچقانداق نەرسىنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس، بولۇپمۇ نەپستىن ئىبارەت ھەممىلا جانلىقتا ئورتاق بولغان بىر نەرسىنىمۇ ھەرگىز مەقسەتسىز ياراتقان ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، ئىنسان نەپسىدە نەپس ۋە نەپسنى ياراتقان.

بەزى كىشىلەر نەپسنى بارلىق يامانلىقنىڭ ئاساسى ۋە ئىنسانلارنى يولدىن چىقىرىدىغان نەرسە دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەت تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، نەپس بىلەن نەپس جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر. نەپسنى ئۆز يولىدا ئىشلەتمەسلىك يامانلىقنىڭ بېشىدۇر. نەپس بەزى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ بارسا، يەنە بەزى كىشىلەرنى شەيتان بىلەن دوست قىلىپ، ئۇنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. نەپسنىڭ ئىنساندىكى رولى ماشىنىنىڭ موتورىغا ئوخشاش بولۇپ، موتور يولنى ئوبدان بىلىدىغان، قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، سالاھىيەتلىك بىر شوپۇرنى نىشانىغا سالامەت ئېلىپ بېرىشقا تۈرتكە بولغاندەك ۋە يولنى بىلمەيدىغان، قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان، سالاھىيەتسىز شوپۇرنى ھاڭغا تاشلىۋەتكەندەك، نەپسمۇ ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلىدىغان، شەرىئەتنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، تەقۋادار مۇئمىن ئادەمنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تونۇمايدىغان، شەرىئەتكە ئەمەل قىلمايدىغان، پاسىق ئادەمنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بىز نەپسكە تۆھمەت قىلماسلىقىمىز ۋە ھەممىنى ئۆزىمىزدىن كۆرىشىمىز لازىم. چۈنكى نەپس موتور، بىز شوپۇرمىز. بىز رولنى قايسى تەرەپكە بۇرىساق، نەپس بىزنى شۇ تەرەپكە ئېتتىرىدۇ.

نەپس بولمىسا جەننەت ۋە دوزاخمۇ بولمايتتى

ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئاخىرىدا جەننەتنى قازىنىش ئۈچۈن نەپستىن باشقا يول بارمۇ؟ مال _ دۇنيامۇ نەپستۇر. چۈنكى ئۇ سۆيۈملۈكتۇر. دۇنيادا مال _ دۇنيانى ياخشى كۆرمەيدىغان، ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان ئادەم يوق. سىز مال _ دۇنيانى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ھالال يولغا ئىشلەتسىڭىز، سىز ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىسىز. يەنە سىز قولىڭىزدىكى پۇلنى ئۆزىڭىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە كەڭ تاشا خەجلىسىڭىزمۇ ئىختىيارىڭىز، ئەگەر سىز شۇ پۇلدىن يوقسۇللارغا، يېتىملەرگە ياردەم قىلسىڭىز، سىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىسىز. ئەگەر پۇل سىزگە شۇنچىلىك بەك سۆيۈملۈك بولمىغان بولسا، سىز ئۇنى سەرپ قىلىش ئارقىلىق مەرتىۋە قازىنالمايتتىڭىز. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە (سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلارنى سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر)[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا ئەرلەردە ئاياللارنى، ئاياللاردا ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت نەپسنى ياراتقان. ئەرلەر ئايال جىنسىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇلارغا قاراشتىن ھۇزۇر ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، كوچىلاردىكى، ئىنتېرنېت تورلىرىدىكى ۋە بەزى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىكى يېرىم يالىڭاچ ئاياللاردىن كۆزىنى يۇمۇپ ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىدۇ. شۇڭا كور ئادەم ئاياللارنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن مەرتىۋە قازانمايدۇ.

مۇسۇلمان ئادەم بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يۈكسىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن سىزىق ئىچىدىلا ماڭسا، ئۇ بىر كۈندە مىڭلارچە قېتىم ناماز ئوقۇغاندەك ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يۈكسىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇچرىغان ھەربىر ھارامدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئارقىلىق مەرتىۋە قازىنىپ مېڭىۋېرىدۇ.

ئىنساننىڭ جىسمى تۇپراقتىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ روھى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن. مەلۇمكى، تۇپراقنىڭ ئورنى زېمىن، روھنىڭ ئورنى ئاسماندۇر. شۇڭا ئىنساندا ئۇنى تۆۋەنگە تارتىپ تۇرىدىغان تۈرتكىلەر بىلەن ئۇنى يۇقىرىغا تارتىپ تۇرىدىغان تۈرتكىلەر مەۋجۇتتۇر. ئىنساندىكى نەپسنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زېمىندىن يارىتىلغانلىقىنىڭ ئەسىرى بولسا، ئۇنىڭدىكى مەنىۋى قۇۋۋەت ئاللاھ تائالادىن كەلگەن روھنىڭ ئەسىرىدۇر. چۈنكى ئىنسان پەرىشتىلەردە بولغان روھانىيلىق بىلەن ھايۋانلاردا بولىدىغان شەھۋانىيلىقتىن تەركىب تاپقان مەخلۇقاتتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭدا پەرىشتىلەرگە خاس ئىنتائەتچانلىق بولغاندەك، ھايۋانلارغا خاس ئاچكۆزلۈكمۇ بار.

ئىسلام نەپسنى چەكلىمەيدۇ

ئاللاھ تائالا ئىنسان نەپسىدە ياراتقان نەپسنى مۇتلەق قويۇپ بەرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى شەرىئەتنىڭ چەك _ چېگرىسى ئىچىدە قىلغان. ئاللاھ تائالا ئىنسان نەپسىدە ياراتقان پۇل _ مالنى ياخشى كۆرۈش، ئايال جىنسىنى ياخشى كۆرۈش، نام _ نىشان قالدۇرۇشنى ياخشى كۆرۈش، يەپ _ ئىچىشتىن ھۇزۇرلىنىش قاتارلىق نەپسلەردىن ھەربىر نەپستىن يوللۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇئەييەن قانۇن _ پىرىنسىپ بەلگىلىگەن. مەسىلەن: پۇل _ مالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سودا _ سېتىق ۋە تىجارەت قىلىشنى ھالال قىلىپ، جازانىخورلۇقنى، پارىخورلۇقنى، ئوغرىلىقنى ھارام قىلدى. ئايال جىنسىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن نىكاھنى يولغا قويۇپ، زىنانى ھارام قىلدى. نام _ نىشان قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئەمگەك قىلىشنى يولغا قويۇپ، رىياكارلىقنى، ئالدامچىلىقنى ھارام قىلدى. يېيىش، ئىچىشتىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن پاك، ھالال نەرسىلەرنى ئىسراپ قىلماي يېيىشنى ھالال قىلىپ، ھارام نەرسىلەرنى يېيىشنى ۋە

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 14_ ئايەت.

ئىسراپخورلۇقنى هارام قىلدى.

نەپس بىلەن ئاللاهقا ئىككى قېتىم ئۆرلىگىلى بولىدۇ

ئەللامە مۇهەممەد راتىپ نابلىسى مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىدىكى شۇ نەپسىنىڭ سايىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا ئىككى قېتىم ئۆرلەپ، ئىككى قېتىم مەرتىۋە قازىنالايدۇ. بۇ بىر قېتىم شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق، يەنە بىر قېتىم سەۋر قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: سىز جىنسىي هەۋىسىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئايالى بىلەن قاندۇرسىڭىز، سىز ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق مەرتىۋە قازىنىسىز، ئەگەر سىزگە هالال بولمىغان ئايال بىلەن ئالاقە قۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ ئىپپىتىڭىزنى ساقلىسىڭىز، سىز سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىسىز.

شۇنىڭدەك، سىز هالالدىن پۇل تېپىپ، ئۇنى هالال يولغا ئىشلەتسىڭىز، يەنى ئائىلىڭىزدىكىلەرگە خەجلەپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلسىڭىز، سىز ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق مەرتىۋە قازىنىسىز. ئەگەر سىز پۇلغا ناهايىتى موهتاج تۇرۇقلۇق، هارامدىن پۇل تېپىشتىن ۋە شۈبهىلىك نەرسىلەردىن ساقلانسىڭىز، سىز ئەلۋەتتە سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋە قازىنىسىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: (ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن _ كۈمۈشتىن توپلانغان پۇل _ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا هاياتىنىڭ (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتلىرىدۇر. ئاللاهنىڭ دەرگاهىدا (ياخشىلار) قايتىدىغان گۈزەل جاي بار)[1]. ئىنسان مۇشۇ شەهۋەتلەرنى ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن چەك _ چېگرىسى ئىچىدە ئىشلىتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاهىغا ياخشى ئەمەللەر بىلەن بارسا، ئۇ پۈتمەس _ تۈگىمەس بەخت _ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ (ئاللاهنىڭ دەرگاهىدا (ياخشىلار) قايتىدىغان گۈزەل جاي بار) دېگەن قىسمى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىنساندىكى نەپس سانائەتتىكى ئۇران ماددىسىغا ئوخشاش ئۇنى ئىشلەشكە، ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىشقا ۋە ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىتتىرىدۇ. سىز ئۆزىڭىزدىكى نەپسنى ياخشى ئىشلارغا ۋاسىتە قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە ئۇ سىزنى مەنزىلگە سالامەت ئېلىپ بارىدۇ، ئەگەر سىز نەپسىنىڭ ئۆزىنىلا غايە قىلىۋېلىپ، ئۇنى چەك _ چېگرىسىغا رىئايە قىلماي ئىشلەتسىڭىز بۇ نەپس سىزنى ۋەيران قىلىدىغا كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئىنسان پۇل _ مال ۋە ئايال ئىككىسىدە كۆپرەك سىنىلىدۇ. تارىخلاردا سەتچىلىككە قالغانلار يا ئىقتىسادىي يولسىزلىق سەۋەبلىك ياكى ئىستىلدىكى ئەخلاقسىزلىق سەۋەبلىك سەتچىلىككە قالغان».

بەزى ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، بىراۋ ئۆزىگە هالال بولمىغان بىر ئايال بىلەن يالغۇز قالسا ياكى جىنسىي هەۋەسنى قوزغايدىغان گەپ _ سۆزلەرنى ئاڭلىسا ۋە ياكى ئەخلاقسىز رەسىم ۋە فىلىملەرنى كۆرسە، ئۇنىڭ مېڭىسى بىر خىل ماددىنى چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىش _ هەرىكىتىنى كونترولدىن چىقىرىش تاشلايدىكەن. يامان ئىش ئەنە شۇنداق ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «يات ئەر بىلەن يات ئايال ئىككىسى يالغۇز قالمىسۇن، بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولۇپ قالىدۇ»[2] دېگەن سۆزىنىڭ نەقەدەر هېكمەتلىك، نەقەدەر ئىلمىي هەقىقەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئىنساننىڭ مۇشۇ نەپسلەرنى ئۆز يولىدا ئىشلىتىش ۋە ئۆز چەك _ چېگرىسى ئىچىدە پايدىلىنىش ئارقىلىق ئاخىرەتتە ئەڭ بەختلىك كىشىلەردىن بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىنساندىكى بارلىق نەپسلەر يا ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ياكى دوزاخقا ئىتتىرىدىغان تۈرتكىلەردۇر. ئاللاھ تائالانى نەپسنى جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىپ مۇرادىغا يەتكەنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن.

## 24 سائەت ئىبادەت قىلىدىغانلار

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 92_ ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، «سەهىھ» دەپ باهالانغان هەدىس.

دوكتور مۇھەممەد راتىب نابلىسى ئۆزىنىڭ «ئىسلام ھەقىقەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر بىر كۈندە بەش قېتىم ناماز ئوقۇپ ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر كېچە _ كۈندۈزنىڭ يىگىرمە تۆت سائىتىدە ئاللاھقا يېقىنلىشىپ تۇرىدۇ». بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، بەزى كىشىلەر ۋاقتى بەلگىلەنگەن شۇ مەلۇم ئىبادەتلەرنى قىلىش بىلەنلا ئۆزلىرىنى بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇلار شۇ بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتىدىلا ئاللاھ بىلەن بولسا، باشقا ۋاقىتلاردا ئاللاھنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، بىرىنى ئالداش، بىرىگە ئەزىيەت قىلىش، يەنە بىرىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، يەنە بىرىگە يالغان ئېيتىش ئارقىلىق گۇناھ _ مەئسىيەت سادىر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار كېچە _ كۈندۈز ئىچىدىكى 24 سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدە بەش قېتىملا ئاللاھ بىلەن بولىدىغان، باشقا ۋاقىتلاردا كۆپرەك شەيتان بىلەن بىللە بولىدىغان كىشىلەردۇر.

ئەمدى 24 سائەت ئاللاھ بىلەن بولىدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئىبادەتنىڭ مەنىسى تولۇق چۈشەنگەن، مۇئمىن ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئىبادەت ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ۋاقتى بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاياتىنىڭ ھەربىر سائىتىدە، ھەربىر مىنۇتىدا ۋە ھەربىر سانىيەسىدە ئاللاھنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، قانداقلا بىر ئىشنى قىلسا ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرۇپ، ئاللاھ رازى بولىدىغان شەكىلدە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆزنى كېچە _ كۈندۈزنىڭ ھەربىر سانىيەسىدە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەتئىي ئېسىدىن چىقارمىغانلىقتىن، ھاياتىنى ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن قانۇن _ پىرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بارىدۇ، يالغان ئېيتمايدۇ، كىشىلەرنى ئالدىمايدۇ، زۇلۇم قىلمايدۇ، ھەمىشە توغرا ۋە دۇرۇس ئىش قىلىدۇ. شۇڭا مۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئىبادەت بىلەن تولغان ھايات بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ئەنە شۇنداق ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇنىڭ تەپسىلات مۇنداق:

ئەرەب تىلىدىكى «العبادة » يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن: بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە[1] ، ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدا ئىبادەت ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسىمدۇر[2] . ئىبادەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. بۇ تەرىپكە ئاساسلانغاندا، «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئىبادەتنى ئىسلامدا ۋاقتى، كەيپىيتى بەلگىلەنگەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ قويغاندا، ئىسلامدا كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەتنىڭ مەنىسى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلار مەزكۇر ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە كەلگەن: «رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»[3] دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار دېگەنلىك بولۇپ، ھاياتىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشاڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇرۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان ئىبادەتلەر بىز تەرىپلىگەن ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. قىسقىسى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ياشىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىش _ پائالىيەتلىرىنى، تىلىنىڭ ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[4].

كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاۋۋال بۇيرىغان نەرسىسى ئىبادەتتۇر. ئىبادەت ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى نامايان قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان سان _ ساناقسىز ۋە ھېسابسىز نېمەتلەرگە شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان ۋە بۇيرۇقىنى ئورۇندىغان ھالدا ئورۇندىلىدىغان بەندىچىلىك بۇرچىدۇر.

ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئەمەلىي ئىبادەتلەر (العبادات التعاملية)، يەنە بىرى رەمزىي ئىبادەتلەر (العبادات الشعائرية) دۇر.

ئەمەلىي ئىبادەتلەر _ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلاردىن چەكلىنىش ۋە بارلىق ئىش _ ھەرىكەتلەردە، گەپ _ سۆزلەردە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر. بۇ تۈردىكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ كېچە _ كۈندۈزى، ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلىرى، شۇنداقلا ھاياتىنىڭ بارلىق دەقىقىلىرى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن مۇشۇ ئىبادەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

رەمزىي ئىبادەتلەر _ بەزىسى قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىشقا ئوخشاش تىل بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، بەزىسى نامازغا ئوخشاش بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن قىلىنىدىغان جىسمانىي ئىبادەتلەر، بەزىسى پۇل _ مال سەرپ قىلىش بىلەن قىلىنىدىغان

---

(1) «لىسانۇل ئەرەب» 5-توم، 2776- بەت.
(2) شەيخۇلئىسلام ئىبىن تەيمىيەنىڭ «ئەل ئۇبۇدىيە» ناملىق ئەسىرى1-بەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى:23_ ئايەت.
4 دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ « العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن.

ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر، يەنە بەزىسى ھەجگە ئوخشاش ھەم بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن، ھەم ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

رەمزىي ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشنى ھاسىل قىلىش بولۇپ، بۇ باغلىنىش پەقەت ئەمەلىي ئىبادەتلەرنى جايىدا ئورۇنداش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى گۇناھ ئاللاھ تائالا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا پەردە ھاسىل قىلىدۇ، نەتىجىدە بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. گۇناھتىن ساقلىنىش ئەمەلىي ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئەمەلىي ئىبادەت ئورۇندالمىسا، ئاللاھ تائالاغا باغلىنىش ھاسىل بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەلىي ئىبادەتلەر بىلەن رەمزىي ئىبادەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئاتا _ ئانىسىغا تاجى كىيگۈزىدۇ»[1]. قۇرئان ئوقۇش رەمزىي ئىبادەت، قۇرئانغا ئەمەل قىلىش ئەمەلىي ئىبادەت بولۇپ، خۇددى قۇرئان ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا نەتىجە قازىنالمىغاندەك، ئەمەلىي ئىبادەت ئورۇندالمىسا، رەمزىي ئىبادەت نەتىجە بەرمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئى رەببىم! ئى ئىگەم! دەپ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېگەنلىرى ھارامدىن، ئىچكەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!»[2]. دۇئا ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان ئادەم رەمزىي ئىبادەتنى قىلغان بولىدۇ، ئەمما بۇ رەمزىي ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، ئەمەلىي ئىبادەتنىڭ ئورۇندالغان بولۇشى شەرتتۇر. ھارام يېيىش ئەمەلىي ئىبادەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. شۇڭا، يېمەك _ ئىچمىكى ھارامدىن بولغان ئادەمنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقان تۇرۇقلۇق گۇناھ _ مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن قول ئۈزمىگەن ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر قىسىم روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار روزا تۇتۇپ ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[3]. چۈنكى روزا تۇتۇش رەمزىي ئىبادەت، گۇناھتىن ساقلىنىش ئەمەلىي ئىبادەتتۇر. رەمزىي ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، ئەمەلىي ئىبادەتنىڭ جايىدا ئورۇندالغان بولۇشى شەرتتۇر.

بارلىق ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاسىتە بولۇپ، ئەمەلىي ئىبادەتلەر ھاياتلىقتا مۇكەممەللىكنىڭ ئاملى بولسا، رەمزىي ئىبادەتلەر شۇ مۇكەممەللىكنىڭ شوتىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق رەمزىي ئىبادەتلەرنىڭ ھەربىرى ئەمەلىي ئىبادەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: نامازنىڭ مۇسۇلمان ئادەمنى گۇناھ ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش ۋەزىپىسى بار، زاكاتنىڭ مەردلىك ۋە سېخىيلىقنى ئۆگىتىش، بېخىللىقنى يېڭىشقا كۆندۈرۈش ۋەزىپىسى بار، روزىنىڭ نەپسنى باشقۇرۇشنى ۋە سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىش ۋەزىپىسى بار، ھەجنىڭ ئەدەپ _ ئەخلاق ئۆگىتىش ۋەزىپىسى بار. مۇشۇ رەمزىي ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسىي بولغان ئەمەلىي ئىبادەت ئۈچۈن ئۇل ھازىرلايدۇ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

شۇڭا ئىبادەتنىڭ كۆپ قىلىنىشىغا ئەمەس، بەلكى ئىبادەتنىڭ تەلەپكە لايىق مۇكەممەل قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. رەمزىي ئىبادەتلەرنىلا قىلغان ئادەم شۇ ئىبادەتلەرنى قىلغان چاغدىلا ئاللاھ تائالاغا باغلانسا، ئەمەلىي ئىبادەتلەرنى قىلغان ئادەم بىر كۈندە يىگىرمە تۆت سائەت ئىبادەت ئىچىدە بولىدۇ ۋە ئۇ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىي ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا تەرەپكە كېتىپ بارغان ئۇزۇن سەپەر بولسا، رەمزىي ئىبادەتلەر شۇ ئۇزۇن سەپەر ئۈچۈن ئوزۇقتۇر .

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

## «مەكتەپتىمۇ، مەدرىستىمۇ» ناملىق سۆھبەتكە ئىككى ئېغىز سۆز

ئالدى بىلەن مۆھتەرەم ئۇستاز ئەلى ئەكبەر ھاجىمغا رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ كىشىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ خەلقىمىزنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا تىرىشۋاتقانلىقىدىن ئاللاھ رازى بولسۇن.

مەن تۆۋەندە ئىككى ئېغىز مۇلاھىزەمنى بايان قىلماقچى.

بىرىنچى، ئەلى ئەكبەر ھاجىم سۆھبىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك سۆزى بولغان (ئى ئىمان ئېيتقانلار! (ھېچبىر ئىشتا) ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر)[1] دېگەن ئايەت بىلەن باشلىغان بولۇپ، بۇ باشلىنىش گويا بىرلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، پەننى بىلىپ ئوقۇش دىنىي ئوقۇشتىن ئەۋزەلدۇر ياكى مەكتەپتە ئوقۇش مەدرىسىدە ئوقۇشتىن ئەۋزەلدۇر دېگەن كۆزقارىشىغا رەددىيە ئاساستا باشلانغاندەك چۈشەنچىنى بېرىپ قويغان. ھالبۇكى، ھېچقانداق ئۆلىما پەننىي ئوقۇش دىنىي ئوقۇشتىن ئەۋزەل دېمەيدۇ ۋە دەپ باقمىدى. ھەتتا ئادەتتىكى ئاۋام مۇسۇلمانمۇ ئۇنداق دېمەيدۇ. چۈنكى ئىلىمنىڭ بېشى ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئۇنىڭ شەرىئىتىنى ئۆگىنىشتۇر. بۇنىڭدا قىلچە تالاش – تارتىش يوق. تۈركىيەدە مىسىردىن ۋە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى تۈركىيەنىڭ مەكتەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇش يولىدا كېچىسىنى كۈندۈزىگە ئۇلاپ خىزمەت قىلىۋاتقان، پىداكار ئۇستازلارنىڭ ھېچقايسىسى پەننىي ئوقۇش دىنىي ئوقۇشتىن ئەۋزەل دەپ تەشۋىق قىلغان ياكى تەۋسىيە قىلغان ئەمەس. بۇ پىداكار ئۇستازلار ناۋادا بالىلارنى مەلۇم مەكتەپلەرگە تەۋسىيە قىلغان بولسا، بۇ پەقەتلا شارائىتنىڭ تەقەززاسى ياكى ئالىدىغان مەكتەپنىڭ شەرتى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تاللاش شۇ بالىلارنىڭ ۋە تۈركىيەدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەققىدۇر. بالىلار مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەك دەپ تەشۋىق قىلغان ئۆلىمالار بولدى دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى پەننى بىلىملەرنى ئوقۇماڭلار دەپ ئەمر قىلغان ئەمەس. شۇڭا بىزنىڭ دىنىمىز پەنگە قارشى ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا خىزمەت قىلىۋاتقان جىددىي خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئۇستازلار ياكى ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئەمەس ۋە مۇنداق قىلىش ھېچكىمنىڭ ھەددىمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆھبەتنىڭ بۇ ئايەت بىلەن باشلانغانلىقى تازا مۇناسىپ كەلمىگەن.

ئىككىنچىدىن، ۋەتەندىكى ئوتتۇز مىليونغا يېقىن خەلقنىڭ ئىچىدە دىن ئوقۇغانلارنىڭ ئىنتايىن ئازا ئىكەنلىكىنى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا، خۇسۇسەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا قىياس قىلىش مەنتىق جەھەتتىن توغرا بولمىغان قىياستۇر. چۈنكى بىز ئوتتۇز يىل بۇرۇن ۋەتەندىن چىققان چېغىمىزدا، دىنىي ئىلىملەرنى ئوقۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ خەلقىمىزنىڭ دىنىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۇلارغا ھەقىقىي مەنىسى بويىچە ئۆگىتىشنى نىيەت قىلغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى، ۋەتەنگە بارالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارمىنىمىز سۇغا چىلاشتى. دەۋر ئۆزگەردى، پىلانلارمۇ ئۆزگەردى. ھازىرقى ۋەزىيەتتە چەتئەللەردە ھەرقايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئەھۋالدا. شۇڭا ئۇلار دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، ياخشى ئوقۇپ، ئەلا دىپلوم ئېلىپ، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى قامداش، ئاندىن دىنى، ۋەتىنى ۋە ئۇيغۇرلارغا خىزمەت قىلىشنى ئويلىسا كېرەك. چۈنكى ھازىرقى شارائىتتا بىز ئۈچۈن شۇنداق قىلىشتىن باشقا تاللاش يوق. شۇڭا بىز تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا ۋەتەننىڭ ئەمەس، تۈركىيەنىڭ شارائىتىنى ۋە چەتئەلدىكى ھاياتنىڭ تەقەززاسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا گەپ قىلىشىمىز لازىم. تۈركىيەدىكى بىر قانچە مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن دىندا ئوقۇپ ئالىم بولۇپ، خەلقىمىزنى توغرا يولغا سالىدىغان، ھوقۇق ۋە قانۇن قاتارلىق پەنلەردە ئوقۇپ، شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسىنى ياقىلايدىغان، ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەردە ئوقۇپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتكە خىزمەت كۆرسىتىپ بەلگىلىك تەسىر قوزغاش ئارقىلىق يەرلىك خەلقنىڭ دىققىتىنى ئانا ۋەتەندىكى ئوتتۇز مىليونغا يېقىن مۇسۇلمان خەلقنىڭ مەسىلىسىگە قارىتالايدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ چىقىشى زۆرۈردۇر.

بىز ئانا ۋەتەندىكى «مەكتەپ» ئۇقۇمى بىلەن تۈركىيەدىكى ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكى«مەكتەپ» ئۇقۇمىنى ئايرىۋېلىشىمىز لازىم. ئانا ۋەتەندە مەكتەپ دېيىلگەن ھامان ئاتېئىزىمچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئورۇن ئېسىمىزگە كېلىدۇ. ئەمما تۈركىيەدە ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدە «مەكتەپ» ھەم پەننىي ھەم دىنىي بىلىملەرنى بېرىدىغان ئورۇندۇر. شۇڭا، «مەكتەپ» دېگەن سۆزدىن ئەندىكىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. تۈركىيەنىڭ مەكتەپلىرىدە ئاز بولسىمۇ دىنىي دەرسلەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىسىردىن كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۇقىرىسى شەرئىي ئىلىمنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن، ئەڭ تۆۋىنى ئىسلامنىڭ ئەقىدە، فىقھى، مۇئامىلە، ئەخلاق قاتارلىق ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈپ كەلگەن بالىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن خالىغانلار تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە ئىسلام تارىخى قاتارلىق دىنىي ساھەلەردە ئالىم بولۇش ئۈچۈن ئوقۇسا، يەنە بەزىلىرى تەبىئىي پەن، سىياسەت، ھوقۇق، خەلقئارالىق مۇناسىۋەت قاتارلىق ساھەلەردە ئوقۇپ يېتىشىپ چىقسا مىللىتىمىزنىڭ ھەر ساھە ئېھتىياجى قامدىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 1_ ئايەت.

دىنىي ئىلىم، پەننىي ئىلىم دەپ ئايرىش توغرا بولمىغان بىر ئايرىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇلغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى دىنىي ئىلىمدۇر. ئەكسىچە، گەرچە تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئوقۇسىمۇ، ئۇنى زالىملارغا خىزمەت قىلىش ياكى ئابرۇي قازىنىش ۋەياكى دۇنيالىق مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇسا، ئۇ دىنىي ئىلىم ھېسابلانمىغاندەك، ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە بىئولوگىيىگە ئوخشىغان بىرەر تەبىئىي پەننى ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلدۇرۇش، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئوقۇسا، ئۇ دىنىي ئىلىم ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇلغان ئىلىم بولىدۇ. دېمەك، نىيەت ھەممىدىن ئەلا. ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ئىلىملەر بۇنداق ئايرىلمايتتى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان بىيرۇنىي، خارەزمىي، فارابىي، ئىبنى رۇشدى، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى سىنا قاتارلىق سان ـ ساناقسىز ئۆلىمالارنىڭ ھەربىرى دىندا ئالىم بولغانىنىڭ سىرتىدا، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە ۋە بۇلاردىن باشقىمۇ تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىدە ئەڭ ئاۋۋال پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋىي ئاساسلىرىنى تۇرغۇزغانلار ئىدى.

شۇڭا، ھەممىلا ئوقۇغۇچىنىڭ تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، تارىخ قاتارلىق ساھەلەردە ئالىم بولۇشى شەرت ئەمەس، مۇھىم بولغىنى دىنىمىزغا، مۇسۇلمان خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىدىغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇشىمىز لازىم. ئۇيغۇرلار تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان دىنىي ئالىملار، زىيالىيلار، ئادۋوكاتلار، ساقچىلار، دوختۇرلار، مۇئەللىملەر ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە مۇتەخەسسىسلەر بولۇشى زۆرۈردۇر. شۇنداق قىلغاندىلا بىز ئۇيغۇرلار  ھۆكۈمەتلەرگە ۋە يەرلىك خەلققە تەسىرىمىزنى كۆرسىتەلەيمىز ۋە دەردىمىزنى ئاڭلىتالايمىز.

پەيغەمبىرىمىز ھازىر ئارىمىزدا بولغان بولسا، ئەلۋەتتە بىزنى ھەممە پەننى ئوقۇشقا، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ۋاستە بولىدىغان ئىلىملەرنى ئوقۇپ، كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولار ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزگە ((دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر[1]) دەپ بۇيرۇغان. ئايەتتىكى «دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر» دېگەننىڭ مەنىسى: سىلەر كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولساڭلار سىلەرگە خىرىس قىلماقچى بولغانلار ۋە سىلەرنى بوزەك قىلماقچى بولغانلار سىلەردىن ئەيمىنىپ، سىلەردىن قورقۇپ، سىلەرگە چېقىلالمايدۇ دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشەنگەن ۋە تولۇق ئەمەل قىلغان. ئۇلار شۇ زامانلارنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە كۈچلۈك قوراللىرى بىلەن قوراللانغان. شۇڭا، ئۇلار ئۈچ قىتئەدە ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدەتكەن. ھازىرقى زاماندا كۈچ پەقەتلا، پەقەتلا پەن – تېخنىكا بىلەن بولىدۇ. پەن – تېخنىكا ئىلىم – پەننى ئوقۇش بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئايەتتىكى «كۈچ» دېگەن سۆز ھەرقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچلەرنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، قورال كۈچى، ئىلىم كۈچى قاتارلىق ھەرقانداق كۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلار 16- ئەسىردىن كېيىن تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئىلمنى دىنىي ئىلىم ۋە پەننى ئىلىم ياكى ئاخىرەتلىك ئىلىم ياكى دۇنيالىق ئىلىم دەپ ئايرىۋالغان، ئىلمى كالام، پەلسەپە دېگەندەك ئايىغى چىقمايدىغان ئىلىملەرگە چۆكۈپ كېتىپ، پەن – تېخنىكا ئۆگىنىشنى پۈتۈنلەي قولدىن بەرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «قورقۇتۇش»تىن قورقۇشقا ئۆزگىرىپ قالدى. بىز دۈشمەندىن قورقۇپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدۇق. پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى دۈشمەنلىرىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا قويۇپ بېرىپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدى. پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى دەيدۇكى، مۇداپىئە مەيدانىدا تۇرغانلار چوقۇم يېڭىلىپ كېتىدۇ، ئەمما ئالدىمغا ئىلگىرلەيمەن دەپ تۇرغانلار بەربىر يېڭىپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، ئىسلام دۇنياسى ھازىر مۇداپىئە مەيدانىدا تۇرماقتا ۋە ھەربىر لەھزىدە ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىنىپ تۇرماقتا.

بىز شۇنچە چوڭ بىلىدىغان «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» دېگەن بىر قانچە توملۇق قەدىمىي ئەسەرنى ئوقۇغان ئىدىم. بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابى «مال _ دۇنيانى سۆكۈش ۋە ئۇنى سۆيۈشنىڭ يامانلىقى» دەپ باشلىنىپتۇ. ئەپسۇسكى، شۇ زامانلاردا تەركىدۇنيالىق تەرغىباتى ئاز بولمىغان ئىكەن. ئاللاھ تائالا  قۇرئان كەرىمدە مال _ دۇنيانى «خەير» يەنى (ياخشىلىق) دەپ ئاتىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ياخشى مال _ دۇنيا ياخشى ئادەم ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى» دەپ ماختىغان تۇرسا، بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز مال – دۇنيانى كىشىلەرگە ئەڭ رەزىل نەرسىدەك قىلىپ كۆرسەتكەن. مال _ دۇنيا شۇنداق يامان كۆرسىتىلگەن يەردە، ئىلىم – پەن تېخىمۇ ۋەھشى نەرسىدەك كۆرسىتىلدى. مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام باشلىغان ئاقارتىش ھەرىكىتى جەدىدىزىم، ئۇ كىشى ئاچقان يېڭىچە مەكتەپ ۋە بۇ مەكتەپتىكى جۇغراپىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ئىلىملەر دەھرىيلىك دەپ ئاتالغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ قوغدىنىش مەيدانىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئاجىزلىقى ۋە بىچارىلىكى، ھەتتا بورمىدىكى ئاراكان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەھشىيانە قەتلى قىلىنىشىنى تاماشا قىلىپ، سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇشى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويغان بىرلا خاتالىقى يۈزىسىدىن بولماقتا. ئۇ بولسىمۇ، كۈچنى قولدىن بېرىپ قويۇش، قورقۇتۇش مەۋقەسىدىن قورقۇش مەۋقەسىگە چۈشۈپ بېرىش ئىدى.

ھازىرقى مۇشۇ پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەن – تېخنىكا ئىگىلىشىمىز تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى

[1] ئەنفال سۈرىسى: 60 _ ئايەت.

ئوقۇغانغا ئوخشاش زۆرۈر ۋە مۇھىمدۇر. چۈنكى بىز ھازىر پەن – تېخنىكا ئارقىلىق كۈچىيىشكە خۇددى ھاۋاغا موھتاج بولغاندەك موھتاجمىز. يەنە كېلىپ تەبىئىي پەن ئىلىملىرى ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننى كۈچەيتىشكە، قۇرئان كەرىمنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە ياردەمچى بولىدۇ. تەبىئىي پەن ئالىملىرى مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ساھەلىرى كېڭەيگەنسېرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللەر كۆپەيمەكتە. بىئولوگىيە، فىزىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىلىم مۇنبىرىنى تىكلىمەكتە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلىقىنىڭ مۇنبىرىدۇر». يەنە ئەنگىلىيەلىك پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسىر مۇنداق دېگەن: «تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي دەرتلىنىۋاتقان ۋە ئاستا ـ ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىيلەرنىڭ ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھېدروگېندىن مەلۇم نىسبەتتە تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتكەندە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىممۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھىلەنگەن گۈزەللىكنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شەيئىيلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى ‹مۇزلىغان سۇ› دەپلا كۆرىدۇ، بەس».

دېمەك، پەننىي ئىلىمنى يولىدا ئىشلەتسە، ئۇ ئاللاھ تائالانى تونۇتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مۆھتەرەم ئۇستاز ئەلى ئەكبەر ھاجىم سۆزىدە دىنىي ئىلىملەرنى ئوقۇماقچى بولغان باللارنىڭ دەسلەپ بىر قانچە يىل مەخسۇس دىنىي ئىلىمنىلا ئوقۇشى ياخشى ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. بۇ سۆزنى مەلۇم ساھەدە مۇتەخەسسىس بولىدىغانلار ئۈچۈن توغرا بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن توغرا ئەمەس. چۈنكى دىنىي ئىلىمنى پەننىي ئىلىم بىلەن بىللە ئوقۇسا تازا بولىدۇ. بۇ خۇددى لەغمەنگە لازا بىلەن ئاچچىقسۇنى قۇيۇپ يېگەندەك لەززەتلىك بولىدۇ. ئىشنىڭ يولى شۇدۇر. چۈنكى پەننى ئىلىمدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان تالىپ ئەڭ ئاددىي ماتېماتىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر قاتارلىق ئەرەب ئىسلام ئەللىرىدە ھەرقانداق بىر مەكتەپتە دىن بىلەن پەن بىرگە ئوقۇتىلىدۇ. بۇلاردا بىز ئايرىغاندەك «مەكتەپ» ۋە «مەدرىسە» دەپ ئايرىلمايدۇ. چۈنكى «مەكتەپ» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەپچىسى«مەدرىسە»دۇر. بۇ دۆلەتلەردە دىننى پەن بىلەن قوشۇپ ئوقۇشنىڭ ھېچقانداق سەلبىي تەرىپى كۆرۈلگەن ئەمەس. چۈنكى پەننىي ئىلىملەرمۇ دىنغا خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، مۆھتەرەم ئۇستاز ئەلى ئەكبەر ھاجىم سۆزىدە بەزى باللارنىڭ دىپلومنى ئاساس قىلىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى، ھەتتا دەرسلىرى، ئۇستازلىرى ياخشى مەكتەپ بولسىمۇ، دىپلوم بەرمەيدىكەن دېسە، ئۇ مەكتەپتىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئاندىن نىيەت توغرىسىدىكى ھەدىسنى شەرھلىگەن. توغرا، مۇئمىن ئادەمنىڭ ھەممە ئىشى ئاۋۋال ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ئۈچۈن بولۇشى ۋە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مۇئمىن ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەممە ئىشى ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئوقۇش ئۈچۈنمۇ ئاۋۋال دىپلوم ئېلىشنى ئەمەس، ئىلىم ئېلىشنى نىيەت قىلىش لازىم. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، ئىلىم بىر قورال، دىپلوم بىر قورال. ھازىر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇشۇ ئىككى قورال بىلەن دىنىمىزغا، ۋەتىنىمىزگە خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىلىم بولمىسا زادى بولمايدۇ، ئىلىم بولۇپ دىپلوم بولمىسا، يەنە بولمايدۇ. چۈنكى دىپلوم بولمىسا، شۇ ئىلىمنى ئۆگەتكىلى سەھنە ھازىرلىغىلى بولمايدۇ. ھازىر مەيلى ئەلى ئەكبەر ھاجىم بولسۇن، ياكى باشقا كاتتا داموللىرىمىز بولسۇن، ئۇلاردا ئەگەر بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دىپلومى بولمىسا، ئۇلار قورسىقىدىكى مول ئىلىمنى چىقىرالمايدۇ، بىرەر مەكتەپتە مۇئەللىملىك ياكى ۋائىزلىق ۋەياكى ئىماملىق دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلالمايدۇ. ھازىرقى دۇنيا كىشىلەرنىڭ قورقىسىقىدىكى بىلىمنى قولىدىكى دىپلوم ئارقىلىقلا بىلىدۇ. دىپلومى بولمىسا، ئىلمىي ساھەدە ئىش قىلغىلى قويمايدۇ. شۇڭا، ئىلىممۇ كېرەك، دىپلوممۇ كېرەك.

بىر ئوقۇغۇچى «مەن ياخشى ئوقۇپ، دىنىمغا، مىللىتىمگە ۋە ۋەتىنىمگە خىزمەت قىلىش يولىدا ھەر يەردە ئاقىدىغان ئىناۋەتلىك بىر دىپلومغا ئېرىشىشنى كۆزلەيمەن» دېسە. بۇ گەپنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. يەنە بىرسى «دىپلوم بەرمەيدىغان ئەڭ ياخشى مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كۆرە، دىپلوم بېرىدىغان ياخشى مەكتەپتە ئوقۇغىنىم تۈزۈك» دېسە، بۇنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى دىپلوم ئالالمىسا، ئىش قىلالمايدۇ، ئىش قىلالمىسا، ئوقۇغىنىنى ئىشلىتەلمەيدۇ، ئوقۇغىنىنى ئىشلىتەلمىسە، ئوقۇغىنى زايە بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۆزى زىيان تارتىدۇ. دېمەك، بۇ ئىشلار بىر – بىرىگە باغلىنىشلىقتۇر.

## ياخشى سۆز تاپالمىسىڭىز سۈكۈت قىلىڭ!

دۇنيادا نۇرغۇن ئىنسانلار ئۇچۇن كىشىلەرنى تەنقىتلەش، سۆكۈش، ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ناھايىتى ئوڭاي ئىشلاردۇر. ئۇلار بۇ ئىشلاردا قىلچە جاپا تارتمايدۇ، بۇ توغرىدا ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمايدۇ، يامان سۆزلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئاغزىدىن چىقىرىدۇ. ئەمما بىرەر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى، ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ۋە ئېسىل تەرەپلىرىنى بايان قىلىش، تەرىپلەش ۋە ئۇنى مەدھىيەلەش كۆپلىگەن ئىنسانلار ئۈچۈن ناھايىتى قىيىندۇر. چۈنكى ئىنسان تەنقىتلەشكە مايىل كېلىدۇ. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسان خاراكتېرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى ۋە خاراكتېرىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنى يامان سۆزدىن ساقلىنىپ، ھەمىشە ياخشى سۆز قىلىشقا، كىشىلەرگە چىرايلىق گەپ قىلىشقا، ئۇلار توغرۇلۇق ياخشى گەپلەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان.

«ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا _ ئانىغا، يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق»[1].

«بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شەكسىزكى، شەيتان (ئۇلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ) ئارىسىنى بۇزماقچى بولىدۇ، چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»[3] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن توغرا كۆرسەتمە! چۈنكى ئىنسان گەپ قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ چىرايلىق گېپى بولسا، ئۇنى قىلسا بولىدۇ، ئەگەر چىرايلىق گېپى بولمىسا، ئۇنىڭ سۈكۈت قىلغىنى ياخشىدۇر. ئىنساننىڭ يامان گەپ قىلىشتىن، غەيۋەت قىلىشتىن، تۆھمەت قىلىشتىن ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئامانلىقى، سالامەتلىكى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشىدۇر.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى:83_ ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 53 _ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**ئۆلىمانى تىللىغاننىڭ تىلى قۇرۇسۇن!**

مۇھەممەد يۈسۈپ

ئۆلىمانى ھاقارەتلىگەن ياكى تىللىغان كىشىنىڭ تىلى قۇرۇپ كەتسۇن! چۈنكى ئۆلىما خەلقنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋارلار سېپىدۇر. قىسقىسى، سىز تۇغۇلغاندا ئىسمىڭىزنى ئۆلىما قويىدۇ، سىز ئۆيلەنگەندە نىكاھىڭىزنى ئۆلىما قىلىدۇ، سىز ئۆلگەندە نامىزىڭىزنى ئۆلىما چۈشۈرىدۇ. ئاغزىڭىزغا تۇنجى قېتىم ئىمان كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىدىغان كىشىلەرمۇ يەنىلا شۇ ئۆلىما ياكى ئۆلىمادىن تەلىم ئالغان ئاتا _ ئانىدۇر. دېمەك سىزنىڭ تۇغۇلغاندىن ئۆلگىچە بولغان بارلىق ئىشىڭىز ئۆلىما بىلەن بولىدۇ.

گەرچە ئىسلام دىنىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغانغا مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن ۋە ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق بوۋىلىرىمىز ئىسلام دىنىمىزنى توغرا چۈشىنىپ، دىن ۋە دۇنيالىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەرنى جايىدا قىلغان، قاراخانىيلار دۆلىتىدىن ئىبارەت كىچىك بىر دۆلەت ئىسلامنىڭ شارابىتى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىپ قەشقەردىن پەرغانىغا قەدەر جايلاردا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ئومۇميۈزلۈك چۈشكۈنلىشىش ۋە توغرا بولمىغان تەركىدۇنيالىق تەرغىباتى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توغرا ئەقىدە، ئىسلامىي ئەخلاق، بىدئەتتىن خالىي ساپ ئىبادەت شەكلى يوقۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا – بوۋىلىرىمىز خۇراپاتنى دىن، خانىقانى مەسجىد، ئاتالمىش ئەۋلىيالارنى قۇتقۇزغۇچى دەپ يۈرگەن ئىكەن. پەقەتلا مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام باشلاتقان يېڭىچە ئوقۇتۇش جەريانىدا ۋەتىنىمىزدە بىر نۇر پارلىغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، يەرلىك جاناۋارلار بىلەن بېسىمدار ھاكىمىيەت بىرلىشىپ بۇ نۇرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ئىكەن. كېيىنچە، ئارتۇش ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا يېڭىچە مائارىپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا بولغان ئىكەن. مەرھۇم ئابدۇلقادىر داموللام بىلەن مەرھۇم سابىت داموللار قاتارلىق مەرىپەت يۇلتۇزلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر سايىسىدا خەلقىمىز دىننى خۇراپاتتىن ئايرىيالايدىغان سەۋىيەگە قىسمەن يەتكەن ئىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان مەرىپەت تەشنالىرى ۋەتىنىمىزدىن چەتئەللەرگە _ پاكىستان، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، سۈرىيە، يەمەن قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن ئىسلام ئەللىرىدىن ئىلھام ئالغان ۋە نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلارنى كۆرگەن مۇنەۋۋەر ئۆلىمالىرىمىز خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا خەلقنىڭ ئەقىدىسىنى تۈزىتىشكە ۋە ئۇلارنى ئويغىتىشقا تىرىشتى. بۇ ئىككى يۆنىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا، ئىسلامىي ئەخلاقىدا ۋە ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ئۆتكەن 30 يىللىق چەتئەللەرگە چىقىپ دىنىي ساھەلەردە ئوقۇش جەريانىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا توختاۋسىز دىنىي خىزمەتلەرنى قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى ساپلىشىپ، ئەخلاقى ئىسلاھ قىلىنىپ، كۆزى ئېچىلىپ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى دىندارلىق يېڭى تۈسكە كىردى ۋە ئىلغار پىكىر، توغرا ئەقىدە، ئىسلامىي ئەخلاق ئۇلاردا ئومۇملىشىشقا باشلاپ بۈگۈنكى سەۋىيەگە يەتتى.

خەلقىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئىلغار دىنىي سەۋىيەگە يېتىشىدە چەتئەللەردە ئوقۇغان ياكى چەتئەللەردىن ئىلھام ئېلىپ ئانا ۋەتەندە ئوقۇپ يېتىشكەن ئۆلىمالارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭدۇر. بۇنى ئىنكار قىلغان ئادەم دۇنيادىن ۋە ئۆز تارىخىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئەبگادۇر. 2013- يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان «ئالتە شەھەر مەكتۇبلىرى» نامىلىق بىر ئەسەر بار. بۇ ئەسەر مۇندىن ساق 100 يىل بۇرۇن يېزىلغان ماقالىلار توپلىمىدۇر. ئۇنى تاتارىستانلىق نۇشۇرۋان نائۇشوپ دېگەن كىشى يازغان. ئۇ كىشى يازمىلىرىدا 1910 – يىلىدىن 1920_ يىلىغا قەدەر بولغان 20 يىللىق ئۇيغۇر ھاياتىنى يازغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يا دۇنيالىقتا يوق، ياكى ئاخىرەتلىكتە يوق، يا دۇنيانىڭ پەيزىنى سۈرەلمىگەن ياكى دىننى توغرا ئېلىپ بارالمىغان ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋالىنى ئەينەن يېزىپ تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىدە چىقىدىغان «شۇرا» ژۇرنىلىدا ۋە «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ئىكەن. بۇ كىتابنى ئوقۇغانلار بىلىدۇكى، ئۇيغۇرلار شۇ چاغلاردا نامى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئىسلام بىلەن قىلچىلىك ئالاقىسى يوق ھالەتتە مەسجىدنى تاشلاپ خانىقا يۈزلىنىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ ئەۋلىيالارغا چوقۇنۇپ ياشىغان ئىكەن. بۇ ئەھۋال ئاستا _ ئاستا ئىجابىيلىق تەرەپكە ئۆزگىرىپ مېڭىپ، 80- يىللاردا يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، 2000- يىللاردىن كېيىن مۇكەممەللىشىپ زامانىمىزغا قەدەر كەلدى.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئىجابىي ئۆزگىرىشلەردە رول ئوينىغانلار كىملەر؟ شەكسىزكى، ئۆلىمالاردۇر. ئۆلىمالار خەلقىمىزنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى تۈزەتتى، ئۇلارغا ئەخلاق ئۆگەتتى. ھازىرغا قەدەر ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىتىلغان دىنىي ئەسەرلەرنى شۇ ئۆلىمالار يازدى ياكى تەرجىمە قىلدى.

يېقىندىن بېرى ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىدە دىن ئوقۇغان قېرىنداشلار ئوقۇغانلىرىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش ۋە خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىش نىيىتى بىلەن توپلىشىپ «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ بىرلىك ھازىرغا قەدەر ھېچقايسى تەرەپتىن ياكى بىرەر دۆلەتتىن ياكى بىرەر مۇئەسسەسەدىن بىر تىيىن ياردەم ئالمىدى ۋە سورىمىدى. پەقەتلا قېرىنداشلارنىڭ ئەزالىق بەدىلى ۋە ياردەملىرىگە تايىنىپ، خەلقىمىزگە خالىسانە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. بۇ بىرلىك قۇرۇلۇپ ھېچكىمگە ياكى ھېچقانداق بىر تەشكىلاتقا ۋە ياكى ھېچقانداق بىر مۇئەسسەسەگە قىلچىلىك زىيان يەتكۈزمىدى. ئەكسىچە، خەلقىمىزگە خىزمەت قىلدى، دىنىمىزنى يەتكۈزدى، خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ئۈستىدە باش قاتۇردى، كىشىلەرگە دىنىي مەسىلىلەرنى

ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، خەلقىمىز ئارىسىدىكى دەۋا ئىشلىرىنى شەرىئەت بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. دېمەك، زامان تەقەززا قىلغان ۋە خەلقىمىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە قولىدىن كەلگەننى قىلدى.

ئەمدى بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كىشىلەردىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ: سىلەر خەلقىمىز ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدىڭلار؟ سىلەر ئۆلىمالارنى ئەيىبلىسەڭلار سىلەرگە قانداق پايدا بولىدۇ؟ ئەكسىچە ئۇلارنى ئەيىبلىمىسەڭلار ۋە ھۆرمەتلىسەڭلار سىلەرگە نېمە زىيان بولىدۇ؟ ئۆلىمالار سىلەرگە قانداق زىيان يەتكۈزدى؟

ئۆلىمانىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىنى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئىسلاھاتچى ئۆلىماغا قارشى چىققان ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلاردىن، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئىسلاھاتچى ئۆلىمالارنى ئۇجۇقتۇرغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ۋە تارىختىن بېرى ئۆلىمانى ھۆرمەتلەيدىغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ سىز ئۆزىڭىزنى بۇ ئىككى پىرقىنىڭ قايسى دەپ ئويلايسىز؟

## دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي ئىلىم

دىنىي ئىلىم، پەننىي ئىلىم ياكى دۇنيالىق ئىلىم، ئاخىرەتلىك ئىلىم دەپ ئايرىش توغرا بولمىغان بىر ئايرىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى دىنىي ئىلىمدۇر، ھەممىسى ئاخىرەتلىك ئىلىمدۇر. ئەكسىچە، گەرچە تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئوقۇسىمۇ، ئۇنى زالىملارغا خىزمەت قىلدۇرۇش ياكى ئابرۇي قازىنىش ۋە ياكى دۇنيالىق ئۈچۈنلا ئوقۇسا، ئۇ دىنىي ئىلىم ھېسابلانمىغاندەك، ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە بىئولوگىيەگە ئوخشىغان تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنى ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلدۇرۇش، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئوقۇسا، ئۇ دىنىي ئىلىم ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئوقۇلغان ئاخىرەتلىك ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، نىيەت ھەممىدىن ئەلا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەركىم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، مەيلى تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى قاتارلىق ئىلىملەر بولسۇن ياكى ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق ئىلىملەر بولسۇن، بىز بۇ ئىلىملەردىن قايسىبىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۆزىمىزنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇساق، بىز دىنىي ئىلىم ئوقۇغان ۋە ئاخىرەتلىك ئىلىم ئوقۇغان بولىمىز. بۇنىڭدىن ياخشى ئىش بارمۇ دۇنيادا؟!

ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ئىلىملەر تۈرلەرگە ئايرىلمايتتى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان بىيرۇنىي، خارەزمىي، فارابىي، ئىبنى رۇشدى، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى سىنا قاتارلىق سان ـ ساناقسىز ئالىملارنىڭ ھەربىرى دىندا ئالىم بولغانىنىڭ

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سىرتىدا، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىدە ئەڭ ئاۋۋال پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ پەنلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى تۇرغۇزغان كىشىلەر ئىدى.

ئەپسۇسكى، بىز ئىسلام ئۈممىتى 16_ ئەسىردىن كېيىن، دىنىمىزنىڭ ساپ ئەقىدىسىدىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىدىن يىراقلىشىش ۋە ئىسلام تەلىماتىدىن ياتلىشىش نەتىجىسىدە، تۈرلۈك خۇراپاتلارنى دىن نامىدىن قوبۇل قىلدۇق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىزنىڭ كاپالىتى بولغان كەڭ ئىلىم گەۋدىسىنى كىچىكلىتىپ ۋە تارايتىپ بىرىپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۈچ _ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قالىدىغان، سەلتەنىتىنى قوغداپ قالىدىغان پەننىي ئىلىملەرنى دەرسلىكىمىزدىن چىقىرىۋەتتۇق، گۇمانىمىزچە ئىلىم _ پەننى كاپىرلار ئوقۇسۇن، بىز ئاخىرەتلىك ئىلىملەرنى ئوقۇيلى دەپ، ئۆزىمىزگە يا پەرزەنتلىرىمىزگە قىلچە ئەسقاتمايدىغان، دىنىمىزغا خىزمەت قىلمايدىغان ئىلمى كالام، پەلسەپە، مەنتىق دېگەن پەنلەرگە چۆكۈپ كەتتۇق، ئەمما دىنىنىڭ ئەسلى بولغان قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس شەرھى دېگەنلەر ھاياتىمىزدىن ۋە مەدرىسلىرىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتۇق. چۈنكى مۇنداق چوڭ ماۋزۇدىن سۆز ئېچىش خەتەرلىكمىش. مۇندىن 30 يىل ئىلگىرى ناھىيىمىزنىڭ ئەللامىسى رەھمەتلىك ئۇستازىم ئەمىن ھاجىمنىڭ ئۇستاز «بىزگە تەپسىردىن دەرس بەرگەيلا» دېگەن تەلىپىمىزگە «تەپسىر نەدە؟ مەن نەدە؟ خاتا كەتسە بولمايدۇ، شۇڭا مېنىڭ چىشىم پاتمايدۇ» دېگەنلىكى ھازىرغىچە ئېسىمدە. ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى قاتارىدىن سانىلىدىغان، «دېڭىزدەك ئىلمى بار» دەپ سۈپەتلەنگەن ئالىم شۇنداق دېگەن يەردە باشقا ئۆلىمالارنىڭ ئەھۋالىمۇ پەرقلىق بولمىغان. بىز ئەسلى مەنبەدىن ئەنە شۇنداق بىر قانچە ئەسىر يىراقلىشىپ قالدۇق. شۇڭا خەلقىمىز بىرەر دىنىي مەسىلىگە دەلىل كەلتۈرمەكچى بولسا «ئاللاھ مۇنداق دېگەن» ، «رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن» دېيىشىنىڭ ئورنىغا «ئىمام ئەزەم مۇنداق دېگەن» ، «پالانى ئەۋلىيا، پالانى ئىشان مۇنداق دېگەن» دەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بىز مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىن يىراق قىلىندۇق.

بىز دىن نامىدىن سادىر قىلغان مۇشۇ ئېغىر قىلمىشىمىز تۈپەيلىدىن كۈچتىن ئايرىلىپ قالدۇق. بۈگۈنكى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. دۇنيادا ھېچقان ئىسلام دۆلىتىنى مۇستەقىل دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ دۆلەت چېگراسى ئايرىلغان بولسىمۇ، سىياسىتى، ئىقتىسادى چوڭ مۇستەملىكە دۆلەتلەردىن ئايرىلغىنى يوق. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈچى يوق، شۇڭا ئۇلارنىڭ قارا قىلىش ھەققى يوق.

ئاللاھ تائالا بىزنى (دۈشمىنىڭلارغا قارشى كۈچ ۋە جەڭ ئېتى ھازىرلاڭلار)[1] دېگەن ئەمەسمىدى؟ ئايەتتىكى «كۈچ» ئىلىم _ پەن كۈچى، قورال كۈچى، ئادەم كۈچى قاتارلىق بارلىق ھەر قانداق بىر كۈچنى ئىپادىلەيدۇ. ئەپسۇسكى، بىز بولساق بۇ ئايەتنىڭ تامامەن ئەكسىچە ئىش قىلىپ، دۈشمەنلىك تىغىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ دىنداشلىرىمىزغا قاراتتۇق، بىرىنى بەتمەزھەپ دېدۇق، بىرىنى جەدىدىي دېدۇق. ئەمما دۈشمىنىمىزگە قارشى كۈچ تەييارلاشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا بىزنى بوزەك قىلىشنىڭ شارائىتلىرىنى تەييارلاپ بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن كۈچىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، بىز ئەسىرگە ئايلاندۇق. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاچچىق قىسمەتنى بېشىدىن كەچۈردى، بىز ئۇيغۇرلار كۆپرەكنى كەچۈردۇق. شۇڭا دەيمىزكى، دۇنيادا ئەزىز بولۇپ، ھۆر ياشاش ئۈچۈن كۈچ ۋە ئىلىم كېرەك، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتى بىلەن مۇكاپاتلىنىش ئۈچۈنمۇ كۈچ ۋە ئىلىم كېرەك. گەرچە ئاجىزلىق بىلەن نادانلىق ئوخشاش دەرىجىدە زىيانلىق بولسىمۇ، بىر مۇسۇلماننىڭ كۈچسىز، ئاجىز بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ نادان، بىلىمسىز بولۇپ قېلىشىدىنمۇ خەتەرلىكتۇر. چۈنكى بۇ دۇنيادا باشقىلارغا بوزەك بولماي، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ياشاش ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇش شەرتتۇر. كۈچلۈك بولماسلىق ئورنىنى تولدۇرۇپ بولالمايدىغان نۇقسانلىق ۋە ئەۋلادلارنىڭ كېلىچىكىگە قارىتا سادىر قىلىنىغان جىنايەتتۇر. شۇڭا، بىز قەد كۆتۈرمەكچى بولساق، ئەۋلادلىرىمىزغا ئەركىن ھايات تەقدىم قىلماقچى بولساق، كۈچلۈك بولۇشىمىز كېرەك. ھازىر بىزگە ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە ئىلىم ۋە كۈچتۇر. بۇ ئىككىسى بىلەن قوراللىنىپ، بۇ ئىككىسىنى يولىدا ئىشلىتىشنى بىلسەك، بىز دۇنيادا ئەزىز، سەلتەنەتلىك، ئاخىرەتتە ھۆرمەتلىك ۋە جەننەتلىك بولالايمىز.

[1] ئەنفال سۈرىسى: 60 _ ئايەت.

## ئېھسان ۋە ئۇنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى

دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. «ئېھسان» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ياخشىلىق قىلىش» ۋە «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش» دېگەن ئىككى مەنىدە كېلىدۇ. ئەمما ئېھسان ئىمانىنىڭ مەرتىۋىسى قاتارىدا كەلگەندە ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: (الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ ) يەنى ﴿ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر) [1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «**اِحْسَان**» (ئېھسان) دېگەن سۆز «**إِتْقَان**» (ئىتقان) يەنى ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، پۇختا ئورۇنداش، كامالەتكە يەتكۈزۈش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «بىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئالدىمىزغا ھېچقايسىمىز تونۇمايدىغان بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ كىيىمى ئاپپاق، چېچى قاپقارا ئىدى، ئۇ ئۇزۇن يولدىن كەلگەندەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزىغا چاپلاپ ئولتۇردى ۋە ئىككى قولىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، ‹ئى مۇھەممەد! ئىسلام دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىسلام —ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە قۇربى يەتسە ھەج قىلىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. بىز ئۇنىڭ ئۆزى سوراپ يەنە ئۆزىنىڭ تەستىقلىغانلىقىغا ھەيران قالدۇق. ئاندىن ‹ئىمان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىمان— ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق – يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. ئاندىن ‹ئېھسان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئېھسان — ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹قىيامەت قاچان بولىدۇ؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹سورالغۇچى سورىغۇچىدىن بەك مەلۇماتلىق ئەمەس› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹ئۇنداقتا، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى ۋە يالىڭاياق قويچىلارنىڭ ئېگىز بىنالارغا ئىگە بولۇشىدۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم كېتىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرئاز ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ‹ئى ئۆمەر! مەندىن سوئال سورىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟› دەپ سورىدى. مەن ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ جىبرىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى› دېدى»[2].

بۇ ھەدىس ناھايىتى مۇھىم بىر ھەدىس بولۇپ، دىنىمىزنى ئىنتايىن ئىخچام سۆزلەر بىلەن تولىمۇ روشەن بايانلار بىلەن ئوچۇقلىغان. بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇ جىبرىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى» دېگەن سۆزىدىنمۇ مۇكەممەل سۈپەتلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئىخچام تەرىپى ئىدى.

بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھسان قاتارلىق ئۈچ چوڭ ھەقىقەت دىنىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ مەرتىۋىسى بولۇپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت _ سائادىتىنى مۇشۇ ئۈچ ئىشقا باغلىغان. بۇ ئۈچ مەرتىۋە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى زىچتۇر. ئىسلامنىڭ دائىرىسى ئىمان ۋە ئېھسانغا قارىغاندا كەڭدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەرقانداق مۇسۇلماننى مۇئمىن دېگىلى بولىدۇ، ھەر قانداق مۇئمىننى مۇھسىن دېگىلى بولىدۇ. ( قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُلْ لَمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِنْ قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ) يەنى( سەھرالىق ئەرەبلەر ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى») [3] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ھەدىسنىڭ «ئېھسان — ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن قىسمىدا ئىبادەتلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىمۇ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە رازى بولىدىغان شەكىلدە ياشاش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، مەزكۇر ھەدىس شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئادەم ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتىمەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلغاندەك، دىن ۋە دۇنيالىقتا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشنى شۇنداق قېتىرقىنىپ قىلىشى، ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ئاساستا ئىش كۆرۈشى لازىم.

---

1 سەجدە سۈرىسى، 7- ئايەت

2 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى. ئىمام بۇخارىمۇ بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئوخشاش لەۋز بىلەن رىۋايەت قىلغان.

[3] ھۇجۇرات سۈرىسى: 14- ئايەت.

مۇئمىن ئادەم ھەربىر ئىشنى ئاللاھ تائالا مېنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن قانائەتتە چىن ئىخلاسى بىلەن قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان بولسا، ئۇ مۇئمىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ. مۇنداق كىشى «قۇرئان كەرىم»دىكى (إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ) يەنى(شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋالىق قىلغۇچىلار ۋە قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر)[1] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلەن بىللە بولۇش مەرتىۋىسىگە يەتكەن بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. «مۇھسىن» يەنى (ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچى) دېگەن سۈپەت «مۇئمىن» دېگەن سۈپەتتىن خاس سۈپەت بولۇپ، ھەرقانداق مۇھسىننى مۇئمىن دېگىلى بولىدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇئمىننى مۇھسىن دېگىلى بولمايدۇ. مۇھسىنلىق دەرىجىسىگە يەتكەن كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. (وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى (ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ) [2]. «قۇرئان كەرىم»دە «ئاللاھ تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ»، «ئاللاھ ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ياكى مۇئمىنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، دەيدىغان بىرمۇ ئايەت يوق. چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم مۇئمىنلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەندىن كېيىن، تەقۋادارلىق ۋە مۇھسىنلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن ۋاقىتدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «احسان»، «محسن»، «محسنين» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن كەلگەن ئايەتلەرنىڭ كۆپىچىسى ياخشىلىق قىلىشنى ئەمەس، ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىخلاس بىلەن قىلىش مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن:

( بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِنْدَ رَبِّهِ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ) يەنى ( ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. كىمكى ۋايىغا يەتكەن ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ)[3]، (وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى (ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىڭلار، (بېخىللىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، قېتىرقىنىپ ئىش قىلىڭلار، ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ)[4]، ( الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى (تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىنى باسالايدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ[5])، (فَآتَاهُمُ اللَّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الْآخِرَةِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى (شۇڭا، ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى مۇكاپاتىنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ)[6]

(فَأَثَابَهُمُ اللَّهُ بِمَا قَالُوا جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ جَزَاءُ الْمُحْسِنِينَ) يەنى ( بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇدۇر)[7]

(وَوَهَبْنَا لَهُ إِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ كُلًّا هَدَيْنَا وَنُوحًا هَدَيْنَا مِنْ قَبْلُ وَمِنْ ذُرِّيَّتِهِ دَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَى وَهَارُونَ وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ) يەنى (بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ھىدايەت قىلدۇق. بىز ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلغان، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلەيمان، ئەييۇب، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى (ھىدايەت قىلغان ئىدۇق). قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز)[8]. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «احسان»، «محسن» ۋە «محسنين» دېگەن سۆزلەر«قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن. ئەمما (وَابتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللهُ الدَّارَ الآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنيَا وَأَحسِنْ كَمَا أَحسَنَ اللهُ إِلَيكَ وَلَا تَبغِ الفَسَادَ في الأَرضِ إِنَّ اللهَ لَا يُحِبُّ المُفسِدِينَ ) يەنى(ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەنلىرى(نى توغرا يولغا سەرپ قىلىش) بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى ئىزدىمىگىن. چۈنكى ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ) [9] دېگەن ئايەتتە ياخشىلىق قىلىش مەنىسىدە كەلگەن.

---

[1] نەھل سۈرىسى، 128_ ئايەت.
[2] ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 148- ۋە 134- ئايەتلىرى.
[3] بەقەرە سۈرىسى: 112-ئايەت.
[4] بەقەرە سۈرىسى: 195- ئايەت.
[5] ئال ئىمران سۈرىسى: 134- ئايەت.
[6] ئال ئىمران سۈرىسى: 148- ئايەت.
[7] مائىدە سۈرىسى: 85- ئايەت.
[8] ئەنئام سۈرىسى: 84- ئايەت.
[9] قەسەس سۈرىسى: 77- ئايەت.

«ئېھسان» دېگەن سۆز ئاتا_ ئانا ھەققىدە كەلگەندە، ئالدى بىلەن « قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿بِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَٰنًا﴾ دېگەن سۆزنى« ئاتا_ ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش» دەپ چۈشىنىش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ئاتا_ ئانىلار ھەققىدە كەلگەن «ئىھسان»نى ياخشىلىق قىلىش دېگەن ئاددىي مەنىدە چۈشىنىش توغرا ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئاتا_ ئانىغا ئىھسان قىلىش» دېگەننى «ئاتا_ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپلا چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن خالىسانە ياردەم قىلىپ قويۇش، خەير_ ساخاۋەت قىلىپ قويۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئاتا_ئانىغا ئىھسان قىلىش( يەنى قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش) پەرزدۇر. پەرز بولغاندىمۇ ئادەتتىكى پەرزلەردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن كېيىنكى ئىككىنچى چوڭ پەرزدۇر. يۇقىرىقى: (رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا_ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى ) دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئىھسان باشقىلارغا قىلىپ قويىدىغان خەير-ئىھسانغا ۋە خالىسانە يادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى خالىسانە ياردەم ۋە خەير-ئىھسان دېگەن باشقىلارغا بەدەلسىز قىلىپ قويىدىغان نەرسە. ئەمما ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئىھسان ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇش يولىدىكى بۇرچ ۋە قەرزدۇر. شۇڭا بۇنداق بىر قەرزنى ئادا قىلىش يولىدىكى خىزمەت بۇرچىنى ئاددى مەنىدە «ياخشىلىق قىلىش» دەپ چۈشىنىۋېلىش توغرا ئەمەس.

مەسىلەن: سىز بىرسىگە بەدەلسىز ھالدا بىر نەرسە بەسسىڭىز ياكى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، سىز ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولىسىز. ئەمما سىز ئۇنىڭغا مەلۇم بىر خىزمىتىنىڭ ياكى ياخشىلىقىنىڭ يۈزىسىدىن بىر نەرسە بەرسىڭىز ياكى ئۇنىڭدىن ئالغان قەرزىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولمايسىز، بەلكى ھەققىنى ئادا قىلغان بولىسىز. ئاتا-ئانىغا خىزمەت قىلىشمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىقتۇر. بۇ خالىسانە ياردەم ياكى ھەير-ئىھسان تەرىقىسىدىكى بىر ياخشىلىق ئەمەس.

ئەمەل_ ئىبادەتلەرنى رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويىدىغان، ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ۋەزىپىسىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئورۇنداپ قويىدىغان ئادەم نە ئاللاھ تائالانى، نە ئىنسانلارنى رازى قىلالمايدۇ، مۇنداق ئادەم ھېچكىمنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ سۆيگۈسىگە لايىق بولالمايدۇ. مۇنداق ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر قۇرۇلۇشچى مەلۇم بىر بىناكارلىق شىركىتىدە ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئاخىرى دەم ئېلىشقا چىقىدىغان ۋاقتى كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى شىركەت لىيدىرىگە ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ئىلتىماسىنى سۇنۇپتۇ. بىراق لىيدىر ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭدىن ياخشى بىر ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئاندىن دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قۇرۇلۇشچى ياق دېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا ماقۇل دەپتۇ ۋە شۇ ئۆينى تېزرەك پۈتكۈزۈپ بېرىپ، شۇ لىيدىرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇپ دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپتۇ. قۇرۇلۇشچى دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئالدىراپ تۇرغاندا، لىيدىرنىڭ ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم بىر ئۆي سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۇنىڭغا قەتئىي خوش ياقمىغان بولسىمۇ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ پۈتتۈرۈپ بېرىشكە باشلاپتۇ. قۇرۇلۇشچى ئۆيگە ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ ياخشى تاللىماي، ئەرزان ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، ئۆينىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم قىلماي، تاملىرىنى ئەگرى_ بۈگرى قىلىپ، ئۆينىڭ قۇرۇلۇشىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي بولۇشىغا ئىشلەپ، ئۆينى پىلاندىن بۇرۇنلا پۈتتۈرۈپ چىقىپتۇ.

بۇ كاساپەت ئۆينى پۈتتۈرۈپ بولغىنىغا خوشال بولغان قۇرۇلۇشچى ئەتىسى لىيدىرنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ كېلىپ، «بولدى، ئۆي پۈتتى، مەندىن شۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ مېنى دەل ئېلىشقا قويۇپ بەرگەيسىز» دەپ ئاچقۇچنى لىيدىرنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. لىيدىر بىر دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشچىغا قاراپ:«ھە بوپتۇ، تېزلا پۈتتۈرۈپ چىقىپسىز. بۇ ئۆينى ئەسلىدە بىز سىزنىڭ شىركىتىمىزگە ئاتىغان قىرىق يىللىق ئەمگىكىڭىز بەدىلىگە سىزگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن سالدۇرغان ئىدۇق. ئاچقۇچنى ئېلىڭ، ئۆي سىزنىڭ، ياخشى ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭ» دەپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى قۇرۇلۇشچى ئۆينى قولىنىڭ ئۇچىدىلا بولۇشىغا سېلىپ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلەپتۇ. ئەمما بۇ چاغدىكى پۇشايمان نېمىگە ئەسقاتسۇن!

سىز ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مۇشۇ ھېكايىدىكى قۇرۇلۇشچىغا ئوخشاش پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالسىڭىز قانداق قىلارسىز؟ بۇنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

بۇ دۇنيا بىزنىڭ ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىشلەيدىغان مەيداندۇر. ئۆزىمىزنىڭ ئاخىرەتتىكى تۇرالغۇمىزنى مۇشۇ دۇنيادا ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنى خام ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىز قۇرۇپ چىقىمىز. تۇرالغۇمىزنى ئېسىل قەسىر قىلىپ سېلىش ياكى كەپىدەكلا ئاددىيلا سېلىش قويۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر. چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ جەننىتىنى ياكى دوزىخىنى مۇشۇ دۇنيادا ئۆزى يارىتىدۇ.

دېمەك، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش دىنىنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى مەرتىۋىسىدۇر. بۇ مەرتىۋىگە يەتكەنلەر ئاللاھ تائالا بىلەن بىللە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغۇچىلاردۇر.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى دۇنيالىق ئىشلارنى ساختىلىق بىلەن، كۆزبويامچىلىق بىلەن، قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، پەن _ تېخنىكىدا، ئىشلەپچىقىرىشتا مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردىن خېلىبەك ئارقىدا تۇرماقتا. چۈنكى ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ھەتتا ئۆزى ئىشلەپچىقىرىشقا چامى يېتىدىغان نەرسىلەرنىمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردىن ئېلىپ كېلىپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرەتلىك ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىمۇ رەسمىيەتكە ئوخشاشلا قىلىپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل_ ئىبادەتلىرى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىغا، يۈرۈش _ تۇرۇشىغا قىلچە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەنلىكى چىقىدۇ. بۇ دۇنيادا مېۋىسى ۋە تەسىرى كۆرۈلمىگەن ئەمەل _ ئىبادەتنىڭ ئاخىرەتتە ئەسقېتىشى تەسەۋۋۇردىن يىراقتۇر. چۈنكى دىنىمىزنىڭ پېشىۋالىرى بولغان ساھابە كىراملار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن، ھەتتا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۆز قىزلىرىنى نومۇستىن تىرىك تۇرغۇزۇپ يەرگە كۆمۈۋەتكەن كىشىلەرمۇ، ئىسلامدىن كېيىن ئەخلاق _ پەزىلەتتە دۇنياغا ئۈلگى ياراتقان، دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغان قىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھادقا ئاتلانغان كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. ئەمەل _ ئىبادەت تەسىر قىلسا، ئەنە شۇنداق تەسىر قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلىپ قويىدىغان ئەمەل _ ئىبادەتلەر ھېچكىمگە تەسىر قىلمايدۇ، ھېچكىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

دېمەك، قولنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويغان ئىش يا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ئەسقاتمايدۇ.

## ئاۋۋال ئۆز تىلىمىزنى ئۆگنەيلى!

جانابى ئاللاھ تائالاغا مىڭلارچە شۈكۈر بولسۇنكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دىنىي ماۋزۇلاردا يازىدىغان، ئەرەب تىلىدىن تەرجىمە قىلىدىغان ۋە ئۇن – سىن دەۋەت سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سانى كۆپەيلى. بۇ ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن.

مەن تۆۋەندە، دىنىي ماۋزۇلاردا بىر نەرسە يازىدىغان، تەرجىمە قىلىدىغان ۋە نۇتۇق سۆزلەيدىغان دوستلارنىڭ بىلىۋېلىشىغا تېگىشلىك بەزى مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىمەن.

1. سېغىنىش ئەمەس، سىغىنىش. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە سىغىنماق – تېۋىنماق، ئىلتىجا قىلماق، ئىنتىلمەك، ئىلتىماس قىلماق، دەپ ئىزاھلانغان. شۇڭا، «ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا، ئۇنىڭدىن پاناھ ئىزەش» دېگەننى «ئاللاھقا سىغىنىش» دەيمىز. بۇ تۈركچىكى siginmak نىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما بىز بىلىدىغان «سېغىنىش»نى بىراۋنى كۆرگۈسى كەلگەنگە ئىشلىتىمىز.

2. نىسبەت بېرىش ئەمەس، مەنسۇپ قىلىش. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە نىسبەت – نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە نىسبەتەن چوڭ – كىچىكلىكى، ئاز- كۆپلۈكى ۋە شۇ قاتارلىقلار، دەپ ئىزاھلانغان. شۇڭا، خىرىستىيانلار ئاللاھ تائالاغا بالىنى نىسبەت بېرىدۇ، دېمەيمىز، ئاللاھ تائالاغا بالىنى مەنسۇپ قىلىدۇ، دەيمىز.

3. ياخشى گۇمان قىلىش ئەمەس، ياخشى قاراشتا بولۇش. چۈنكى گۇماننىڭ ياخشىسى يوق. شۇڭا، ئاللاھ تائالاغا ياخشى گۇماندا بولۇش دېمەيمىز، ئاللاھ تائالاغا قارىتا توغرا قاراشتا بولۇش دەيمىز.

4. ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى ئىجابەت قىلىش ئەمەس، قوبۇل قىلىشتۇر. بىزدە ئىجابەت كاتتىدىن تۆۋەنگە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىجابەت قىلىدۇ، بەندە قوبۇل قىلىدۇ.

5. «الدين النصيحة» دېگەن سۆزنى دىن نەسىھەتتۇر دېمەيمىز، ئۇنى «دىن _ سەمىمىيەتتۇر»دەيمىز. ئىمام مۇسلىم تەمىم ئەددارىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الدين النصيحة» يەنى «دىن – سەمىمىيلىكتۇر» دېۋىدى، بىز «يارەسۇلۇللاھ! بۇ سەمىمىيلىك كىمگە؟» دەپ سورىدوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « لله ، ولكتابه ، ولرسوله ، ولأئمة المسلمين وعامتهم» يەنى ئاللاھقا، ئۇنىڭ كىتابىغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، موسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا ۋە ئۇمۇمىي مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇشتۇر»[1] دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەرھلىگەن:

ئەرەب تىلىدىكى« النصيحة» دېگەن سۆز چىن ئىخلاسنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى « نصح» دېگەن «خلص» دېگەنلىك بولۇپ، ساپلىقنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئەرەبلەر ھەسەلنىڭ ساپ ھالىتىنى «نصح العسل» يەنى (ھەسەل ساپ بولدى) دەيدۇ. بىراۋنىڭ خالىس دېگەن ئايەتنىڭ )**ياأَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً نَصُوحًا**(تەۋبە قىلغانلىقىنى«نصحت توبته» دەيدۇ. تەھرىم سۈرىسىدىكى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، خالىس نىيەت ۋە تولۇق سەمىمىيەت ) ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار(مەنىسىمۇ: بىلەن ئورۇندالغان ئەمەلمۇ ئىخلاسلىق ئەمەل ئەمەل دېيىلىدۇ. ئەمەل_ ئىبادەتلەردە ئىخلاس شۇ ئەمەل_ئىبادەتلەرنىڭ جان تومۇرى بولۇپ، ئىخلاسسىز ئەمەل_ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ. بۇ ئىخلاس چىن سەمىمىيەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلامدا ھەربىر ئىبادەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىخلاسى ۋە سەمىمىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن: قۇرئان ئوقۇشنىڭ سەممىيىتى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغاندەك ئوقۇش، ئوقۇغىنىغا ۋە بىلگىنىگە ئەمەل قىلىش بولسا، نامازنىڭ سەممىيىتى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن ئوقۇشتۇر، زاكات ۋە سەدىقىنىڭ سەمىمىيىتى ئۇنى چىن كۆڭلىدىن راز بولغان ھالدا، مەمنۇنىيەت بىلەن ئادا قىلىشتۇر، شۇنىڭدەك، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ سەمىمىيىتى ئۇنى قېتىرقىنىپ قىلىشتۇر.

6. تەقۋالىق _ ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە ئاللاھ تائالاغا، ئىنسانىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشاش دېگەنلىك بولۇپ، قەلبنىڭ ئەمەلىدۇ، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەمەلىدۇر. ئەپسۇسكى، زامانىمىزدا، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تەقۋالىق تاشقى ئەمەل بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىدىكى تەقۋالىق ئاياللارنىڭ ئابايە كىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ساقال قويۇسى، ئەرەبلەرنى دوراپ ئاق كۆڭلەك كىيىۋېلىشى ۋە ئاغزىغا مىسۋاك سېلىۋېلىپ رىيا قىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھېچبىرى دىنغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، بۇلار پەقەتلا مۇسۇلماننىڭ تاشقى سۈرىتىنى چىرايلىق قىلىدىغان ئىشلاردۇر. دىنىمىزدا ھەرقانداق ئىسلاھات ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ، ئىچكى دۇنياسى چىرايلىق بولۇش تاشقى دۇنياسىنىڭ پارلاق بولۇشىدىن مۇھىمدۇر.

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دېمەك، ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى بىلىپ، ئۇلارنى تولۇق ئورۇندىغان ئادەم تەقۋا ئادەم دېيىلىدۇ. چۈنكى تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ساقلىنىش دېگەنلىك بولىدۇ. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىيئىكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. شۇڭا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەم تەقۋا ئادەمدۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەق_ ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشىشى ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى مۇنداق بايان قىلغان: «بىر_ بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر_ بىر_ بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر_ بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە مۇھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان. ئۇ يەنە:« ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر، ئۇنىڭ قېنى، مال_ مۈلكى ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر» دېگەن.

**«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «الصبر» (سەۋر)نىڭ مەنىسى**

سەۋر لۇغەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا چىدامچانلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، تەقدىرگە تەن بېرىش قاتارلىق ئۈچ مەنىدە كېلىدۇ. سەۋر «قۇرئان كەرىم»دىمۇ مۇشۇ ئۈچ مەنىدە كەلگەن.

1. چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر

چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر — ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، ئىبادەتتە ۋە ھەق يولىدىكى كۈرەشلەردە مەزمۇت قەدەم بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. رَبُّ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ) يەنى « ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. شۇڭا، سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[1]، (وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا ) يەنى «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ چىداملىق بولغىن»[2]، (يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ) يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[3] دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن «صبر» چىدامچانلىق مەنىسىدە كەلگەن. بۇ خىلدىكى سەۋرگە ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت – تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

2. **ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر**

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر— ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن، گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿**فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ**﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن»[4]، ( وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ) يەنى «(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر»[5] دېگەن ئايەتلەردىكى سەۋر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدە كەلگەن. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش، كۆڭۈل گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئەقلىنىڭ نىداسىغا قولاق سالغان ھالدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، يامان ئىشلاردىن، گۇناھ_ مەسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش، ئۆزىنىڭ نەپسىنى باشقۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ خۇددى رامىزاندا روزا تۇتقان مۇسۇلمان ئادەم كۈننىڭ ئۆتتەك ئىسسىقى ۋە ئۇزۇن كۈنلىرىدە كۆڭلى مۇزدەك سۇنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى

---

[1] مەريەم سۈرىسى: 65- ئايەت.
[2] تاھا سۈرىسى: 132- ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 200- ئايەت.
[4] قاف سۈرىسى: 39- ئايەت.
[5] نەھل سۈرىسى: 126- ئايەت.

يىغىپ، ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ راھەتلىنىشتىن ۋازكەچكىنىگە، بىراۋنىڭ نەپسىي گۇناھ_مەسىيەت ئىشلەشنى تەلەب قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، يامان ئىشتىن ساقلانغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر.

3. تەقدىرگە تەن بېرىش

تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسىكى سەۋر— ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ، بالا-قازاغا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەسلىك، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش دېگەنلىكتۇر. وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ * الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّـا إِلَيْهِ رَاجِعونَ)يەنى« ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»[1]، (فَاصْبِرْ صَبْراً جَمِيلاً) يەنى «چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن»[2]. بۇ ئايەتلەردىكى سەۋر بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر سەۋەبلىك ئۆزىنى يوقىتىۋەتمەسلىك ۋە تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسىدە كەلگەن. بالا-قازانى ۋە قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئۆلۈم _ يېتىمگە، بالايىئاپەتكە ئوخشىغان تەقدىرگە تەن بېرىشتىن باشقا چارىسى بولمىغان مۇسىبەتلەر ئۇچۇن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى تۇگەشتۈرۈۋەتمەي، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق ھاياتنى ھەسرەت ۋە نادامەتسىز داۋام قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىقتا چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىقمۇ بۇ تۈردىكى سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

**سەۋر بىزنىڭ تىلىمىزدا ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ**

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر— بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى تېز لا كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ساقلاش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسىلەن: يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ ھامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلانغاندىن باشقا قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

7. ُالرحمنَّ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى[3] بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىمۇ بۇ كۆپرەك ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن. بەزىدە خۇددى ُبسم الله الرحمن الرحيمَّ دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت مەنىسىدىمۇ كەلگەن. شۇڭا ُالرحمنً دېگەن بۇ سۆزنى ھەممىلا يەردە سۈپەت مەنىسىدە تەرجىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسىم مەنىسى ئۇتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. مەسىلەن: مەككە كۇففارلىرىنىڭ ُسىلەرمۇ پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسانسىلەر، رەھمان ھېچ نەرسە چۈشۈرگەن ئەمەسً[4] دېگەن سۆزىدىكىُالرحمنً ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن. چۈنكى ئۇلار ھەر قانداق بىر ئىلاھنىُالرحمنَّ دەپ ئاتايتتى. ئىسلام دىنىدىمۇ،ُالرحمنَّدېگەن سۆز خۇددىُاللهً دېگەن سۆزگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. بۇ خۇددىُئاللاھً ۋەُئاللاھ تائالاً دېگەنگە ئوخشاشتۇر. بۇنى «قۇرئان كەرىم» قارار قىلغان. ھەتتا «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانى:ُئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار بولۇۋېرىدۇً [5] دەپ ئوچۇق جاكارلىغان. شۇڭا بىز بۇ تەرجىمىدەُالرحمنً دېگەن سۆزنى ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن ئورۇنلاردا، ئىسىم مەنىسىدەُرەھمانً ياكىُرەھمان تائالاً دەپ تەرجىمە قىلىشنى، سۈپەت مەنىسىدە كەلگەن جايلاردا بولسا، «مەرھەمەتلىك ئاللاھ» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت مەنىسىدە تەرجىمە قىلىش كېرەك.

8. ئەرەب تىلىدىكى«توكل» دېگەن سۆز لۇغەتتە «بىراۋغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش»، «بىرىگە تايىنىش» ۋە «بىرىگە يۆلىنىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ [6]. ئىسلام ئاتالغۇسىدا «توكل» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنچ باغلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا تايىنىشنى، ئۆزىنى ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەۋەككۈل» دېگەن سۆز: كۆپ ئويلىمايلا، نېمە بولسا بولار، دەپ قىلىنغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ [7]. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلغان تەۋەككۈل نېمە بولسا بولار، دەپ تەۋەككۈل قىلىش ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ ياردىمىگە ۋە قۇدرىتىگە چىن ئىشىنىپ ئۇنىڭغا پۈتۈن

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 155- ئايەت.
[2] مەئارىج سۈرىسى:5- ئايەت.
(3) ئەللامە ئەبۇ بەكرى جابىر ئەل جەزائىرىينىڭ«ئەيسەرۇتتەفاسىر»ناملىق تەپسىرى1-توم،11-بەت.
(4) ياسىن سۈرىسى15-ئايەت.
(5) ئىسرا سۈرىسىنىڭ110-ئايىتى.
(6) «لىسانۇل ئەرەب» 11-توم، 734- بەت.
(7) «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 289-بەت.

ۋۇجۇدى بىلەن تايىنىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئەرەب تىلىدىكى، خۇسۇسەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى «توكل» دېگەن سۆزنى «تەۋەككۇل»دەپ تەرجىمە قىلىپ قويغاندا ئايەتتىن كۆزلەنگەن مەنە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ كەلگەن ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. مەسىلەن: ٌ وَعَلَى اللَّهِ فَتَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ ّ، ٌ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ ّ، ٌ وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ ّ دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن «توكل» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ قىلىپ ئۇنىڭغا تايىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، كاتتا ئىبادەتتۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالاغا «نېمە بولسا بولار» ياكى «قېنى باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز»دېگەن مەنىدە تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوقتۇر. مۇنداق تەۋەككۇلنى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلغان تەۋەككۇل ئورنىدا ساناش چوڭ خاتالىقتۇر. شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە كەلگەن: «توكل» دېگەن سۆزنى ٌ ئاللاھقا تايىنىشّ دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

9. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «احسان»، «محسن»، «محسنين» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن كەلگەن ئايەتلەرنىڭ كۆپىچىسى ياخشىلىق قىلىشنى ئەمەس، ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىخلاس بىلەن قىلىش مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن: ( بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِنْدَ رَبِّهِ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ) يەنى ( ئەمەلىيەت ئۇلار دېگەندەك ئەمەس. كىمكى ۋايىغا يەتكەن ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىدىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ)[1]، (وَأَنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى (ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىڭلار، (بېخىللىق قىلىپ) ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، قېتىرقىنىپ ئىش قىلىڭلار، ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ)[2]، ( الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى (تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىنى باسالايدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ[3])، (فَآتَاهُمُ اللَّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الْآخِرَةِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى (شۇڭا، ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى مۇكاپاتىنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ)[4]«ئېھسان» دېگەن سۆز ئاتا _ ئانا ھەققىدە كەلگەندە، ئالدى بىلەن « قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿نى﴾ دېگەن سۆزنى« ئاتا _ ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش» دەپ چۈشىنىش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ئاتا _ ئانىلار ھەققىدە كەلگەن «ئېھسان»نى ياخشىلىق قىلىش دېگەن ئاددىي مەنىدە چۈشىنىش توغرا ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئاتا _ ئانىغا ئېھسان قىلىش» دېگەننى «ئاتا _ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپلا چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش دېگەن خالىسانە ياردەم قىلىپ قويۇش، خەير _ ساخاۋەت قىلىپ قويۇش دېگەنلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئاتا _ئانىغا ئېھسان قىلىش( يەنى قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش) پەرزدۇر. پەرز بولغاندىمۇ ئادەتتىكى پەرزلەردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن كېيىنكى ئىككىنچى چوڭ پەرزدۇر. يۇقىرىقى: ﴿ وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا ﴾ يەنى: ﴿رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا _ ئاناڭلارغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان باشقىلارغا قىلىپ قويىدىغان خەير-ئېھسانغا ۋە خالىسانە يادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى خالىسانە ياردەم ۋە خەير-ئېھسان دېگەن باشقىلارغا بەدەلسىز قىلىپ قويىدىغان نەرسە. ئەمما ئاتا-ئانىغا قىلىنىدىغان ئېھسان ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇش يولىدىكى بۇرچ ۋە قەرزدۇر. شۇڭا بۇنداق بىر قەرزنى ئادا قىلىش يولىدىكى خىزمەت بۇرچىنى ئاددى مەنىدە «ياخشىلىق قىلىش» دەپ چۈشىنىۋېلىش توغرا ئەمەس.

[1] بەقەرە سۈرىسى: 112-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 195- ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 134- ئايەت.
[4] ئال ئىمران سۈرىسى: 148- ئايەت.

## كەچۈرۈڭ، ئاللاھ سىزنى كەچۈرسۇن!

ھەممىگە مەلۇمكى، رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان تەربىيەلىنىش، تەقۋالىقىمىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بېرىلگەن چوڭ پۇرسەتتۇر. بۇ ئايغا ھېچكىمگە قىلچە ئوخشىمايدىغان يوق، ئاداۋىتىمىز يوق ھالدا پاك قەلب بىلەن كىرىشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى قەلبىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەر ئىبادەتلىرىمىزنىڭ قوبۇل بولۇشىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزدىن تېخىمۇ كۆپ تائەت_ ئىبادەت قىلىشىمىزنى ۋە تېخىمۇ كۆپ تەۋبە_ ئىستىغپار ئېيتىشىمىزنى تەلەپ قىلغان ئايدۇر. بۇ ئايدا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، ئۇلارنى بىر يىللىق گۇناھلىرىدىن پاكلايدىغان ۋە ھاياتىدا ئاپپاق بىر بەت ئېچىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان ئاي بولۇپ، بۇ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدا تېپىلماس پۇرسەتتۇر. مۇشۇ ئايدا گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنمىغان ئادەمنىڭ باشقا قايسى ۋاقىتتا مەغپىرەت قىلىنىدۇ؟

ئاۋۋال ئۆزۈمگە، ئاندىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىمەن:

1. رامىزان ئۆزىمىزنى جاپاغا چېنىقتۇرۇش، ئەخلاقىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، تەقۋالىقىمىزنى ئاشۇرۇش، گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇش، رەببىمىزگە يېقىنلىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەتتۇر. شۇڭا، بۇ رامىزاننى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقتىمىزنى ئىبادەت، تەۋبە ۋە قۇرئان ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەيمىز.

2. بارلىق دۇئالىرىمىزدا خۇسۇسەن، ئىپتار ۋاقتىدا، كېچىنىڭ مۇھىم سائەتلىرىدە ۋە ھەربىر نامازدىن كېيىنكى دۇئالىرىمىزدا ئانا ۋەتەندىكى خەلقىمىزنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماي، ئۇلار ئۈچۈن كۆپ_ كۆپ دۇئا قىلغايمىز. بۇ ئۇستىمىزدىكى بىر ۋاپا بۇرچى بولۇپ، بۇنى تەرك ئەتكەنلەرنى ئاللاھ ئۆزى كەچۈرمىسە، خەلقىمىز كەچۈرمەيدۇ.

3. رامىزان ئېيىدە ئاخشاملىرى تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش ساۋابلىق ئەمەلدۇر، ئەمما پەرز ئەمەس. پەرز بولغىنى بەش ۋاق نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشتۇر. بارلىق ئىسلام ئەللىرىدە تەراۋىھ نامىزىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمما بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ناچار كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە. ھالبۇكى، بەش نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇمىساق چوقۇم گۇناھكار بولىمىز. ئەمما تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇمىساق گۇناھ بولمايمىز. شۇڭا رامىزاندا بەش نامازنى ۋاقتىدا، مەسجىدتە ئوقۇشقا تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندىن نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇق ئەھمىيەت بەرگەيمىز.

4. رامىزان ئېيىدە سەدىقىنى ۋە خەير_ ئېھساننى كۆپ قىلغايمىز. سەدىقە ۋە خەير_ ئېھساننى كوچىلاردا، يولدىكى ئىشارەتلەرنىڭ يېنىدا، مەسجىدلەرنىڭ ئالدىدا، بازارلاردا تىلەيدىغان كەسىپدارلارغا بەرمەي، ھاجىتىنى ئېيتالمايدىغان، ئېيپەتلىك يوقسۇللارغا بەرگەيمىز. چۈنكى ئالدىنقىلار تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان بايلاردۇر، كېيىنكىلەر بولسا ھەقىقىي موھتاجلاردۇر. شۇڭا، ئازراق جاپا تارتساقمۇ ھەقىقىي ياردەمگە موھتاج بولغان كىشىلەرگە بەرگەيمىز.

5. رامىزان ئېيىنى ئۆزىمىزنى قېلىپقا سالىدىغان، ئەخلاقىمىزنى يېتىلدۈرىدىغان بىردىنبىر مەدرىسە دەپ قاراپ، تەقۋالىقنى، گۈزەل ئەخلاقنى، سېخىيلىقنى، سەۋرچانلىقنى، ئەپۇچانلىقنى ئادەت قىلىشقا تىرىشقايمىز.

جانابى ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنىڭ روزىسىنى قوبۇل قىلغاي، ئامىن.

بۇ ئايدا ئىبادەتلىرىمىز ۋە تەۋبىمىز قوبۇل بولۇپ، ئاپپاق بولۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن، بۇ ئايغا دىلىمىزنى ئىسلام ئەقىدىسىگە ۋە ئىسلام ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاكلاپ، كۆڭلىمىزنى باشقىلارغا قارشى دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، ھەسەت، نەپرەت قاتارلىق ئىللەتلەردىن پاكىزلاپ كىرىشىمىز لازىم. شۇ چاغدىلا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى بىزگە چۈشىدۇ، شۇ چاغدىلا باشقىلارغا كۆيۈنۈش، ياردەم قىلىش، ھېسداشلىق قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ. چۈنكى قاچىنى بوشاتماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە قۇيغىلى بولمىغاندەك، قەلبىمىزنى يامان ئىللەتلەردىن پاكىزلىماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىسلام ئەخلاقىنى يەرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

رامىزان ئېيى ئىنسانلارغا سەۋرچانلىقنى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ۋە باشقىلارنى كەچۈرۈشنى ئۆگىتىدىغان ئايدۇر. سىز باشقىلارنى كەچۈرمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ سىزنى كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلىسىز؟ شۇڭا سىز ئاۋۋال باشقىلارنى كەچۈرۈڭ، سىزگە يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىڭ، ھەتتا دۇئايىڭىزدا « ئى ئاللاھ! مەن ماڭا يامانلىق قىلغان كىشىلەرنى كەچۈردۈم، سەنمۇ مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن»دەپ ئىلتىجا قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئاللاھ تائالا سىزنىڭ تاغدەك گۇناھىڭىز بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئەپۇ قىلىدۇ، سىزنى گۇناھتىن پاكلايدۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ ھەرقانداق كۆپ گۇناھى بولسىمۇ چوقۇم ئەپۇ قىلىدۇ. بۇ بەرھەق، بۇ شەكسىز ھەقىقەت. ئەمما ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلىشقا ۋەدە قىلغان گۇناھ سىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ھەققىگە قارىتا سادىر قىلغان گۇناھىڭىزدۇر، خالاس. ئەمما ئىنسانلارغا قارىتا سادىر قىلغان غەيۋەت، گەپ توشۇش، ھەققىنى ئېلىۋېلىش، ئابرۇيىنى تۆكۈش، ئالداش قاتارلىق يامانلىقلىرىڭىزنى شۇ ئىنسانلار ئەپۇ قىلمىغۇچە ئاللاھ تائالا قەتئىي ئەپۇ قىلمايدۇ. بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق.

شۇڭا گۇناھ بىلەن يامانلىقنىڭ پەرقىنى ئايرىشىمىز كېرەك. گۇناھ (الذنب) ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلىنىغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ، يامانلىق «السيئة) بەندىلەرنىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلىنغان قىلمىشلارنى كۆرسىتىدۇ. (قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ

أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ) يەنى((ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، « ئى(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى ئاللاھ جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر)[1]. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبە قىلغان بەندىسىدىن ئۆزىنىڭ ھەققىگە قارىتا سادىر قىلىنغان قىلمىشلارنىڭ (يەنى گۇناھ_ مەئسىيەتلەرنىڭ) ھەممىسىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەت مەخلۇقاتقا قارشى سادىر قىلىنغان يامانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىغا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن: «سىلەر كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال – مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[2] دەيدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇندىماي، ئۇنىڭ توسقانلىرىنى تاشلىماي، ئۇنىڭغا ئىتائەتسىزلىك قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەققىگە گۇناھ_ مەئسىيەت سادىر قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ بۇ تەۋبىنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى چوقۇم مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئەمما ئىنسانلارغا، ھايۋانلارغا، ئۇچار قۇشلارغا، تەبىئەتكە ۋە ھەرقانداق مەۋجۇداتقا قارىتا يامانلىق قىلىپ قىلمىش سادىر قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى ئۆزى ئوڭشىمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوڭشىمايدۇ، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى قانداق ئوڭشايدۇ؟

ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى ۋە بارچە يامانلىقنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئۆزى بۇزغانلىرىنى ئۆزى تۈزەش، ئۆزى يامانلىق قىلغان كىشىلەردىن رازىلىق ئېلىش، ھەققىنى يەۋالغان كىشىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىش، ئابرۇيىنى تۆككەن كىشىدىن ئەپۇ سوراپ رازىلىق ئېلىش ئۆزى بۇلغىغان تەبىئەتنى ساپلاشتۇرۇش، ئۆزى نابۇت قىلىۋەتكەن ئورمان ياكى دەل_ دەرەخنى قايتا تىكىش دېگەندەك ئۆزىنىڭ يامانلىقلىرىنى ئۆچۈرۈش ئارقىلىقلا ئوڭشىيالايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ( إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ) يەنى( شەكسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ[3]) دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

مەن زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەت كۈنىگە ئىمانى بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. چۈنكى ئۇلار كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدۇ، ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشتىن ئەنسىرىمەيدۇ. سىز مەيلى كېچىسىنى تەھەججۇد بىلەن، كۈندۈزىنى روزا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئابىد بولۇپ كېتىڭ، مەيلى قۇرئان، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق دىنىي ئىلىملەردە ئەڭ كاتتا ئالىم بولۇپ كېتىڭ، مەيلى بۇلبۇلدەك قۇرئان ئوقۇيدىغان قارىي بولۇپ كېتىڭ، مەيلى ئونلارچە قېتىم ھەج قىلغان قوش_ قوش ھاجىم بولۇپ كېتىڭ، مەيلى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ جىھاد مەيدانىدا شېھىت بولۇپ كەتكەن بولۇڭ، ئەگەر سىزدە قۇل ھەققى قالغان بولسا، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرەرسىگە يامانلىق قىلىپ ياكى ھەققىنى يەپ قويۇپ، ئۇنى رازى قىلمىغان بولسىڭىز، سىز جەننەتكە كىرەلمەيسىز، ئاللاھ تائالا سىزنىڭ قىلمىشىڭىزنى ئۇ بەندىسى ئۈچۈن ئۆتۈپ بەرمەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى ۋە قانۇنىدۇر.

ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، كۆپ سانلىق تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر ۋە يەنە نۇرغۇن كىشىلەر كىشىلەرنى قاقتى- سوقتى قىلىشتىن قورقمايدۇ، كىشىلەرنى ئالدايدۇ، قانداق قىلسا قىلىپ ئۇلارنىڭ پۇلنى ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. بۇنداق قىلغۇچىلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەمدىغاندۇ؟ ياكى ئىشەنسىمۇ، ئاللاھ تائالا ھەممىنى كەچۈرىدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغانمىدۇ؟ مەن بۇ ئەھۋالغا ھەيرانمەن.

ئاللاھ تائالا تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنى ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: ( وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِينَ . الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ . وَإِذَا كَالُوهُمْ أَوْ وَزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ.أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُمْ مَبْعُوثُونَ . لِيَوْمٍ عَظِيمٍ . يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ) يەنى((ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ، ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ[4]). ئاللاھ تائالا قويغان بۇ دىئاگنوز نېمىدېگەن ھەق، نېمىدېگەن گۈزەل_ ھە!

---

[1] زۇمەر سۈرىسى:53_ ئايەت.

2 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

[3] ھۇد سۈرىسى:114_ ئايەت.

[4] مۇتەففىفىن سۈرىسى:1-6- ئايەتلەر.

**ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىبادەت ھەم مەنپەئەتتۇر.**

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسىگە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قاراپ تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇغان ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى ئىبادەت قاتارىدىن سانىغان. ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، بىز ئىبرەت ئېلىشقا ۋە ساۋاق ئېلىسقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بىز بۇ ئارقىلىق ھەم ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىمىز ھەمدە ھاياتىمىزغا كېرەكلىك بولغان ئىلىم _ مەرىپەتكە ۋە ساۋاققا ئىگە بولىمىز. قېنى بىرلىكتە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ كۆرەيلى:

1. مېۋىلىك بولۇڭ، غادايغاق بولماڭ

مېۋە بەرگەن دەرەخلەر تۆۋەنگە ئېگىلىدىكەن، تېخىمۇ كۆپ مېۋە بەرگەن دەرەخ تېخىمۇ ئېگىلىدىكەن. خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، بۇ خارلىق ئېگىلىشى ئەمەس، بەلكى كەمتەرلىك ۋە مول ھوسۇللۇق ئېگىلىشىدۇر. بۇ دەرەخلەرگە چالما ئاتسىڭىز، سىزگە مېۋە چۈشۈرۈپ بېرىدىكەن. ئەمما مېۋىسىز دەرخلەر ھەمىشە غادىيىپ تۇرىدىكەن، بۇ دەرەخلەر ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىكەن، يا مېۋە بەرمىگە ياكى سايا تاشلىيالمىغان. بۇنىڭدىن كەمتەر بولۇشنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

2. ھەسەل ھەرىسى بولۇڭ، چىۋىن بولماڭ

ھەسەل ھەرىسى ھەمىشە خۇشپۇراق گۈللەرگە، چېچەكلەرگە قونىدىكەن، ئاندىن كىشىلەرگە شىپالىق بولغان ھەسەل چىقىرىپ بېرىدىكەن. ئەمما چىۋىن ھەمىشە پاسكىنا نەرسىلەرگە ۋە يارىنىڭ ئۈستىگە قونىدىكەن، ئاندىن ئىنسانلارغا مىكرۇب تارقىتىدىكەن. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئىجابىي كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىگە ۋە گۈزەل تەرەپلىرىگە نەزەر تاشلايدۇ، كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرمەسكە سالىدۇ. نەتىجىدە، مۇنداق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ئاشىدۇ، دوستلىرى كۆپىيىدۇ، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ راھەتلەندۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەزىز، ھۆرمەتلىك قىلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق تىپلار باركى، ئۇلار خۇددى چىۋىن پاسكىنا نەرسىگە قونغاندەك كىشىلەرنىڭ ئەيىب _ نۇقسانلىرىنىلا ئىزدەيدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ گۈزەل تەرەپلىنى ۋە ئىجابىيلىقلىرىنى قەتئىي كۆرمەيدۇ، پەقەتلا نۇقسانلارنى كۆرىدۇ. مۇنداق ئىنسانلار مۇناپىقلارنىڭ ئىللەتلىرىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالغان، نىجىس ئىنسانلاردۇر. ئەينى ۋاقىتتىكى مۇناپىقلارمۇ مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئەيىب ئىزدەيتتى، ھەمىشە ئۇلارغا زەھەرلىك تىلى بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. ھازىرقى زاماندىمۇ مۇنداق ئىنسان تىپىدىكى مەخلۇقلار كۆپىيىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپ بولماقتا.

3. ئەتىر بولۇڭ، تىكەن بولماڭ

دۇنيادا ھەممە ئادەم گۈل _ چېچەكلەرنى ماختايدۇ، تىكەندىن قاچىدۇ. چۈنكى گۈل _ چېچەك ئادەمنى راھەتلەندۈرىدۇ، تىكەن ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا شۇنداق ئېسىل، پەزىلەتلىك كىشىلەر باركى، سىز ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولسىڭىز دىلىڭىز يورۇپ كېتىدۇ، كۆڭلىڭىز راھەتلىنىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسىڭىزمۇ خۇددى ئەتىر گۈلدەك سىزگە خۇش پۇراق چاچىدۇ. يەنە ئىنسان تىپىدىكى شۇنداق مەخلۇقلار باركى، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالسىڭىز كۆڭلىڭىز غەش بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپ قالسىڭىز سىزگە زەھەرلىك تىكەنلىرىنى سانجىيدۇ، سىزنى بەكمۇ راھەتسىز قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسىڭىزمۇ ئۇنىڭ بەدبۇيىنى پۇرايسىز.

## دىنىمىز ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئەزىمەتلەرگە ئىككى ئېغىز سۆز

دۇنيادا ئىچكى دۇنياسى ئەۋرەزگە ئوخشايدىغان، كۆزى چىرايلىق نەرسىلەرگە، ئىجابىي تەرەپلەرگە ئەمەس، ھەمىشە سەت، چىركىن نەرسىلەرگە، سەلبىي تەرەپلەرگە چۈشىدىغان، ئاغزى مۆئمىنلەرنى سۆكۈشكە كۆنۈپ كەتكەن، قەلبى ئىچكى دۇنياسىدىكى ئەۋرەزنى ۋە پاسكىنىلىقنى سىرتقا چىقىرىدىغان نەرسە بولۇپ قالغان، ھېچكىمگە مېھىر _ مۇھەببەت بىلەن باقمايدىغان، خۇددى ئىتتىنەك ھەممە كىشىنى تالاشتىن ھۇزۇر ئالىدىغان، ئۆزىدىن باشقىلارغا ياخشى باھا بەرمەيدىغان، قانداقلا بىر ئادەم ياخشى ئىش قىلسا، دەرھال ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەپ ئۇنى كىشىلەرگە سەت كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغان، دىنىمىز ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئەزىمەتلەرنى قۇرۇق سۆزلىرى بىلەن، تۆھمەتلىرى ۋە يوق يەردىن تاپقان ئەيىب _ نۇقسانلار بىلەن بەند قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۇلۇغۋار خىزمەتلىرىدىن توختىتىشقا ئۇرۇنىدىغان بەدبەختلەر ئاز ئەمەس. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ئەمەس، مۇناپىقلارنىڭ ئىللەتلىرىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالغان ئەخمەقلەردۇر. مۇنداقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا كەلتۈرۈۋاتقان زىيىنى ۋە خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن كۆپ بولماقتا. بۇلار خاۋارىجلارنىڭ ئۆزىدۇر. بۇلارنىڭ قۇرئاننى يادا بىلگەنلىكى، كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى بىلگەنلىكى ئۇلارنى تىلى، دىلى ساغلام مۇئمىنگە ئايلاندۇرالمايدۇ، شەيتانى قىلىق، مۇناپىقلارچە رەزىللىكتىن، مۇئمىنچە ئەخلاققا ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

مۇنداقلار ئۆزلىرىنى نەسىھەت قىلغۇچى سۈپىتىدە كۆرسەتسىمۇ، ئۇلار بۇزغۇنچىلاردۇر ۋە ئەبگالاردۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ۋە كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش ئۇسلۇبىدىن تامامەن يىراقتۇر. ئۇلار يارىلارنىڭ ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە قونىدىغان چىۋىنلەردۇر. شۇڭا، دىنىمىزغا، ۋەتىنىمىزگە ۋە مىللىتىمىزگە خىزمەت قىلىۋاتقان ئەزىمەتلەرنىڭ بۇنداق چىۋىنلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكىنى ۋە قاۋىغان ئىتلارغا پىسەنت قىلماي، يولىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى سورايمەن. تۆۋەندە، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئائىز ئەل قەرنىنىڭ «ساڭا يامانلىق قىلغانلارغا رەددىيە بېرىمەن دەپ ئۇلتۇرما، ئۇنى ئاللاھقا قوي» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن.

«مەن دەۋەت ئىشلىرىنى باشلاپ، دەسلەپ نۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشكەن چاغلىرىمدا، مېنى تەنقىدلىگەن، مېنى مەسخىرە قىلغان ۋە ماڭا ھۇجۇم قىلغان ھەسەتخورلارنىڭ ھەممىسىگە بىر _ بىرلەپ رەددىيە قايتۇراتتىم. ئۇلار مېنى ھەجۋى قىلىپ قەسىدە يازغان بولسا، مەنمۇ قەسىدە بىلەن رەددىيە بەردىم، ماقالە يازغان بولسا، مەنمۇ ماقالە بىلەن رەددىيە بەردىم. ئۇلار بىرنى دېگەن بولسا، مەن ئىككىنى دېدىم. مەن بۇنداق قىلىشمنى شجائەت دەپ بىلەتتىم ۋە شۇنداق قىلىشىم كېرەك دەپ ئېتىقاد قىلاتتىم. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ئىشىمنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى بايقىدىم. چۈنكى مېنى سۆكىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، مەن رەددىيە بەرگەنسېرى ماڭا قارشى يازىدىغانلارنىڭ سانى ئېشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ مۇھىم ئىشلىرىمنى قايرىپ قويۇپ رەددىيە يازىدىغان بولۇپ كەتتىم. ئەمما زىياننى مەن تارتتىم. چۈنكى نۇرغۇنلىغان دەۋەت ئىشلىرىم، لېكسىيەلىرىم، يازىدىغان كىتابلىرىم پەقەت شۇلارغا رەددىيە بېرىمەن دەپ كېچىكىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاللاھ تائالانىڭ «(سەن يامانلىققا) ئەڭ ياخشى (خىسلەت) بىلەن تاقابىل تۇرغىن. (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزىگە قايتتىم. مەلۇمكى، يامانلىققا ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرۇش دېگەن نادانلار بىلەن تەڭ بولماي، ھەسەتخورلارغا كۆڭۈل بۆلمەي، ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ ئەخلاق – پەزىلىتىنى بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىشتۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئاللاھ تائالانىڭ «رەھمان تائالانىڭ (خاس) بەندىلىرى شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆزلەرنى قىلسا، ئۇلار: «سالام» دەيدۇ (ۋە ئۆتۈپ كېتىدۇ)» دېگەن سۆزى بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولدۇم. بۇ ئايەتتىكى «سالام» ئامانلىق تىلەش مەنىسىدىكى سالام ئەمەس، بەلكى يۈز ئۆرۈش ۋە خوش دەپ قويۇپ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇش مەنىسىدىكى سالامدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ھېچكىمگە رەددىيە بەرمەيدىغان بولدۇم، بارلىق ھىممىتىمنى دەۋەت ئىشلىرىمغا بېغىشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ماڭا رەددىيە يازىدىغانلار ئۆزلىكىدىن ئازلاپ كەتتى، ئۇلار قۇملۇق يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇدەكلا يوقاپ كەتتى. ئاندىن مەن شۇنى كەشپ قىلدىمكى، مەن ھەسەتخورلارغا رەددىيە بېرىمەن دەپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بازىرىنى ئاۋۇتۇپ بېرىپتىمەن، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە تونۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇپتىمەن. مەن كىشىلەر بىلەن كارىم يوق، ئۆز خىزمىتىم بىلەنلا بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ نەتىجىلىرىم ھەسسىلەپ ئاشتى، كۆڭلىرىم، سائەتلىرىم ناھايىتى بەرىكەتلىك بولدى».

## مۇسۇلمانلىق كىملىكى ھەققىدە دەرسلەر

مۇسۇلمانلىق ئاتاق ياكى بىرەر نام ـ شۆھرەت ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەت ۋە ھايات مىزانىدۇر.

مەسئۇلىيەت دېگىنىمىز: دىنىي مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتى، ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولباشچىلىقىنى قوبۇل قىلىش مەسئۇلىيىتى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان بۇ دىننى قوغداش مەسئۇلىيىتى قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسئۇلىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقتۇر.

ھايات مىزانى دېگىنىمىز: ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە رازى بولىدىغان تەرزدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ قائىدە – پىرىنسىپلىرى ۋە كىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت يولىنى كۆرسىتىدىغان يول خەرىتىسى دېگەنلىكتۇر.

تۆۋەندە ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ تولۇق بىلىشى زۆرۈر بولغان ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، ھالال – ھارام ۋە مۇئامىلە قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىمىز.

مۇسۇلمانلىق كىملىك ئەقىدىدە، ئىبادەتتە، ئەخلاقتا، مۇئامىلىدە ۋە بارلىق ھايات ساھەلىرىدە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### بىرىنچى دەرس: ئەقىدىدە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش

ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ئەقىدىسى تەڭلا يارىتىلغان. ئىنسانىيەت ئەقلى تەرەققىي قىلىش ۋە تاكامۇللىشىش يولىدا ئۆرلىگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھقا باشلايدىغان ئىلاھىي دەۋەتلىرىگە ئەگىشىپ ئۇلار بىلەن بىرگە تاكامۇللىشىش يولىغا كىرىپ كەلدى. ئىنسانلار بىر زامانلار، ھەق دىنىنىڭ روھىدىن پۈتۈنلەي يىراقلىشىپ، كۇپرى، زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا نىڭ ئارقا- ئارقىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار يەنە ھەق دىنغا قايتىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگەشتۈرۈپ، دىنىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكۈزگەن. «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تالىلىدىم»[1].

ئېتىقادى توغرا بولمىغان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قىلغان ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتىمۇ پايدىسىزدۇر. چۈنكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق سىستېمىسى بولغىنىدەك، ئىخلاس ۋە ئەمەل ئىبادەتنىڭ ئىسلام دىنىدا كۆرسىتىلگەن سىستېمىسى توغرا ئېتىقادتىن ئىبارەتتۇر. ئەقىدە ئاللاھ تائالانى تونۇشتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ بېشى ۋە ئەڭ ئاساسلىقىدۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى تونۇش شەرتتۇر.

### ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى

ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككىگە قىسقارتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرى، ئەقىل بىلەن ئىلىم، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت.

#### (1) ئاللاھ تائالانى ئەقىل بىلەن تونۇش

ئىنساندىكى ئورگانلارنىڭ ھېچبىرى بىكارغا يارىتىلغان ئەمەس. ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ يېتەكچىسى بولغان ئەقىلنى ئالايلۇق: ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ـ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىزدەنمەيدىكەن، ئۇ، ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسىنى جارى قىلدۇرمىغان، ھەتتا بارا ـ بارا ئەقلىنىڭ رولىنى تامامەن يوقاتقان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋىتى پەقەت ئەقىللەرگە خىتاب قىلىدۇ. كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ياخشى چۈشىنىپ، ئاندىن ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، قۇرئان كەرىمدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىنغان.

---

(1) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿**قُلِ ٱنظُرُواْ مَاذَا فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلأَرْضِ**﴾ يەنى ﴿ئېيتىنقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار﴾[1]. بۇ ئايەتتىكى كۆزىتىشتىن مەقسەت، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئاجايىپ قۇدرەتلىرى ۋە كامالىغا يەتكەن سەنئەتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى تونۇشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاسىتىسى بولغان «ئەقىل»نى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە 50 ئورۇندا، «ئەقىل ئىگىلىرى»نى 10 ئورۇندا ماختىغان.

دۇنيادا ھېچكىم «ئۆزى يوق نەرسە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ» دىن ئىبارەت ئەقلىي پىرىنسىپنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بىز بۇ ئەقلىي پىرىنسىپنى تەتبىقلايدىغان بولساق تۆۋەندىكى نەتىجىگە ئېرىشىمىز: بۇ پايانسىز كائىناتتا، ھەر لەھزىدە مىليونلىغان يېڭىلىقلار، ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاددىيسى، مىڭلارچە جانلىق ئۆلۈپ يەنە مىڭلارچىسى ھاياتقا يېڭىدىن كۆز ئېچىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز شۇنداق جەزم قىلىدۇكى، ھەرقانداق ھادىسىنىڭ بىرەر پەيدا قىلغۇچىسى ۋە ھەرقانداق بىر سەنئەتنىڭ بىرەر سەنئەتكارى بولغىنىدەك، ئالەمنىڭمۇ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر!

**(2) ئاللاھ تائالانى سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش**

ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق تونۇيمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ جەمئىي 99 ئىسىم ـ سۈپىتىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:﴿**وَلِلَّهِ ٱلأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا** ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئۇنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار﴾[2].

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئىسىم – سۈپەتلىرىنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى بىز ئاللاھ تائالانى قانچىلىك مۇكەممەل، قانچىلىك ئەتراپلىق تونۇساق، ئۇنىڭغا بولغان ئىمانىمىز سۇنچۇلىك كۈچلۈك بولىدۇ. تۆۋەندە بىزنىڭ تەپسىلىي بىلىپ ئىمان كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈر بولغان سەككىز سۈپەتنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

1. حَيٌّ (ھەمىشە تىرىك بولغۇچى)

2. عَالِمٌ (ھەممىنى بىلگۈچى ئالىم)

3. قَادِرٌ (ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان قادىر)

4. مُرِيدٌ (ئىرادە قىلغۇچى)

5. مُكَوِّنٌ (ئىجاد قىلغۇچى)

6. مُتَكَلِّمٌ ( سۆزلىگۈچى)

7. سَمِيعٌ ( ئاڭلىغۇچى )

8. بَصِيرٌ (كۆرگۈچى)

ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 . ئاللاھ تائالانىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاشقا موھتاج ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى، چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئالامەتلەر خۇددى قۇياشتەك پارلاپ تۇرماقتا. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئالاھىدە دەلىل – پاكىت كەلتۈرۈشكە ئېھتىياج تۇيۇلمىغان، پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە كىشىلەرنى قايىل قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن دەلىل – پاكىتلار كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەر ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايتتى، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە قايىل بولمايتتى.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەب ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.﴿ **ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لآ إِلَـٰهَ إِلاَّ هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَٱعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ** ﴾ يەنى ﴿ ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇنداقتا، ئۇنىڭغىلا قۇلچىلىق قىلىڭلار. چۈنكى ئۇ ھەر نەرسىنى قوغداپ تۇرغۇچىدۇر ﴾[3].

3. ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھ، بىرلا ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.﴿ **وَإِلَـٰهُكُمْ إِلَـٰهٌ وَاحِدٌ لاَّ إِلَـٰهَ إِلاَّ هُوَ**

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەت.

(2) ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت.

(3) ئەنئام سۈرىسى 102ـ ئايەت.

**ٱلرَّحْمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ﴾** يەنى ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، يەنى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغان ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەستىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئالىي ماقامىغا لايىق ھالدا ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىش ۋە ئۇنى شۇ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا وَذَرُواْ ٱلَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِيٓ أَسْمَآئِهِ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾** يەنى ﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئۇنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[2].

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

پەيغەمبەرلەر ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىپ، ئۆز تەرىپىدىن ئۇلارغا ئەۋەتكەن ھەق ئەلچىلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر بارلىق ئەيىب ـ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك، گۇناھسىز زاتلاردۇر، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش ـ ئىزلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالىي پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگىدۇر.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە گۇناھ ـ يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرگە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن.

### پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلار

سوئال: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىنلار ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئىمان كەلتۈرۈش. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلغانلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

2. قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنغان 25 پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇھ ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىبارەت ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە تەپسىلىي؛ قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بايان قىلىنمىغانلىقتىن، ئىسىملىرى بىزگە مەلۇم بولمىغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئومۇمىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ـ ئۇلاردىن سادىر بولغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ ئىسپاتلانغان ـ خەۋەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

4. بىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ـ نىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش. ﴿ **فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِيٓ أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيماً** ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[3] .

## پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

پەرىشتىلەر روھىي ئالەملەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلار كۆرۈنمەيدىغان ئالەمدۇر. ماھىيەت جەھەتتە، پەرىشتىلەردە ئۇلاردا بىرەر نەرسە ئىستېمال قىلىش يوق ھەمدە ئۇخلاشقىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇلارنى ئەر ياكى ئايال دېيىلمەيدۇ. پەرىشتىلەردە، ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا بولغىنىدەك، شەھۋانىيلىق يوقتۇر. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ ئاساسلىق ماددىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇلارغا ئىنكار قىلىش كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

### پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 163 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

1. ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش. چۈنكى، پەرىشتىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرىدىن سانىلىدۇ.

2. جىبرىل، ئىسراپىل ، مىكائىل ۋە ئەزرائىل قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىزلەرگە ئىسىملىرى مەلۇم بولغان پەرىشتىلەرگە تەپسىلىي، ئىسىملىرى بىزلەرگە مەلۇم بولمىغان جىمى پەرىشتىلەرگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3. جىبرىلغا ئوخشاش بىزگە سۈپەتلىرى مەلۇم بولغان پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە جىبرىلنى ئەسلى سۈرىتىدە (600 قانىتى بىلەن ئۇپۇقنى يۆگىگەن ھالىتىدە) كۆرگەنلىكىنى بايان قىلغان. پەرىشتىلەر گاھىدا ئادەم سۈرىتىدىمۇ كۆرۈنىدۇ.

4. پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋالغان ۋەزىپىلىرى ۋە ئەمەللىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرىغا ئىشىنىش. مەسىلەن: جىبرىلنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلىك قىلىش، ئەزرائىلنىڭ ۋەزىپىسى ئەجىلى توشقانلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش، مىكائىلنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن شاماللارنى قوزغاش ئارقىلىق بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زېمىننىڭ ئاللاھ تائالا خالىغان جايلىرىغا يامغۇرلارنى ياغدۇرۇش. ئىسرافىلنىڭ ۋەزىپىسى قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا، بىرىنچى قېتىملىق سۇرغا پۈۋلەش ئارقىلىق بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە ئاخىرەت ئالىمى باشلانغان كۈنىدە، ئىككىنچى قېتىملىق سۇرغا پۈۋلەش بىلەن ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتۇر.

### ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرى ـ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن چۈشۈرگەن تەلىماتلىرى بولۇپ، بۇ كىتابلار ياراتقۇچى تەرىپىدىن كەلگەنلىك ئېتىبارى بىلەن مۇقەددەس كىتابلار ياكى ساماۋى كىتابلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ كىتابلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنى يامان يوللاردىن قايتۇرۇپ ، بىر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق ۋە ئىبادەت قىلىشتەك توغرا يولغا باشلاپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ **كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ ٱلنَّاسَ مِنَ ٱلظُّلُمَاتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَىٰ صِرَاطِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ** ﴾ يەنى ﴿(بۇ قۇرئان) رەببىڭنىڭ ئىزنى بىلەن ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىشىڭ، يەنى غالىب ۋە مەدھىيەگە لايىق بولغان ئاللاھنىڭ يولىغا باشلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا بىز چۈشۈرگەن بىر كىتابتۇر ﴾[1] .

### ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى 4 مەسىلىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ساماۋى كىتابلارنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەق كىتابلار ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىش.

2. ئاللاھ تائالا بىزگە ئىسىملىرىنى بىلدۈرگەن قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇر قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا تەپسىلىي؛ ئىسىملىرى بىزگە مەلۇم بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىجمالىي ئىمان كەلتۈرۈش.

3. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن خەۋەرلىرىگە ۋە باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان خەۋەرلىرىدىن قۇرئاننىڭ تەستىقلىغانلىرىغا ئىشىنىپ، ئۇنى تەستىق قىلىش.

4. ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش.

### قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

قازا ۋە قەدەر ـ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانداق ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ، خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان بارلىق ياخشى ـ يامان گەپ – سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنئالا بىلىپ شۇنداق يارىتىشى ۋە ئۇلارنى شۇ بويىچە بەلگىلىشى دېمەكتۇر

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

### قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى

(1) تەقدىر دېمەك باشقىسىنى تاللاش ئىختىيارى بولمايدىغان بىرلا يول دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى تەقدىر ئىنساننىڭ تاللىشىغا قاراپ بىر قانچە تارماقلىق يولغا ئوخشاش بولۇپ، ھەر بىر يولنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى سىزگە نىسبەتەن قاراڭغۇلۇق كۆرۈنسمۇ، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن خۇددى خەرىتىگە ئوخشاش ناھايىتى ئېنىقتۇر. مەسىلەن: شەرق تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا، غەرب تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا يېتىپ بارىسىز. قۇرۇقلۇقتىن ماڭسىڭىز بىخەتەر يېتىپ بارىسىز، ھاۋادىن ماڭسىز تېز يېتىپ بارىسىز، دېڭىز ئارقىلىق ماڭسىز خېيىمخەتەرگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن، دەپ سىزىپ كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالا تەقدىرنى ئەنە شۇنداق بەلگىلىگەن. ئىنسانلار يول تاللاش ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللىنىشتا مۇتلەق ئەركىندۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا تاللاش ئىختىيارىنى بەرگەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قايسىبىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق سەۋەبلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ۋىدىيو پىلاستىنكىلىرىغا ئېلىنىپ ساقلانغان ئارخىپقا ئوخشاشتۇر. سىز قايسىبىر يولنى تاللىماڭ ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللانماڭ سىز ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بويىچە ئىش كۆرگەن بولىسىز. چۈنكى سىز تاللايدىغان يوللار، قىلىدىغان ئىشلار ۋە قوللىنىدىغان سەۋەبلەر، چارە - تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىر خەرىتىسىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ۋە قايسىسىنى تاللاش ئىختىيارى سىزگە بېرىلگەن. مەسىلەن: سىزنىڭ قايسى شەھەردە ئولتۇراقلىشىشىڭىز، قايسى خىزمەتنى قىلىشىڭىز، كىم بىلەن ئۆي – ئوچاقلىق بولۇشىڭىز، كىملەر بىلەن دوست بولۇشىڭىز قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىزگە بېرىلگەن ئىختىيارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، باشقىسىنى تاللاش ئىختىيارىڭىزمۇ بار ئىدى. تەقدىردە سىز تاللىغان ۋە تاللىمىغان ئىختىيارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىلىرى ئېنىق يېزىلغان بولىدۇ. ئۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە مۇنداق بولاتتى، بۇنى تاللىغان بولسا، نەتىجە بۇنداق بولاتتى، ئەمما بۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولىدۇ، دەپ يېزىلغانغا ئوخشاش. مانا بۇ «ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى قىل تەۋرىمەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

(2) بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك، تەقدىر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى بەلگىلىگەن نەرسىسىگە بەندىلەرنى زورلىغانلىقى ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان خالىغان ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا مۇتلەق ئەركىندۇر. ئاللاھ شۇڭا ئىنسانغا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە - خاھىشنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەقىل ۋە قابىلىيەتنى بەرگەن. ئاللاھ تائالانىڭ بىرەر بەندىنىڭ كېلەچەكتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىنئالا بىلىپ ئۇنى شۇنداق بەلگىلىگەنلىكى ۋە ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىلگىنى ۋە بەلگىلىگىنى بويىچە ۋۇجۇدقا چىقىپ ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۇ بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىش ئەمەس. بەلكى بەندىنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش. چۈنكى ئىنساندا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش ياكى تەرك ئېتىشتە ئەركىن ئىرادە بار.

(3) ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىش قىلىشىنى ياقتۇرىدۇ، يامان ئىش قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئەمما ئىنسان يامانلىقنى خالاپ، ئۇنىڭغا بەل باغلىغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يول قويىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ يامان ئىشقا رازى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئىنساننىڭ شۇ يامانلىقنى قىلىش ئىختىيارىنىڭ بولغانلىقى سەۋەبتىندۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر﴾[1] دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر قىلماقچى بولغان ياخشى - يامان قانداقلا بىر ئىشقا ئاللاھ تائالا يول قويمىغۇچە سىلەر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايسىلەر، دېگەنلىكتۇر.

### قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

قىيامەت كۈنى ـ بۇ دۇنيا ھاياتى پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە پانىي بولغاندىن كېيىن، ئاخىرەت ئىسىملىك يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشى دېمەكتۇر.

قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىمدە «ھېساب كۈنى»، «دىن كۈنى»، «ئاخىرەت كۈنى» ۋە «مۇكاپات ـ جازا كۈنى» دېگەن ھەرخىل ئىسىملار بىلەن نۇرغۇن ئورۇندا بايان قىلىنىپ كەلمەكتە.

#### قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ ئىككى ھەقىقەت

قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش تۆۋەندىكى ئىككى ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىش، ھېۋساب مەيدانىغا يىغىلىش، ھېساب بېرىش، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش.

2. قىيامەت قايىم بولغۇچىلىك قەبرىدە بولىدىغان بەرزەخ ئالىمىگە ئائىت ئىشلارغا، يەنى مېيىتنىڭ قەبرىدە تىرىلىدىغانلىقى ۋە سوراق ـ سوئال قىلىنىدىغانلىقىنىڭ، قەبرىنىڭ ئازابى ۋە نېمىتىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

---

(1) تەكۋىر سۈرىسى 29- ئايەت

### **ئىككىنچى دەرس:** ئىبادەتتە **ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش**

مۇسۇلمانلىق كىملىكى ئىبادەتتە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىبادەت ـ تىل، قەلب ۋە بەدەننىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش دېمەكتۇر.

**ئىبادەتنىڭ دائىرىسى**

ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىبادەت بىرىنچىدىن، بىر پۈتۈن ئىسلام دىنىنى ۋە ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىبادەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىسلام دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

شەيخۇلئىسلام ئىبىن تەيمىيە ئىبادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورالغىنىدا، مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئىبادەت ـ ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق سۆز- ھەرىكەت ۋە قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. ناماز ئوقۇماق، روزا تۇتماق، زاكات بەرمەك، ھەج قىلماق، راست سۆزلىمەك، ئامانەتنى ئادا قىلماق، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلماق، تۇغقانلارغا سىلەر ـ رەھىم قىلماق، ۋەدىگە ۋاپا قىلماق، ئەمر ـ مەرۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلماق، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلماق، بىلىم ئالماق، قوشنىلارغا، يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلماق، دۇئا قىلماق، قۇرئان ئوقۇماق، ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس قىلماق، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلماق، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئازابىدىن ھەزەر قىلماق، بالا ـ قازاغا رازى بولماق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت تۈرىگە كىرىدۇ ». خۇلاسە قىلغاندا، دىن دېمەك ئىبادەت دېمەكتۇر.

2. ئىبادەتنىڭ ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

ئىبادەت ـ ئەدناسى ئادەتتىكى يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قائىدىلىرىدىن باشلاپ، يۇقىرىسى دۆلەت سىياستى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇللىرىغىچە بولغان بىر پۈتۈن قائىدە ـ تەرتىپلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەتلەر توغرا نىيەت بىلەن مۇسۇلماندىن سادىر بولغانىكەن، ئۇلار تائەت ـ ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە ھالال رىزىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەش نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىرلا سۈرە بەقەرەدە مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان قىساس، ۋەسىيەت، روزا، ناماز، جىھاد قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ «سىلەرگە پەرز قىلىندى» دېگەن بىرخىل ئىبارە بىلەن بايان قىلىنغانلىقىدىن شۇ ھەقىقەت ئاشكارا بولىدۇكى، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىبادەت سۆزىدىن پەقەت ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق بەش چوڭ ئىبادەتنىلا چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئىبادەتنىڭ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن، مۇئامىلە ئىشلىرى، قانۇن ـ پىرىنسىپ ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئىبادەت ھەرگىز يۇقىرىقى بەش چوڭ ئىبادەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلارنىلا بەجا كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ. بەلكى بۇ بەش چوڭ ئىبادەت، ئىسلامنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەر بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ھەممىسى ئەمەس!

3. ئىبادەتنىڭ ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى

ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر دىنىنىڭ ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالاغا تەپەككۇر قىلىش بىلەن، قەلبى بىلەن، قۇلىقى بىلەن، كۆزى بىلەن (باشقا ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن)، پۈتۈن بەدىنى بىلەن، پۇل ـ مېلى بىلەن، جېنىنى پىدا قىلىش بىلەن، يۇرتىدىن ئايرىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ.

**ئىبادەت قىلىش پىرىنسىپى**

1. ئىبادەت ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا قىلىنمايدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى بۇنىڭغا بۇيرۇغان.
2. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ۋاستىچى يوق. ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە بىۋاستە قىلىنىدۇ.
3. ئىبادەتنىڭ جېنى ئىخلاستۇر. ھەرقانداق ئىبادەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس بولمىسا قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس بولۇشى دېگەننىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەتتە باشقا ھېچقانداق بىر غەرەزنى كۆزلىمەسلىك دېگەنلىكتۇر.

مەسىلەن: بىراۋ زاكات بېرىشتە ياكى سەدىقە بېرىشتە «مەن بۇ ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىدىم» دەپ تۇرۇپ، مەرد ئادەم دېگەن نامنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، بۇ ئىبادەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنىڭ غەرىزى ئۈچۈن قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ناھايىتى نازۇك ماۋزۇدۇر. خالىس دېگەننىڭ مەنىسى مانا مۇشۇدۇر.

4. ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش. نىيەت قانچىلىك خالىس بولۇپ كەتسىمۇ، ئىبادەت ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن قائىدە – تەرتىپ بويىچە قىلىنمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ. فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ: «ئىبادەت خالىس بولۇپ، توغرا قىلىنمىسا قوبۇل بولمىغاندەك، توغرا بولۇپ خالىس بولمىسا يەنە قوبۇل بولمايدۇ» دېگەن ئىكەن.

**ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى**

ئىبادەت ئاللاھ تائالاغا چىن مۇھەببەت ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئېھسان تەرىقىسىدە قىلىنىدۇ.

1. ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن مۇھەببىتى بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى پەقەتلا پايدىسىز پائالىيەتلەردىن ئىبارەت بىر نەرسىدۇر. بۇنداق پائالىيەتلەردىن ئاللاھ تائالا بىھاجەتتۇر، ئەلۋەتتە. خۇددى ساختا پۇلنىڭ بانكىدا ئۆتمىگىنىدەك، ئىخلاسسىز ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىمۇ ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ.

2. ئىبادەت قىلىشتا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى يادىغا ئالغان ھالدا ۋايىغا يەتكەن كەمتەرلىك بىلەن تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ئېھسان ـ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى، خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئادا قىلىش دېمەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھسان توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئېھسان ـ خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[(1)].

**ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى**

1. ئىبادەت قىلىشتىكى مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولۇشى.

2. ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە بولۇشى.

3. ئەمەلىي ئىبادەتلەرنى ئۆز يولىدا داۋاملاشتۇرغان بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى رەمزى ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئەمەلىي ئىبادەتلەرگە باغلىقتۇر. چۈنكى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش ئەمەلىي ئىبادەت بولۇپ، مۇشۇ ئەمەلىي ئىبادەت جايىدا ئورۇندالمىسا، رەمزى ئىبادەت مېۋە بەرمەيدۇ.

1. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە( قُلْ أَنْفِقُوا طَوْعًا أَوْ كَرْهًا لَنْ يُتَقَبَّلَ مِنْكُمْ إِنَّكُمْ كُنْتُمْ قَوْمًا فَاسِقِينَ) يەنى (ئېيتقىنكى، «(ئى مۇناپىقلار جامائەسى!) سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك (پۇل _ مال) سەرپ قىلىپ كېتىڭلار، ئۇ سىلەردىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋمسىلەر)[2]. بۇ ئايەت ئەمەلىي ئىبادەت ئورۇندالمىسا، رەمزىي ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى بارلىق ھايات ساھەلىرىدە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش كۆرۈش ئەمەلىي ئىبادەتتۇر، زاكات بېرىش ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىش رەمزىي ئىبادەتتۇر. مۇناپىقلار ئاغزىدا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ «ئىمان ئېيتىڭلار» دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەرگەن زاكىتى ۋە ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان پۇل _ مېلى قوبۇل قىلىنمىغان.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا ۋە قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بېشىغا تاجى كىيگۈزۈلىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىستە قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ئىبادەت قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەت رەمزىي ئىبادەتنىڭ نەتىجە بېرىشى ئۈچۈن شەرت قىلىنغان.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۈستى بېشىنى چاڭ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئى ئىگەم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن ـ ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن!؟»[(4)]. چۈنكى ھارامدىن يىراق تۇرۇش، ھالالدىن يېيىش، ھالالدىن ئىچىش ۋە ھالالدىن كىيىنىش ئەمەلىي ئىبادەتتۇر، دۇئا قىلىش رەمزىي ئىبادەتتۇر. بۇ ھەدىستە ئەمەلىي ئىبادەت بولغان ھارامدىن يىراق تۇرۇش ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن رەمزىي ئىبادەت بولغان دۇئا ئىجابەت قىلىنمىغان.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بەزى روزار تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان روزىسىدىن ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[5]. بۇ ھەدىس غەيۋەت، يالغان گەپ، ئەزىيەت قاتارلىق گۇناھلارنى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] تەۋبە سۈرىسى: 53 _ ئايەت.
[3] ئىمام ئبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇتقان روزىسىنى بۇزۇۋەتكەن كىشى توغرۇلۇق كەلگەن بولۇپ، گۇناھتىن ساقلىنىش ئەمەلىي ئىبادەتتۇر، روزا تۇتۇش رەمزىي ئىبادەتتۇر. ئەمەلىي ئىبادەت ئورۇندالمىغانلىقى ئۈچۈن رەمزىي ئىبادەتنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: (اتْلُ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ) يەنى ((ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاندىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغانلارنى ئوقۇغىن ۋە نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغىن. چۈنكى (مۇكەممەل ئوقۇلغان) ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان (ھەممە) ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ)[1]. نامازنىڭ گۇناھ – مەئسىيەتلەردىن ۋە ھەرقانداق يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئەمما رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، نۇرغۇن كىشلەر نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئوقۇپ تۇرۇقلۇق، كىشلەرنى ئالدايدۇ، يالغان گەپ قىلىدۇ، زۇلۇم قىلىدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھتۇر. ناماز ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن گۇناھتىن توسالمايدۇ؟ سەۋەب زادى نەدە؟

نۇرغۇن ئۆلىمار بۇنداق سوئاللارغا ئانچە باش قاتۇرمايلا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بېرىدىغان جاۋابى بىر - ئىككى جۈملە سۆزدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار نېمە دەيدۇ؟ ئۇلار دەيدۇكى، «بىراۋ ناماز ئوقۇپ تۇرۇقلۇق، گۇناھتىن ساقلىنالمىغان بولسا، ئۇ كىشى نامازنى قائىدە – تەرتىپلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ئىخلاس قىلىپ ئوقۇمىغان گەپ. شۇڭا ناماز ئۇنى گۇناھتىن توسالمايدۇ».

ئەمما مەن بۇ مەسىلىگە باشقىچە قارايمەن. سەۋەب نامازنى قانداق ئوقۇشتا ئەمەس. ئاساسلىق سەۋەب ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئىبادەتنى ئورۇندىمىغانلىقىدا. چۈنكى ئۇ ئادەم ھاياتنى ئىبادەت ئېچىگە ئالمىغان، نامازدا مۇسۇلماننىڭ قىلىدىغان ئىشىنى قىلغىنى بىلەن، نامازنىڭ سىرتىدا مۇسۇلمانغا لايىق ئەمەس ئىشلارنى قىلغان، مەسىلەن: كىشلەرگە زۇلۇم قىلغان، قوشنىلىرىغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن، ئايالىنى خارلىغان، ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنى، ئاتا- ئانا ھەقلىرىنى، تۇغقاندارچىلىق ھەقلىرىنى ئادا قىلمىغان، بىرىنى ئالدىغان، يەنە بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنى قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ ساختىلىق قىلغان. قىسقىسى، ھايات ساھەلىرىدە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ كۈندە بىر قانچە مىنۇت قىلىپ قويغان رەمزىي ئىبادىتى قوبۇل بولمىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئىبادەتتىن كۈتۈلگەن نەتىجە ئەمەلگە ئاشمىغان.

---

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 45 – ئايەت.

**ئۈچىنچى دەرس:** ئەخلاق - **پەزىلەتتە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش**

ئەخلاق __ ئىنساننىڭ روھىدا يەرلىشىپ، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن قىلىقلار بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىش – ھەرىكىتى، گەپ – سۆزى، ئىدىيەسى ، مىجەز – ئەخلاقى، مۇئامىلىسى، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆرپ – ئادىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپقا سالىدىغان مىزان.

ئەخلاق __ كۈندىلىك تۇرمۇشتا چېتىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئومۇمىيلىقى، رولى، تەسىرى ۋە تەربىيە جەھەتتىن مەنىۋى كۈچلەرنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرىپى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماددىي تەرىپى تەن، مەنىۋى تەرىپى روھ دەپ ئاتىلىدۇ. روھنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئىنسان روھىنىڭ تەسىرى بولغان ئەخلاقنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەخلاق - گۈزەل ئەخلاق ۋە ناچار ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**گۈزەل ئەخلاق**

گۈزەل ئەخلاق __ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. بۇ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقمۇ دېيىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ – ۋاپالىق، ئىمان - ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا – ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق – تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخىي، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى–قارنى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

**ناچار ئەخلاق**

ناچار ئەخلاق __ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيىتىمىزگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ۋە دىنىمىزدا توسۇلغان قىلىقلاردۇر.

ناچار ئەخلاقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ھارام يېيىش، ئاتا – ئانىنى قاقشىتىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىش، قوشنىلارغا ئازار بېرىش، خىزمەتداشلىرىغا چوڭچىلىق قىلىش، باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، تۆھمەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك، قورقۇنچاقلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھايۋانلارنى قىيناش، ھۇرۇنلۇق، تەمەخورلۇق، پۇرسەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ۋە باشقىلاردۇر.

**ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئايرىلمايدىغان بىر پۈتۈنلۈكتۇر**

ئىنسان تەنتەربىيە ئارقىلىق جىسمانىي ساغلاملىققا ئېرىشسە، ئىبادەت ئارقىلىق روھىي گۈزەللىككە ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئېرىشىدۇ. بەزى كىشىلەر مەسجىدتە ناھايىتى ئەخلاقلىق بولسىمۇ، ئەمما مەسجىدنىڭ سىرتىدا، جەمئىيەتتە، ئائىلىسىدە، ئىش ئورنىدا، ئۇ باشقا بىر ئىنسان...

ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق چوڭ ئايرىلىش نەتىجىسىدە، ئىسلام دۇنياسىدا، مۇنداق ئىككى خىل ئىنسانلار مەۋجۇت: بىرى، ئەخلاقى ناچار، ئەمما ئىبادەتلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇندايدىغانلار، يەنە بىرى، ئەخلاقى ياخشى، ئەمما ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇندىمايدىغانلار، ياكى پەقەت ئورۇندىمايدىغانلار. بۇلارنىڭ ھېچبىرى توغرا يولدا ئەمەس.

«قۇرئان كەرىم» بەختكە ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان جىمى ئايەتلەردە، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئىبادىتىنى ماختىغان. مەسىلەن: مۇئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿**قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار (شۇنداق مۇئمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن) ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر﴾. بۇ ئىبادەت.

﴿**وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر﴾. بۇ ئەخلاق.

﴿**وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر﴾. بۇ ئىبادەت.

﴿**وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَامَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ**﴾

يەنى ﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن (يەنى ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. ئۆز ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن جىنسىي يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر﴾. بۇ ئەخلاق.

﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾. بۇ ئەخلاق.

﴿وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ﴾ يەنى ﴿نامازلىرىنى (ۋاقتىدا، تەلەپكە لايىق) ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾.[1] بۇ ئىبادەت.

«قۇرئان كەرىم» يەنە ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكەن ياخشى بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئىبادىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن بىرگە بايان قىلغان. مەسىلەن: فۇرقان سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن:

﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا﴾ يەنى ﴿ رەھمان تائالانىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى، زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆز قىلسا، ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (ۋە ئۆز يولىغا داۋام قىلىدۇ)﴾. بۇ ئەخلاق.

﴿وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ﴾. بۇ ئىبادەت.

﴿وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «رەببىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى يىراق قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئازابى (كاپىرلاردىن) ئايرىلمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر» دەيدۇ﴾. بۇ ئىبادەت.

﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَٰلِكَ قَوَامًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرھال يول تۇتىدۇ﴾.[2] مانا بۇ ئەخلاق.

دېمەك، دىنىمىزنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئىبادەت بىلەن ئەخلاقنىڭ ھەر ئىككىسىدۇر.

**گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كاملىلىقىغا دەلىلدۇر**

گۈزەل ئەخلاق ئىماننى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. دەرىجە جەھەتتە ئەخلاق بىلەن ئىمان بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق ئادەم مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، بۇ ۋاقىتتا ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن: يارەسۇلۇللاھ! ئۇ قانداق ئادەم؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسى ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم»[4] دەپ جاۋاب بەرگەن.

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ! بالكونىغا يايغان كىرنىڭ سۈيىنى ئاستىنقى قەۋەتتىكى قوشنىلىرىغا ياكى يولغا ئېقىتىپ، كىشىلەرگە ئازار قىلىدىغانلار بىلەن ماشىنىسىنى قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توختىتىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلىدىغان، ياكى قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يۇندا ياكى ئەخلەتلەرنى تۆكىدىغان، ئۆيىگە كىرىپ _ چىقىش جەريانىدا قوشنىلىرىنى بىئارام قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنى ئىمانىمىز كامىل دەپ ئېيتالامدۇ؟ ئەگەر «ھەئە» دېسە، ئۇلار يالغانچىلاردۇر!

ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا رەزىللىك چوڭقۇرلىشىپ، يامانلىقى كۆپەيگەنسېرى خۇددى ئادەم كىيىمىدىن ئايرىلغاندەكلا دىن _ ديانەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ھەر قانداق ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك غەلىبە ياكى مەغلۇبىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل.

گۈزەل ئەخلاققا بولغان ئېھتىياج

گۈزەل ئەخلاق ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت بولۇپ، دۇنيادا ھېچقانداق بىر جەمئىيەت ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ئەخلاق بۇزۇلغان ھامان ھەرخىل كرىزىسلار باش كۆتۈرىدىغانلىقىدا شەك يوق.

---

(1) 23- سۈرە مۇئمىنۇن 1~9- ئايەتلەر

(2) 25- سۈرە فۇرقان 63~67- ئايەتلەر.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

«شائىرلارنىڭ ئەمىرى» دېگەن ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان مىسىرلىق شائىر ئەھمەد شەۋقى مۇنداق دەپ يازغان:

**إنما الأمم الأخلاق مابقيتفإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا**

تەرجىمىسى:

**ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر،**

**ئايرىلغانلار ئەخلاقتىن زاۋاللىقتا يوقاپ كېتــــەر.**

راستچىللىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق ھۆكۈم سۈرمىگەن بىر جەمئىيەتتە كىشىلەردە ھەق _ ھوقۇقلارنىڭ قوغدىلىشىغا، ئىلىم _ پەن، مائارىپ ۋە يېڭىلىق خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنچ بولامدۇ؟

ئىشەنچتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان بىر جەمئىيەت كىشىلىرىدە ئۆزئارا ھەمكارلىق، مۇقىملىق، خاتىرجەملىكنىڭ مىسالللىرىنى تاپقىلى بولامدۇ؟

ئارىسىدا بىرلىك، ئىناقلىق، ئۆزئارا سۆيگۈ _ مۇھەببەت بولمىغان بىر مىللەت قانداقمۇ پارلاق كېلەچەك قۇرالىسۇن؟

ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش يولىدا دۈشمەنلەرگە ۋە زالىملارغا قارشى شىجائەت، قورقماس ئىرادە بولمىغان بىر مىللەت قانداقمۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلالىسۇن؟

ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، نەپسى ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ياشايدىغان، قۇربان بېرىشنى ياقتۇرمايدىغان بىر ئىنسان قانداقمۇ ئىنسانىي كامىللىققا يېتەلىسۇن؟

تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشتىن بولغان نېسىۋىسى ئۇلارنىڭ ئەخلاق_ پەزىلەتتىكى يۈكسىلىش دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ. قانداقلا بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى تەرەپتىن يېقىلىشى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي تەرەپتىن يېقىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولىدۇ.

ھالبۇكى، قانۇن ھەممىنى كۆرەلمەيدۇ، قانۇن ئۆي ئىچىدە ئىپادىسىنى تاپالمايدۇ. پەقەت ئائىلە ئەزالىرى تەرىپىدىن شىكايەت ۋە ئەرزلەر بارغاندىلا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. قورقۇتۇش ۋە تەھدىتلەر بىلەن ئەرز قىلىشنى توسۇۋالغانلار يەنىلا ئۆزلىرى بىلگەن ناھەقسىزلىكلەرنى قىلىۋېرىدۇ. بۇ ھازىرقى دۇنيادىكى ئاشكارا رېئاللىق بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۇنى ياخشى بىلىدۇ.

**ئىچى گۈزەل بولمىغانلارنىڭ تاشقى گۈزەللىكى ئەھمىيەتسىزدۇر**

ئىسلاھ قىلىشنى ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا قاراتقاندا، بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا « تېشى پال _ پال، ئىچى غال _ غال» نەرسە بولۇپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش تۈۋرۈكسىز ئۆي سالغانغا ئوخشايدۇ. ئاساسى مەھكەم بولمىغان ھەر قانداق بىنا يېقىلىشقا مەھكۇمدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنىشى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن كۆرە، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى تۈزەلگەندىلا تاشقى تەرىپى تۈزىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراب تۇرۇپ، ياسالمىلىق بىلەن تاشقى كۆرۈنىشىنى ناھايىتى ياخشى ۋە چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئورۇنغانلار مۇناپىقلار دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقلارنىڭ ئەخلاقىي كۆرۈنىشى تەبىئىي بولمىغان بىر خىل ياسالمىلىقتىن ئىبارەت بىر نەرسىدۇر. ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق.

**ئاللاھ تائالا قەلبلەرگە قارايدۇ**

شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى ۋە ئەمەلّلەرنى كۆزىتىشى ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قارىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تەققى _ تۇرۇقۇڭلارغا ياكى شەكلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ.»[1]

شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەمەلّلەرنىڭ ساۋاب جەھەتتىن بولىدىغان قىممىتى بۇ ئەمەلّلەرنى قىلغۇچىلارنىڭ نىيەتلىرىنىڭ قىممىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەلّلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەركىم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنىڭ ئورنى قەلب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ: «تەقۋالىق مانا بۇ يەردە» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

تەكرارلاپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئىشارەت قىلغان.[1]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## ئەخلاقنىڭ پۈتۈن ھايات ساھەلىرىگە ئومۇمىيلىقى

ئەخلاق ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ۋە ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تەپەككۇر ئەخلاقى، ئېتىقاد ئەخلاقى، قەلب ئەخلاقى، نەپس ئەخلاقى ۋە يۈرۈش _ تۇرۇش ئەخلاقى قاتارلىقلاردۇر.

1. تەپەككۇر ئەخلاقى

پىكىر _ تەپەككۇرنى ئۆزىگە ۋە ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان ئىلىم _ مەرىپەت، پەن _ مەدەنىيەت، تەجرىبە _ ساۋاق، كېلەچەك ئۈمىدى ۋە ھەرقانداق ئىجابىي ماۋزۇلارغا بېغىشلاپ، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، ھەسرەت _ نادامەت، قايغۇ _ ھەسرەت، غەزەپ، ئاچچىق قاتارلىقلارنىڭ ئوتلىرىنى ياندۇرىدىغان، ھارام ئىشلارغا قارىتا ئادەمنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسىنى قوزغايدىغان ھەر قانداق تەپەككۇر ۋە خىياللاردىن يىراق بولۇش تەپەككۇر ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى پىكىر _ تەپەككۇردىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

2. ئېتىقاد ئەخلاقى

سەپسەتىلەرگە، ئىلىم يولى بىلەن ئىسپاتلانمىغان گۇمانلارغا، ھاۋايى _ ھەۋەسلەرگە، ئىسلام ئېتىقادىغا يات ئېقىملارغا، تەقلىدچىلىككە قەلبتىن ئورۇن بەرمەستىن، قەلبنى مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن تولدۇرۇش ئېتىقاد ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى ئېتىقادتىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

3. قەلبنىڭ ئەخلاقى

ھەقىقەتنى ۋە ياخشىلىقنى سۆيۈش، باتىلنى، يامانلىقنى يامان كۆرۈش، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە كۆرەلمەسلىك قاتارلىق ناچار تۇيغۇلارنى ساقلىماسلىق قاتارلىقلار قەلبنىڭ ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى قەلبتىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

4. نەپسنىڭ ئەخلاقى

ئىپپەت، سەۋرچانلىق، ھىممەت، ئالىي تىلەك، سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق ۋە باشقىلار نەپسنىڭ ئەخلاقىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەكسى نەپسدىكى رەزىللىكتۇر.

5. يۈرۈش _ تۇرۇش ئەخلاقى

ھەر ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدىكى يۈرۈش _ تۇرۇشلاردا، ئىش _ ھەرىكەتلەردە، گەپ _ سۆزدە ۋە بارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەش يۈرۈش _ تۇرۇشتىكى گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇپ، ياسالمىلىق قىلىش يۈرۈش _ تۇرۇشتىكى رەزىل ئەخلاقتۇر.

## تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق

ئەخلاق تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ[290]:

تەبىئىي ئەخلاق __ يارىتىلىشتىن بىرى ئىنساندا بولۇپ كەلگەن تەبىئىي (تۇغما) ئەخلاق.

يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق __ يارىتىلىش تەبىئىتىدە بولمىسىمۇ، كېيىنچە ئۆگىنىپ تەربىيە يولى بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاقتۇر.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى تەبىئىي ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئەخلاق ئۇلارنىڭ باللىق چاغلىرىدىلا ئىپادىلىنىشكە باشلايدۇ، ئۇلار ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئۆزلۈكىدىن تەبىئىي ھالدا رىئايە قىلىدىغان كېلىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەخلاقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى تەلىم _ تەربىيەنىڭ ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ، ياكى ھاياتلىقتىن ئالغان تەجرىبىلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئۆگىنىلگەن ياكى يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ.

لېكىن بىراۋنىڭ ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئەخلاقنى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئىي قابىلىيەت بولۇشى شەرتتۇر. بۇ خۇددى قانداقلا بىر ماھارەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىپ قابىلىيەت تەلەپ قىلىنىغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئىنساندا بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇ ماھارەتكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەت بولسا، ئۇنى چوقۇم ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. ئەكسىچە،

---

□ مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنىنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى)ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئادەمدە شۇ ماھارەتكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەت بولمىسا، ئۇنى ئۆگىنەلمەيدۇ.

شۇنداقلا، ئىنساننىڭ ئەزالىرىمۇ شۇنداق بولۇپ، بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولغان ئەزا مەشىق قىلىش يولى بىلەن شۇ ماھارەتنى ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. مەسىلەن: قول خەت يېزىشنى، رەسىم سىزىشنى ۋە باشقىمۇ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قولنى كۆندۈرۈش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق كېرەكلىك ماھارەتلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولغان بىلەن، قۇلاقتا مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاڭلاش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش قابىلىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان ئادەمنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتىنى مەشىق بىلەن ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشاش گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىدە تەبىئىي تەييارلىق ياكى قابىلىيەت بولمىغان ئادەم ئۆگىنىش، تەلىم ئېلىش ۋە باشقا چارىلەر بىلەنمۇ ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ.

## تۆتىنچى دەرس: ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىشتا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش

ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىنى بىلىش ۋە ھالالنى ئىستېمال قىلىپ، ھارامدىن يىراق تۇرۇش ھاقىقىي مۇسۇلمان ئادەمدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەقەللىي تەلەپتۇر.

ھالال _ ھارام مەسىلىسى ئەڭ قەدىمىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق ئىشلىرى ۋە ھاياتنىڭ مىزانىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى يەر يۈزىدە ئۆزىدىن ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى جارىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېمەك ـ ئىچمەك، نەسلىنى داۋام قىلدۇرۇش ئامىللىرى، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ چارىلىرى قاتارلىق ياشاشنىڭ پۈتۈن ۋاسىتىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش بىلەن بىرگە ياشاشنىڭ قانۇن _ پرىنسىپلىرىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئۇستا ئۆزى ياسىغان نەرسىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۇبدان بىلگىنىگە ئوخشاش، ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنساننىڭ بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشىگە كاپالەت قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم قانۇن ـ پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. بۇ قانۇن ـ پرىنسىپلار «قىل» ۋە «قىلما» ياكى «ھالال» ۋە «ھارام» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلەشكەن.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈشتىن ئاۋۋال بۇ ئىككىسىنى ھالال ـ ھارام بىلەن سىنىغان. بۇ سىناق ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا «ھالال ـ ھارام» نى ئۆگىتىشتىكى تۇنجى مەشىق ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىككىسىگە جەننەتتە ھەممە نەرسىنى ھالال قىلىپ بېرىپ، پەقەت بىر تال دەرەخنىڭ مېۋىسىنىلا ھارام قىلغانلىقى ئۇلارغا ھالال ـ ھارامنىڭ پەلسەپىسىنى بىلدۈرگەنلىكى ئىدى. دېمەك، ھالال ـ ھارام مەسىلىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا ئىككىسى جەننەتتىكى ۋاقتىدىلا باشلانغان.

### ھالال

ھالال —— ئۆزى پاك، تەن ساقلىقىغا زىيىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى رۇخسەت قىلغان نەرسە دېمەكتۇر. مەسىلەن: پاك ۋە تەن ساقلىقىغا زىيىنى يوق يېمەكلىك ۋە ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلغانغا، ھالال كەسىپ بىلەن يوللۇق ھالدا تىرىكچىلىك قىلغانغا ئوخشاش بولۇپ، يوللۇق ۋە توغرا ئىشلارنى قىلىش، ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش چەكلەنمەيدۇ، شۇنداق قىلغان ئادەم ساۋاب تاپىدۇ.

### ھارام

ھارام —— پاك ئەمەسلىكى ۋە تەن ساقلىقىغا زىيانلىقلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىسلام دىنى چەكلىگەن نەرسە دېمەكتۇر. مەسىلەن: چوشقا گۆشى ۋە هاراقىغا ئوخشاش پاسكىنا ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانغا، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش بولۇپ، ھارامنى ئىستېمال قىلىش، چەكلەنگەن ئىشنى قىلىش ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا تۇتقانلىق ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

### ھالال بىلەن ھارامنى بىلىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى

ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىش، نېمىلەرنىڭ ھالال ۋە نېمىلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ مۇسۇلمانلىقى تولۇقلانمايدۇ. چۈنكى ھالال ـ ھارام بەندىنىڭ جەننىتى ياكى دوزىخى بولۇپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىبادەت ۋە دۇئالارنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (ئى ئىمان ئېيتقانلار!بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار)[291] دەپ كۆرسەتكەن.

### ھالال ـ ھارام ھەققىدە ئاساسلىق قائىدىلەر

[291] بەقەرە سۈرىسى 172 _ ئايەت.

1. ئەسلىدە ھەممە نەرسە ھالالدۇر. پەقەت قۇرئان ياكى ھەدىستە ھارام دەپ بەلگىلەنگەن نەرسىلەرلا ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «ئاللاھ ئۆز كىتابىدا ھالال دەگەن نەرسىلەر ھالالدۇر، ئاللاھ ھارام دېگەن نەرسىلەر ھارامدۇر. ھالال ياكى ھارام دېمىگەن نەرسىلەر ئاللاھنىڭ كەچۈرۈمىدۇر، سىلەرنى ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ»[292] دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلمىگەن ۋە ئۇ زامانلاردىمۇ بولمىغان بەزى زىيانلىق نەرسىلەر ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھادى بىلەن ھارام قىلىنىدۇ. مەسىلەن: تاماكا، ئاق چېكىملىك قاتارلىقلاردۇر.

2. ھالال قىلىش ياكى ھارام قىلىش ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر

ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھالال ۋە ھارامنى بەلگىلەش ھەققى يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارام قىلغان نەرسىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىن ئەمرى بىلەن بولغان. شۇڭا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىسلىرىدە ھارام قىلغان نەرسىلەر ھارامدۇر، بۇ ئىككى مەنبەدە ھالال قىلىنغا نەرسىلەر ھالالدۇر. تاقىيامەتكىچە ئەھۋال سۇنداق بولىدۇ.

3. ھالالنى ھارام قىلىش، ھارامنى ھالال قىلىش چوڭ گۇناھتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «مەن بەندىلىرىمنى ھەق دىننى قوبۇل قىلىدىغان قىلىپ ياراتتىم، شەيتانلار ئۇنى ئادۇرۇپ كەتتى، ئۇلارغا مەن ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋەتتى، ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇپ مەخلۇقاتنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى»[293].

4. ھالال پاكتۇر، ھارام نىجىستۇر

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە زىيانلىق بولغان ياكى پاك بولمىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلغان. ئەمما بەندىلىرىگە زىيانلىق ئەمەس، پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلغان ئەمەس. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن ( ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ[294]).

5. ھالال نەرسىلەردە ھارامدىن بىھاجەت قىلىدىغان نەرسىلەر بار

ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بىر نەرسىنى ھارام قىلسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھالال نەرسىنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايدي. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا جازانىخورلۇقنى ھارام قىلدى، يوللۇق سودا – سېتىقنى ھالال قىلدى، زىنانى ھارام قىلدى، ئۆيلىنىشنى ھالال قىلدى. پال ئېلىشنى ھارام قىلدى، ئىستىخارە قىلىشنى بەلگىلىدى. دېمەك، ئىسلامدا كىشىلەرنى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىش يوق، بەلكى چەك قويۇش بار. ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن چەكنىڭ ئىچىدە تۇتۇپ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ۋە نېمەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش ھەركىمنىڭ ھەققىدۇر.

6. ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ھارامدۇر

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا بىر نەرسىنى ھارام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ۋاسىتىلەر ۋە سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلغان. زىنادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئانەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا ئوخشاش.

7. ھارامغا يول ئېچىش ئۈچۈن ھىيلە قىلىش ھارامدۇر

ھارام ماۋزۇسىدا ھىلەي –مىكىر ئىشلىتىپ، يوشۇرۇن ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ھارامنى ھالال ئورنىدا قوللىنىش ھارامدۇر. مەسىلەن: ھاراقنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتىۋالغان، قىمىزنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تەلەي سىناش دەۋالغانغا ئوخشاش.

8. ياخشى نىيەت ھارامنى ھالال قىلالمايدۇ

---

[292] ھاكىم، بەيھەقى رىۋايىتى.

[293] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[294] ئەئراف سۈرىسى: 157- ئايەت.

ئىسلام دىنى ياخشى نىيەتنى قەدىرلەيدۇ، ھەرقانداق ئىشنى خالىس نىيەت بىلەن قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. نىيەتنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن ئادەت ئىبادەت قاتارىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يېيىش، ئىچىش، ئۇخلاش، تەنتەربىيە قىلىش قاتارلىق ئىشلار مۇباھ ئىشلاردۇر، يەنى قىلسا ساۋاب ياكى گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردۇر. ئەمما مۇشۇ ئىشلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەرم-پەرمانلىرى ئورۇنداش يولىدا كۈچلۈك، تېنى ساق بولۇش نىيىتى بىلەن قىلسا، ئىبادەت قىلغانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە «سىلەر ئەر – ئاياللىق مۇناسىۋىتىڭلاردا ئىبادەتنىڭ ساۋابى باردۇر» دېگەندە، ساھابىلار: «يارەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ جىنسى ھەۋەسىمىزنى قاندۇرساقمۇ ساۋاب بولامدۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن :«ئەگەر سىلەر جىنسى ھەۋەسلىرىڭلارنى ھارامدىن قاندۇرساڭلار گۇناھ بولامدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ، ئۇلار :«ھەئە، يارەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خۇددى شۇنىڭدەك، سىلەر جىنسى ھەۋەسلىرىڭلارنى ھالالدىن قاندۇرساڭلار، سىلەرگە ئەلۋەتتە ساۋاب بولىدۇ»[295] دېگەن.

ئەمما ھارامنى ياخشى نىيەت بىلەن ھالا قىلغىلى بولمايدۇ، نىيەت قانچىلىك دۇرۇس ۋە خالىس بولۇپ كەتسۇن، مەقسەت قانچىلىك ئۇلۇغ بولۇپ كەتسۇن، ھارام ھەرگىز ھالالغا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

9. شۇبھىلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش زۆرۈردۇر

ھارام ئىشلارنى سادىر قىلىپ سالماسلىق، ھارام نەرسەلەرنى ئىستېمال قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن، شۈبھىلىك ئىشلاردىن ۋە نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش تەقۋادارلىقنىڭ بەلگىسى ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھالالمۇ ، ھاراممۇ ئېنىقتۇر. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك (يەنى ھالال ياكى ھاراملىقى ئېنىق بولمىغان) نەرسىلەر بار، كۆپ ئادەملەر بۇنى بىلمەيدۇ. كىمكى شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلانسا، ھارامدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ»[296] دەپ كۆرسەتكەن.

10. ھارام ھەممە ئادەمگە ھارامدۇر

ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان نەرسىلەر بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھارامدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق تىلەيدۇ. ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ئومۇمەن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقتىن ياكى پاسكىنىلىقى سەۋەبتىن ھارام قىلىنغان بولىدۇ. مەسىلەن: ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، جازانە قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان ئەمەس، بارلىق ئىنسانىيەتكە ھارامدۇر. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ھەممە ئادەمگە زىيانلىقتۇر. ئىسلامنىڭ جىنايى قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشتىمۇ ئىنسانلار باراۋەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ھۆرمەتلىك ئادەملىرى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇلارنى جازالىمايتتى، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملىرى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇلارنى جازالايتتى»[297].

11. ھالال ھالال يوللار بىلەن ھاسىل قىلىنىدۇ

ھالال رىزىق تېپىش پەقەت ئىسلام رۇخسەت قىلغان يوللۇق سەۋەبلەر ۋە چارىلەر بىلەن بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان ھارامدىن پۇل تاپقان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە ھالال پۇل تېپىش ھەققىدە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر – بىرىڭلارنىڭ مال _ مۈلكىنى ھارام يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا – سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر) [298] . ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەر «باشقىلارنىڭ مال- مۈلكىنى» دېمەستىن «بىرى-بىرىڭلارنىڭ مال- مۈلكىنى» دېيىشتە، مۇئمىنلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن نەقەدەر يېقىن ئىكەنلىكىنى، خۇددى باشقىلىرىنىڭ مال- مۈلكىنى يەۋېلىش ئۆزىنىڭ مال- ماۇلكىنى يەۋالغانغا تەڭ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن.

---

[295] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(296) ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

[297] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[298] نىسا سۈرىسى: 29- ئايەت.

## ھالال ھارامدىن كۆپتۇر

شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا كۆپ نەرسىلەرنى ھالال قىلغان ۋە ئىنتايىن ئاز نەرسىلەرنىلا ھارام قىلغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھالالنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇلارنى سانىمىغان. ئەمما ھارامنى سانىغان. چۈنكى شەيئىلەر ئەسلىدە ھالال بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت ئاز قىسمىلا ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغانلىقى ۋە مۇندىن باشقا ئاللاھ تائالاغا ئۆزى بىلىدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ھارام قىلىنغان، شۇڭا ھالالنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما ھارام ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساناش مۇمكىن. ئىنسانلار پەن – تېخنىكىدا ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى تېپتىكى ھېسابلاش ماشىنىلىرى ۋە ستاتىستىكا قوراللىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار قۇملارنىڭ ياكى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ سانىنى ئېلىشتىن ئاجىز كەلگەندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىمۇ ساناپ بولۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناش ۋە ھېسابلاشقا ئىنسان تاقىتى يەتمەيدۇ.ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾(299).

ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن بەزىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئىپادىلەنگەن: ﴿ (ئەي پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى« كېلىڭلار، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا –ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ». بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾(300).

يۇقىرىقى ئايەتلەر ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئون ۋەسىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## ھالال نەرسىلەردىمۇ ھارام تېپىلىدۇ

ھالال نەرسىلەردىمۇ بەزى ھاراملار تېپىلىدۇ. بۇ زادى نېمە دېگەنلىك؟ بۇ مۇنداق دېگەنلىك، بىر نەرسە ئۆز زاتىدا ھالال بولسىمۇ، ئۇنى ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق قاتارلىق چەكلەنگەن يوللار ئارقىلىق تاپقان كىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسە ھارامدۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ياراتقان لەززەتلىك مېۋىلەر ھالالدۇر. ئۇنى چەكلەنگەن يوللار ئارقىلىق تاپقان كىشى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئۇ مېۋىلەر ھارام بولغانغا ئوخشاش. شۇنىڭدەك، ئۆزى ھالال بولسىمۇ ھاجەتتىن تاشقىرى سەرپ قىلىش بىلەن ئۇ نەرسە ھارام بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: توق قورساققا زورلاپ يېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزگەنگە ئوخشاش. شەكسىزكى، مۇنداق قىلىش قوش ھارامنى سادىر قىلغانلىقتۇر. چۈنكى توق قورساققا زورلاپ يېيىش ئارقىلىق تائامنى ئىسراپ قىلىش بىر ھارام، ئاندىن ئۆزىنىڭ مەيدىسىنى بۇزۇپ تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش يەنە بىر ھارامدۇر.

## ھالال – ھارام ئىنساننىڭ تاقىتىگە يارىشا بەلگىلەنگەن

ھالال قىلىش ياكى ھارام قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالا ھالال بىلەن ھارامنى بەلگىلەشتە بىلىپ بەلگىلىگەن. خۇددى تېلېۋىزىيە، كىر ئالغۇ، ئۇن ئالغۇ ۋە سىن ئالغۇ قاتارلىق جىھازلارنى ياساپ چىققانلار بۇ جىھازلارنى قانداق يوسۇندا ئىشلىتىش ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش دېگەندەك تەلىماتلىرى يېزىلغان بىرەردىن كىتابچىنى بۇ جىھازلارنى ئالغۇچىلارغا قوشۇپ بەرگىنىگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالامۇ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى ۋە ئۇلارغا نېمىلەرنىڭ پايدىلىق، نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار قانداق قىلغاندا ھاياتىنى بەختەر ئۆتكۈزۈپ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ساماۋى كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، «ھالال-ھارام» نامى ئاستىدا تەلىماتلىرىنى ئۆگەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ھالال – ھارام توغرۇلۇق قانۇن – پرىنسىپلارنى بەلگىلەشتە ئىنساننىڭ

---

(299) ئىبراھىم سۈرىسى 34- ئايەت.

(300) ئەنئام سۈرىسى 151- 153- ئايەتلەر.

سەۋر – تاقەتتىكى قۇدرىتىگە رىئايە قىلىشنى تەقەززا قىلغان. شۇڭا ئىنسانلار نەپەس ئالىدىغان هاۋادا هالال – هارام بەلگىلىمىگەن. چۈنكى ئىنسان هاۋاسىز ياشىيالمايدۇ. ئەمما يېمەك – ئىچمەكلەردە هالال – هارامنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ئىنسان هارام يېمەستىنمۇ هاياتىنى داۋام قىلدۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا هالال بىلەن هارامنى بەلگىلىگەندە، بىزگە - بىزنىڭ جىسمىمىزغا، هاياتىمىزغا، تەن ساقلىقىمىزغا - نېمىلەرنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلىرىنى هالال پېتى بويىچە بەلگىلىگەن. ئەمما بىز ئۈچۈن – جىسمىمىز، ئەقلىمىز، تەن ساقلىقىمىز ۋە هاياتىمىز ئۈچۈن - زىيانلىق بولغانلىرىنى هارام قىلىۋەتكەن. بۇ خۇددى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ بېنزىننى تۈرلەرگە ئايرىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاپتوموبىل ئۈچۈن مەخسۇس قىلىنغان بېنزىننى ئايروپىلانغا قاچىلىغاندا، ئايروپىلان ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. ئۇچقان تەقدىردىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئادەم ئۆلىدۇ..... خۇددى شۇنىڭدەك، سىزگە مەخسۇس قىلىنغان هالال تائامنى يېمەستىن، هارام تائامنى يېسىڭىز جىسمىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ- دە، زەهەرلىنىپ ئۆلىسىز، ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، كېسەل بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن هاياتىڭىزدىكى ۋەزىپىڭىزنى ئۆتەشتىن ئاجىز قالىسىز. هارام دېگەن ئەنە شۇنداق زىيانلىق نەرسە.

# تەقۋالىق

تەقۋالىق كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قارىتىلغان نەرسە ئەمەس، ئۇ قەلبكە قارىتىلغان ۋە قەلبتە بولىدىغان ئەمەلدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنىڭ ئورنىنى بىلدۈرۈپ «تەقۋالىق بۇ يەردە»[301] دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئىشارەت قىلغان. تەقۋالىق قەلبنىڭ ئەمەلى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ شەكلى بولمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئەڭ ئاددىي كۆرۈنگەن ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي تەقۋادارا ئادەم ئادەتتە ئىنسانلار كۆزگە ئىلمايدىغان تازىلىق ئىشچىسى ياكى كۆرۈمسىز بىر ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى تەقۋالىقنىڭ شەكلى يوق. ئەمما ئۇنىڭ ئالامەتلىرى بار. تەقۋالىقنىڭ ئالامەتلىرى ئىستىقامەت، يەنى توغرا يولدا بولۇش، توغرا ئىشلارنى قىلىش ۋە گەپلەرنى قىلىشتۇر. چۈنكى تەقۋالىقنىڭ ئورنى بولغان قەلب بەدەنگە قوماندانىدۇر، باشقا ئەزالار ئەسكەردۇر. شۇڭا، قەلب لاياقەتلىك بولسا، بارچە ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىمۇ لايەقەتلىك بولىدۇ. قەلب تۈزۈلسە، ئىنساننىڭ ئەمەللىرى تۈزلىدۇ، قەلب بۇزۇلسا، ئۇنىڭ ئەمەللىرىمۇ بۇزۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ: «بىلىڭلاركى، ئادەم بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار. ئۇ تۈزۈلسە بارچە بەدەن تۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، بارچە بەدەن بۇزۇلىدۇ»[302] دەپ كۆرسەتكەن.

تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «ساقلىنىش» دېگەنلىكتۇر. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىئىكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. تەقۋا دېگەن سۆز يەنە لۇغەتتە بىر_بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىغا توساق قويۇش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىغاننى قوغداش دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ«ئىتتەقا بىتەرەسىھى» يەنى (قالقىنى بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى) دېگەن سۆزى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق ئۇرۇش ئەسناسىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا كېلىۋېلىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئوقيالىرىدىن قوغدانغانلىقىنى«ئىتتەقەينا بىرەسۇلىللاھ» دەپ ئىپادىلىگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

تەقۋا سۆزىنىڭ ئىسلامدىكى ئاتالغۇدىكى مەنىسى ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ تەرىپلىرى تۆۋەندىكىچە بولغان:

— ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش سايىسىدا ئۆزىنى ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش.

— ھارامدىن قېچىش ۋە ھالالنى ئىلغاشتا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇش.

— گۇناھ _ مەسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېھتىياتچان بولۇش.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەييە ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «سىز تىكەنلىك يولدىن مېڭىپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان. ھەزرىتى ئۆمەر: «ھەئە» دېگەندە، ھەزرىتى ئۇبەييە يەنە ئۇنىڭدىن: «قانداق ماڭدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇبەييە ئۇنىڭغا: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ»[303] دېگەن.

يەنى تىكەنلىك جايدىن ماڭغان ئادەم «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىيان_زەخمەتتىن قوغدىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە گۇناھ، يامان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئېھتىياتچان بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ».

## تەقۋالىقنىڭ مەنىسى

تەقۋالىقنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئىخچام مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرۈش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر ئىنسان ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا كۆرسىتىپ بەرگەن چەك- چېگرا ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش قىلىدىغان بولسا، ئۇ تەقۋالىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغا بولىدۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغىمۇ كىرىدۇ، ھارام ئىشلاردىنمۇ ئۆزىنى ساقلايدۇ ۋە جازاغىمۇ ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى «مەسئۇلىيەتچانلىق» دېگەن قىلىشقا تېگىشلىكنى ۋاقتىدا قىلىش، قىلماسلىققا

[301] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
[302] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
303«تەپسىر ئىبنى كەسىر»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1- توم، 28- بەتتىن.

تېگىشلىكنى قىلماسلىق، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى راھەت، كېلەچىكى كاپالەتلىك ۋە قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم بولىدۇ.

خەلقىمىزدە «ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دېگەن ھېكمەت بار. چۈنكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىغان ئادەم خەلقنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچقاچان ئەيىبكار بولمايدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەم تەقۋا ئادەمدۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە، ئىنسانلارنىڭ ھەق_ھوقۇقلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشىشى ئۇنىڭ تەقۋالىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى مۇنداق بايان قىلغان: «بىر_بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر_بىر_بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر_بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە موھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ. تەقۋالىق بۇ يەردىدۇر«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان. ئۇ يەنە:«ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىنى خار كۆرۈشى يېتەرلىكتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى بوزەك قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر، ئۇنىڭ قېنى، مال_مۈلكى ۋە نومۇسىغا تېگىش ھارامدۇر» دېگەن.

**«ئاللاھتىن قورقۇش» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟**

تەقۋالىق ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالادىن قورقۇش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەدىسلەردىمۇ ۋە بارچە ئىسلام مەنبەلىرىدىمۇ كۆپ تەكرارلىنىدۇ.

دۇنيادا ئۇرغۇنلىغان قورقۇش تۈرلىرى بار بولۇپ، ئىنسانلار ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، قانۇننىڭ جازاسىدىن قورقىدۇ، مال_دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، قاراقچىدىن قورقىدۇ، يۈز_ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە زىيان_زەخمەت يېتىشتىن قورقىدۇ، بىراۋنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقىدۇ، بىرەر باشلىقنىڭ ياكى جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ، ئۆزىگە ياخشىلىق ۋە ئاتا_ئېھسان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

قىز_ئوغۇللار مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

ھەتتا بالىلارمۇ ئاتا_ئانىسىدىن تاياق يېيىشتىن قورقىدۇ، مۇئەللىمنىڭ جازالىشىدىن قورقىدۇ، كىچىك بالىلار بولسا قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، جىن_ئالۋاستىدىن قورقىدۇ، يالغۇز قالسا تېخىمۇ قورقىدۇ.

ئەمدى «ئاللاھتىن قورقۇش» قايسى تۈردىكى قورقۇشقا كىرىدۇ؟

شەكسىزكى، «ئاللاھتىن قورقۇش»دېگەن ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇشقا ئوخشايدىغان بىر قورقۇشتۇر. بۇ تۈردىكى قورقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا تولىمۇ يارىشىدىغان قورقۇشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇشمۇ مۇشۇ قورقۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى مۇناسىۋەت بۇزۇلغان ۋە ئاتا_ئېھسان ئۈزۈلگەندىن كېيىن، كۈتۈلىدىغان نەرسە جازادىن باشقىسى بولمايدۇ.

ئۇنداق بولمىغاندا، ئاللاھ تائالادىن خۇددى قورقۇنۇچلۇق ئادەمدىن قورققاندەك، ياكى ئاچچىقى يامان ئادەمدىن قورققاندەك، ياكى زالىمدىن قورققاندەك قورقۇلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئەكسىچە، ئۇ مەخلۇقاتىغا ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئەڭ شەپقەتلىك زاتتۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەر كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بالىسىنى ئىزدەۋاتقان بىر ئايال بار ئىدى. ئايال بالىسىنى تاپتى ۋە ئۇنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئېمىتىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەرگە ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن: «بۇ ئايالنى مۇشۇ بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولىدۇ، دېسە ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار:

ياق، ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ، دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھ بەندىلىرىگە مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسىغا بولغان شەپقىتىدىنمۇ بەك شەپقەتلىكتۇر»[304]دېدى .

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق شەپقەتلىكتۇر. ئۇ بەندىلىرىنى ئازابلاشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ دوزاخنى ياراتقانلىقى جەننەتنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى، بەندىلىرىنىڭ قېنىنى ئىچكەن ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈندۇر.

تەربىيەچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق سۈپەت تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق مەڭگۈلۈك ئامانلىققا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

**تەقۋالىقنىڭ پەزىلىتى**

تەقۋادارلىق مۇئمىن ئادەمنىڭ يەتمەكچى بولغان مەنزىلىدۇر.

( **إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ)** «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر»[305]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ دەپ سورالغاندا، «تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق»[306] دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نەدە بولمىغىن، چوقۇم ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلغىن، يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن ئۆچۈرگىن، كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن».[307]

**تەقۋادارلارنىڭ سۈپىتى**

1. غەيبكە ئىشىنىش، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاخىرەتكە ئىشىنىش.

(**الم (1) ذَلِكَ الْكِتَابُ لَا رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ (2) الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ (3) وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ وَبِالْآَخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ** ) « ئەلىف، لام، مىم. بۇ كىتابتا ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە[308] ئىشىنىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىغا) سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ساڭا چۈشۈرۈلگەنگە، سەندىن ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەنلەرگە ئىشىنىدىغان ۋە ئاخىرەتكە بولسا شەكسىز ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

2. ئاللاھ يولىدا پۇل خەجلەشكە بېخىللىق قىلمايدىغان، كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىدىغان، ئاچچىقىنى باسالايدىغان، تەۋبە قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

(**وَسَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ (133) الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ (134) وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ (135) أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ)** «رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە (ئېرىشىشكە) ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان – زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە (كىرىشكە) ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا پۇل _ مال سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىنى باسالايدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. تەقۋادارلار بىرەر چوڭ گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىپ قالسا، دەرھال ئاللاھنى ياد ئېتىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ، گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا كىم كەچۈرەلەيدۇ؟ ئۇلار قىلغان (گۇناھ) ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار

---

(304) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخارى» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 5653- ھەدىس، «صحيح المسلم» (سەھىھۇل مۇسلىم)دىكى 2754- ھەدىس.

305 49- سۈرە ھۇجۇرات، 13- ئايەت.

306 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

307 ئىبنى ھىببان«صحيح» (سەھىھ) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2- توم، 224- بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

(308) غەيب _ سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان ئالەم دېمەكتۇر. ئۇ «مېتافىزىكا ئالەم» ۋە «تەبىئەت سىرتى ئالەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەڭگۈ تۇرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئىرشىدىغان مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى! » (ئال ئىمران 33-36).

3. ئىماندا كامىل، يوقسۇللارنىڭدىن خەۋەر ئېلىش، ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا ئوقۇنداش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، سىناقلاغا بەرداشلىق بېرىش، چىدامچان بولۇش، راستچىل بولۇش.

**( لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّائِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ) .**

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، (ئاللاھ چۈشۈرگەن) كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يولسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل _ مال ياردەم بېرىش، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە جىھادقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر (ئىماندا) راستچىل كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار كىشىلەردۇر».

تەقۋالىق قىيىنچىلىقتىن چىقىشقا، رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا، گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا، مەرتىۋىنىڭ ئۆسىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

( وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا * وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ) يەنى «كىمكى ئاللاقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ» (تالاق سۈرىسى: 2- 3-ئايەتلەر).

(وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مِنْ أَمْرِهِ يُسْرً) يەنى « كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىدۇ» ( تالاق سۈرىسى:4- ئايەت).

(وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يُكَفِّرْ عَنْهُ سَيِّئَاتِهِ وَيُعْظِمْ لَهُ أَجْرًا) يەنى « كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، مۇكاپاتىنى كاتتا قىلىدۇ» (تاق سۈرىسى: 5- ئايەت).

(إِنْ تَتَّقُوا اللَّهَ يَجْعَلْ لَكُمْ فُرْقَانًا وَيُكَفِّرْ عَنْكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ) يەنى « ئەگەر سىلەر ئاللاھقا تەقۋالىق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياخشى – يامانىنى ئايرىۋالالايدىغان ھېكمەت ئاتا قىلىدۇ، يامانلىقلىرىڭلارنى كەچۈرىدۇ ۋە سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ» (فۇرقان سۈرىسى: 29- ئايەت).

(وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آَمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ) يەنى «ئەگەر شەھەر ئاھالىسى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ تەقۋالىق قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئاسمان-زېمىننىڭ بەرىكەتلىرى ئېچىۋېتىكەن بولاتتۇق» (مائىدە سۈرىسى: 65- ئايەت).

(إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ) يەنى «ئاللاھ تەقۋادار بولغان ۋە ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن بىللىدۇر» ( نەھل سۈرىسى: 128- ئايەت).

(إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ) يەنى «ئاللاھ تەقۋادار كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ» (تەۋبە سۈرىسى:4- ئايەت).

(وَاللَّهُ وَلِيُّ الْمُتَّقِينَ) يەنى «ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ ئىگىسىدۇر» (جاسىيە سۈرىسى: 19- ئايەت).

«مۇسۇلمانلىق كىملىكى» ناملىق دەرسىمىز بۇ ھەپتە مۇشۇ ماۋزۇدا بولىدۇ. شۇڭا پروگراممىمىزغا قېتىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئوقۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ مېۋىسى تەپەككۇردۇر

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ چۈشەنسۇن، دەپ چۈشۈرگەن. ( كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ ) يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) (بۇ) ئۇلار ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۆگۈت ئالسۇن دەپ، بىز ساڭا چۈشۈرگەن مۇبارەك كىتابتۇر»[309] قۇرئان ئوقۇشتىن مەقسەت ئۇنىڭ ھەربىر ئايىتىنىڭ مەنىسىنى بىلىش، ئۇنىڭ مېۋىسى تەپەككۇر قىلىشتۇر. تەپەككۇر قانداق قىلىنىدۇ؟

تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى

تەپەككۇر قىلىشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار. بىز بۇ يەردە تۆۋەندىكى ئۈچ ئۇسۇلنى مىسال قىلايلى:

1. بىر نەرسىنىڭ ئۆزى ۋە ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش. (خلق الانسان من علق)[310] يەنى «ئىنسان ئەلەقتىن (بالىياتقۇ تېمىغا يامىشىپ قالغان ئۇرۇقتىن) يارىتىلغان» دېگەن بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىغا ئېسىلىپ قالغان ئاشۇ بىر تال سېپىرما ئۇرۇقدىن يارىتىلىپ، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغانلىقىنى ئويلىغان ئادەم ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى كۈچەيتەلەيدۇ.
2. بىر نەرسىنىڭ ئۆزى ۋە يوقلۇقى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش. ( قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا فَمَنْ يَأْتِيكُمْ بِمَاءٍ مَعِينٍ) يەنى «(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹دەپ بېقىڭلارچۇ، سۈيۈڭلار سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟›»[311] دېگەن ئايەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ، سۇسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىمىز كۈچلىنىدۇ، ئىخلاسىمىز ئاشىدۇ.
3. بىر نەرسىنىڭ ئۆزى ۋە ئەكسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش. ( قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ جَعَلَ اللَّهُ عَلَيْكُمُ اللَّيْلَ سَرْمَدًا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ إِلَهٌ غَيْرُ اللَّهِ يَأْتِيكُمْ بِضِيَاءٍ أَفَلَا تَسْمَعُونَ) يەنى «(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ كېچىنى سىلەر ئۈچۈن تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر سوزۇلىدىغان قىلسا، ئاللاھتىن باشقا قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ سىلەر تېخىچە (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمامسىلەر؟›»[312] دېگەن ئايەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ ياراتقانلىق نېمىتىنى چۈشىنىپ، ئاللاھ تائالاغا قۇللۇقچىلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان باغلىنىشى كۈچلىنىدۇ.

بىز ئەمدى، تەپەككۇر قىلىشنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ ئۇسۇلى بويىچە ئۆزىمىزدىكى ئەزالارنىڭ بىرەرسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ كۆرەيلى. مەسىلەن: كۆزىمىز توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقايلى:

تەبىئەتنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى بارلىق گۈزەل سەنئەتلىرىنى كۆرىشىمىزنىڭ بىردىنبىر قورالى بولغان مۇشۇ ئىككى كۆزىمىز نەدىن پەيدا بولدى؟ ئۇ قانداقچە كۆرىدىغان بولۇپ قالدى؟ بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئاشۇ بىر تال ئۇرۇقتىن پەيدا بولغان بۇ ئىنسان قانلارچە بۇ ئىككى كۆزنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى؟

ئاندىن كۆرمەيدىغان ئىنسان توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلىپ باقايلى: ئەگەر ئاللاھ تائالا بىزنى كۆرمەيدىغان قىلىپ ياراتقان بولسا، بۇ گۈزەل تەبىئەتنىڭ، كائىناتتىكى رەڭگارەڭ سەنئەتلەرنىڭ نېمىگە پايدىسى بولغان بولاتتى؟ بۇلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولغان بولاتتى؟

ئاندىن يەنە ئويلاپ باقايلى: ئەگەر ئاللاھ تائالا  ئىنسانىنىڭ كۆزلىرىنى ھازىرقى ئورنىغا ئەمەس، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە ياكى مەيدىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، ئىش قانداق بولار ئىدى؟ ھازىرقىدەك ھەر نەرسىنى ئوڭايلا كۆرگىلى بولارمىدى؟

دېمەك، بىز بارلىق ئەزالىرىمىز ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە ئەزانى ئەڭ مۇناسىپ ئورۇنلارغا جايلاشتۇرغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. بۇ ئىشلار تاساپىيلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى سايىسىدا ئەمەلگە ئاشقان ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىمىزدىكى ئەزالار ۋە ئۆزىمىزدىكى نېمەتلەر

---

[309] ساد سۈرىسى: 29- ئايەت.
[310] ئەلەق سۈرىسى: 2- ئايەت.
[311] مۇلك سۈرىسى: 30- ئايەت.
[312] قەسەس سۈرىسى: 71- ئايەت.

ئۇستىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇپ: ( وَفِي أَنْفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ ) يەنى «ئۆزۈڭلار توغرۇلۇق تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟»[313] دېگەن.

[313] زارىيات سۈرىسى: 21- ئايەت.

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى  ئۇيغۇرلارغا مەندىن ھەدىيە

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى  ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەن سۆيۈملۈك كىشىلەردۇر. مەن قازاقىستاندا ئون يىلغا يېقىن مۇئەللىم بولۇپ تۇردۇم. بۇ جەرياندا ئۇلاردىن ھۆرمەت ۋە ئىززەتتىن باشقا نەرسە كۆرمىدىم. ئۇلار قەلبىمدە ھەقىقەتەن زور سۆيگۈ ياراتقان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا، خۇسۇسەن، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلاردا بىر مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇر ياشاۋاتقان تۇرۇقلۇق، رەسمىي ستاتىسكىلاردا ئۇلارنىڭ سانى ئاز كۆرسىتىلىپ كەلمەكتە. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، بىلىم ئېلىشنى زۆرۈر مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدىغان، تولىمۇ مەدەنىيەتلىك، ۋەتەنپەرۋەر خەلقتۇر.

1995- يىلى مەن قازاقىستانغا تۇنجى  بارغىنىمدا، ئۇ جايلاردا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئىمان شەرتلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىرلا دىنىي كىتاب بار ئىكەن. باشقىسىنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئىدۇق. چۈنكى يوق ئىكەن. ئەمما قازاقچە، رۇسچە دىنىي كىتابلار تولۇپ تاشقان ئىدى. ئەرەبلەر دىنىي كىتابلارنى رۇسچە نەشر قىلىپ تارقىتاتتى. تۈركلەر قازاقچە نەشر قىلاتتى. بىر مىليوندىن كۆپ ئۇيغۇر تىلىدا ھېچكىم كىتاب باسمىغان ئىدى. مەن تۈرك قارداشلاردىن ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كىتاب نەشر قىلىشنى، تەييارلاش ئىشىنى ئۆزۈم ھەقسىز ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشىمنى تەلەپ قىلغىنىمدا، ئۇلار «بىز قازاقچە نەشر قىلىمىز، ھەممە كىشى قازاقچە بىلىدۇغۇ دەيمەن» دېدى، مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، «ئۇنداق ئەمەس، رۇسلار بۇ مىللەتلەر ئىچىگە ئايرىمچىلىق ۋە دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى سېلىۋەتكەن ئىكەن، شۇڭا بۇلار بىر- بىرىنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەيدۇ. جونجا، ياركەنت، چارىم قاتارلىق ناھىيەلەردىكى ئۇيغۇرلار پەقەتلا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇيدۇ ۋە يازىدۇ، كۆپلىرى قازاقچىنى ۋە رۇسچىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارغا دىنىي كىتاب كېرەك» دەپ چۈشەندۈرگىنىمدە، ئۇلار ماڭا « بۇ يەر قازاقىستان بۇ دۆلەتتە ياشىغان ئادەم قازاقچە ئۆگەنسۇن، بىز قازاق تىلىدىلا كىتاب نەشر قىلىمىز» دېدى. سەئۇدى كونسۇلىدىكى ئەرەبلەر بىلەن مۇناسىۋىتىم ياخشى ئىدى. ئۇلارغا بېرىپ ۋەقەلىكنى ۋە يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسچە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب بېسىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغىنىمدا، ئۇلارمۇ تۈركلەردەك جاۋاب بەردى. ئۇلار يەنە «رۇسچە كىتاب باسساق بۇرۇنقى سوۋېتقا باغلىق 16 جۇمھۇرىيەت كىشىلىرى ئوقۇيدۇ، ئۇيغۇرچە كىتاب بېسىشقا ھاجەت يوق دېدى». شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرغا ئۇيغۇردىن باشقىسى خىزمەت قىلمايدىكەن، ئۇنداقتا بۇ ۋەزىپىنى مەن ئۆزۈم   ئورۇندىشىم كېرەك ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تا ھازىرغىچە 15 پارچىدىن ئارتۇق كىتابىم كىرىل ھەرپىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ بىكار تارقىتىلدى. «ئىسلام ئەقىدىسى»، « نامازدىن ساۋات» دېگەن كىتابلىرىدىم رۇس ۋە قازاق تىللىرىدا كۆپ قېتىم نەشر قىلىندى. ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاراڭ! مەن يىگىرمە يىللىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يېزىپ چىققان ئەسىرىم «تەپسىر جەۋھەرلىرى»نى ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ يېزىقىدا نەشر قىلىشنى پىلانلىغان ئىدىم. كېيىنچە كىرىلچە قىلالىسام قىلارمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ ئەسەرنىڭ ئاۋۋال كىرىل ھەرپىدە يورۇق كۆرۈشىنى ئىرادە قىلغان ئىكەن. قازاقىستاندىكى ياخشىلىق سۆيەرلەردىن بىرى بۇ ئەسەرنى ئۆزى باستۇرۇپ ئۇيغۇرلارغا ھەقسىز تارقىتىش ئىشىنى ئۈستىگە ئالدى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىنىي ئىدارىسى رەسمىي تەستىقلىدى، باش مۇفتى سېرىكباي ئوراز تەپسىرگە بېغىشلىما يېزىپ بەردى. بېغىشلىمىسىدا «بۇ تەپسىر ئۇيغۇر ۋە قازاق تارىخىدا بىردىنبىر تۇنجى مۇكەممەل تەپسىردۇر» دەپ يازدى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تەپسىرنىڭ 1- تومى نەشردىن چىقتى. بۇ يىل رامىزان كىرىشتىن بۇرۇن تارقىتىلدى. قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر مەسجىدلەرنىڭ ھەممىسىگە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇرلار بار جايلارغىمۇ تارقىتىپ چىقتى. مەن بۈگۈن بۇ تەپسىر مېنىڭ قولۇمغا تەگدى. خۇشاللىقتىن ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ شۈكۈر ئېيتتىم. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ بەرگەن نان، تۇزىغا ۋە كۆرسەتكەن ھۆرمىتىگە لايىق ئىش قىلالمىغان بولساممۇ، ئۇلارغا قارشى ۋىجدانىي بۇرچۇمنى نىسبەتەن ئادا قىلدىم دەپ ئويلايمەن. ئاللاھ تائالا بۇ تەپسىرنى بېسىش، تارقىتىش ئىشلىرىغا كۈچ چىقارغان، ئىقتىساد چىقارغان كىشىلەرنى ئىككىلى ئالەمدە ئەزىز قىلسۇن، ئاخىرەتتە مۇكاپاتىنى كەم قىلمىسۇن ئامىن.

## «قۇرئان كەرىم» قانداق كىتاب؟

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» قەدىر كۆتۈرۈشنىڭ، دۇنيادا ئەزىز ياشاشنىڭ، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ كىتابىدۇر. چۈنكى ئۇ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ ئىككى ئالەملىك بەخت _ سائادەتلىك بولۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بىردىنبىر ئىلاھىي كىتابتۇر. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ۋەھيي يولى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ساماۋىي كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق مۆجىزىسىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيىنىڭ 610 _ يىلى مەككىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىم چۈشۈشكە باشلىغان. بۇ رامىزان ئېيىنىڭ 17 ياكى 21- ياكى 24 – كۈنلىرى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپتوغرا 40 ياشتا ئىدى. «**شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَىٰ وَالْفُرْقَانِ**» يەنى«(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئان چۈشۈشكە باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر»[314] دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈشكە باشلىغان ۋاقتىنى بايان قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاۋۋال لەۋھۇلمەھپۇزغا چۈشۈرۈلگەن نۇۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ لەۋھۇلمەھپۇزغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغانلىقى ئۇنىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭمۇ قەتئىي ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلىپ لەۋجۇلمەھپۇزغا يېزىلغان ئىشلار قەتئىي ئۆزگەرمىگەندەك، «قۇرئان كەرىم»مۇ لەۋھۇلمەھپۇزغا خاتىرىلىنىپ ساقلانغان ئىكەن، ئۇ ھەرگىز ئۆزمەرمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» شۇنىڭدىن كېيىن لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى ئاسماندىكى «بەيتۇلئىززەت» دېگەن جايغا چۈشۈرۈلگەن. «**إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ» يەنى «شەكسىزكى، بىز قۇرئاننى** قەدىر كېچىسى چۈشۈردۇق»[315] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاز- ئازدىن چۈشۈپ، جەمئى 23 يىل داۋامىدا تولۇق چۈشۈپ بولغان.

«قۇرئان كەرىم» ئاۋۋالقىلارنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇلارنى ئاجىزلىقتىن قۇدرەتكە، پېقىرلىقتىن بايلىققا، خارلىقتىن ئەزىزلىققا، مەھكۇملۇقتىن ھاكىملىققا ئېلىپ چىققان ئۇلۇغ دەستۇردۇر. «قۇرئان كەرىم» خۇددى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي ئېيتقاندەك « ھاياتىمىزدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئىنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم بولغان كىتاب بولۇپ، ئۆيلەردە، دۇكانلاردا ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلاپ تەۋەرۈك قىلىش ياكى بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپلا بولدى قىلىدىغان كىتاب ئەمەستۇر». ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئەھمىيىتى ناھايىتى ياخشى بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى، قەلبىنىڭ نۇرى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ئىبادەتنىڭ گۈلى قىلغان. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاچقان، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ھۆزى كەۋسىرىدىن قانغۇچە ئىچكەن. شۇنىڭ بىلەن روھىنى سۇغۇرغان. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ سەلتەنىتىنى ئاتا قىلغان. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ۋەدە قىلغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولالمىدۇق. بۇ سەۋەبتىن هازىرقى ھالىمىزغا يېتىپ قالدۇق.

### قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

قۇرئان ئوقۇشتا ۋە ئۇنى ئاڭلاشتا ساناپ بولغۇسىز ھۇزۇر- ھالاۋەت بار. ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا ماڭا خىتاب قىلىۋاتىدۇ دېگەن ھېس-تۇيغۇغا كېلەلىگەن ئادەملا بايقىيالايدۇ. مەسىلەن: «زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن»[316] « نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىن»[317]« بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن»[318] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ئادەم بۇ سۆزلەرنى ئاللاھ تائالا ماڭا قارىتىپ سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بۇ

314 بەقەرە سۈرىسى: 85- ئايەت.
315 قەدىر سۈرىسى: 1- ئايەت.
316316 لۇقمان سۈرىسى18-ئايەت.
317 ساد سۈرىسى26-ئايەت.
318 شۇرا سۈرىسى15-ئايەت.

ئايەتلەردە ئالالاھ تائالا تەلەب قىلغان بويىچە بولىۋاتامدۇ ياكى ئەكسىچە كېتىپ بارامدۇ؟ بۇنى بىلىدۇ ۋە ئۆزىنى ھەم ئەھۋالىنى بۇ ئايەتلەردە بۇيرۇلغان بويىچە توغرىلايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئالالاھ تائالانىڭ«رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟»[319]« زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن»[320]دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا ياكى ئاڭلىغاندا، ئالالاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئالالاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىنى ئورۇندىغان ئادەم قۇرئان كەرىمنىڭ پايدىسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرگەن بولىدۇ.

**ساھابىلار قۇرئان كەرىمگە قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟**

مەرھۇم ئۇستاز سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ياكى بىلىم ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئوقۇمايتتى. بەلكى ئوزۇقلىنىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيتتى.

توغرا، ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەر قوماندانىدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندەك تاپشۇرۇپ ئالاتتى. شۇڭا ئۇلار كۈندىلىك ئالىدىغان تەلىملىرىدە نىزيادىنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار كۈندىلىك ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە ئىجرا قىلىپ ماڭغانلىقتىن، ئۈستىلىرىگە كۆپ تەكلىپلەرنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىۋېلىپ ئەمەل قىلالماي قېلىشلىرىنى ئەنسىرەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار —ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇنىڭ رىۋايەت قىلغىنىدەك[321]— ئون ئايەتنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە ياتلاپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىغا يۆتكىلەتتى.

**قۇرئان كەرىمدىن مەنپەئەت ئېلىشنىڭ شەرتلىرى**

«قۇرئان كەرىم» مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان، قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان بىر كىتاب تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ مۆجىزىلەرنى بىزدە يارىتالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ قەلبىمىزنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ساھابىلارغا ئوخشاش قىلىۋېتەلمەيدۇ؟

«قۇرئان كەرىم» بىزنىمۇ خۇددى ساھابىلارنى ئۆزگەرتكەندەك ئۆزگەرتىشكە ۋە بىزدىمۇ خارىقى ئادەتلەرنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىر. ئەمما ئۇنىڭ بىرلا شەرتى بار. ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ قۇرئان كەرىمگە خۇددى ساھابىلەر مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغىنىدەك قوبۇل قىلىپ ئىجرا قىلىدىغان ھالەتكە كېلىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق ھالەتكە كېلىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى قەلبىمىزنىڭ ئالالاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى بىلەن تولۇشىدۇر. بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئالالاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى ھەممىنى بېسىپ كېتىدىغان بىر تۇيغۇغا ئايلانغىنىدا، «قۇرئان كەرىم» چوقۇم بىزگە تەسىر قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئالالاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا « مېنىڭ تەھدىتلىرىمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىل»[322] دەپ بۇيرىغان. بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. بەقەرە سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەتتىلا بۇ شەرت ناھايىتى روشەن يۇرۇتۇپ بېرىلگەن:«بۇ كىتابتا قىلچە شەك يوق، ئۇ تەقۋادارلار(ئالالاھتىن قورقىدىغانلار)ئۈچۈن بىر يول كۆرسەتكۈچىدۇر.»[323] « بىز قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالالاھتىن قورقىدىغانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن چۈشۈردۇق.»[324]

قۇرئان شۇ قۇرئاندۇر. لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى دىللارنىڭ سۈزۈكلىكىگە ۋە قوبۇل قىلىشتىكى ئەھۋالىغا قاراپ بىر خىل بولمايدۇ. «ئېيتقىنكى، قۇرئان ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەت ۋە شىپادۇر. ئىمان ئېيتمىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا ئېغىرلىق بار، قۇرئان ئۇلارنىڭ(دىللىرىغا) كورلۇقتۇر.»[325]

قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشتىن مەقسەت ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان قەلبنىڭ ئويغاق ۋە سەگەك بولۇشى شەرت. « بىز ئۇنىڭغا شېئىر ئۆگەتمىدۇق. زادى شېئىر ئۇنىڭغا ياراشمايتتى. ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش،

---

319 فۇرقان سۈرىسى45-ئايەت.

320320 قەسەس سۈرىسى40-ئايەت.

321 ئىبنى كەسىر تەپسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە نەقىل قىلغان.

322 قاف سۈرىسى45-ئايەت.

323 بەقەرە سۈرىسى2-ئايەت.

324 تاھا سۈرىسى2-3-ئايەتلەر.

325 فۇسسىلەت سۈرىسى44-ئاايەت.

كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۈشكەن) ۋەز-نەسىھەت ۋە نەسىھەت ۋە روشەن قۇرئاندۇر.»[326]

ئىسلام شائىرى مەرھۇم مۇھەممەد ئىقبال قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن ئىكەن:« قۇرئان كىتابلا ئەمەس، بەلكى ئۇ قەلبكە كىرسە، ئىنسان ئۆزگىرىدۇ، ئىنسان ئۆزگەرسە، دۇنيا ئۆزگىرىدۇ.»

**مۇسۇلمانلاردا كەم نەرسە ئىلىم- مەرىپەت ئەمەس، بەلكى ئىمان**

ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئوقتەك تەرەققىي قىلىشى سايىسىدا، ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلاردىكى كەم نەرسە ئىلىم-مەرىپەت ياكى ئىسلامىي ئۇچۇرلار ئەمەس، بەلكى كەم نەرسە ھەقىقىي ئىمان بىلەن ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى يېڭىپ چۈشىدىغان مەنىۋى قۇۋۋەتتۇر.

مۇسۇلمانلار جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولى شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىنىدۇ. شەخسلەرنى ئىسلاھ قىلىش ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمىدۇر. بۇنىڭدىن ئائىلىدىكى ئىسلام تەربىيىسىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلارغا ئاسماندىن بىرەر مۆجىزە ياكى غايىبانە بىر كۈچ كېلىپ، ئۇلارنى بۇ پاتقاقتىن چىقىرىپ قويمايدۇ. بەلكى ئۆزلىرى تىرىشىپ، تىرمىشىپ چىقىدۇ.

**مۆجىزە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى**

مۆجىزە _ پەيغەمبەرلەرنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل، ئىسپات ۋە پاكىت دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى يېتەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھسسالامغا ئوتتا كۆيمەس مۆجىزىسىنى بەرگەن، بابىل پادىشاھى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنى چوڭ بىر ئوت دۆۋىسىگە ئاتقاندا، ئىبراھىم ئەلەيھسسالام دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ نە بەدىنى، نە تېرىسى كۆيمىگەن، مۇسا ئەلەيھسسالامغا قولى چىراقتەك يانىدىغان، ھاسىسى ئەجدىرھاغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەرنى، ئىسا ئەلەيھسسالامغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، تۇغما كورنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ساماۋىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغىمۇ نۇرغۇن مۆجىزىلەر بېرىلگەن. ئۇنىڭ ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق ۋە تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان بىردىنبىر جانلىق مۆجىزە _ _ قۇرئاندۇر.

مۆجىزىلەر ئەزەلدىن ھەربىر دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ شارائىتىغا قاراپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان نەرسىنىڭ جىنسىدىن بولۇپ، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئۈستۈنلىكى بىلەن كەلگەن. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە ئاتا قىلىشتىكى پرىنسىپىدۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا مۆجىزە ئەۋەتىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايتتى. چۈنكى بىر پەننى بىلمىگەن خەلققە باشقا بىر پەن بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغانلىقنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى. بەلكى دۇئېل ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئۇچىغا چىققان نەرسىسىنىڭ جىنسىدىن بولغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: پىرئەۋننىڭ زامانىدا سېھىرگەرلىك ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا شۇ زاماننىڭ تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا، مۇسا ئەلەيھسسالامغا پۈتۈن سېھىرلەرنى بەربات قىلىپ، سېھىرگەرلەرنى مات قىلىدىغان مۆجىزە ئاتا قىلغان. ئىسا ئەلەيھسسالامنىڭ دەۋرى تېببىي جەھەتتە زور يۈكسەلگەن بىر دەۋر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھسسالامغا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇستا دوختۇرلىرىمۇ ساقايتالمىغان ئاق كېسەلنى، تۇغما كورنى ساقايتىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئەرەبلەردە ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەر چوڭ _ كىچىك ھەممىسى بىردەك شېئىرخۇمار خەلق ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ «ئوكاز»[327] بازىرىدا پۈتۈن ئەدىبلەر ۋە شائىرلار ماھارەت كۆرسىتەتتى. «ئوكاز» ئەينى زاماندا شائىرلارنىڭ شېئىر سورۇنىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتكە بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى: بىر تەرەپتىن، ئۇلار قۇملۇق سەھرالار ۋە يايلاقلاردا ھايات كەچۈرىدىغان خەلق بولغاچقا، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل

---

[326] ياسىن سۈرىسى69-70-ئايەتلەر.
[327] ئوكاز _ ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە بىلەن تائىف شەھەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

مەنزىرىلىرى ئۇلارنى شېئىر ۋە غەزەللەرنى ئېيتىشقا ئۈندەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبلەردە ئومۇمىي بىرلىك بولماستىن، ئۇلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر قەبىلە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى شېئىر ۋە غەزەللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ پەخىرلىنىش ۋە شېئىر بىلەن رەقىبلىرىنى سۆكۈش، ھەتتا بۇ سەۋەبتىن بىر _ بىرىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلىتىش قاتارلىق مۇددىئالار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىستىلىستىكىلىق، بەدىئىي شېئىرلارغا ۋە تالانتلىق شائىرلارغا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. قىسقىسى، ئۇلار شېئىر بىلەن كۆتۈرىلەتتى، يەنە شېئىر بىلەن چۈشەتتى. بەزى بەدىئىي شېئىرلىرىنى كەبىكە ئېسىش بىلەن پەخىرلىنەتتى.

### «قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن دۇنياغا نۇر چاچقان، بەدىئىيلىك ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھالدا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلۈشى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئەرەب (تىللىق راۋان)» باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم (تىلى راۋان ئەمەس)» دەپ مەغرۇرلانغان ئاتاغلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنىڭ جىمى ئەرەبلەرگە دۇئىل ئېلان قىلىشى ئىدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئالدىدا خۇددى چۈش ۋاقتىدا قۇياشقا تىكىلىپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزى خىرەلىشىپ قالغىنىدەك، ئەقىللىرى خىرەلىشىپ بارچە ماھارەتلىرىنى يۈتۈنلەي يوقاتقان ھالدا گاڭگىراپ قالدى.

### «قۇرئان كەرىم» نىڭ توپلىنىشى

«قۇرئان كەرىم» بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىلمۇ توشمىغان بىر ۋاقىت ئىچىدە، يەنى ھىجرىيەنىڭ12 _ يىلى (631 _ مىلادى) يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىنلا رەسمىي كىتاب شەكلىدە توپلانغان.

بۇ پىكىرنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن ساھابىلارنىڭ ئۆلىمالىرى بۇ ئىشقا ھەممە بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم» نى كىتاب شەكلىدە توپلاپ چىقىش ئىشىنى زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ساھابىلار ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا «كۇتتابۇلۋەھىي» يەنى (ۋەھيىنى يازغۇچىلار كومىتېتى)نىڭ ئەزالىرى ئىدى.

### «كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتى

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىبى ۋە «كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، قارىيلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، پەۋقۇلئاددە زېرەك، ھۇشيار ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كېيىن خەلىپىلەر ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كاتىب قىلىپ ئىشلەتكەن. زەيد ئىبنى سابىت جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم» نى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇش شەرەپىگە نائىل بولغان، ئىشەنچلىكلىكى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان ساھابىلارنىڭ بىرى ئىدى.

### «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى «قۇرئان كەرىم»نى توپلاشتىكى ئۇسۇلى

زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى«كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتى ئەزالىرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈشتە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، «كۇتتابۇلۋەھىي» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تېرىلەرگە، سىلىق تاشلارغا، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىغا ۋە يوپۇرماقلىرىغا، شۇنداقلا سۆڭەكلەرگە يېزىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا بىر _ بىر سېلىشتۇرۇپ، ھەر بىر قارىيدىن تىڭشىغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېزىپ ساقلانغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يېزىلغانلىقىغا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان. ئۇلار ھەر بىر ئايەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى گۇۋاھچىنى قەسەم قىلدۇراتتى، ئاندىن شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىنى قارىيلاردىن تىڭشاپ كۆرەتتى، قارىيلارنىڭ ئوقۇغىنى بىلەن يېزىلىپ ساقلانغىنى ئەينەن چىقسا، ئاندىن ئۇنى رەسمى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى قاتارىدىن ساناپ توپلاپ ماڭاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزىپ چىقىپ، «قۇرئان كەرىم» نى ھازىرقى كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن.

«كۇتتابۇلۋەھيى»نىڭ «قۇرئان كەرىم»نى توپلاشتا بۇنداق ئىھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشىگە تۈرتكە بولغان ئامىل شۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاپشۇرۇپ ئالغان پۈتى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك بىر مەجبۇرىيەت ئىدى. «قۇرئان كەرىم» نى توپلىغان«كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار بۇ ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ناۋادا قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، خۇددى ئىلگىرىكى يەھۇدىي، خرىستىئان ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا لەنەتكەردى بولۇپ قېلىش خەۋپىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلاتتى ۋە ياخشى بىلەتتى.

### «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋەھيىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ۋە كېيىنچە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ساھابىلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قارىيلىرىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئالىم، ئەڭ ھوشيار ۋە ئەڭ ئېھتىياتچان شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا ئىدى. «قۇرئان كەرىم» نىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى جەملەپ، ئۇلارنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئىشىغا ساق بىر يىل كەتكەن. ساھابىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى «قۇرئان كەرىم» نى يادقا بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم» نى كىتاب شەكلىدە توپلاپ ئوقۇشقا زور ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئېغىزدىن _ ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈرگەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ھەتتا ئۇنى يادقا ئالمىغان ساھابىلار ئۈچۈنمۇ تونۇشلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش پىلانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەد ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بولغان، تارىختا«يەمامە ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان ئۇرۇشتا ساھابىلاردىن كۆپ كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى، ھەتتا قارىيلاردىن بۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم» نى يادلىغان قارىيلار تۈگەپ كەتسە ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ھېس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ساھابىلار قارىيلارنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم» نىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى رەتلەپ قويغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ تەرتىپى بويىچە كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈپ توپلاش قارارىغا كەلگەن.

### «قۇرئان كەرىم» نىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى

«قۇرئان كەرىم» ھىجرىيىنىڭ 25 _ يىلى (645 _ مىلادى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىلگەن. «قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىش پىكرىنى قارىيلارنىڭ پېشىۋاسى ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىكرنى خەلىپىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلىمالار قوللىغان. «قۇرئان كەرىم»نى ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان شىۋىدە ئوقۇشى ۋە ھەربىر قارىينىڭ ئۆزى ئوقۇغان شىۋىنى ھەممىدىن ئەۋزەل سانىشى نەتىجىسىدە چىققان ئىختىلاپنى يوق قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» نى ھەممە بىر خىل قىرائەت ۋە بىر خىل شىۋىدە ئوقۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۇنى بىرلا قۇرەيش شىۋىسىدە نۇسخىلاپ، ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن.

### «قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاندۇرۇش ئۇسۇلى

«قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاش ئىشىنى «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق قارىي ساھابىلار ئۈستىگە ئالغان. «قۇرئان كەرىم» نى نۇسخىلاندۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلانغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئېلىپ كېلىپ، نۇسخىلارنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نۇسخىلاندۇرغان، ئاندىن ئەسلى نۇسخىنى يەنە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، يېڭى نۇسخىلاردىن بىرىنى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ قالغانلىرىنى ئىسلام ئەللىرىدىن ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن بىر قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە ھەر جايدا «قۇرئان كەرىم» نىڭ مۇشۇ نۇسخىسىنى ئوقۇش توغرۇلۇق مەخسۇس پەرمان چىقارغان. ئاندىن مۇشۇ قېتىم نۇسخىلارغا كۆپەيتكەندىن باشقا قۇرئان دەپ سانالغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلاندۇرغان «قۇرئان كەرىم» زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوقۇلۇۋاتقان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇسخا «مۇسھەف ئوسمانى» (ئوسمانىي

قۇرئــان) دەپ ئاتىلىــپ كەلمەكــتە. ئوســمان ئىبنــى ئاففــان رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنــىڭ زامانــدا كــۆپەيتىلگەن «قۇرئــان كەرىــم» نۇســخىلىرى 5 ئىــدى، دېگەنلەرمــۇ ۋە 6 ئىــدى، دېگەنلەرمــۇ بــار. ئەممــا خەلىــپە ئوســمان رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنــىڭ مىســىر، بەھــرەين، يەمەن، مەكــكە، بەســرە قاتــارلىق شــەھەرلەرگە بــەردىن «قۇرئــان كەرىــم» نــى بــەردىن قــارى بىــلەن قوشــۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق.

## ھەزرىتى ئوسمان زامانىدىكى قۇرئاننىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى

ھەزرىتــى ئوســمان زامانــدا توپلىنىــپ ۋە ھەر قايىســى ئىســلام ئەللىــرىگە ئەۋەتىلــگەن «قۇرئــان كەرىــم» نىــڭ شــۇ ۋاقىتتىكــى ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ئەممــا شــۇ ۋاقىتتىكى قولىيازمــا نۇسخىلاردىن بىــرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، يەنە بىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر مۇزىيى» دا، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى «مۇسۇلمانلار ئىدارىسى»نىڭ كۇتۇپخانىسىدا، تامغا ئورنىتىلغان مەخسۇس ئەينەك جىھازنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە نەشر قىلىنىش تارىخى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە بېسىلغان تۇنجى نەشرى 1538 _ يىلى ئىتالىيەدە بېسىپ چىقىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن 1694- گېرمانىيەدە، 1728 _ يىلى تۈركىيەدە، 1787 _ يىلى رۇسى يەنى ڭ سانىت پېتىربۇرگ شەھىرىدە، 1802 _ ھىندىستاندا، 1834 _ يىلى گوللاندىيەدە، 1848 _ يىلى تاتارىستان پايتەختى قازاندا شەھىرىدە، 1823 _ يىلى مىسىردا، 1949 _ يىلى مەككىدە بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئەمما بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا 12 _ ئەسىردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۇنجى تەرجىمىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ رەسمىي مەتبەدە بېسىلىشى 20 _ ئەسىردىلا ئەمەلگە ئاشقانلىقى سۆزلىنىدۇ.

## «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى

«قۇرئان كەرىم» ھازىرغىچە، ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە ۋە باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە، ھەتتا ياپونىيە، جۇڭگو، موسكۋا ۋە ئىتالىيەلەرگە ئوخشىغان مۇسۇلمان ئەمەس مەملىكەتلەردىمۇ نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلىپ كەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قۇرئان كەرىمنى بىر خىل شەكىل ۋە بىر خىل خەت نۇسخىسى بىلەن بېسىپ ئۇنى پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق پادىشاھى مەرھۇم فەھد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز نامىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدە «قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى» قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلغان ۋە ئاخىرى ئۇنى قۇرۇپ چىققان. چۈنكى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى «قۇرئان كەرىم» چۈشۈپ تاماملانغان ۋە ئايەتلىرى توپلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان مۇبارەك جاي ئىدى.

## مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1984- يىلى 30- ئۆكتەبىر كۈنى «قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئاكادېمىيىنىڭ بىناسى ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ناھايىتى كۆركەم ھەم زامانىۋىي شەكىلدە قۇرۇپ چىقىلغان. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ تەبۇك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، 250 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر مەيدانىغا ئىگە. بۇ ئاكادېمىيىدە ئالىملار، قارىيلار، خەتتاتلار، ئىشچىلار بولۇپ جەمى 900گە يېقىن ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇ ئاكادېمىيە يىلىغا 30 مىليوندىن كۆپرەك «قۇرئان كەرىم» بېسىپ چىقىش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىليون ئەتراپىدا قۇرئان بېسىپ چىقارماقتا.

مۇندىن باشقا، تەپسىر ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرىنى بېسىپ تارقىتىشتىن تاشقىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر قارىيلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن ئوقۇلغان «قۇرئان كەرىم» لېنتىلىرىنى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى

«قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلىش ئاكادېمىيىسى»دە ھازىرغىچە ئىسپانىيە،گېرمانىيە، ئىنگلىز، ھىندونېزىيە، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس، ئۇردۇ، پارس، پاشتۇ، تۈرك، تايلاند، سومالى، فرانسۇز، كەشمىر، كۇرىيە، مىلبارى، ھەۋسا، بورما، گرېك، زۇلۇ، بوسنا قاتارلىق 30 دىن كۆپرەك تىلدا «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىلىرى بېسىلىپ تارقىتىلغان.

**«قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «الصبر» (سەۋر)نىڭ مەنىسى**

سەۋر لۇغەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا چىدامچانلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، تەقدىرگە تەن بېرىش قاتارلىق ئۈچ مەنىدە كېلىدۇ. سەۋر «قۇرئان كەرىم»دىمۇ مۇشۇ ئۈچ مەنىدە كەلگەن.

4. چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر

چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر — ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، ئىبادەتتە ۋە ھەق يولىدىكى كۈرەشلەردە مەزمۇت قەدەم بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. رَبُّ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ) يەنى « ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. شۇڭا، سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[328]، (وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا ) يەنى «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ چىداملىق بولغىن»[329]، (يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ) يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! چىداملىق بولۇڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[330] دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن «صبر» چىدامچانلىق مەنىسىدە كەلگەن. بۇ خىلدىكى سەۋرگە ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت – تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

5. **ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر**

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر— ئاچچىقنى بېسىۋېلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن، گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿**فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ**﴾ يەنى «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن»[331]، ( وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ) يەنى «(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر»[332] دېگەن ئايەتلەردىكى سەۋر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدە كەلگەن. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئاچچىقنى بېسىۋېلىش، كۆڭۈل گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئەقلىنىڭ نىداسىغا قولاق سالغان ھالدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، يامان ئىشلاردىن، گۇناھ_مەسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش، ئۆزىنىڭ نەپسىنى باشقۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ خۇددى رامىزاندا روزا تۇتقان مۇسۇلمان ئادەم كۈننىڭ ئوتتەك ئىسسىقى ۋە ئۇزۇن كۈنلىرىدە كۆڭلى مۇزدەك سۇنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى يىغىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ راھەتلىنىشتىن ۋازكەچكىنىگە، بىراۋنىڭ نەپسي گۇناھ_مەسىيەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، يامان ئىشتىن ساقلانغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر.

**6. تەقدىرگە تەن بېرىش**

تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسكى سەۋر— ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ، بالا-قازاغا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەسلىك، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش دېگەنلىكتۇر. وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ * الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّـا إِلَيْهِ رَاجِعونَ)يەنى« ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»[333]، (فَاصْبِرْ صَبْراً جَمِيلاً) يەنى «چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن»[334]. بۇ ئايەتلەردىكى سەۋر بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر سەۋەبلىك

---

[328] مەريەم سۈرىسى: 65- ئايەت.

[329] تاھا سۈرىسى: 132- ئايەت.

[330] ئال ئىمران سۈرىسى: 200- ئايەت.

[331] قاف سۈرىسى: 39- ئايەت.

[332] نەھل سۈرىسى: 126- ئايەت.

[333] بەقەرە سۈرىسى: 155- ئايەت.

[334] مەئارىج سۈرىسى:5- ئايەت.

ئۆزىنى يوقىتىۋەتمەسلىك ۋە تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسىدە كەلگەن. بالا-قازانى ۋە قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر — ئۆلۈم _ يېتىمگە، بالايىئاپەتكە ئوخشىغان تەقدىرگە تەن بېرىشتىن باشقا چارىسى بولمىغان مۇسىبەتلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى تۆگەشتۈرۈۋەتمەي، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق ھاياتىنى ھەسرەت ۋە نادامەتسىز داۋام قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىقمۇ بۇ تۈردىكى سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

**سەۋر بىزنىڭ تىلىمىزدا ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ**

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر— بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى تېزلا كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ساقلاش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسىلەن: يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ ھامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلانغاندىن باشقا قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

## ئايالنىڭ يۈزى ئەۋرەتمۇ؟

مۇسۇلمان خانىم – قىزلىرىنىڭ يۈزىنى يۆگىشى نىقاب دەپ ئاتىلىدۇ، يۈزى ۋە قولىدىن باشقا بارلىق ئەزالىرىنى يۆگەپ يۆرۈشى ھىجاب دەپ ئاتىلىدۇ، يات ئەرلەرگە كۆرسەتمەيدىغان جايلىرى ئەۋرەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەۋرەت — ئىنساننىڭ ئېچىلىپ قالسا ئەيىب سانىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاراشتىن ھايا قىلىنىدىغان ئورگانلىرى دېمەكتۇر. ئەۋرەت ئىسلام ئاتالغۇسىدا: قۇرئان ۋە ھەدىستە يۆگەپ يۆرۈشكە بۇيرۇلغان جايلاردۇر.

ھىجاب _ ئايالنىڭ بېشىنى، چېچىنى، قۇلاقلىرىنى، بويىنىنى ۋە كۆكسىنى زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ تۇرىدىغان، گەۋدىسىنى سۈپەتلەپ بەرمەيدىغان دەرىجىدە ئازادە، كۆرسەتمەيدىغان دەرىجىدە قېلىنراق كىيىم كىيىشى دېگەنلىكتۇر.

نىقاب _ ئايالنىڭ يۈزىنى پۈتۈنلەي يۆگەپ تۇرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھىجابنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدە بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن. ئەمما نىقاب مەسىلىسىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ئايالنىڭ سىرتقا چىققاندا ياكى يات ئەرلەر بار جايدا نىقابلىنىشىنىمى پەرز دېسە، بەزى ئۆلىمالار پەرز ئەمەس، مۇباھ دەيدۇ. ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلەردە ئايال يۈزىنى يۆگىسۇن دەيدىغان ئوچۇق ۋە ئېنىق دەلىل كەلمىگەنلىكى ئىدى. نىقابنى پەرز دېگەنلەرمۇ، ئۇنى پەرز ئەمەس دېگەنلەرمۇ مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھىجابلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى ھەققىدە توختىلىمىز:

### ئايالنىڭ نىقابلىنىشى پەرز دېگۈچىلەرنىڭ دەلىللىرى

1. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:(وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ)يەنى (مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى(ھارامدىن) ساقلىسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن، زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىنئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتكارلاردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (نارەسىدە) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، يوشۇرۇن زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار)(335).

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ (كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم) دېگەن قىسمىنى تاشقى كىيىم ياكى جىلباب (يەنى كىيىمنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالىدىغان كىيىم) دەپ تەپسىر قىلغان. ئاللاھ تائالا ئېچىشقا رۇخسەت قىلغان نەرسە پەقەتلا تاشقى كىيىم بولغان ئىكەن، ئايال سىرتقا چىققاندا، پۈتۈن گەۋدىسىنى يۈزى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ تۇرىدىغان كىيىم كىيىشى پەرزۇدر.

2. مەزكۇر ئايەتنىڭ (وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ) يەنى (ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن) دېگەن قىسمى ئايال سىرتقا چىققاندا بېشى بىلەن يۈزىنى يۆگەپ تۇرىدىغان ياغلىق تاقاپ چىقىشى پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىشە رەزىيەلاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تۇنجى مۇھاجىر ئاياللارغا ئاللاھ رەھمەت قىلغاي، ئاللاھ (ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن) دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار كىيىملىرىنى يىرتىپ ياغلىق قىلىپ يۆگىنىۋالغان

(335) نۇر سۈرىسى 31 _ ئايەت

ئىدى»[336]. ئەللامە شىنقىتى بۇ ھەدىس ئايال ساھابىلەرنىڭ يۇقىرىقى ئايەتنى يۈزىنى يۆگەش دەپ چۈشەنگەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ، دېگەن.

3. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُلْ لِأَزْوَاجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِنْ جَلَابِيبِهِنَّ ذَلِكَ أَدْنَى أَنْ يُعْرَفْنَ فَلَا يُؤْذَيْنَ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ يەنى﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، (سىرتقا چىققاندا) پۈركەنچى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ (ئىپپەتلىك ئايال ئىكەنلىكى) ئوڭايلا تونۇلىدۇ _ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[337].

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى بۇ ئايەتنىڭ ﴿پۈركەنچى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن قىسمىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ : «ئاللاھ مۇئمىن ئاياللارنى سىرتقا چىققاندا جىلباب بىلەن بېشىدىن باشلاپ پۈتۈن گەۋدىسىنى يۈزى بىلەن قوپشۇپ يۆگەپ، سول كۆزىنىلا ئوچۇق قويغان ھالدا چىقىشقا بۇيرۇغان دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى نەقىل قىلغان. تابىئىن ئۆلىمالىرى ئۇبەيدە سەلمانىي ئايەتنى: ئايال سىرتقا چىققاندا يۈزىنى ۋە بېشىنى يۆگەپ، سول كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ چىقىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. كۆپىنچە مۇپەسسىرلەر ئىبنى ئابباس ۋ ئۇبەيدە سەلمانىينىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان. ئەمما بۇ رىۋايەت ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئالدىنقى ئايەتتىكى (كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم) نى ئايالنىڭ يۈزى، قولى، ئۈزۈكى، دەپ قىلغان تەپسىرىگە زىت كېلىدۇ.

4. ﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ﴾ يەنى﴿ سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراپ ئېلىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ ﴾[338]. بۇ ئايەت ئاياللار يات ئەرلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي يۆگىنىش پەرزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ يۆگىنىش يۈزنى يۆگەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. ئىبنى ئابباس رەزىيەرللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئېھرام باغلىغان ئايال نىقابلانمايدۇ ۋە پەلەي كىيمەيدۇ»[339] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس شۇ زامانلاردا نىقابنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

6. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن ئېھرامدىكى ۋاقتىمىزدا يېنىمىزدىن يات ئەرلەر ئۆتسە، كىيىمىزمىز بىلەن يۈزىمىزنى يۆگىۋالاتتۇق، ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاچاتتۇق» دېگەن. بۇ ھەدىس يات ئەرلەر بار يەردە يۈزنى يېپىشنىڭ پەرزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

7. ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: « ئايال ئەۋرەتتۇق، ئەگەر ئۇ سىرتقا چىقسا، شەيتان ئۇنى ئەرلەرنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ» دەپ كەلگەن. بۇ ھەدىس ئايالنىڭ يۈزى بىلەن پۈتۈن گەۋدىسى ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**نىقاب پەرز ئەمەس دېگۈچىلەرنىڭ دەلىللىرى**

1. يۇقىرىقى (كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن)[340] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئەئمەش سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن، سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئايەتتىكى (كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم) نى ئايالنىڭ يۈزى، قولى، ئۈزۈكى، دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئۆمەر، ئاتائ، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇ شەئسا، زەھھاك، ئىبراھىم نەخەئىي قاتارلىق ئۆلىمالارمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان[341]. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېگەن: «(كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم) دېگەن ئايەت ھەققىدىكى ئەڭ توغرا سۆز: ئايالنىڭ يۈزى ۋە قولىدۇر. ئۇنىڭغا يەنە ئايالنىڭ سۈرمىسى، ئۈزۈكى، بىلەيزۈكلىرى ۋە خىناسى قاتارلىق نەرسىلىرىمۇ كىرىدۇ».

2. (وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ) يەنى (ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن) دېگەن ئايەتنى ئەللامە تەبەرى ۋە قۇرتۇبى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر: ئاياللار چېچىنى، بوينىنى، مەيدىسىنى يۆگەپ تۇرىدىغان ياغلىق تاڭسۇن، دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى ياغلىق دېگەن باشنى يۆگەيدىغان نەرسە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتە (ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى

---

[336] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[337] ئەھزاب سۈرىسى: 59- ئايەت.
[338] ئەھزاب سۈرىسى:53 ئايەت.
[339] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[340] نۇر سۈرىسى: 30- ئايەت.
341 تەپسىرى ئىبنى كەسىر، 3- توم، 284- بەت.

بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن) دېگەنلىكى، يۈزىنى يۆگىسۇن دېمىگەنلىكى ناھايىتى ئوچۇقتۇر. چۈنكى ياغلىق دېگەن باشنى يۆگەيدىغان نەرسىدۇر. ھەرقانداق بىر سۆز ئالدى بىلەن ئەسلى مەنىگە دالالەت قىلىدۇ، ئەسلى مەنىدىن باشقىسى مەقسەت قىلىنغان بىرەر قەرىنە (دەلىل) تېپىلغاندىلا، ئۇنى باشقا مەنىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ياغلىق دېيىلسە، باشنى يۆگەيدىغان نەرسە دەپ چۈشىنىلىدۇ. ئەرەب تىلىنىڭ «المعجم الوسيط» دە «**خمار** المرأة : ثوب تغطّي به رأْسَها» يەنى ئايالنىڭ ياغلىقى _ ئايالنىڭ بېشىنى يۆگەيدىغان نەرسىسىدۇر، دەپ كەلگەن.

3. ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُلْ لِأَزْوَاجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِنْ جَلَابِيبِهِنَّ ذَلِكَ أَدْنَى أَنْ يُعْرَفْنَ فَلَا يُؤْذَيْنَ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ يەنى﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، (سىرتقا چىققاندا) پۈركەنچى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ (ئىپپەتلىك ئاياللار ئىكەنلىكى) ئوڭايلا تونۇلىدۇ _ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[342] دېگەن ئايەتنىڭ ﴿پۈركەنچى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن قىسمىنى ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر ﴿يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِنْ جَلَابِيبِهِنَّ﴾ يەنى ﴿پۈركەنچى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئايەتتىكى «جَلَابِيبِ» دېگەن سۆز «جىلباب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئادەتتىكى ياغلىقتىن چوڭراق، پەلتودىن كىچىكرەك نەرسە بولۇپ، ئايال ئۇنى ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىگە قويۇپ بېرىپ بېشىغا ئارتىۋالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ ئىككى مۈرىسى، دۈلىسى يۆگىلىپ تۇرىدۇ، ئايال بۇنى سىرتقا چىققاندا كىيىدۇ»[343]. بۇ بىزدىكى پۈركەنجىنىڭ ئۆزىدۇر (پۈركەنجىنى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە كەڭ ياغلىق، رومال دەپ ئىزاھلىغان). بۇ ئايەتنىڭ لەۋزىدە يۈزنى يۆگەشكە ئالاقىدار ھېچبىر ئىشارەت يوق.

ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «ئاياللارنىڭ پۈركەنىسى ئۇلار ياشىغان رايونلارنىڭ ئادىتىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ» دېگەن. بۇنىڭدا ئابايەگە ئوخشىغان مەلۇم بىر كىيىمنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمان ئاياللىرىغا ئومۇملاشتۇرۇشقا ھېچبىر ھاجەت يوق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان.

4. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر كۈنى ئەسما (ئائىشەنىڭ ھەدىسى) رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە نېپىز كىيىم كىيگەن ھالدا كىرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يۈزىنى چۆرۈپ تۇرۇپ: ‹ئى ئەسما! قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئەزالىرىنى ئوچۇق قويماسلىقى كېرەك› دەپ يۈزى بىلەن ئىككى قولىنى كۆرسەتتى»(344) دېگەن. بۇ ھەدىس ئايالنىڭ يۈزى بىلەن قولىنىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

5. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ۋەز - نەسىھەت قىلىۋېتىپ ‹ئى ئاياللار! سىلەرنىڭ كۆپ سانلىقىڭلار دوزاخقا ئوتۇن بولىدۇ› دېگەندە، ئاياللارنىڭ ياخشىلىرىدىن بولغان، ئىككى مەڭزى قارا بىلەن قىزىلغا مايىل كەلگەن بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، ‹يارەسۇلۇللاھ! بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟› دېدى...»[345]. بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئاياللارنىڭ يۈزى ئوچۇق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ يۈز ئوچۇق بولمىسا ئىدى، بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى جابىر ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قارىغا مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەن بولاتتى.

**ئايالنىڭ ئەۋرىتى ھەققىدە بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ ئېيتقانلىرى**

ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان تۆت فىقھي مەزھەبنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايالنىڭ ئەۋرىتى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. ھەنبەلىي ۋە شافىئىي مەزھەپلىرىدىكى كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، يات ئەرنىڭ ئالدىدا ئايالنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر. ئەمما ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەپلىرىدە يات ئەرنىڭ ئالدىدا ئايالنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولىدىن باشقا بارلىق بەدىنى ئەۋرەتتۇر[346]. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ئايالنىڭ ئىككى پۇتىنىمۇ قوشۇپ، ئۇنى ئەۋرەت ئەمەس ئەزالار قاتارىدىن سانىغان. چۈنكى ئىمام ئەزەمنىڭ نەزىرىدە، مەزكۇر ئايەتتىكى «كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم» يۈز ۋە قولنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك پۇتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇتمۇ ئادەتتە ئوچۇق تۇرىدىغان ئەزادۇر. دېمەك، ھەنەفىي ھەزھىپىدە، ئايال يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىنى، قولىنى ۋە پۇتىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرسە گۇناھ بولمايدۇ.

---

[342] ئەھزاب سۈرىسى: 59- ئايەت.

[343] ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇرنىڭ «التحرير والتنوير» ناملىق تەپسىرىدىن.

(344) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[345] ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[346] ئەللامە مۇھەممەد ئەلى سابۇنىينىڭ «ئەھكام ئايەتلىرى» ناملىق ئىسىرى 2- توم،160- بەت.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «ئەرنىڭ ئەۋرىتى كىندىكى بىلەن ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلاردۇر، ئۇنىڭ كىندىكى بىلەن ئىككى تىزى ئەۋرەت سانالمايدۇ. ئايالنىڭ نامازدا يۈزى بىلەن قولىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنىنى يۆگىشى پەرزدۇر»[347].
ئىمام شافىئىنىڭ بۇ سۆزىنى شەھلىگەن ئۆلىمالار بۇ ھۆكۈم نامازغىلا خاس ئەمەس (يەنى ئايالنىڭ يۈزى بىلەن قولى نامازدىلا ئەمەس، بەلكى ناماز سىرتىدىمۇ ئەۋرەت ئەمەستۇر) دەپ شەرھلىگەن.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئايالنىڭ ھەممە ئەزاسى ئەۋرەتتۇر، ھەتتا تىرناقلىرىمۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ. ئەمما ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن قازى ئەبۇ يەئلا: «يات ئايالنىڭ يۈزى بىلەن قولىدىن باشقا ئەزاسىغا قاراش ھارامدۇر» دېگەن.

ھەنەفى فىقھىدىكى «ھىدايە» ناملىق شانلىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بۇرھانۇددىن مەرغىنانى: «ھۆر ئايالنىڭ يۈزى ۋە قولىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر»[348] دېگەن.

ئەللامە يەھيا ئىبنى ئابدۇللاھ بەكىر ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىدە، ئىمام مالىكنىڭ: «ئايالنىڭ يۈزى بىلەن قولى ئەۋرەت ئەمەس» دېگەن سۆزىنى نەقىل قىلغان. مالىكىي مەزھىپىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ئىبنى خەلەف باجى «ئايالنىڭ يۈزى بىلەن قولىدىن باشقا ھەممە ئەزاسى ئەۋرەتتۇر»[349] دېگەن.

ئەللامە ئىبنى ھەجەر ھەيتەمى قازى ئىيازنىڭ «ئايالنىڭ يۈزىنى يۆگەشكە مەجبۇر ئەمەسلىكىدە ۋە ئەرلەرنىڭ ئۇلارغا تىكىلىپ قارىشىنىڭ ھاراملىقىدا ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن»[350] دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. ئەللامە شەۋكانىيمۇ قازى ئىيازنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلغان»[351].

**ئايالنىڭ ئەۋرىتى ھەققىدە ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆزقاراشلىرى**

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىي، ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي، ئەللامە يۈسۈپ قەرداۋى، ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ كۆپ سانلىق ئۆلىمالىرى، تۇنىستىكى زەيتۇنە، ماراكەشتىكى قەرۋىن جامەسىنىڭ ئۆلىمالىرى، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى كۆپ سانلىق ئۇلىمالار ئايالنىڭ يۈزى بىلەن قولىنىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئۇلىمالىرى، ئەرەب قولتۇقىغا جايلاشقان دۆلەتلەردىكى ئۆلىمالار، پاكىستان ۋە ھىندىستاندىكى ئاز سانلىق ئۆلىمالار ئايالنىڭ يۈزىنى يۆگىشى پەرز دەپ قارايدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدىغان ئۆلىمالار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئىبنى باز، پاكىستان ئىسلام جامائىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى قاتارلىقلاردۇر.

**نىقاب پەرز ئەمەس دېگۈچىلەرنىڭ پەرز دېگۈچىلەرگە بەرگەن جاۋابى**

1. (كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم) دېگەن ئايەتنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «ئايالنىڭ يۈزى، قولى، ئۈزۈكى» دەپ تەپسىر قىلغانلىقى يۇقىرىدا ئۆتتى.
2. (ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن) دېگەن ئايەتنى ئەللامە تەبەرى، قۇرتۇبى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر: ئاياللار چېچىنى، بويىنىنى، مەيدىسىنى يۆگەپ تۇرىدىغان ياغلىق تاڭسۇن، دەپ تەپسىر قىلغانلىقى يۇقىرىدا ئۆتتى.
3. ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، (سىرتقا چىققاندا) پۈركەنچى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن) دېگەن ئايەتنى «ئايەتتىكى «جَلَابِيبِ» دېگەن سۆز «جىلباب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئادەتتىكى ياغلىقتىن چوڭراق، پەلتودىن كىچىكرەك نەرسە بولۇپ، ئايال ئۇنى ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىگە قويۇپ بېرىپ بېشىغا ئارتىۋالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ ئىككى مۈرىسى يۆگىلىپ تۇرىدۇ، ئايال بۇنى سىرتقا چىققاندا كىيىدۇ» دېگەن تەپسىرى يۇقىرىدا ئۆتتى.
4. ﴿ سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراپ ئېلىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ) دېگەن ئايەت نىقابنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى ئاياللار ئادەتتە ئۆي ئىچىدە بولغىنىدا تولۇق يۆگىنىپ يۈرمەيدۇ، ھەتتا بەزىلىرى بېشىغا

347 ئىمام شافىئىينىڭ «ئەل ئۇم» ناملىق ئەسىرى، 1- توم، 109- بەت.

[348] «ھىدايە» 1- توم، 258- بەت.

[349] «مۇۋەتتەئنىڭ شەرھى مۇنتەقا» 4- توم، 105- بەت.
[350] «مىنھاجنىڭ شەرھى تۇھفەتۇل مۇھتاج» 7- توم، 193- بەت.
[351] «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 2- توم، 313 – 325 بەتلەر.

ياغلىق ياكى رومالمۇ ئارتمايدۇ، شۇڭا ئايەت ئۇلار يات ئەرلەرگە بىر نەرسە بەرمەكچى ياكى ئۇلاردىن ئالماقچى بولسا بىشىغا ياغلىق ياكى رومال ئارتماي ئۇلارغا كۆرۈنمىسۇن، دەپ تەلىم بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا خاس ھۆكۈم بولۇپ، باشقا ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دەپ قارايدۇ[352].

5. ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىھرام باغلىغان ئايال نىقابلانمايدۇ ۋە پەلەي كىيمەيدۇ»[353] دېگەنلىكى نىقابلىنىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى دەلىللىيەلمەيدۇ. ئەسلىدە بۇ ھەدىس يۈز بىلەن قول ئەۋرەت ئەمەس دېگەنلەرنىڭ رەيىنى كۈچلەندۈرۈشكە دەلىل بولالايدۇ. چۈنكى تىكىلگەن نەرسىلەرنى كىيىش، خۇش بۇي قوللىنىش، ئوۋ ئوۋلاش دېگەندەك ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا چەكلەنمەيدىغان مۇباھ ئىشلار ھەج ياكى ئۆمرىگە ئىھرام باغلىغان كىشىلەر ئۈچۈن چەكلىنىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى پەرز ياكى ۋاجىب ئىشلار ئەمەس، پەقەت ئىھرام سەۋەبى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىشلارغا ئايلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك يۈزنى ۋە قولنى ئوچۇق قويۇپ يۈرۈش ئادەتتە مۇباھ ئىشلار قاتارىدىن بولغانلىقتىن، ئىھرام سەۋەبى بىلەن ئۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان.

6. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ «بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن ئىھرامدىكى ۋاقتىمىزدا يېنىمىزدىن يات ئەرلەر ئۆتسە، كىيىمىزنى بىلەن يۈزىمىزنى يۆگىۋالاتتۇق، ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاچاتتۇق» دېگەنلىكى شەرئەت ھۆكۈملىرىنى دەلىللەشكە يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى مۇھەددىسلەر بۇ ھەدىسنىڭ ۋارىلىرى ئىچىدە يەزىد ئىبنى ئەبۇ يەئىلا ئىشەنچلىك ئادەم ئەمەس. ھەدىسنى سەھىھ دېگەن تەقدىردىمۇ بۇ ئائىشەنىڭ قىلغان ئىشى بولۇپ، پەرزلىك ئىپادىلىمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا پەرزلىكنى ئىپادىلىمىگەن يەردە، ئائىشەنىڭ قىلغان ئىشى پەرز بولۇپ قالامدۇ؟

7. «ئايال ئەۋرەتتۇق، ئەگەر ئۇ سىرتقا چىقسا، شەيتان ئۇنى ئەرلەرنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ» دېگەن ھەدىس ئايالنىڭ پۈتۈن ئەزاسى ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەدىستىن ئايالنىڭ يۈزىنى ۋە قولى ئەۋرەت دېگۈچىلەرگە دەلىل چىقمايدۇ.

8. ئەللامە يۈسۈپ قەرداۋى مۇنداق دەپ يازغان: «نىقابنىڭ پەرز ئەمەسلىكى ۋە مۇسۇلمان ئايالنىڭ يات ئەرنىڭ ئالدىدا يۈزىنى ۋە قولىنى ئېچىشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى ساھابىلارنىڭ زامانىدىن باشلاپ كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئېنىق بىر مەسىلىدۇر»[354].

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي ۋە ئەللامە يۈسۈپ قەرداۋى قاتارلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى نىقابنىڭ پەرز ئەمەسلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

1. (كۆزلىرىنى تۆۋەن قىلسۇن) (كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن)[355] دېگەن ئايەتتىكى (كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم) دىن مەقسەت مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، يۈز، قول، سۈرمە، ئۈزۈك ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى يات ئاياللارغا تىكىلىپ قارىماسلىققا بۇيرۇپ: ((ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پاكلىقتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر)[356] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن مەنئى قىلغان سۆزىدە: «قاراۋەرمە! بىرىنچى قېتىملىق قاراشقا ھەققىڭ بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىم يەنە قاراشقا ھەققىڭ يوق»[357]دېگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ماڭا ئالتە ئىشتا كاپالەت بېرىڭلار، مەن سىلەرگە جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كاپالەت قىلىمەن: سۆزلىگەندە راست سۆزلەڭلار، ۋەدە قىلساڭلار ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەت تۇتساڭلار ئۇنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار، ئەۋرىتىڭلارنى زىنادىن ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، قولۇڭلارنى يامان ئىشلاردىن ۋە ھارامدىن يىغىڭلار»[358]. ئەگەر ئاياللارنىڭ يۈزى يېپىقلىق بولسا، بۇ ئەرلەر نەگە قارايدۇ؟ مەلۇمكى، ئاياللارنىڭ يۈزى ئوچۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەرنى ئۇلارغا تىكىلىپ قاراشتىن توسقان.

3. ((ئى پەيغەمبەر!) بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خوتۇن ئېلىشىڭ، باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسنى _ جامالى سېنى قىزىقتۇرغان تەقدىردىمۇ، بۇلارنى يەڭگۈشلىشىڭ ساڭا ھالال بولمايدۇ. پەقەت قول ئاستىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ

---

[352] ئەللامە يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 2- توم، 328- بەت.

[353] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[354] «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 2- توم،313 –بەت.

[355] نۇر سۈرىسى: 30- ئايەت.

[356] نۇر سۈرىسى: 30- ئايەت.

[357] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان، بەيھەقى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

(358) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر)[359] دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (باشقا ئاياللارنىڭ ھۆسنى _ جامالى سېنى قىزىقتۇرغان تەقدىردىمۇ...) دېگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يات ئاياللارنى كۆرۈشىنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئەگەر ئاياللار نىقابلىق بولسا، ئۇلارنىڭ جامالىنى قانداق كۆرىدۇ؟

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن كىمكى بىرەر ئايالنى كۆرۈپ قالسا، دەرھال ئۆزىنىڭ ئايالىغا كەلسۇن. شۇنداق قىلسا كۆڭلىدىكى شەھۋەتنى قايتۇرىدۇ»[360] دەپ كۆرسەتكەن. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئاياللارنىڭ يۈزى يېپىقلىق بولسا، ئەرلەر ئۇلارنى قانداق كۆرەلەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىسە قانداق شەھۋىتى قوزغىلىپ قالىدۇ؟

5. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ‹يارەسۇلۇللاھ! مەن ئۆزۈمنى سىلىگە خوتۇنلۇققا ئاتاپ كەلدىم› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا باشتىن ئاخىر قاراپ چىقىپ بېشىنى چايقىدى...»[361]. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ يۈزى ئوچۇق بولمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداقمۇ ئۇنىڭغا سەپ سېلىپ قارىيالىدى؟

6. ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مۇنداق دېگەن: «نىقاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بار ئىدى، ئۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ ھېچقانداق ئەزاسى ئوچۇق تۇرمايتتى، دەپ گۇمان قىلغۇچىلارنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوقتۇر. چۈنكى مەن ئەڭ سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدىن 12 ھەدىسنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى شۇ زامانلاردا ئاياللارنىڭ يۈزى ئوچۇق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ».

7. نىقابنىڭ پەرز دېگۈچىلەرنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرى پۈت تىرەپ تۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار «يامان نەتىجىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇ يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى ھارام قىلىش» دەيدىغان قائىدىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئايالنىڭ يۈزى ئەۋرەت بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزى ئوچۇق ھالەتتە سىرتقا چىقىشى ھارام – زىنا دېگەندەك يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ، دەيدۇ.

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىمىزكى، بىر ئىشنى پەرز ياكى ۋاجىب دېيىش ئۈچۈن چوقۇم دەلىل كېرەك. يامانلىققا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن پەرەز بىلەن بىرەر نەرسىنى ھارام دېگىلى بولمايدۇ. ئىسلام قانۇنشۇناسلىق پىرىنسىپىدا «يامان نەتىجىلەرگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى چەكلەشتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش يامانلىقنى تەرغىب قىلغانغا ئوخشاشتۇر» دەيدىغان پىرىنسىپ بار»[362].

**يۈز ئىنسانىنىڭ كىملىكىدۇر**

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: « ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ئىنسانىنىڭ يۈزى ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىدۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى كىملىكىنى يوشۇرۇشقا ئەمەس، ئوچۇق تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. ( يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ) يەنى (ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، بىز سىلەرنى بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق)[363] . ئايال كىشى يۈزىنى تامامەن ئورىۋالغاندا، ئۇنى تونۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئايالنىڭ يۈزىنى يۆگىشى پەرز دەيدىغان ئۆلىمالار بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى شۇنچە كۆپ زورلىغان بولسىمۇ، دەلىل – پاكىت بولالايدىغان بىرەر ئايەت ياكى سەھىھ ھەدىسنى كەلتۈرەلمىگەن. چۈنكى بىر نەرسىنى پەرز ياكى ھارام دېيىش ئۈچۈن «ناماز ئوقۇڭلار»، «زىناغا يېقىن كەلمەڭلار» دېگەنگە ئوخشاش قۇرئان ياكى ھەدىستىن ئوچۇق ۋە ئېنىق دەلىل بولۇشى كېرەك. قۇرئان ياكى ھەدىسلەردە «ئايال يۈزىنى يۆگىسۇن» دەپ ئوچۇق كەلگەن بىرەر دەلىل يوقتۇر».

**نىقاب پەرز ئەمەس دېگەنلىك نىقابلىنىش خاتا دېگەنلىك بولمايدۇ**

مۇسۇلمان ئايالنىڭ يۈزىنى ۋە قولىنى يۆگىشى پەرز ئەمەس دېگەنلىك يۆگىسە بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئاياللار قانداقلا بىر ئەھۋال ئاستىدا پىتنىدىن (يەنى ئەرلەرنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن) قورقسا، ئۆزىنىڭ ئېپپىتىدىن ئەنسىرىسە، ئۇلارنىڭ يۈزىنى يۆگىۋالغىنى ئەۋزەلدۇر. خۇسۇسەن، ياش قىزلارنىڭ پىتنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈزىنى يۆگىۋېلىشى ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەللامە مۇھەممەد ئەلى سابۇنى «ئەھكام ئايەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئايالنىڭ يۈزى ۋە قولى ئەۋرەت ئەمەس دېگەن ئۆلىمالار يۈز بىلەن قوللاردا زىنىنەت بۇيۇملىرىنىڭ بولماسلىقىنى ۋە پىتنىگە

---

[359] ئەھزاب سۈرىسى: 52- ئايەت.
[360] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[361] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[362] «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» 2- توم، 326 –331- بەتلەر.
[363] ھۇجۇرات سۈرىسى: 13-ئايەت.

سەۋەب بولماسلىقىنى شەرت قىلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ زامانىمىزغا ئوخشاش ئاياللار ياسىنىش مەقسىتىدە يۈزلىرىنى ۋە قوللىرىنى ئۇپا- ئەڭلىك بىلەن بوياپ، كوچىلاردا ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئاشكارا قىلىپ يۈرسە، بۇنى بارلىق ئۆلىمالارنىڭ هارام دەيدىغانلىقىدا شەك يوق»[364]. ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، هايالىق ۋە ۋىجدانلىق ياش پىتنەر بار يەردە ئايال يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىنى كۆرسىتىپ يۈرۈشىنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن يۈزىنى يوشۇرۇشقا ۋە باشقا تەرەپكە قارىتىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. بولۇپمۇ ياش ۋە چىرايلىق ئاياللار يات ئەرلەر بار يەردە ئۇلاردىن يۈزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم. ئەمما بۇ دېگەنلىك نىقابلىنىش پەرز دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى بىرەر ئىشنى پەرز دېيىش ئۈچۈن ئوچۇق ۋە ئېنىق دەلىل بولۇش كېرەك.

**ئايالنىڭ كىيىنىشى**

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «كىيىم مەسىلىسى هەربىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشتۇر. شۇڭا، مۇسۇلمان ئايال قانداقلا يەرگە بارسا، دىنىمىزدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن چەتنەپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن شۇ يەردىكى كىيىنىش شەكلى بويىچە كىيىنسە ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن: سەئۇدى ئەرەبىستاندەك ئاياللار يۈزىنى يۆگەپ يۈرىدىغان مەملىكەتلەردە ياشايدىغان ئاياللارنىڭ شۇ ئاياللارغا ئوخشاش يۈزىنى يۆگەپ يۈرۈشى، تۈركىيە ۋە مىسىردەك كۆپ سانلىق مۇسۇلمان ئاياللار هىجابلىنىپ يۈرىدىغان مەملىكەتلەردە ياشايدىغان ئايالنىڭ هىجابلىنىپ يۈرۈشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا ئايالار ئەرلەرنىڭ كۆزىگە بەكرەك خېلىقىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىتىگە زىتتۇر. چۈنكى هىجابنىڭ پەرز بولۇشىدىكى سەۋەب مۇسۇلمان ئايالنىڭ يات ئەلەرنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىقى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئەرلەرنىڭ شەهۋىتىنى ئۆرلىتىدىغان، يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولىدىغان ئەهۋالدىن ساقلىنىشتۇر. ئەگەر بىرەر دۆلەتتە ئايالارنىڭ يۈزىنى يۆگىشى شۇ مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇنداق ئەهۋالدا نىقابلىنىش بىدئەتتۇر».

[364] ئەللامە مۇهەممەد ئەلى سابۇنىينىڭ «ئەهكام ئايەتلىرى» ناملىق ئىسرى 2- توم، 163 - بەت.

## تەۋبە-ئىستىغفار يولىڭىزنى يورۇتىدۇ

تەۋبە — سادىر قىلىنغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، توغرىلىققا قايتىش دېمەكتۇر.

تەۋبە — ئىستىغفار ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەش دېگەنلىك.

تەۋبە-ئىستىغفار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. ئاخىرى ئادەم ئۆزىنى چىقماس تار كوچىلارغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ.

تەۋبىنى گۇناھ قىلغان ئادەملەرلا قىلمايدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق كەمچىلىكلىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەپۇ قىلىنغان پاك پەيغەمبەر — ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ تەۋبە -ئىستىغفار ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەي ئىنسانلار! ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار، مەن ھەر كۈنى ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن كۆپرەك ئىستىغفار ئېيتىمەن ۋە كەمچىلىكلىرىمگە تەۋبە قىلىمەن»[365] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋبىنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا كېچىدە كۈندۈزلىرى گۇناھ سادىر قىلغانلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇپ تۇرىدۇ، كۈندۈزدە كېچىلىرى گۇناھ ئىشلىگەنلەرنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا تا قىيامەتكىچە شۇنداق قىلىدۇ»[366].

### تەۋبە - ئىستىغفارنىڭ پايدىسى

تەۋبە -ئىستىغفار رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا، قىيىنچىلىقنىڭ ھەل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

(فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا. يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا . وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَلْ لَكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَلْ لَكُمْ أَنْهَارًا) يەنى «(نۇھ دېدىكى، مەن ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ مال _ مۈلكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بىرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ»[367]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ پايدىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى ۋە ھەرقانداق غەم- قايغۇدىن خۇشاللىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[368].

### گۇناھنىڭ تۈرى

گۇناھ ئاللاھ تائالاغا قارىتا سادىر قىلىنغان گۇناھ ۋە مەخلۇقاتقا قارىتا سادىر قىلىنغان يامانلىقلار دەپ ئىككى بۆلۈنىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان گۇناھ - مەسىيەتلەر دېگىنىمىز: ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەر قانداق گۇناھ - مەسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى شۇنچە گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى قىلدى، ئۇنى تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، چەكلىگەنلىرىنى تەرك ئېتىپ ئاللاھ ئىستىگەن رەۋىشتە ھايات كەچۈرۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا قارشى ھەر قانداق بىر ئىتائەتسىزلىك ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ - مەسىيەت ئىشلىگەنلىكتۇر.

---

(365) بۇخارى رىۋايىتى.

(366) مۇسلىم رىۋايىتى.

367 نۇھ سۈرىسى: 10-12- ئايەتلەر.

(368) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

مەخلۇقاتقا قارىتا سادىر قىلىنغان يامانلىقلار دېگىنىمىز: ئىنسانلارنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىش، زۇلۇم قىلىش، ھەقلىرىنى يەۋېلىش، ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش، ئابرۇيلىرىنى تۆكۈش، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش قاتارلىق يامانلىقلارنى ۋە جىنايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن ھۆزۈر ئىچىدە ياشاشتىن ئىبارەت تەبئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش ۋە ئۇلارغا قارشى ئىشلەنگەن قانداقلا بىر يولسىزلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ھايۋانلاردىن يوللۇق پايدىلىنىش، ئۇلارغا شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

**گۇناھلارنىڭ تەۋبىسى**

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

(1) بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش،
(2) گۇناھ، يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش،
(3) بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

مەخلۇقاتقا ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان قىلمىشلار ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىلمىشكارلىرنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر. **(فَمَن تَابَ مِن بَعْدِ ظُلْمِهِ وَأَصْلَحَ فَإِنَّ اللَّهَ يَتُوبُ عَلَيْهِ ۗ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ)** يەنى « كىمكى (گۇناھ قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزىسە، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[369] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

**گۇناھنىڭ سۈپىتى**

ئاللاھ تائالاغا قارىتا سادىر قىلىنغان گۇناھلار «الذنوب» دەپ ئاتىلىدۇ. مەخلۇقاتقا قارىتا سادىر قىلىنغان يامانلىقلار «سيئات» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە قارىتا سادىر قىلىنغان گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى خالىسا تەۋبە بىلەن خالىسا تەۋبە قىلمىسىمۇ كەچۈرىدۇ. **(قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ ۚ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا ۚ إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ)** يەنى «(ئى پەيغەمبەر! گۇناھ قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى ئاللاھ (تەۋبە قىلغان كىشى ئۈچۈن) جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[370] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

مەخلۇقاتقا قارىتا سادىر قىلىنغان قىلمىشلارنى مەخلۇقات كەچۈرمىگۈچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. **(وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّىٰ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الْآنَ وَلَا الَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ ۚ أُولَٰئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا** يەنى «داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا بىز قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق»[371] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

**ھەممە ئادەم گۇناھكار ئەمەس**

ئاندا – ساندا گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغان، تەۋبە قىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنى «گۇناھكار» دېيىشكە بولمايدۇ. ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى «گۇناھكار»، «قىلمىشكار» دەپ تونۇشى كۆپىچە ھاللاردا ئۇنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ گۇناھلارغا پاتۇرۇپ قويىدۇ. گۇناھ قىلغان ئادەمنىڭ ھەممىسى «گۇناھكار» بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى بۇ سۆزدىكى «كار» كەسىپ قىلىۋالغاننى كۆرسىتىدۇ. «گۇناھكار» دېگەنلىك گۇناھنى كەسىپ قىلىۋالغان، گۇناھتىن باش ئالالمايدىغان ئادەم دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، ھەمىشە ئۆي- ئىمارەت سالىدىغان ئادەمنى «بىناكار» دەيمىز. «گۇناھ» دېگەن پارسچە سۆز بولۇپ، قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشنى سادىر قىلغان كىشىگە ئېيتىلىدۇ. بۇنى ئەرەبچىدە «ذنب» دەيدۇ. ئەمما بىز بىلىدىغان «گۇناھ»نى

---

[369] مائىدە سۈرىسى: 39- ئايەت.
[370] زۇمەر سۈرىسى: 53- ئايەت.
[371] نىسا سۈرىسى: 19- ئايەت.

«جرم» دەيدۇ. شۇڭا گۇناھكارلارنى «مجرمون» يەنى قىلمىشكارلار دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە جىنايەتچى، قاتىل قاتارلىق ئېغىر قىلمىش سادىر قىلغانلارمۇ كىرىدۇ.

بىز ئۇيغۇر تىلىدا گۇناھ دەپ ئاتايدىغان ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خاتالىق دەپ ئاتىغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى تەۋبە قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[372] دېگەن. چۈنكى ھەر قانداق ئادەم بىلىپ-بىلمەي چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۇناھ ئىشلەپ سالىدۇ. ھەتتا ھېچ گۇناھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز ھېس قىلىپ مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئىشلىگەندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. چۈنكى مەغرۇرلۇق ئىبلىسنى ئىماندىن چىقارغان گۇناھتۇر. دېمەك، گۇناھسىز ئادەم يوق دۇنيادا!

---

(372) ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

## روزىڭىزنى بۇزۇپ قويماڭ!

نۇرغۇن كىشىلەر روزا ئۈچ نەرسە بىلەن بۇزۇلىدۇ، ئۇلار: يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر، دەپ بىلىدۇ. ئەمما روزىنىڭ يالغان سۆزلەش بىلەن، بىراۋنى تىللاش بىلەن، كىشىلەرنى ئالداش بىلەنمۇ بۇزۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇكى، يۇقىرىقى گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن بۇزۇلىدۇ.

روزىنى بۇزىدىغان ئىشلار: يېيىش، ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش، كىشىلەرنى ئالداش ۋە باشقىلارغا ئازار قىلىش قاتارلىقلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بەزى كىشىلەر روزا تۇتۇپ دەپ ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن(ئىبنى ماجە رىۋايىتى). يەنە «روزا تۇتۇپ دەپ يالغان سۆز قىلىشنى، يالغان بىلەن ئىش قىلىشنى ۋە نادانلىقنى تەرك قىلالمىغان كىشىنىڭ يېمەك- ئىچمىكىنى تەرك ئېتىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ ھاجىتى يوقتۇر» دېگەن. (بۇخارى رىۋايىتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «روزىدا سېنى بىرى تىللىسا، سەن ئۇنىڭغا ‹مەن روزىدارمەن› دېگىن» دېگەن سۆزى ئەگەر سەنمۇ نادان بىلەن تەڭ بولۇپ، ئۇنى تىللىساڭ روزاڭ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

دېمەك، روزىدا يالغان سۆزلەش، كىشىلەرنى ئالداش ۋە مۇندىن باشقا ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان پۈتۈن ئىشلاردىن تۇسالماي تۇرۇپ، يېمەك- ئىچمەكتىن ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن توسالغانلىق روزا تۇتقانغا ياتمايدۇ ۋە بۇنداق روزىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ.

## ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى ئۇنۇتماڭ!

ئۆلىمالار « دۇنيادىكى مۇمكىن بولمايدىغان ماتېماتىكا سىزگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ساناپ چىقىشتۇر» دەيدۇ. دېمىسىمۇ، يەر – تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ ھەممە نەرسىنى ساناپ چىقالىغان تەقدىردىمۇ، قۇمنىڭ سانىنى، دېڭىز دولقۇنلىرىنى ساناپ بېرەلەيدىغان ماتېماتىكا بولمىغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ بېرەلەيدىغان يەر – تېخنىكا يوقتۇر. ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾[373]. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ھېس قىلمايدۇ. پەقەت شۇ نېمەتلەرنىڭ بىرەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىلا ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

شۈكۈر قىلساق، پايدا تاپىمىز. ئاللاھ تائالا «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، نېمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىق بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەرەب تىلىدىكى«الشكر»سۆزىنىڭ مەنىسى: رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە تەشەككۇر ئېيتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا، ياخشىلىق قىلغانىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش، نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى تىل، دىل ۋە ئەمەلدە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر.

شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمى بولۇپ، يەنە بىر يېرىمى سەۋرچانلىقتۇر. ئىمان بۇ ئىككىسى بىلەن تاكامۇللىشىدۇر. شۇڭا شۈكۈر ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىبادەت سانىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى رەجەب«شۈكۈر تىل، دىل ۋە ئىش-ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ»دېگەن.

1. تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش ھەم ساناش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە» [374] يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى باشقىلار كەڭ سۆزلىگىن ۋە مىننەتدارلىقىڭنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە كۆرسەتكىن دەپ تەلىم بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ:« ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش شۈكۈر قىلغانلىق، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر»[375]دېگەن.

---

[373]ئىبراھىم سۈرىسى،43_ ئايەت.
[374] دۇھا سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى.
[375] ئىما ئەھمەد رىۋايىتى.

2. دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، يۈرەكتىن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەبىئىيكى، بىراۋنىڭ ياخشىلىقنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى يۈرىكىدىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەشەككۇر بۇرچى بارلىقىنى ھېس قىلغان ئادەم ئۇنى رازى قىلىش ۋە مەمنۇن قىلىش يولىدا قولىدىن كەلگەننى ئايىمايدۇ، ئۇنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بۇنداق بولغان يەردە، تامامىي نېمەتلەرنىڭ ۋە چەكسىز ئاتا-ئېھساننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا بولغان تەشەككۇر بۇرچىمىزنى قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەك؟ ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ۋە چەكسىز ئاتا-ئېھسانلىرى بەدىلىگە بىزدىن كۆپ نەرسە سورىمايدۇ. پەقەت دىن ۋە دۇنيالىق ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ، قېتىرقىنىپ قىلىشنى سورايدۇ. بۇنىڭغىمۇ بېخىللىق قىلىمىزمۇ ئەمدى؟

3. ئىش_ ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى گۇناھ-مەسىيەتلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر يامان ئىشقا سەرپ قىلماستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن: تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئالايلۇق، ئۇنى ئويۇن-تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارقا ئىشلىتىپ تۈگەتمەستىن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۈستىمىزدىكى پەرز، ۋاجىبلارنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىش، نېمەت بەرگۈچىكە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

شۈكۈرنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر

پۇل-مالنىڭ شۈكرىسى ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن، پايدىسىز ئىشلارغا بۇزۇپ چاچماستىن قوللىنىش، ئۇنىڭ زاكىتىنى تولۇق بېرىش ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە ساۋاب بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش « شۈكرى خۇدايىم» دەپ ئاغزاكى شۈكۈر ئېيتىش بىلەن ئادا تاپمايدۇ. بەلكى بۇ شۈكۈرنى ئەمەلدە قىلىپ كۆرسىتىش تەلەب قىلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى شۈكۈر يوقسۇللارغا ۋە ھەر قانداق ھاجەت ئىگىسىگە ئاتىغانلىرىنى بېرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ.

ئىلىم-مەرىپەتنىڭ شۈكرىسى بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. پۇل-مالنىڭ زاكىتى شۇ پۇل-مالدىن مەلۇم مىقدارنى يوقسۇللارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقاندەك، ئىلىمنىڭ زاكىتى بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ.

**ئۆزىڭىزدىكى نېمەتنى كۆرۈۋېلىڭ**

بىر باي ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى سېتىپ ئۇنىڭدىمۇ ياخشىراق ئۆي ئالماقچى بولۇپ، ئۆيىنى خېرىدارغا سېلىش ئۈچۈن ئېلان چىقارماقچۇ بوپتۇ. ئۇ ئۆي_ مۈلۈكچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆيىنى سېتىش ئۈچۈن ئوبدان بىر ئېلان تەييارلاشنى تەلەپ قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆي_ مۈلۈكچى دوستى ئۇنىڭ ئۆيىنى سۈپەتلەپ تەپسىلىي بىر ئېلان ھازىرلاپ، بۇنى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوقۇپ چىقىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۆي شۇنداق تەپسىلىي ۋە تولۇق تونۇشتۇرۇلغانكى، ئۇنىڭ باغچىلىرىدىن، سۇ ئۈزىدىغان كۆلچىكىگە قەدەر، سارايلىرىدىن ئارام ئېلىش ياتاقلىرىغا قەدەر ھەممىسىنى تولۇق سۈپەتلىگەن. ئۆي ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئېلانىنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇ ئۆيگە ئامراق بوپ قاپتۇ ۋە بۇ ئۆينىڭ دەل ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئۆي ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، دوستىدىن بۇ ئېلاننى بىكار قىلىۋېتىشىنى ئۆيىنى ساتمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ دوستىغا مۇنداق دەپتۇ:« مەن يىللاردىن بېرى مۇشۇنداق بىر ئۆيىنى ئۆزۈم ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بولسامىمۇ، ئۇنىڭدا ئۆزۈم ئولتۇرۇۋاتقانلىقىمنى مۇشۇ ئېلاننى ئوقۇپ چىقمىغۇچە بىلمەيتىمەن ئەمەسمۇ؟ مەن نېمەت ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنى كۆرەلمەپتىمەن».

بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، ئۆزىمىزدە بار ئارتۇقچىلىقلارنى ھېس قىلمايمىز، ئۆزىمىزدىكى نېمەتلەرنى كۆرمەيمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى نېمەتلەرنى ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ساناپ چىقىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ باي، ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ تەلەيلىك ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالىمىز.

## ئۆي_ئىمارەت ۋە زاۋۇد قاتارلىقلارنىڭ زاكىتى

دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋى «فىقهۇززاكات» ناملىق ئەسىرىدە ئۆي_ئىمارەت دۇكان قاتارلىقلارنىڭ زاكىتىنى قانداق ئايرىش توغرۇلۇق فۇقەھالارنىڭ تۆۋەندىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

ئىسلام دىنى زاكات ئېلىشنى پەرز قىلغان مال_ مۈلۈك مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئەسلىسىدىن ۋە پايدىسىدىن ئېلىنىدىغان زاكات بولۇپ، بۇ چارۋا ۋە تىجارەت مېلى قاتارلىقلارنىڭ زاكىتىدۇر. بۇنىڭدا ئۇنىڭغا ئىگە بولغانغا بىر يىل توشقان بولۇش شەرت قىلىنىدۇ ۋە 2.5% زاكات ئېلىنىدۇ.

2. پەقەت مول ھوسۇلدىنلا ئېلىنىدىغان زاكات بولۇپ، بۇ تېرىم يەر قاتارلىقلارنىڭ زاكىتىدۇر. بۇنىڭدا ئىگە بولغانغا بىر يىل توشقان بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ ۋە 10% زاكات ئېلىنىدۇ.

ئەمدى زامانىمىزدىكى ئۆي_ ئىمارەت ۋە زاۋۇد قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ زاكىتىنى قانداق ئايرىش كېرەك؟ بۇ يۇقىرىقى ئىككى ئاساسنىڭ قايسىسىغا كىرىدۇ؟ بۇ نەرسىلەرنىڭ زاكىتىنى تىجارەت مېلىنىڭ زاكىتىغا ئوخشاش ھەم ئەسلىسىدىن ھەم پايدىسىدىن ئېلىش كېرەكمۇ ياكى تېرىم يەرگە ئوخشاش پەقەت ئۇنىڭدىن كەلگەن پايدىدىنلا ئېلىش كېرەكمۇ؟

فۇقەھالار قەدىمدىن ھازىرغىچە بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل كۆز قاراشتا بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بىرىنچى قاراشتىكىلەر: ئىجارىگە قويۇپ پۇل تېپىش ئۈچۈن تۇتۇلغان ئىمارەت، ئايروپىلان، پاراخوت قاتارلىقلارغا تىجارەت مېلىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئىمارەتنى ھەر يىلى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ، چىققان پايدىنى قوشۇپ، ئىلكىدە بولغان بارلىق پۇل_ مالدىن % 2.5 زاكات بېرىدۇ، دەيدۇ.

ئىككىنچى كۆز قاراشتىكىلەر: زاكات يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئەسلىسىگە كەلمەيدۇ، پەقەت پايدىسىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ زاكىتى نەق پۇل زاكىتىغا ئوخشاش % 2.5 بېرىلىدۇ، زاكات بېرىش ئۈچۈن پۇل كىرگەنگە بىر يىل توشقان بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ، دەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن ئۈچىنچى خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانلارمۇ بولۇپ، ئۇلار ئالدىنقى ئىككىنچى كۆز قاراشقا مۇۋاپىقلىشىدۇ، ئەمما زاكاتنىڭ مىقدارىدا ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇلار ئىجارىگە قويۇلغان ئىمارەت قاتارلىقلارنى تېرىم يەرگە قىياس قىلىپ % 10 ياكى % 5 زاكات ئېلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. (چۈنكى زىرائەتنىڭ ئۆشرىسى يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان بولسا، چىققان مەھسۇلاتتىن 10%نى، ئەگەر ئادەم كۈچى بىلەن سۇغىرىلگان بولسا % 5 نى زاكاتقا بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ). بۇ كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلىمالىرىمىز ھاياتىنى فىقھى ئىلمىگە ئاتىغان كاتتا ئۆلىمالار بولۇپ، ئۇلار ئەللامە مۇھەممەد ئىبۇ زەھرە، ئابدۇلۋەھھاب خەللاف ۋە ئابدۇرراھمان ھەسەن قاتارلىقلاردۇر.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل كۆز قاراشنىڭ قايسىسىغا ئەمەل قىلىش كېرەك؟

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىمىز ئالدىنقى ئىككىنچى قاراشقا مۇۋاپىقلاشقان بولسىمۇ، زاكاتنىڭ مىقدارىدا ئىختىلاپلاشقان. چۈنكى ئىككىنچى قاراشتىكىلەر ئىمارەتنىڭ زاكىتىنى نەق پۇلنىڭ زاكىتىغا قىياس قىلىپ، % 2.5 زاكات ئايرىيدۇ دەپ قارىغان بولسا، مەزكۇر ئۆلىمالىرىمىز ئىمارەتنىڭ زاكىتىنى زىرائەتنىڭ زاكىتىغا قىياس قىلىپ، % 10 ياكى % 5 زاكات ئايرىيدۇ دەپ قارايدۇ. مەن بۇ كۆز قاراشنى كۈچلۈك دەپ قارىدىم»[376].

ئەمدى سەئۇدى ئەرەبستان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆ قارىشىغا كەلسەك، سەئۇدى ئەرەبستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز، كاتتا ئۆلىمالاردىن ئەللامە مۇھەممەد سالىھ مۇسەيمىن، ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللا جىبرىن قاتارلىق ئۆلىمالار زاكات ئۆي_ ئىمارەت ۋە دۇكاننىڭ ئۆز پۇلىدىن ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ ئىجارىسىدىن كەلگەن پايدىسىدىنلا بېرىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەللامە ئىبنى باز « مېنىڭ 500 مىڭ رىيال قىممىتىدىكى ئىمارىتىم بار بولۇپ، ئۇنى ئىجارىگە قويۇۋاتىمەن، ئۇنىڭدىن

---

[376] ئەللامە يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ «فىقهۇززاكات» ناملىق ئەسىرى، 317_ 326_ بەتلەر.

يىلىغا 50 مىڭ رىيال ئىجارە كىرىدۇ. مەن ئىمارەتنىڭ قىممىتى بولغان 500 مىڭ يىيالدىن زاكات بېرىمەنمۇ ياكى ئىجارىسى بولغان 50 مىڭ رىيالدىنمۇ؟» دېگەن سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

ئىمارەت ياكى يەر _ زېمىن ئىجارىگە بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭ قىممىتىگە زاكات كەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىجارىگىلا كېلىدۇ. 500 مىڭ رىيال قىممىتىدىكى ئىمارەتنى سېتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تۇتقان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئىجاسىدىن زاكات بېرىسىز، ئىجارىنىڭ كېلىشىمنى ئىمزالىگان ۋاقىتتىن تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن زاكات بېرىسىز. ئەگەر بىر يىل ئىچىدە ئۇ ئىجارە پۇلنى خەجلەپ تۈگىتىپ بولغان بولسىڭىز، زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما ئىمارەتنى ياكى زېمىننى پايدىسىغا سېتىش ئۈچۈن ئالغان بولسىڭىز، ئۇنى ئالغانغا بىر يىل توشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىممىتىدىن زاكات بېرىسىز. مەسىلەن: ئىمارەتنىڭ پۇلى 500 مىڭ يىيال بولسا، شۇ 500 مىڭ رىيالدىن زاكات ئايرىيسىز. دۇكان قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ سېتىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئالغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ قىمكىتىدىن زاكات بېرىسىز[377].

ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرراھمان جىبرىن « مەندە ئىجارىگە بېرىلگەن دۇكان ۋە ئۆيلەر بار. زاكاتنى ئۇلارنىڭ قىممىتىگە ئاساەن بېرىمەنمۇ ياكى ئىجارىدىن كىرگەن پۇلدىنمۇ؟ زاكات قاچاندىن باشلىنىدۇ؟»دېگەن سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

ئىجارىگە بېرىلگەن دۇكان ۋە ئۆيلەرنىڭ قىممىتىگە زاكات كەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىجارىگە كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ سېتىشقا چىقىرىلغان ئەمەس. ئەمدى زاكات قاچان بېرىلىدۇ دېگەن سوئالغا كەلسەك، ئىجارىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ساق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن زاكات بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر يىل ئىچىدە قولىدا پۇل قالمىسا، زاكات ساقىت بولىدۇ[378].

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، دوكتور يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋالىرى بىر _ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. قەرداۋى ئۆلىمالارنىڭ «ئىمارەتنىڭ زاكىتىنى زىرائەتنىڭ زاكىتىغا قىياس قىلىپ، % 10 ياكى % 5 زاكات ئايرىيدۇ» دېگەن قارشىنى كۈچلەندۈرگەن. ئەمما سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرى سېتىش ئۈچۈن چىقىرىلمىغان، پەقەت ئىجارە قويۇش ئۈچۈن تۇتۇلغان ئىمارەتنىڭ زاكىتىنى نەق پۇلنىڭ زاكىتىغا قىياس قىلىپ، ئىجارىدىن كەلگەن پۇلدىن % 2.5 زاكات بېرىلىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن.

بىز ئەمدى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يۇقىرىقى كۆز قاراشلاردىن مۇۋاپىق كۆرۈلگەننى تاللاپ ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر قانچە ئۆي (دائىرە) سېتىۋالغان بولسىمۇ، ھەممىسىگە دەماللىقچە ئېھتىياجى بولمىغانلىقتىن، بىر ياكى ئىككىسىنى ئىجارىگە قويغان ئادەمنىڭ زاكات ئايرىش مەسىلىسىدە سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسلىنىپ، ئىجارىدىن كەلگەن پۇلدىن %2.5 زاكات ئايرىيدۇ، بۇنىڭدا بىر يىل ئۆتۈش شەرت ئەمەس، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان زاكىتىنى بېرىشى كېرەك، دەپ پەتىۋا بەرسەك، ئەمدى كۆپ مىقداردىكى مەبلەغنى پەقەت ئايلاندۇرۇش ۋە كۆپەيتىش نىيىتى بىلەن ئىمارەتلەرنى سېتىۋېلىپ ئىجارىگە قويغان ئادەمنىڭ زاكات ئايرىش مەسىلىسىدە، دوكتور يۈسۈپ قەرداۋى كۈچلەندۈرگەن ئىككىنچى كۆز قاراشنى، يەنى ئىجارىگە قويۇلغان ئىمارەتنى تېرىم يەرگە قىياس قىلىپ، خۇددى تېرىم يەردىن چىققان مول ھوسۇلدىن ئۆشرە ( يۈزدىن بىرىنى ) بەرگەندەك، ئىمارەتنىڭ ئىجارىسىدىن كىرگەن پۇلدىنمۇ % 10 ياكى % 5 زاكات ئېلىنىدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، پەتىۋا بېرىلسە ئويغۇن بولارمۇ دەپ قارايمەن. % 10 ياكى % 5 دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ئىجارىدىن كەلگەن پۇلدىن ھۆكۈمەتكە تۆلەيدىغان باج قاتارلىق بەزى چىقىملىرى بولىدۇ. شۇڭا ئىجارىدىن قولدىن كېتىپ قالغان پۇلنىڭ مىقدارىغا قاراپ % 10 ياكى % 5 دەپ بەلگىلەش مۇمكىن.

تىجارەت نىيىتى بىلەن ئىمارەت سېتىۋېلىپ ئىجارىگە قويغان ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سېتىۋالغان بولسىمۇ، دەماللىقچە ئىشلەتمىگەنلىكتىن ئىجارىگە قويۇپ پايدىسىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ زاكات بېرىشتە پەرقىنى ئايرىش كېرەك.

ئەمدى پەتىۋا گۇرۇپپىسىدىكى ئۆلىمالىرىمىز جىددىي ئىزدىنىپ يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ قايسىسىنى تاللىشىمىز كېرەكلىكىگە ئىتتىپاققا كەلگەي. ھەممە پىكىر بەرگەي!

---

[377] «ئەللامە ئىبنى باز پەتىۋالىرى».

[378] ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرراھمان جىبرىننىڭ «زاكات ھەققىدە پەتىۋالار» ناملىق ئەسىرى،97_ بەتتىن.

**زاكاتنى ۋەتەن ئازات قىلىش تەشكىلاتلىرىغا بەرسە بولامدۇ؟**

يېقىندا «زاكات پۇلىنى ۋەتەن ئازات قىلىش تەشكىلاتلىرىغا بەرسە بولامدۇ؟» دېگەن سوئال «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»گە كەلگەن ئىدى. بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال زاكاتنى كىملەرگە، قانداق ئورۇنلارغا بېرىش كېرەك ئىكەنلىكى توغرۇلۇق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە، زاكات بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەرنى ۋە ئورۇنلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾يەنى «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، (قايتۇرالمايدىغان) قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» [1].

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، زاكات ئالىدىغانلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 _ پېقىرلار،

2 _ مىسكىنلەر،

3 _ كۆڭلىنى دىنغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار،

4 _ قەرزدارلار،

5 _ زاكات خادىملىرى،

6 _ قۇللارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن،

7 _ ئاللاھنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدلار،

8 _ يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلاردۇر.

**پېقىرلار**

پېقىر _ زاكات بەرگۈدەك بىر نەرسىسى بولمىغان ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ھاجەتمەن دېگەنلىكتۇر. پېقىرلار بايلارنىڭ ئەكسى بولۇپ «قۇرئان كەرىم»دە باي ۋە يوقسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەبىقە ھەمىشە بىرگە بايان قىلىنغان. مەسىلەن: (وَمَنْ كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ وَمَنْ كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ ) يەنى «كىمكى باي ئىكەن(يېتىمنى باققانلىقى باھانىسى بىلەن)ئۇنىڭ مال _ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن» [2].

**مىسكىنلەر**

مىسكىن _ ھېچقانداق نەرسىسى يوق، ھەتتا يېتىپ قوپىدىغان ئۆي _ جايىمۇ بولمىغان ھاجەتمەن دېگەنلىكتۇر. مىسكىنىنىڭ ئەھۋالى پېقىرنىڭكىدىن ناچار بولىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق ھاجەتمەن كىشىلەر (مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ) يەنى «توپىدا ياتقان مىسكىن» [3] دەپ تەرىپلەنگەن.

**زاكات خادىملىرى**

زاكات خادىملىرى _ زاكات ئىشلىرىغا ۋەزىپىلەنگەن ئادەملەر بولۇپ، زاكات يىغقۇچىلار، پۈتۈكچىلەر، ساقلىغۇچىلار، تارقاتقۇچىلار ۋە بۇ ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلار قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئۇلار گەرچە پېقىر بولمىسىمۇ، زاكاتتىن نېسىۋە ئېلىشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى زاكات خادىملىرى ئۆزىنى ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئەمگىكىنى سىڭدۈرۈپ، بۇ ئىشقا ۋەزىپىلەنگەن ئىكەن، ئۇلا مائاش ياكى ئىش ھەققى ئالغانىنىڭ ئورنىدا، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا يەتكىدەك مىقداردا زاكاتتىن نېسىۋە ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

**كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار**

كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا دىللىرىنى يۇمشىتىش، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولۇشنى ياكى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ دىنغا مۇستەھكەم بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بىر ئۈلۈش بېرىلگەن شەخسلەردۇر.

### قۇللارنىڭ ئازادلىقى

قۇل _ ئۆتمۈشتە بايلارنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان ئادەم دېمەكتۇر. ئايەتتىكى «قۇللار» دىن مەقسەت خوجايىنلىرىغا مۇئەييەن مىقداردا پۇل تۆلەش بەدىلىگە قۇللۇقتىن ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن توختام تۈزگەن قۇللاردۇر.

هازىرقى زاماندا قۇل بولمىغانلىقتىن، زاكاتنىڭ بىر ئۈلۈشىنى كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلىرىنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىش، كاپىرلارنىڭ تۈرمىلىرىگە قامىلىپ قالغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا بولىدۇ.

### قەرزدارلار

قەرزدار _ ئۈستىدە باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك هەق بولغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «قەرزدارلار» دېگەن سۆز ئادەتتىكى هەر قانداق بىر قەرزدارنى ئەمەس، بەلكى ئۈستىگە يۈكلەنگەن قەرزنى تۆلىيشكە كۈچى يەتمىگەن، ئۇنى ئۆزۈش ئۈچۈن جىددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

### ئاللاھنىڭ يولى

ئاللاھنىڭ يولى _ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىهادتۇر. مۇجاهىدلارنىڭ جىهادقا يېتەرلىك تەييارلىقلارنى هازىرلىشى، قورال _ ياراق، ئوق _ دورا سېتىۋېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا زاكات ماللىرىدىن بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىسلامدىكى هەممە مەزهەپ بىرلىككە كەلگەن.

زاكاتنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىگە كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش، مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش، دىنىي چۈشەندۈرۈش ۋە بىلدۈرۈش يولىدا كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ئۈن _ سىن قاتارلىقلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىش، دىنىي مۇئەللىملەرنى تەمىنلەش قاتارلىق ئىشلارمۇ كىرىدۇ. يەنە بۇ تۈرگە مۇسۇلمانلاردىن ئىشسىز قالغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كېسەللەرنى داۋالىتىش، ئوقۇيالمىغان بالىلارنى ئوقۇتۇش، ياشلارنى تەربىيەلەش ۋە مۇهىم بولغىنى دىنىي تەلىم _ تەربىيەنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئورۇنلارمۇ كىرىدۇ. يەنى يۇقىرىقىلارغا پۇل _ مال سەرپ قىلىدىغان ئورگان ياكى مۇئەسسەسە چىقمىغان شارائىتلاردا، زاكاتقا يىغىلغان پۇل _ ماللارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

### مۇساپىرلار

مۇساپىر _ ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان مۇساپىر ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل _ مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل _ مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ياردەمگە مۇهتاج بولغان ئادەم گەرچە ئۆز ۋەتىنىدە باي بولسىمۇ، ئۇنىڭغا زاكات بېرىشكە بولىدۇ.

ئەمدى، زاكات پۇلىنى ۋەتەن ئازات قىلىش تەشكىلاتلىرىغا بەرسە بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا كەلسەك، ۋەتەننى ئازات قىلىش تەشكىلاتلىرى يۇقىرىقى ئايەتتە زاكات بېرىشكە تېگىشلىك دەپ كۆرسىتىلگەن سەككىز تۈرنىڭ هېچقايسىسىغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، مەيلى ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلات بولسۇن ياكى باشقا مەقسەتلەر بىلەن قۇرۇلغان تەشكىلاتلار بولسۇن، زاكات پۇلىنى ئۇلارغا بېرىشكە ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلات ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بېرىلگەن تەقدىردىمۇ زاكات ئادا تاپمايدۇ. زاكاتتىن باشقا بارلىق ياردەملەرنى بېرىشكە بولىدۇ. مەلۇمكى، ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلاتلارغا ياردەم قىلىش، پۇل – مېلى بىلەن، بىلىمى بىلەن، كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا هەمدەم بولۇش هەربىر پۇقرانىڭ ۋەزىپىسىدۇر. مۇنداق بىر ياردەم ئۈچۈن زاكاتقا قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ.

قانداق تەشكىلاتلارغا زاكات بېرىشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: تۆۋەندىكى ئىككى شەرتكە توشقان تەشكىلاتقا زاكات پۇلىنى بەرسە بولىدۇ.

1. تەركىۋىدە مۇستەقىل دىنىي كومىتېت بولۇشى،
2. مەزكۇر كومىتېت كەلگەن زاكات پۇلىنى زاكاتقا تېگىشلىك بولغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئىشەنچىلىك كىشىلەرنىڭ كونترولىدا بولۇشىدۇر.

قانداقلا بىر تەشكىلات تەركىۋىدىكى دىنىي كومىتېت ئەگەر كەلگەن زاكات پۇلىنى تېگىشلىك كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە، شۇ ئىشنى قىلىدىغان كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»دە زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك سەككىز تۈرنىڭ ئىچىدىكى «زاكات خادىملىرى»نىڭ قاتارىغا كىرگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار يىغىلغان زاكات پۇلىدىن ئۆزلىرىنىڭ زاكات يىغىش

ۋە تارقىتىش جەريانىدىكى شۇ بىر ئايلىق مائاشىنى چىقىرىۋېلىپ قالغان پۇلنى تارقاتسا بولىدۇ.

## بالا تەربىيەسىدە ئانىنىڭ رولى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا-ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئەر ئۆز ئەھلىگە، ئايال ئۆي ئىچىگە مەسئۇلدۇر»[379] دەپ كۆرسەتكەن. ھەربىر ئاتا-ئانا ۋە ھەربىر تەربىيەچى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە مەسئۇلدۇر. ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاتىنىڭكىگە قارىغاندا چوڭ ۋە مۇھىم. چۈنكى باللار كۆپىنچە ئانىسى بىلەن بولىدۇ ۋە ھاياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئانىسىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

ئانا باللارنىڭ تۇنجى مۇئەللىمى بولۇپ، ئانا باللارنى كىچىكىدە قانداق تەربىيەلىسە، باللار شۇنداق يېتىشىپ چىقىدۇ. تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىنىڭ ئەقلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئانىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ۋە بالا تەربىيەسىدە بىرىنچى مەسئۇل چوقۇم ئانا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئانىنىڭ سۈتى بالىنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىرىنچى ئامىل ھېسابلىنىدىكەن. ئانا بالىسىنى ئۆز-ئۆزىگە تايىنىشقا كۆندۈرۈش، ئۇنى ئاسرىدىم، دەپ ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئىگە بولىۋالماستىن، ئۇنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، يىراقتىن كۆزىتىش بىلەن، ئۇنىڭغا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، بالىنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

بىر تەربىيە مۇتەخەسسىسى لېكسىيەسىدە مۇنداق دەپ سۆزلىگەن: «بالا ئاچچىق يىغىسىنى يىغلاپ، مۇشۇ پانى دۇنياغا تۇنجى قېتىم كۆز ئاچقان ۋاقىتتا، تۇنجى بولۇپ تونۇيدىغىنىمۇ ئانا... تىلى چىققاندا ئاۋۋال دەيدىغىنىمۇ ئانا... كېچىلىرى ئىزدەپ-سىلاپ، پۇراپ ياتىدىغىنىمۇ ئانا... سىرتتىن ئۆيگە كىرگەندە دەسلەپ سورايدىغىنىمۇ ئانا... بىر نەرسىدىن قورققاندا ئاۋۋال چاقىرىدىغىنىمۇ ئانا... شۇڭا ئانىلارنىڭ باللارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى مۇقەددەس، ئانىلارنىڭ باللارغا بېرىدىغان مېھرى-مۇھەببىتى چەكسىز ھەم مىننەتسىز، ئانىلارنىڭ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر.»

كىچىك باللار ئانىسىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن نەمۇنە ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنى تەقلىد قىلىدۇ. قانچىلىغان مەشھۇر شەخسلەر يېتىلىش جەريانىدا ئانىنىڭ ئىسسىق قوينىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئانىدىن ئاڭلىغان قورقماس باتۇرلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزلىرىدە چەكسىز خىياللارنى قۇرۇپ، ئاخىرى غەلىبە قىلغان ۋە دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەرگە ئايلانغان.

بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھەق-ھوقۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئانىلارنىڭ خىزمەت ۋە ئىش باھانىسى بىلەن باللىرىنى بالا باققۇچىلارغا تاشلاپ قويۇشى چوڭ خاتالىقتۇر. خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىمۇ ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئۆزلىرى تەربىيەلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى بالا باققۇچىلارغا، ياكى يەسلىلەرگە تاپشۇرۇپ قويۇشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە مەخسۇس ئاگاھلاندۇرۇشلاردا بولماقتا.

ئانىلىق دېمەك، ئۈستى_ ئۈستىلەپ قۇربان بېرىشتىن ئىبارەت، بىر قاتار قۇربان بېرىشلەر دېگەنلىك بولۇپ، خىزمەت، مەنسەپ، سودا-سېتىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈرەك پارىمىز بولغان شۇ پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تامامەن ئەرزىيدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيادا پەرزەنتتىن قىممەتلىك نېمە بار ؟

پەرزەنت تەربىيەسى ئانىلارنىڭ ۋاقتىنى، خىزمىتىنى ۋە ھەر قانداق ئىشىنى، ھەتتا ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىنىمۇ قۇربان قىلىشىغا تامامەن ئەرزىيدۇ.

11- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە، ئانىلارغا پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە ئۆگۈت بېرىپ مۇنداق دېگەن:

تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز-ئوغۇل،

ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلار بول.

مىسىرلىق شائىر ھافىز ئىبراھىم پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئانىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

الأُمُّ مَـدْرَسَــةٌ إِذَا أَعْـدَدْتَـهَـا

---

(379) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى 2751- ھەدىس.

أَعْـدَدْتَ شَعْبـاً طَيِّـبَ الأَعْـرَاقِ

تەرجىمىسى:

ئانا ئۆزى بىر مەكتەپ، يېتىشتۈرسەڭ سەن ئۇنى،

يېتىشتۈرسەن تېگى پاك، ئېسىل بىر مىللەتنى.

## ئانا بولغۇچىنى ياخشى تاللاشنىڭ زۆرۈرلىكى

ئانا شۇنچىلىك مۇھىم رول ئوينىغان ئىكەن، ئەرلەر بالىلىرىغا ئانا بولىدىغان ئايالنى تەقۋالىق ۋە ئەخلاقنى ئاساس قىلغان ھالدا ياخشى تاللىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرنىڭ جورا تاللىشى ئۈچۈن يەنە مۇنداق پىرىنسىپنى جاكارلىغان: «ئاياللار تۆت نەرسىگە ئاساسەن تاللىنىدۇ: ئۇنىڭ بايلىقى، چىرايى، نەسەبى ۋە دىيانىتىدۇر. سەن ئەڭ ئاۋۋال دىيانەتلىك بولغىنىنى تاللىغىن، شۇنىڭ بىلەن بارچە ياخشىلىقلارغا ئىگە بولغىن»[380]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئەرلەرگە قارىتىپ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەمنىڭ تەقۋالىقتىن قالسا، ئېرىشىدىغانلىرىنىڭ ئەڭ ئوبدىنى ياخشى ئايالدۇر»[381]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «دۇنيا مەنپەئەتتۇر، دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى ياخشى ئايالدۇر»[382].

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۆلگىلىك مۇئمىن ئانىنىڭ ئوبرازى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن. ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىرلىقلار تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان ۋە قاتتىق ئېزىلگەن ئىدى. پىرئەۋن بىر كۈنى ئۆزىنىڭ تەختىنى ئىسرئىل ئەۋلادى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە بىر چۈش كۆرگەندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلا، قىز بوۋاقلارنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇرۇش ھەققىدە كەسكىن پەرمان چىقارغان ئىدى. پىرئەۋن تەۋەلىرى ئۆيمۇ – ئۆي كىرىپ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈپ تۇراتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئىمانى كۈچلۈك، ناھايىتى تەقۋادار ئايال بولۇپ، بوۋىقى سەۋەبلىك قاتتىق قورقۇچ ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنى قەتئىي يوقاتمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. ( وَأَوْحَيْنَا إِلَى أُمِّ مُوسَى أَنْ أَرْضِعِيهِ فَإِذَا خِفْتِ عَلَيْهِ فَأَلْقِيهِ فِي الْيَمِّ وَلَا تَخَافِي وَلَا تَحْزَنِي إِنَّا رَادُّوهُ إِلَيْكِ وَجَاعِلُوهُ مِنَ الْمُرْسَلِينَ ) يەنى «مۇسانىڭ ئانىسىغا: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى(ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا قويۇپ بەرگىن، (ئۇنىڭدىن) ئەنسىرىمىگىن ۋە قايغۇرمىغىن، ئۇنى چوقۇم ساڭا قايتۇرىمىز ۋە پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز» دەپ ئىلھام قىلدۇق»[383]. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن، بوۋىقىنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن قىزىنى ساندۇقنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىتىشكە ئەۋەتىدۇ. ساندۇق پىرئەۋنىنىڭ سارىيىغا كىرىپ توختايدۇ. ساندۇقنى كۆرگەن پىرئەۋن تەۋەلىرى ساندۇقتىكى بوۋاقنى كۆرۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما پىرئەۋنىنىڭ ئايالى ئاسىيە بوۋاقنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بوۋاقنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەمما بوۋاق سارايغا تەكلىپ قىلىنغان ئېنىكئانىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەممەيدۇ. بۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسى ئۇلارغا تەكلىپ بېرىپ، بىر ئېنىكئانا تېپىپ بېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار بۇ قىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى كەلتۈرۈلىدۇ، بوۋاق ئۇنى ئېمىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساراي مەسئۇللىرى ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنىكئانىسى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بارلىقىنى، ئەگەر ئۆزى بۇ سارايدا قالسا باشقا پەرزەنتلىرىنى باقىدىغان ئادەم يوقلىقىنى ئېيتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ئېمىتىپ بېرىشنى شەرت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۆز ۋەدىسىگە ئاساسەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى كېيىنچە پەيغەمبەر قىلىدۇ. بۇ ئىمانى كۈچلۈك بىر ئانىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

«قۇرئان كەرىم» يەنە بالا تەربىيەلەشتە بىرى ئىجابىي، يەنە بىرى سەلبىي ئىككى ئانىنىڭ ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن. ئىجابىي ئايال ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھاجەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككىسىنى شۇ زامانلاردىكى قاقاسلىق مەككىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېتىدۇ. ھاجەر ناھايىتى تەقۋادار، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانى كامىل ئايال بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ جايدىن قايتىشتىن ئاۋۋال ھاجەر ئۇنى توختىتىپ تۇرۇپ، «ئى ئىبراھىم! بىزنى بۇ دەشتى چۆلدە قويۇپ كېتىش ئۆز رەيىڭ بىلەن بولغان ئىشمۇ ياكى ئاللاھنىڭ ئەمرىمۇ؟» دەپ سورايدۇ.

---

(380) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(381) ئىبنى ماجەنىڭ «سنن ابن ماجة» (سۈنەنى ئىبنى ماجە) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1857- ھەدىسى.

(382)ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1467- ھەدىسى.

383 قەسەس سۈرىسى:7- ئايەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ ئەمرى» دېگەندىن كېيىن، ھاجەر « بولدى، ئۇنداقتا كېتىۋەرگىن، بىزگە ئاللاھ يېتىدۇ» دەيدۇ. ھاجەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى يالغۇز تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام چوڭ بولغاندا ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەلبى ئوغلىغا ئىنتايىن مەھكەم باغلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سىناش ئۈچۈن، ئۇنى ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بۇ ئەھۋالنى ئوغلىغا دەيدۇ. (فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَامٍ حَلِيمٍ . فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ) يەنى« شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. (ئۇ (ئوغۇل) ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى(قۇربانلىق ئۈچۈن) بوغۇزلاپ چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! قانداق قارايسەن؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! سەن نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن»[384] .

سەلبى ئايال نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايال توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: (ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا لِلَّذِينَ كَفَرُوا امْرَأَةَ نُوحٍ وَامْرَأَةَ لُوطٍ كَانَتَا تَحْتَ عَبْدَيْنِ مِنْ عِبَادِنَا صَالِحَيْنِ فَخَانَتَاهُمَا فَلَمْ يُغْنِيَا عَنْهُمَا مِنَ اللَّهِ شَيْئًا وَقِيلَ ادْخُلَا النَّارَ مَعَ الدَّاخِلِينَ) يەنى «ئاللاھ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، (بۇ ئىككىسى) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندە (نۇھ بىلەن لۇت) نىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى (مۇناپىقلىق قىلىپ) ئېرىگە خىيانەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئاللاھتىن (كەلگەن ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى ئۇلاردىن توسۇپ قالالمىدى ۋە (ئۇ ئىككى ئايالغا) «سىلەر (دوزاخقا) كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىڭلار» دېيىلدى»[385]. بۇ ئايال ئوغلىنى ئۆزىگە ئوخشاش كاپىر قىلىپ تەربىيەلىگەن. ئاخىرىدا بۇ ئوغۇل توپان ھالاك بولغان كاپىرلار بىلەن ھالاك بولغان. ( وَنَادَى نُوحٌ ابْنَهُ وَكَانَ فِي مَعْزِلٍ يَا بُنَيَّ ارْكَبْ مَعَنَا وَلَا تَكُنْ مَعَ الْكَافِرِينَ . قَالَ سَآوِي إِلَى جَبَلٍ يَعْصِمُنِي مِنَ الْمَاءِ قَالَ لَا عَاصِمَ الْيَوْمَ مِنْ أَمْرِ اللَّهِ إِلَّا مَنْ رَحِمَ وَحَالَ بَيْنَهُمَا الْمَوْجُ فَكَانَ مِنَ الْمُغْرَقِينَ) يەنى « كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىقىۋالغىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» دەپ توۋلىدى. (ئوغلى): «مېنى سۇدىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى _ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتكەنلەردىن بولدى»[386].

---

384 سافات سۈرىسى: 101-102- ئايەتلەر.

385 تەھرىم سۈرىسى: 10-ئايەت.

386 ھۇد سۈرىسى: 42-43- ئايەتلەر.

## دۇئا ـــ ئىبادەتتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇئا ـــ ئىبادەتتۇر» دېگەن، ئاندىن: (رەببىڭلار ئېيتتى: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»)[387] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان»[(388)]. ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق قوش پايدىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى دۇئا قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ ۋە تىلىگەن نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ: (ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن)[(389)] دېگەن. دېمەك، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئىبادەت قىلغانلىقتۇر. ئىبادەت بولغاندىمۇ ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ سەمىمىي ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى تىلەپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغان ۋاقتىدا، ئىبادەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن بولىدۇ. چۈنكى ئىبادەت دېگەنلىك ئۆزىنى ياراتقۇچىغا خار قىلىش، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھتاجلىقىنى ئىزھار قىلىش ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ مەنە دۇئادا ئەڭ تولۇق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنسان باشقا ئىبادەتلەرنى كۆڭلى باشقا يەردە تۇرۇپمۇ ئادا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما دۇئانى ئۇنداق قىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالاغا بولغان ھاجىتىنى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئىزھار قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، كۆز يېشى تۆكىدۇ، ھاجەتلىرىنى قايتا_ قايتا تىلەيدۇ. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، دۇئا قىلىش سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قولدىن بەرمەي تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزمۇ سەۋەب بىلەن دۇئانى قولدىن بەرمىگەن.

دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سەجدە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتىدۇر. سەجدە نامازنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. سىلەر سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[390] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئۇنۇتمىغىنكى، سېنىڭ ئاللاھقا قىلغان ھەربىر سەجدەڭ بىلەن سېنىڭ مەرتىۋەڭ بىر دەرىجە كۆتىرىلىدۇ ۋە بىر گۇناھىڭ ئۆچۈرۈلىدۇ»[391]دەپ كۆرسەتكەن. ئېنىقكى، ئىنساننىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىغا سەجدە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇلچىلىقىنى ئىزھار قىلىۋاتقان ۋاقتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ شەرەپلىك لەھزىلىرىدۇر. چۈنكى ئۇ بۇ لەھزىلەردە ئالەملەرنىڭ رەببى ئالدىدا تۇرىۋاتقان بولىدۇ.

### دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلىش خاتا ئەمەس

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مەرھۇم ئىبن ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن:« بەزى فىقھشۇناس ئالىملار سەجدىدە دۇنيالىق تىلەپ دۇئا قىلسا، ناماز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ دىنىمىزدىن ئاساسى يوقتۇر. توغرىسى شۇكى، مۇسۇلمان ئادەم سەجدىدە مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك پۈتۈن تىلەكلىرىنى تىلىسە بولىدۇ. چۈنكى دۇئا ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى سەجدىدىكى ياكى باشقا ۋاقىتتىكى دۇئالاردا دۇنيالىقنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن توسمىغان. ئۇنىڭ « بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. سىلەر سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[392] دېگەن سۆزى ئومۇمىي بولۇپ، ھەر قانداق دۇئانى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ».

دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مەخسۇس شەرتلىرى بولغىنىدەك، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈنمۇ مەخسۇس شەرتلەر بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

---

387 غافىر سۈرىسى، 60_ ئايەت.
(388)ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(389)غافىر سۈرىسى، 60_ ئايەت.
390 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
391 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
392 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

1 . دۇئانى ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس بىلەن قىلىش. ئىخلاس قەلب قېتىدىن كەلگەن سەممىمي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن چىن ساداقەت دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالاغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندا، ئۇنىڭغا شۇنداق سۆيگۈ ۋە ساداقەت بىلەن يۈزلىنىش تەلەب قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز، زاكات، روزا، ھەج، دۇئا ۋە باشقىمۇ بارلىق ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن ئىخلاسنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[393].

2. دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك- ئىچمىكى ۋە كىيىم- كېچىكى ھالالدىن بولۇشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا مۇنداق دېگەن:«ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك بولغاننىلا قوبۇل قىلىدۇ»[394]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: قەلبى پاك، يېمەك- ئىچمەكلىرى ھالالدىن بولۇپ، پاك بولغانلارنىڭلا قىلغان ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. شۇڭىمۇ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى پاكلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىمەن»[395].

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگىمۇ پەيغەمبەرلەرگە بۇيرىغاننى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار»[396]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستى بېشىنى چاڭ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئى ئىگەم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن ـ ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن!؟»[397].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، بىراۋ ئەڭ بىچارە قىياپەتتە ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان ۋە ئۇ شۇ ھالىتى بىلەن دۇئاسى ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ تېگىشلىك بولغان تۇرسىمۇ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ.

3. دۇئانى ئاللاھتىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ‹دۇئا قىلسام دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى›، دەپ ئۈمىدسىزلىنىپلا قالمىساڭلار دۇئايىڭلار چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ»[398].

4. دۇئانى يۈرەكتىن قىلىش، يەنى تىل دۇئا بىلەن، دىل باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولماستىن، تىلنى دىلدىكىلەرنىڭ تەرجىمانى قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە كامالىي ئىخلاسىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغان دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ئىجابەت بولىشىغا چىن ئىشەنگەن ھالدا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا غەپلەتتىكى پەرۋاسىز كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ»[399].

5. ئۇرۇق- تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ياكى گۇناھ ـ مەسىيەت سادىر ئۈچۈن دۇئا قىلماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ دۇئاسىدا گۇناھ سادىر قىلىش ياكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش بولمىسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئۈچ ياخشىلىقنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: يا ئۇنىڭ دۇئاسىنى تېز ئىجابەت قىلىپ تىلىگىنىنى بېرىدۇ ياكى ئۇنى ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشىلىق قاتارىدا ساقلاپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئوخشىشىدا يامانلىقنى ئۇنىڭدىن قايتۇرىۋېتىدۇ. ساھابىلەر: ‹ئۇنداقتا بىز دۇئانى كۆپ قىلايلى› دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئاللاھنىڭ بېرىدىغىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر› دېگەن»[400].

---

(393) بەييىنە سۈرىسى 5 – ئايەت.
(394) ئىمام مۇسلىمرىۋايىتى.
(395) مۇئمىنۇن سۈرىسى51 – ئايەت.
(396) مائىدە سۈرىسى 88 ـ ئايەت
(397) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(398) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(399) تىرمىزى رىۋايىتى.
(400) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

## تۆزىتىشكە تېگىشلىك بەزى چۈشەنچىلەر

ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە تۈزىتىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. مەن تۆۋەندە مۇسۇلمانلىق، ئىبادەت، ئەخلاق قاتارلىق ئۈچ ماۋزۇدىلا توختىلىمەن.

1. مۇسۇلمانلىق چۈشەنچىسى

ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى ئىسلامغا مەنسۇپ قىلىپ يۈرىدۇ. ئەمما ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلىقنىڭ ئۆزىدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانچە كىيىنىپ، مۇسۇلمانچە قائىدە – يوسۇنلارغا رىئايە قىلىپ يۈرۈشنى مۇسۇلمانلىق ئۈچۈن كىپايە دەپ ئويلايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، مۇسۇلمانلىق دېگەن بىرەر ئاتاق ياكى بىرەر نام - شۆھرەت ئەمەس، بەلكى ئۇ مەسئۇلىيەت ۋە ھايات مىزانىدۇر.

مەسئۇلىيەت دېگىنىمىز: دىنىي مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتى، ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولباشچىلىقىنى قوبۇل قىلىش مەسئۇلىيىتى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان بۇ دىننى قوغداش مەسئۇلىيىتى قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسئۇلىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقتۇر.

ھايات مىزانى دېگىنىمىز: ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە رازى بولىدىغان تەرزدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ قائىدە – پرىنسىپلىرى ۋە كىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت يولىنى كۆرسىتىدىغان يول خەرىتىسى دېگەنلىكتۇر.

مۇسۇلمانلىق (**لاإله إلا الله محمد رسول الله**) «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» يەنى (ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر) دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى دىلى بىلەن تەستىقلاپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ كەلىمەنى ئېيتقانلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولباشچىلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقتۇر. بۇنى قوبۇل قىلغانلىق مەسئۇلىيەت ئىچىگە كىرگەنلىكتۇر. بۇ مەسئۇلىيەت «دىنىي مەجبۇرىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ. «دىنىي مەجبۇرىيەت» ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەپ بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە شەرھلەپ ۋە ئەمەلدە تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن ئەمر _ پەرمانلاردۇر. دىنىنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرى «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئىككى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، «دىنىي مەجبۇرىيەت» ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. خۇددى بىرەر دۆلەتكە كىرگەن ئادەم شۇ دۆلەتنىڭ قانۇن – تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇر بولغاندەك، ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئىسلام بەلگىلىگەن قانۇن – تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلمىغان ئادەم دۆلەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندەك، ئىسلامنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلمىغان ئادەممۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

ئىسلامغا مەنسۇپ بولۇش دېگەنلىك ئەقىدىدە، ئىبادەتتە، ئەخلاقتا، مۇئامىلىدە ۋە بارلىق ھايات ساھەلىرىدە ئەمەلىي مەنسۇپ بولۇپ، ھاياتىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى بويىچە ئېلىپ بېرىش دېگەنلىكتۇر.

2. ئىبادەت چۈشەنچىسى

مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ناقىستۇر. ئۇلار ناماز، زاكات، روزا، ھەج، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرنىلا ئىبادەت دەپ چۈشىنىدۇ، ئەمما ھەقىقىي ئىبادەت ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن ئىسلام خەرىتىسى بويىچە ياشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار مەسجىدتە مۇئمىن، مۇسۇلمان، مەسجىدنىڭ سىرتىدا باشقا بىر ئىنسان. بۇ ئېغىر كىرىزىس سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمەي كەلمەكتە.

ھەقىقەت شۇكى، ئىبادەت — ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئىبادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورالغىنىدا، مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئىبادەت ـ ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەت ۋە قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىبادەت - ئاددىيسى ئادەتتىكى يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئولتۇرۇش ـ قوپۇش قائىدىلىرىدىن باشلاپ، يۇقىرىسى دۆلەت سىياستى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇللىرىغىچە بولغان بىر پۈتۈن قائىدە ـ

تەرتىپلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەتلەر توغرا نىيەت بىلەن مۇسۇلماندىن سادىر بولغىنىكەن، ئۇلار تائەت ـ ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە ھالال رىزىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەش نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىرلا سۈرە بەقەرەدە مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان قىساس، ۋەسىيەت، روزا، ناماز، جىھاد قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ «سىلەرگە پەرز قىلىندى» دېگەن بىرخىل ئىبارە بىلەن بايان قىلىنغانلىقى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى ئەمەلىي ئىبادەتلەر (العبادات التعاملية)، يەنە بىرى رەمزىي ئىبادەتلەر (العبادات الشعائرية) دۇر.

ئەمەلى ئىبادەتلەر _ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلاردىن چەكلىنىش ۋە بارلىق ئىش _ ھەرىكەتلەردە، گەپ _ سۆزلەردە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر. بۇ تۈردىكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ كېچە _ كۈندۈزى، ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلىرى، شۇنداقلا ھاياتىنىڭ بارلىق دەقىقىلىرى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن مۇشۇ ئىبادەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

رەمزىي ئىبادەتلەر _ بەزىسى قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىشقا ئوخشاش تىل بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، بەزىسى نامازغا ئوخشاش بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن قىلىنىدىغان جىسمانىي ئىبادەتلەر، بەزىسى پۇل _ مال سەرپ قىلىش بىلەن قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر، يەنە بەزىسى ھەجگە ئوخشاش ھەم بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن، ھەم ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

رەمزىي ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشنى ھاسىل قىلىش بولۇپ، بۇ باغلىنىش پەقەت ئەمەلىي ئىبادەتلەرنى جايىدا ئورۇنداش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى گۇناھ ئاللاھ تائالا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا پەردە ھاسىل قىلىدۇ، نەتىجىدە، بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. ئاللاھ تائالاغا باغلىنىش ئەمەلگە ئاشمىسا، ئىبادەتلەرنىڭ مېۋىسى كۆرۈلمەيدۇ. گۇناھتىن ساقلىنىش ئەمەلىي ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئەمەلىي ئىبادەت ئورۇندالمىسا، رەمزىي ئىبادەتنىڭ نەتىجىسى چىقمايدۇ.

3. ئەخلاق چۈشەنچىسى

كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئەخلاقنىڭ ئىمان ۋە ئىبادەت بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى بىلمەيدۇ، ئىبادەت باشقا نەرسە، ئەخلاق باشقا نەرسە دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، ئەخلاق ئىماننى ئىپادىلەيدىغان، ئىبادەتنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم نەرسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[401] دېگەنلىكى، «بىر ئايال بار بولۇپ، ئۇ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە سەدىقىنى كۆپ قىلىدۇ. لېكىن قوشنىسىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بېرىدىكەن» دەپ سورالغاندا، «ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ› دېگەنلىكى، «يەنە بىر ئايال بار بولۇپ، ئۇ نەپلە نامازنى، نەپلە روزىسىنى ئاز تۇتىدىكەن، سەدىقىنىمۇ ئاز بېرىدىكەن، ئەمما قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمەيدىكەن» دەپ سورالغاندا، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر «ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ»[402] دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، «قوشنىسى ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم مۇئمىن بولالمايدۇ»[403] دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەخلاق __ ئىنساننىڭ روھىدا يەرلىشىپ، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن قىلىقلار بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىش – ھەرىكىتى، گەپ – سۆزى، ئىدىيەسى ، مىجەز – ئەخلاقى، مۇئامىلىسى، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆرپ – ئادىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپقا سالىدىغان مىزان. ئەخلاق گۈزەل ئەخلاق ۋە ناچار ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق __ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. گۈزەل ئەخلاق پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپقان، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ غايىسى قىلىنغان نەرسىدۇر.

ئەپسۇسكى، زامانىمىزدىكى بەزى كىشىلەر مەسجىدتە ناھايىتى ئەخلاقلىق بولسىمۇ، ئەمما مەسجىدنىڭ سىرتىدا،

---

(401) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(402) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(403) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

جەمئىيەتتە، ئائىلىسىدە، ئىش ئورنىدا، ئۇ باشقا بىر ئىنسان...

ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق چوڭ ئايرىلىش نەتىجىسىدە، ئىسلام دۇنياسىدا، مۇنداق ئىككى خىل ئىنسانلار مەۋجۇت: بىرى، ئەخلاقى ناچار، ئەمما ئىبادەتلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇندايدىغانلار، يەنە بىرى، ئەخلاقى ياخشى، ئەمما ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇندىمايدىغانلار، ياكى پەقەت ئورۇندىمايدىغانلار.

جەمئىيەتتە بەزى كىشلەر باركى، ئۇلار مۇئامىلە ئىشلىرىدا ناھايىتى راستچىل، دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك، ئەمما ناماز ئوقۇمايدۇ. يەنە بەزى كىشلەر باركى، ئۇلار ئىبادەتلەرگە ناھايىتى ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئەخلاقى ناچار بولغانلىقتىن بىراۋنى ئالدايدۇ، يەنە بىرىگە ئازار قىلىدۇ.

**ئىبادەتتىن ئەخلاقي نېسۋە ئالالمىغانلار قىيامەتتە قۇرۇق قول قالىدۇ**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال – مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»(404) دېگەن.

ھەدىستە كۆرگىنىمىزدەك، ئىبادەتنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمەسلىكنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ناچار ئەخلاقتۇر!

**ياخشى سۆز تاپالمىسىڭىز سۈكۈت قىلىڭ!**

دۇنيادا نۇرغۇن ئىنسانلار ئۈچۈن كىشلەرنى تەنقىتلەش، سۆكۈش، ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ناھايىتى ئوڭاي ئىشلاردۇر. ئۇلار بۇ ئىشلاردا قىلچە جاپا تارتمايدۇ، بۇ توغرىدا ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمايدۇ، يامان سۆزلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئاغزىدىن چىقىرىدۇ. ئەمما بىرەر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى، ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ۋە ئېسىل تەرەپلىرىنى بايان قىلىش، تەرىپلەش ۋە ئۇنى مەدھىيەلەش كۆپلىگەن ئىنسانلار ئۈچۈن ناھايىتى قىيىندۇر. چۈنكى ئىنسان تەنقىتلەشكە مايىل كېلىدۇ. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسان خاراكتېرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى ۋە خاراكتېرىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنى يامان سۆزدىن ساقلىنىپ، ھەمىشە ياخشى سۆز قىلىشقا، كىشلەرگە چىرايلىق گەپ قىلىشقا، ئۇلار توغرۇلۇق ياخشى گەپلەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان.

«ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا _ ئانىغا، يېقىن تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق»[405]. «بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شەكسىزكى، شەيتان (ئۇلار بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ) ئارىسىنى بۇزماقچى بولىدۇ، چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر»[406].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن»[407] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن توغرا كۆرسەتمە! چۈنكى ئىنسان گەپ قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ چىرايلىق گېپى بولسا، ئۇنى قىلسا بولىدۇ، ئەگەر چىرايلىق گېپى بولمىسا، ئۇنىڭ سۈكۈت قىلغىنى ياخشىدۇر. ئىنساننىڭ يامان گەپ قىلىشتىن، غەيۋەت قىلىشتىن، تۆھمەت قىلىشتىن ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئامانلىقى، سالامەتلىكى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشىدۇر.

بىر ئادەم قانچىلىك قانچىلىك يامان ئادەم بولۇپ كەتسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قىسمەن ياخشى تەرەپلىرى بولىدۇ. ئەگەر بىز مەزكۇر ئادەمنىڭ شۇ قىسمەن ياخشى تەرەپلىرىگە دىققىتىمىزنى بۇرايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ يامانلىقىنى بېسىپ چۈشىدىغان ياخشى خىسلەتلىرىنى قېزىپ چىقىرالايمىز. بىز بىرەر ئىنسانغا باھا بېرىشتە نەزىرىمىزنى ئۇنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگىلا قاراتساق، ئۇنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى كۆرەلمەي قالىمىز. شۇڭا، ئىنسانلارغا باھا بېرىشتە ئىنساپلىق بولۇپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ خۇددى بىزگە ئوخشاش ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرى بولغان ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ پەرىشتە

---

(404) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

405 بەقەرە سۈرىسى:83_ ئايەت.

406 ئىسرا سۈرىسى: 53 _ئايەت.

407 ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەمەسلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. شۇڭا، كامالەتنى ئۆزىمىزدىن تەلەپ قىلساق بولىدۇ، ئەمما ئۇنى باشقىلاردىن تەلەپ قىلساق ئىنساپسىزلىق قىلغان بولىمىز. بىز ئۆزىمىز ھەر ئىشتا مۇكەممەل بولۇشقا تىرىشىشىمىز، باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىغا تىلەكداش بولۇشىمىز لازىم. ئەمما ئۇلاردىن مۇكەممەل بولۇشنى، خۇددى پەرىشتىلەردەك بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى بىزمۇ شۇنداق بولالمايمىز.

## سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام مەنبەلىرىدىكى ئورنى

سۈننەت _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى، قىلغانلىرى، كۆرسەتكەنلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسلام روھىغا مۇۋاپىق ھالدا قىلغان ئىشلىرىنى تەستىقلىغانلىرى دېگەنلىكتۇر. سۈننەت بىلەن ھەدىس ئىككىسى بىر مەنىدە بولۇپ، ئۇ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ قۇرئان كەرىمدىن كېيىنكى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى سۈننەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: (وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا) يەنى «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»[408].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (مَّنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ) يەنى «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[409].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ئومۇمىي ئەھكاملارنى ئۇچۇقلاش، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ۋە تەپسىلى بايان قىلىشتەك ئالاھىدە مۇھىم خۇسۇسىيىتى بىلەن ««قۇرئان كەرىم›نىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى»»دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا «ھېكمەت» نامى بىلەن سۈننەتنىمۇ ئاتا قىلغان. چۈنكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، «قۇرئان كەرىم» لەۋزى ۋە مەنىسى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئەمما سۈننەت ياكى ھەدىس مەنىسى ئاللاھ تائالاغا، لەۋزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئائىتتۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈننەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرۈپ، ئۇنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئەمىر قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى، بۇيرۇغانلىرىنى، توسقانلىرىنى ۋە جىمى ئەھكاملىرىنى گاھ ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھ سۆزى بىلەن، گاھ باشقىلارنىڭ توغرا قىلغان ئىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشى، خاتا قىلغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى بىلەن يەتكۈزگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» سۈننەتتىن بىھاجەت بولالمايدۇ.

سۈننەتنىڭ ئىسلام فىقھىدىكى مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرز، ۋاجىب ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا قىلغان ۋە بىزنىمۇ قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلەردۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشىغان ئەمەللەردۇر. بۇ مەنىدىكى سۈننەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، تەكىتلىك سۈننەت، يەنە بىرى، تەكىتسىز سۈننەتتۇر.

تەكىتلىك سۈننەت - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئورۇنداشقا ئادەتلەنگەن ۋە ئۈزۈلرىسىز قەتئىي تەرك ئەتمىگەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەتتە مىسۋاك قوللىنىشقا ئوخشاش ئەمەللەردۇر. تەكىتلىك سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى ئورۇندىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. بىراق ئاللاھنىڭ كايىشىغا ئۇچراش خەۋپى بار.

تەكىتسىز سۈننەت - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇنداشقا ئادەتلەنمىگەن بولۇپ، گاھىدا ئورۇندىغان، گاھىدا ئۈزۈلرىسىز تەرك ئەتكەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن: ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇشقا ئوخشاش ئەمەللەر. تەكىتسىز سۈننەت «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ. تەكىتسىز سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى ئورۇندىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ، تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

---

408 ھەشر سۈرىسى 7 – ئايەت.

409 نىسا سۈرىسى 80 – ئايەت.

## مۇسۇلمانلىق سىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

مۇسۇلمانلىق دېگەن بىر ەر ئاتاق ياكى بىر ەر نام - شۆھرەت ئەمەس، بەلكى ئۇ مەسئۇلىيەت ۋە ھايات ئەندىزىسىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلىق (**لاإلـه إلا الله محمـد رسول الله**) «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» يەنى (ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر) دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى دىلى بىلەن تەستىقلاپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ كەلىمەنى ئېتىقادلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولباشچىلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقتۇر. بۇنى قوبۇل قىلغانلىق مەسئۇلىيەت ئىچىگە كىرگەنلىكتۇر. بۇ مەسئۇلىيەت «دىنىي مەجبۇرىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ. «دىنىي مەجبۇرىيەت» ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەپ بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە شەرھلەپ ۋە ئەمەلدە تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن ئەمر _ پەرمانلاردۇر. دىنىنىڭ ئەمر _ پەرمانلىرى «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئىككى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، «دىنىي مەجبۇرىيەت» ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. خۇددى بىر ەر دۆلەتكە كىرگەن ئادەم شۇ دۆلەتنىڭ قانۇن – تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇر بولغاندەك، ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئىسلام بەلگىلىگەن قانۇن – تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلمىغان ئادەم دۆلەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندەك، ئىسلامنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلمىغان ئادەممۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

ئىسلامنى تۇنجى قوبۇل قىلغان ساھابىلەر (**لاإلـه إلا الله محمـد رسـول الله**) دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ مەنىسى، تەقەززاسىنى ۋە شەرتلىرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىق، ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن – پىرىنسىپ بويىچە ھايات كەچۈرۈش يولىغا ئۆزىنى ئاتىغانلىق ۋە چوڭ بىر مەسئۇلىيەت ئىچىگە كىرگەنلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇ چاغلاردا ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا ئۈنىمىغانلار بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلگەندەك، شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ قويۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ ئۈنىڭدىن «مۇھەممەدنىڭ مۇشۇ كەلىمىدىن باشقا، قانداق تەلىپى بولسا، بىز ئۇنى چوقۇم ئورۇندايلى» دەپ تەلەپ قىلغانلىقىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى. ئەمما ئەپسۇسكى، ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلار ئاساسەن مۇسۇلمان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ كەلىمىنىڭ قىممىتىنى، تەقەززاسىنى ۋە شەرتلىرىنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن مۇسۇلمانلىق خۇددى ئۇيغۇر، تۈرك، ئەرەب دېگەندەك ئۆز ئىختىيارىدا بولمىغان بىر مەنسۇپلۇقتۇر. چۈنكى ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ياكى ئەرەب بولۇشىنى ئۆزى تاللىمىغاندەك، كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنىمۇ ئۆزى تاللىمىغان، پەقەت ئائىلىسى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولۇپ قالغان. كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي سەۋىيەسى مۇشۇ ھالەتتە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدا ئىسلام قۇرۇق ئاتاققا ئايلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ يۈرۈش – تۇرۇشىدا، مۇئامىلىسىدە، ياشاش تەرزىدە ئىسلامنىڭ ھېچبىر ئەسىرى قالمىغان. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقى بەزى نامازلارنى مەسجىدتە ئوقۇش، رامىزاندا روزا تۇتۇش، مۇسۇلمانچە كىيىنىش دېگەندەك مەلۇم ئىبادەتلەردىلا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ قالغان.

ھەقىقەت شۇكى، ئىسلامغا مەنسۇپ بولۇش دېگەنلىك ئەقىدىدە، ئىبادەتتە، ئەخلاقتا، مۇئامىلىدە ۋە بارلىق ھايات ساھەلىرىدە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

1. ئەقىدىدە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش

ئەقىدىدە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش _ ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا، ئۇنىڭ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، مەۋجۇداتنى بىكارغا ياراتمىغانلىقىغا، ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە، بۇ ھاياتلىقنىڭ غايىسى ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن _ پىرىنسىپ بويىچە ياشاپ، ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق قىلىش ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادەت بىلەن مەنىد بولۇپ تۇرىدىغان، بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى قوغداپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ ھايات نىزامى قىلىپ ساماۋى كىتابلارنى چۈشۈرگەنلىكىگە، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا، ئۇ كۈندە ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشى- يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغانلىقىغا، ھاياتىنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ مۇكاپاتلىنىپ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا، ھاياتىنى كۇفرىلىق ۋە گۇناھ- مەئسىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ دوزاخقا تاشلىنىپ ئازابلىنىدىغانلىقىغا، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ھېچكىمنى ياخشىلىققا ياكى يامانلىققا

مەجبۇرلىمايدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش، پىكىر-تەپەككۇردا، تەسەۋۋۇردا ۋە ئوي –خىيالدا مۇشۇ ئېتىقادنى مىزان قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئېتىقاد توغرا ۋە ساغلام بولمىسا، قىلغان ئەمەل – ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئەمەل- ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئېتىقادقا باغلىقتۇر. شۇڭا يۇقىرىقى ئېتىقادىي مەسىلىلەرگە قىلچە شەك ئارىلاشتۇرماي، شەكلىدە چىن ئىشىنىش شەرتتۇر.

2. ئىبادەتتە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش

ئىبادەتتە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش _ پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدە قۇلچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئاتاش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «مەن ئىنسانلار، جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن ئۈچۈنلا ياراتتىم»[410] دېگەن دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ھاياتىنى ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە ئۆتكۈزۈش ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر.

ئىبادەت – ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىبادەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى ئەمەلىي ئىبادەتلەر (العبادات التعاملية)، يەنە بىرى رەمزىي ئىبادەتلەر (العبادات الشعائرية) دۇر.

ئەمەلى ئىبادەتلەر _ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلاردىن چەكلىنىش ۋە بارلىق ئىش _ ھەرىكەتلەردە، گەپ _ سۆزلەردە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر. بۇ تۈردىكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ كېچە _ كۈندۈزى، ھەرىكەت ۋە سۈكۈناتلىرى، شۇنداقلا ھاياتىنىڭ بارلىق دەقىقىلىرى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن مۇشۇ ئىبادەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

رەمزىي ئىبادەتلەر _ بەزىسى قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىشقا ئوخشاش تىل بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، بەزىسى نامازغا ئوخشاش بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن قىلىنىدىغان جىسمانىي ئىبادەتلەر، بەزىسى پۇل _ مال سەرپ قىلىش بىلەن قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ئىبادەتلەر، يەنە بەزىسى ھەجگە ئوخشاش ھەم بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن، ھەم ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

رەمزىي ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشنى ھاسىل قىلىش بولۇپ، بۇ باغلىنىش پەقەت ئەمەلىي ئىبادەتلەرنى جايىدا ئورۇنداش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى گۇناھ ئاللاھ تائالا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا پەردە ھاسىل قىلىدۇ، نەتىجىدە بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. گۇناھتىن ساقلىنىش ئەمەلىي ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئەمەلىي ئىبادەت ئورۇندالمىسا، ئاللاھ تائالاغا باغلىنىش ھاسىل بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەلىي ئىبادەتلەر بىلەن رەمزىي ئىبادەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئاتا _ ئانىسىغا تاجى كىيگۈزىدۇ»[411]. قۇرئان ئوقۇش رەمزىي ئىبادەت، قۇرئانغا ئەمەل قىلىش ئەمەلىي ئىبادەت بولۇپ، خۇددى قۇرئان ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا نەتىجە قازىنالمىغاندەك، ئەمەلىي ئىبادەت ئورۇندالمىسا، رەمزىي ئىبادەت نەتىجە بەرمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئى رەببىم! ئى ئىگەم! دەپ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېگەنلىرى ھارامدىن، ئىچكەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!»[412]. دۇئا ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان ئادەم رەمزىي ئىبادەتنى قىلغان بولىدۇ، ئەمما بۇ رەمزىي ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، ئەمەلىي ئىبادەتنىڭ ئورۇندالغان بولۇشى شەرتتۇر. ھارام يېيىش ئەمەلىي ئىبادەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. شۇڭا، يېمەك _ ئىچمىكى ھارامدىن بولغان ئادەمنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقان تۇرۇقلۇق، گۇناھ _ مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن قول ئۈزمىگەن ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر قىسىم روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار روزا تۇتۇپ ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[413]. چۈنكى روزا تۇتۇش رەمزىي ئىبادەت، گۇناھتىن ساقلىنىش ئەمەلىي

[410] زارىيات سۈرىسى:56- ئايەت.
[411] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[412] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[413] ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

ئىبادەتتۇر. رەمزىي ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، ئەمەلىي ئىبادەتنىڭ جايىدا ئورۇندالغان بولۇشى شەرتتۇر.

3. ئەخلاقتا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش

ئەخلاقتا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش _ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، مۇئامىلىسى، گەپ- سۆزلىرى ۋە بارلىق ھەرىكەتلىرى ئىسلامدا بەلگىلەنگەن قانۇن- پىرىنسىپقا تامامەن ئويغۇن بولۇشى دېگەنلىكتۇر. ئەخلاق دىلدىكى ئىماننىڭ گۇۋاھچىسى، ئەمەل-ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. گۈزەل ئەخلاق ئىماننى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. دەرىجە جەھەتتە ئەخلاق بىلەن ئىمان بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[414] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق ئادەم مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، بۇ ۋاقىتتا ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن: يارەسۇلۇللاھ! ئۇ قانداق ئادەم؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسى ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم»[415] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىنسان تەنتەربىيە ئارقىلىق جىسمانىي ساغلاملىققا ئېرىشسە، ئىبادەت ئارقىلىق روھىي گۈزەللىككە ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئېرىشىدۇ. بەزى كىشىلەر مەسجىدتە ناھايىتى ئەخلاقلىق بولسىمۇ، ئەمما مەسجىدنىڭ سىرتىدا، جەمئىيەتتە، ئائىلىسىدە، ئىش ئورنىدا، ئۇ باشقا بىر ئىنسان...

ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق چوڭ ئايرىلىش نەتىجىسىدە، ئىسلام دۇنياسىدا، مۇنداق ئىككى خىل ئىنسانلار مەۋجۇت:

بىرى، ئەخلاقى ناچار، ئەمما ئىبادەتلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇندايدىغانلار،

يەنە بىرى، ئەخلاقى ياخشى، ئەمما ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇندىمايدىغانلار، ياكى پەقەت ئورۇندىمايدىغانلار.

جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار مۇئامىلە ئىشلىرىدا ناھايىتى راستچىل، دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك، ئەمما ناماز ئوقۇمايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئىبادەتلەرگە ناھايىتى ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئەخلاقى ناچار بولغانلىقتىن بىراۋنى ئالدايدۇ، يەنە بىرىگە ئازار قىلىدۇ.

4. مۇئامىلىدە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش

مۇئامىلىدە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش – مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئائىلە ھاياتى، ئېلىم- سېتىم، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئەھدە – كېلىشىم، پۇل- مال مۇئامىلىسى قاتارلىق بارلىق مۇئامىلىلەردە ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن- تۈزۈم ۋە قائىدە- پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈشى دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقى مۇئامىلىلەرنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇنداق:

(1) ئائىلە ھاياتى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىسلامىي ئەھكاملار ۋە قائىدە _ پىرىنسىپلار ئەخلاق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ، ئەخلاق بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسلىق يۆلەنچۈكىدۇر. مەسىلەن: ئائىلە نىزامى، شەخسلەرنىڭ ھەق _ ھوقۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئالىدىغان بولساق، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھەمكارلىق، بىر _ بىرىنى چۈشىنىش ۋە بىر _ بىرىگە يول قويۇش، بىر _ بىرىنى كەچۈرۈش، ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە يارىتىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكىگە ئاساسەن ئادالەت بىلەن بۆلۈشۈش، ئۆيلىنىش، ئاجرىشىش، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، مىراسنى ھەققانىي تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى باشتىن _ ئاخىر گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش بىلەنلا توغرا يۆنىلىشكە قاراپ يول ئالىدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى دۆلەتنىڭ قانۇن _ پىرىنسىپلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. ئۆي ئىچىدە پەقەت ئاللاھتىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي پىرىنسىپلارلا ئىشقا يارايدۇ. يېمەك _ ئىچمەك ۋە ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا كىيىنىش ئىشلىرىمۇ بۇ ماۋزۇغا قوشۇلىدۇ.

(2) ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئەخلاق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر بىر شەخسنىڭ ھاياتىدىكى دىنىي ۋە دۇنيالىق

(414) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(415) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ۋەزىپىسىنى، ئائىلە ئەزالىرىغا، قوشنىلىرىغا، يۇرت _ جامائەتكە ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بۇرچىنى ۋە ۋەزىپىسىنى چىن كۆڭلىدىن قېتىرقىنىپ ئادا قىلىش بولسا شۇ كىشىدىكى ھەقىقەتنى سۆيۈش، باشقىلارغا يول قويۇش، كەچۈرۈش، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

(3) ئەھدە _ پەيمان، كېلىشىم تۈزۈش ئىشلىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋىتى

ئەھدۇ _ پەيمان، كېلىشىم ۋە توختام ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت ئىنسانلارنىڭ ھەق _ ھوقۇقىنى قوغداش، ھەقسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. مۇنداق مۇئامىلىلەرنى بىراۋنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلماستىن ھەققانىي ھالدا ئېلىپ بېرىش پەقەت گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش بىلەنلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق كىشىنى ئۆز _ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، ئۆزى ئېتىقاد قىلىشۋاتقان دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش، ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق پەزىلەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

(4) ئىسلامىي قائىدە _ يوسۇنلارنىڭ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋىتى

ئىسلامىي قائىدە _ يوسۇنلار ئىنسانىنىڭ يۈرۈش _ تۇرۇشى ۋە ئىش_ پائالىيەتلىرىدە، شۇنداقلا باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل دۇرۇسلۇق، ھەققانىيلىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكنى گەۋدە قىلغان روھىي گۈزەللىكتۇر. ئۇنىڭدا باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ياخشى ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى بىئارام قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىغان ھەرقانداق گەپ _ سۆز ۋە ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر مۇجەسسەم بولغان بولىدۇ.

بۇ قائىدە _ يوسۇنلار پەقەت گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋە ئالغان كىشىلەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار دۆلەتنىڭ قانۇنى بىلەن قورقۇتۇپ قىلدۇرغىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن چىققان ۋە ئۇنىڭ ئىش _ ھەرىكەتلىرىنى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىغا ئالىدىغان ئەخلاقنىڭ كۈچى بىلەنلا قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## رامىزان ئېيى قۇرئان ئېيىدۇر

رامىزان ئېيى قۇرئان ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان بىر ئاي بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان كېچىلىرى جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئاننى باشتىن ئاخىرى ئوقۇپ دەرس قىلاتتى. ۋاپات بولغان يىلى رامىزان كېچىلىرى ئىككى قېتىم دەرس قىلىشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلەر رامىزان ئېيىدىكى ئىبادەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇرئان ئوقۇش، ئۇنىڭ مەنىسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلارغا خاس قىلاتتى. ساھابىلەردىن كېيىن زامانىمىزغا قەدەر ئىسلام ئەھلى، ئىسلام ئۆلىمالىرى، تەقۋادار كىشىلەر ۋە ھەربىر تىرىشچان مۇسۇلمان ئادەم رامىزاندا قۇرئاننى كۆپلەپ ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. چۈنكى قۇرئان ئوقۇش، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، شۇنداق قىلغان كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر»[416] دېگەن.

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنى كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت مەشئىلى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان شۇنداق بىر) كىتابتۇركى، بىز ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى رەببىڭنىڭ ئىرادىسى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا _ ھەممىدىن غالىب، مەدھىيەلىنىدىغان ئاللاھنىڭ يولىغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن چۈشۈردۇق»(417). «(بۇ) ئۇلار ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۆگۈت ئالسۇن دەپ، بىز ساڭا چۈشۈرگەن مۇبارەك كىتابتۇر»[418].

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ئوقۇپ مەنىسىنى بىلىپ ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ئىلاھىي دەستۇردۇر. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىكى ئاساسلىق غايە، ئاساسلىق مەقسەت ئوقۇشلا ئەمەس، تەپەككۇر قىلىش، ئەمەل قىلىش ۋە ھايات دەستۇرى قىلىشتۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، ئوقۇغان كىشىگە ساۋاب بېرىدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، «قۇرئان كەرىم» لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىپ ئىبادەت قىلغىلى بولىدىغان، مەنىسىگە ئەمەل قىلىپ ھىدايەت تاپقىلى بولىدىغان ئۇلۇغۋار ساماۋىي كىتابتۇر.

ئۆلىمالار رامىزان ئېيىنى «قۇرئان ئېيى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان بىر سۆز. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» رامىزان ئېيىدا چۈشۈرۈلۈشكە باشلىدى، بىزنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى رامىزاندا ئەڭ كۆپ ئوقۇدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ! ئەڭ سېخى زات ئىدى، ئۇ ھەر رامىزاندا جىبرىل بىلەن ئۇچراشقان تېخىمۇ سېخىي بولۇپ كېتەتتى. ئۇ رامىزاندا ھەر كېچە جىبرىل بىلەن ئۇچرىشاتتى، جىبرىل ئۇنىڭغا قۇرئان ئوقۇتاتتى»[419].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ رامىزان ئېيىدا چۈشۈشكە باشلىغانلىقى ئاينىڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ بىر ئاي بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. «(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن (ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئان چۈشۈشكە باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر»[420].

«قۇرئان كەرىم» شۇنداق شەرەپلىك، ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغ كىتابكى، ئۇنى چىن دىلىدىن بېرىلىپ ئوقۇغان، مەنىسى چۈشىنىپ ئەمەل قىلغان، ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى ئەزىز، ھۆرمەتلىك ۋە شەرەپلىك قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈۋىدى، ئۇنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، ئەڭ ھۆرمەتلىكى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى قىلدى. بۇ كىتابنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئېلىپ كېلىۋىدى، جىبرىل بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكىگە ئايلاندى. بۇ كىتاب رامىزان ئېيىدا چۈشۈۋىدى، رامىزان ئېيى بارلىق ئايلارنىڭ ئۇلۇغى ۋە قىممەتلىكى بولۇپ

---

416 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(417) ئىبراھىم سۈرىسى 1- ئايەت.

418 ساد سۈرىسى: 29- ئايەت.

419 ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

420 بەقەرە سۈرىسى: 85- ئايەت.

قالدى. بۇ كىتاب مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى بولۇۋېدى، مۇسۇلمانلار بارلىق ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئايلاندى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم»دە «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» دەپ سۈپەتلىدى. بۇ كىتاب قەدر كېچىسىدە لەۋھۇلمەھپۇزدىن بىرىنچى ئاسمانغا چۈشۈۋېدى، بۇ كېچە مىڭ ئايدىن ئۇلۇغ كېچىگە ئايلاندى. شەكسىزكى، بۇ قۇرئان بىزنىڭ دىلىمىزدىن مەھكەم ئورۇن ئالسا، ئۇ بىزنى ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ ئەزىز قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

«قۇرئان كەرىم» يولىغا ئەگەشكەن مىللەتنى ئەزىز، شەرەپلىك ۋە قۇدرەتلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، « ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان _ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان) نى چۈشۈردۇق. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟»[421]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: « «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار (شۇنداق كىشىلەركى) ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر»[422]. شان – شەرەپ بولغان يەردە ئەزىزلىك بولىدۇ. ئەزىزلىك بولغان يەردە خارلىق. ئاجىزلىق بولمايدۇ، بەلكى دۆلەت، ھاكىمىيەت بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى كىشىلەرنى ئوتتۇرا يولدا تاشلاپ قويىدىغان كوممۇنىزمچىلارنىڭ يالغان جەننىتىگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلىشنى خالىغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى، ساھابىلەرنىڭ ھاياتىنى ۋە ئىسلام تارىخىنى ئوقۇسا ھەممىنى بىلىپ قالىدۇ.

**«قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇشۇ كىتاب (قۇرئان) بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەرتىبىسىنى يۇقىرى قىلسا، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەرتىبىسىنى تۆۋەن قىلىدۇ»[423].

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلسۇن ـ بىلمىسىمۇن، ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلغان ئادەم چوقۇم ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار ۋە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغانلار ھەرگىز كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر»[424].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇڭلار، قۇرئان ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغان ھالدا كېلىدۇ»[425].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆمىن خۇددى ئۇترۇج دېگەن مېۋىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆمىن خورمىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى يوق، ئەمما تەمى تاتلىقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىق رەيھانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي، ئەمما تەمى ئاچچىقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇناپىق (ياۋا) خەمەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقىمۇ يوق، تەمىمۇ ئاچچىقتۇر»[426].

شۈبھىسىزكى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تەكبىر، تەھلىل، تەسبىھ ۋە دۇئادىنمۇ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ‹قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە ماڭا زىكىر ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن

---

[421] ئەنبىيا سۈرىسى: 10- ئايەت.

[422] نۇر سۈرىسى: 55- ئايەت.

(423) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(424) فاتىر سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر.

(425) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(426) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مەندىن ھاجىتىنى سورالمىغان بەندەمگە، سورىغانلارغا بەرگىنىمدىنمۇ ياخشىراقىنى بېرىمەن› دېدى. ئالالاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا سۆزلەردىن ئۇلۇغلىقى، خۇددى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن ئۇلۇغلىقىغا ئوخشاشتۇر»[427].

قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاشمۇ كاتتا ئىبادەتلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە(سۆز قىلماستىن) جىم تۇرۇڭلار»[428].

قۇرئاننى ئوقۇش، يادىلاش، مەنىسىنى چۈشىنىش، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئەمەل قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سائادەتمەنلىرى ۋە ئەڭ سەرخىللىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر»[429] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇيدىغان ئادەم ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. كۆكۈل قويسىمۇ ئۇنى تەسلىكتە قىينىلىپ ئوقۇغان كىشىگە ئىككى ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بېرىلىدۇ»[430].

قۇرئان ئوقۇغاندا كۆز يېشى قىلىشنىڭ پەزىلىتى چوڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان غەمكىنلىك بىلەن چۈشتى، ئۇنى ئوقۇغىنىڭلاردا يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئەگەر يىغا كەلمىسە، ئۆزئارا يىغلىشىڭلار. ئۇنى چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇڭلار. كىمكى قۇرئاننى چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇمايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[431].

ئاللاھ تائالا پەرزەنتلىرىگە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگەتكەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئان ئوقۇيدىكەن ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىغا قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق تاجىنى كىيگۈزىدۇ»[432].

**قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى**

1. قۇرئاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش. قۇرئاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش شەرت ئەمەس، شۇنداقتىمۇ تاھارەت بىلەن ئوقۇسا ياخشى. ئەمما جۇنۇپ كىشى ياكى ھەيزدار ئايال تاھارەتسىز ئوقۇسا بولمايدۇ.

2. قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن **أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ** دەپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن»[433].

3. قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇڭلار»[434].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھېچ بىر نەرسىگە قۇرئاننى يۇقىرى ئاۋازدا چىرايلىق ئاھاڭ بىلەن ئوقۇغان پەيغەمبەرگە قۇلاق سالغىنىدەك قۇلاق سالغان ئەمەس»[435].

4. قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، ئاللاھ ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقادتا تۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن ئوقۇش. «ئۇلار

---

(427) تىرمىزى رىۋايىتى.
(428) ئەئراف سۈرىسى 204- ئايەت.
(429) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(430) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(431) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(432) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(433) نەھل سۈرىسى 98 ـ ئايەت.
(434) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(435) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[436].

5. قۇرئـان ئوقۇشـنى مەئىشـەتنىڭ كەسـپىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق. پەقەت ئاخىرەتلىك ساۋابىنى كۆزلەپ ئوقۇش. «كىمكـى (قىلغـان ئـەمەلى بىـلەن) ئاخىرەتنىـڭ سـاۋابىنى كۆزلىسـە، ئۇنىـڭ سـاۋابىنى زىيـادە بېرىمىز، كىمكـى (ئـەمەلى بىـلەن) دۇنيانىـڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق»[437].

6. قۇرئـاننى قۇرئـان ئوقـۇش قائىـدىلىرىگە رىئـايە قىلىـپ، ئوچـۇق، دانە- دانە ئوقـۇش. «قۇرئـاننى دانە _ دانە، ئوچـۇق ئوقۇغىن»[438].

7. قۇئاننى ئىبغىزنى مىدىرلىتىپ ئوقۇش لازىم. چۈنكى ئىبغىزنـى مىدىرلاتماي، كۆڭلىدە ئوقۇش قۇرئان ئوقۇشقا كىرمەيدۇ. چۈنكى ئـاللاھ تائـالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنى ۋەھيى چۈشـۈۋاتقان چاغدا ئۇنى ئوقۇشـق ائالدىراپ تىلىنـى مىدىرلىتىشتىن مەنئى قىلغان. بۇنىڭدىن چىقىدۇكى، تىلنى مىدىرلىتىپ ئوقۇش ئۇنى ئوقۇغانلىق، ئىچىدە ئوقۇش ئوقۇمىغانلىقتۇر.

8. قۇرئاننى ئىمكانقەدەر قۇرئانغا قاراپ ئوقۇش. قۇرئـان بـار يەردە، ئۇنى قۇرئاندىن ئوقۇمـاي تېلېفونـدىن ئوقـۇش ياخشـى ئەمەس، چۈنكى قۇرئانغا قاراشنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەتتۇر.

**قۇرئاننى قانداق ئوقۇش كېرەك؟**

شەكسىزكى، قۇرئاننى ئاللاھ تائالا ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ، ماڭىلا خىتاب قىلىۋاتىدۇ، دېگەن ھېس – تۇيغۇ بىلەن، ۋابىغا يەتكەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئوقۇش كېرەك. ئەبۇلھەسەن نەدەۋى[439] ئىسلام شائىرى مۇھەممەد ئىقبال[440] ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:« ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۇسلۇبى باشقىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇسلۇبىنىڭ بەرىكىتى بىلەن قۇرئاننىڭ ھالاۋىتىنى ئەڭ تولۇق تېتىيالىغان ۋە ئۇنىڭ سايىسىدا ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرگەن شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئەللامە ئىقبال ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن:«مەن ھەر ئەتىگەنى بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدىم. ھەر كۈنى دادام مەندىن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ دەپ سورايتتى. مەن «قۇرئان ئوقۇۋاتىمەن»دەپ جاۋاب بېرەتتىم. دادام ھەر كۈنى شۇ بىر خىل سوئالنىلا سورايدۇ، مەنمۇ شۇ بىر خىل جاۋابنىلا بېرىمەن. بىر كۈنى مەن دادامدىن «دادا ھەر كۈنى قۇرئان ئوقۇۋاتقىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە مەندىن نېمە قىلىۋاتقىنىمنى سوراشتىن زېرىكمىدىڭىزمۇ؟ »دەپ سورىۋىدىم. دادام ماڭا «بالام! مەن ساڭا قۇرئاننى خۇددى ساڭا چۈشكەندەك ئوقۇغىن دېكچى ئىدىم»دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن قۇرئاننى خۇددى ئاللاھ تائالا ماڭا چۈشۈرگەندەك ھېس-تۇيغۇ بىلەن ئۇنى چۈشىنىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ پارلاق نۇرىدىن ۋە جەۋھەرلىرىدىن مېنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىم بارلىققا كەلدى.»[441]

**قۇرئـان يادىلاشنىڭ پەزىلىتى**

قـارىيلار ئىسـلام ئۈممىتىنىـڭ ئەڭ شـەرەپلىك كىشـىلىرىدىندۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېـگەن: «ئاللاھنىـڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن يېقىن كىشىلىرى بار، قارىيلار ئاللاھنىڭ يېقىنلىرى ۋە ئالاھىدە بەندىلىرىدۇر»[442].

---

(436) بەيyينە سۈرىسى 5 _ ئايەت.

(437) شۇرا سۈرىسى 20 _ ئايەت.

(438) مۇززەممىل سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

439 ئەبۇل ھەسەن نەدەۋى ھىندىستانلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى، كۆپلىگە ئىسلام ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورىدۇر. 1913-يىلى ھىندىستاننىڭ شىمالىدا دۇنياغا كېلىپ 1999-يىلى ئالەمدىن ئېتكەن.

440 مۇھەممەد ئىقبال-ئىسلام مۇتەپەككۇرى، شائىر، پەيلاسوپ ۋە ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن ھىندىستان تەۋەسىدە، سۇنداقلا دۇنيادا زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن شەخس. ئۇ 1877-يىلى شۇ ۋاقىتتىكى ھىندىستاننىڭ پەنجاب ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە 1938-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. مۇھەممەد ئىقبال ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق مەيدانىدا چىڭ تۇرغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىرى ؛ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن.

441 ئەبۇل ھەسەن نەدەۋىنىڭ« ئىقبال شېئىرلىرى»ناملىق ئەسىرى38-39-بەتلەر.

(442) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلاردىن ياشانغانلارنى، قارىيلارنى ۋە ئادالەتلىك ئىش باشقۇرغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[443].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قارىي جەننەتكە كىرسە، ئۇنىڭغا قۇرئاننى دۇنيادىكى چېغىڭدا ئوقۇغىنىڭدەك ئوقۇغىن ۋە يۇقىرى ئۆرلە، سېنىڭ قارارگاھىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەن جايىڭدۇر، دېيىلىدۇ»[444].

بۇ ھەدىس، قۇرئان يادلىغان كىشىنىڭ يادلىغان ھەر بىر ئايىتىگە ئاخىرەتتە بىر دەرىجە قازىنىپ، ئۇنىڭ دەرىجىسى يادلىغان ئايەتلىرىنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

قارىيلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر. ئىسلام ئۈممىتى قارىيلارنى تارىختىن بويان شۇنداق ھۆرمەتلەپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازدا قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان كىشى ئىمام بولسۇن»[445].

(443) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(444) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسائى رىۋايىتى.
(445) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش

خاسىيەتلىك رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىغا قەدەم قويغان كۈنى، يەنى 2018- يىلى 6- ئاينىڭ 5- كۈنى رامىزاننىڭ باشقا كۈنلىرىگە ئوخشاشلا ۋاقتىم قىس، ئىشىم ئالدىراش ئىدى. ئايالىم زەيتۈنەم قازاقىستاندىن ئۈمرىگە كەلگەن مېھمانلار ئىچىدىن بىر قانچە موماي ۋە بوۋايلارنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى، جىددىي ئىشىمىز بولسىمۇ تاشلاپ مەككىگە كىرىپ ئۇلارنى يوقلاپ قويمىساق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئادەتتە رامىزان كۈنلىرىدە مەككىنىڭ يوللىرى قىستىلاڭغۇ بولىدۇ. رامىزان ئىچىدە بىر- ئىككى قېتىم ئۆمرە قىلىۋالساق، شۇنىڭغا كۇپايە قىلىپ، ئىمكانقەدەر مەككىگە كىرمەسلىككە تىرىشىمىز. دەسلەپتە كىرمەسلىككە تىرىشتىم. ئايالىم ئۇلارنىڭ ئالمۇتىدا تۇرۇپ مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى تېپىپ ئۇچۇر قىلغانلىقىنى ۋە مەن بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى مۇھىم پروگراممىلىرىنىڭ بىرسى قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بولدى، بارايلى دېدىم. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز مەككىدە ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىنى بىرئاز ئىزلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى تاپتۇق. قارىسام مېھمانخانىنىڭ كۈتۈش زالىدا لىق ئۇيغۇرلار ئولتۇرۇشقان ئىكەن. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يېقىن تۇغقانلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق. بىر بوۋاي ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. كېيىن ئۇقسام ئۇلارنىڭ بەزىسى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ گورنىگىگانت، سۇلتان قۇرغان، ئاينابۇلاق، دوستلۇق، زاراۋوستوك قاتارلىق مەھەللىلىرىدىن، بەزىسى چېلەك، ياركەنت قاتارلىق ئۇيغۇر رايونلىرىدىن كەلگەن ئىكەن كىشىلەر بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ شۇ گۈزەل كۆرۈنۈشى مېنىڭ ئاتا-ئانامنى ئەسلىتەتتى.

ئۇلار گورنىگىگانت مەھەللىسىدىن يۈسۈپوۋ سابىت ھاجىم، يۈسۈپوۋا مەريەم، مۇچىپۇلۇۋ تۇرسۇن، يۈسۈپوۋا گۈلبانۇم، ئاينابۇلاق مەھەللىسىدىن سۇلايمانوۋ جۇماخۇن، ساماخۇنوۋ ئابدۇللا، چېلەك رايونىدىن خاتاپوۋا خەلچى بۈۋى، ياركەنتتىن سادىرىۋا گۈلجاھان، يولداشوۋا تۇرغۇناي، كىدىرياچىۋا گۈلىستان، توختايېۋا رۇقىيەم قاتارلىقلار مېھمانلار بىلەن قىزغىن ھال - مۇڭ قىلىپ ئولتۇردۇق. ئۇلار ناھايىتى قىزغىن ھالدا ياخشى پاراڭلارنى قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېڭى چىققان تەپسىرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان بولۇپ، بەزىسى تاپسۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، كۆپلىرى تاپشۇرۇپ ئالالمىغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ تەپسىرنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشىنى سورايدىكەن.

سۇلتان قۇرغان مەھەللىسىدىن كەلگەن بىر ئاكىمىز مۇنداق دېدى: «ئۇلار مەن رامىزاننىڭ ئالدىدا «تەپسىر جەۋھەرلىرى» نىڭ 1- تومىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئوقۇپ چىقتىم ۋە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. سىز بىلەن بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالغانلىقىم مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خۇشاللىق بولدى. سىز بىلەن كۆرۈشەلمىسەممۇ خەت بىلەن بولسىمۇ ئالاقىلىشىپ، ئاشۇ تەپسىرنى يەنە بېسىپ تارقىتىشنى تەلەپ قىلماقچى ئىدىم. چۈنكى مېنىڭ خېلى تۇغقانلىرىم تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغۇچە تەپسىر تۈگەپ كېتىپتۇ» دېدى. گورنىگىگانتتىن كەلگەن بوۋايلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىپ «ئۇكام مەن سىزنىڭ بۇرۇن ‹يېڭى ھايات› گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىلىرىڭىزنى كېسىپ بىر دەپتەرگە چاپلاپ ساقلاپ قويغان ئىدىم، بەزىدە ئوقۇپ قويىمەن» دېدى. ياركەنتتىن كەلگەن بىر ھەدىمىز «ئۇكام مەن سىزنىڭ قازاقىستاندا چىقارغان كىتابلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ قېتىم ھەرەمگە مېڭىش ئالدىدا سىز بىلەن بىر تونۇشۇپ رەھمىتىمنى ئەيتسام دېگەن ئۈمىد بىلەن، تېلېفون نومۇرىڭىزنى ئۆتكەن يىلى ھەجگە كەلگەن زەيتۈنە دېگەن سىڭلىمىزدىن ئالغان ئىدىم. سىزگە تېلېفون قىلىپ نەدىن تاپارمەن دەپ غەم قىلغانتىم. مومايلار مەندىن يامان چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇلار سىزنى چاقىرتىپ ئەكىلىپتۇ، ئاللاھ ماڭا سىزنى ئالدىمغا ئەكىلىپ بەردى، چۈنكى مەن ئاللاھقا دۇئا قىلغان ئىدىم. سىزگە ياركەنتتىكى جامائەتنىڭ سالامىنى ئېلىپ كەلدىم» دېدى. چېلەك رايونىدىن كەلگەن خەلچەم موماي ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى مەريەم خان ھەدەم ئىككىسى مېنىڭ ئايالىمنىڭ مومىسى بىلەن بىر تۇغقاننىڭ بالىلىرى ئىكەن. بىز بۇ مومايلار بىلەن تۇغقان چىقىپ قالدۇق. ئايالىمغا تېلېفون قىلىپ بىزنى چاقىرتقان مومايلا شۇلار ئىكەن. خەلچەم موماي مېنى «بالام سىز مېنىڭ چەۋرە كىئوغلۇم بولسىزكەن، سىز بىلەن قانغۇچە پاراڭلىشىۋالاي» دەپ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھەرەمگە كەلگەندىن كېيىنكى قوش خۇشاللىقىنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن تەپسىرنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى، ئەمما بىزنىڭ نۇرغۇن كىسلەرگە يەتمەي تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، قايتا باستۇرۇپ تارقىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. مەن بۇ مومايغا مۇنداق جاۋاب بەردىم: «تەپسىرنى مەن يازغان بولساممۇ، ئۇنى باستۇرۇپ ھەقسىز تارقىتقان كىشى قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، دىنىمىز ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۆچمەس خىزمەتلەرنى قىلغان ساخاۋەتچى ئاكىمىز دىلمۇرات كۇزىيېۋ دېگەن كىشىدۇر. ئۇ كىشى بۇندىن ئىلگىرىمۇ مۇھەممەد سالىھ دامولللام تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»نى قازاقىستاندا ئۆزى باستۇرۇپ بىكارغا تارقاتقان ۋە دۇنيادا قۇرئان تەرجىمىسىنى ئۆزى يالغۇز بېسىپ تارقاتقان تۇنجى ئۇيغۇر بولۇپ تارىخقا يېزىلغان ئىدى. بۇ قېتىممۇ بۇ كاتتا خىزمەتكە شۇ كىشى نائىل بولدى. دىلمۇراتكامنىڭ دادىسى مەرھۇم پىرمۇھەممەد ھاجىم دادىمىز سۇلتان قۇرغاندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ مەسچىتىنى سېلىشتا بىرىنچى بولۇپ كۈچ چىقارغان ئىدى. كۇزىيېۋ ئائىلىسىنىڭ بۇ ئۇلۇغ خىزمەتلىرىنى ئۇيغۇر خەلقى قەتئىي ئۇنۇتمايدۇ. دىلمۇراتكام بۇ تەپسىرنى ئۆز مەبلىغى بىلەن باستۇرۇپ، قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغان، قىرغىزىستان

قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارغا تارقاتتى. يەنە بۇ تەپسىرنىڭ 8 تومى بار. دىلمۇرات ئاكىمىز بۇ تەپسىرلەرنى باستۇرۇپ تارقىتىشىغا ئالالاھ ئىگەم ياتدەم بەرگەي. ئەمدى بۇ ئاكىمىز مۇشۇنداق كاتتا بىر خەيلىك ئىشنى باشلاپ بەردى. ئەگەر بىزنىڭ ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلىرىمىز پۇل چىقىرىپ قايتا بېسىپ تارقىتىمىز دېسە، دىلمۇراتكام بۇ ئىشنى ئەلۋەتتە قوللايدۇ، مەنمۇ قوللايمەن. چۈنكى ھەممە مۇسۇلمان مۇشۇنداق ساۋابلىق ئىشنى قىلىشى كېرەك. بۇنداق كاتتا ئىش ئالالاھ ياخشى كۆرگەن بەندىگە نېسىپ بولىدۇ. سىلەر مۇشۇ ھەرەمدە دىلمۇراتكامغا كۆپ دۇئا قىلغايسىلەر. ئالالاھ ئىگەم بۇ ئاكىمىزنىڭ پۇل – مېلىغا تېخىمۇ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ساۋابىنى كوپ قىلسۇن، يەنە سۇنداق مەرت ئۇيغۇرلارنى كۆپ چىقىرىپ بەرسۇن» دەپ جاۋاب بەردىم. بىز خوشلىشايلى دەپ تۇرساق، مېھمانلار بىللە رەسىمگە چۈشۈۋالايلى دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردۇق. ئاندىن ئۇلار سۈت قۇيۇپ ياققان تونۇر نان، توغاچ، قېزا، قۇرت، گۈل – قاق، كەمپىت، چوكۇلات قاتارلىق قازاقىستاننىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بىزگە تەييارلاپ قويغان ئىكەن. ئۇلارنى رەھمەت ئېيتىپ قوبۇل قىلدۇق. بىز مېھمانلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇق. ئىفتارغا بىرەر سائەت قالغاندا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ جىددە شەھرىگە قايتىپ چىقتۇق. بۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشتىكى خۇشاللىقتىن كەلگەن ھاياجان ھازىرمۇ مەندە پەسەيگىنى يوق. مەن ھەقىقەتەن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلىرىمىنى بەك سۆيدۈم. ئۇلارمۇ مېنى ئۆز ئوغلىدەك سۆيدى. دۇنيادا مۇشۇنداق سۆيگۈ – مۇھەببەت ئومۇملاشسا نېمىدېگەن ياخشى- ھە!

# ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشنىڭ ئەدەپلىرى

مۇھەممەد يۈسۈپ

دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئەدەپ – قائىدىسى بولغاندەك، ۋاتساپ، فېيسبۇك قاتارلىق ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشنىڭمۇ ئەلۋەتتە بىر قىسىم ئەدەپ- قائىدىلىرى بولىدۇ. كۆپ ۋاقىتتىن بېرى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىر قىسىم ئەھۋاللار مېنى بۇ ماۋزۇدا ئىزدىنىشكە ۋە قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندىدى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! تۆۋەندە قىسقا قىلىپ بىر قانچە مەسىلىنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىششنى لايىق كۆردۈم.

1. ئۆز ئىسمىنى قوللىنىش

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىسمىنى قوللىنىشى، ئۆز ئىسمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى شۇ كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە ئەھمىيىتى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر ئادەم قىممەتلىك، ھەربىر ئادەمنىڭ ئىسمى مۇھىم ۋە چىرايلىقتۇر. سىزنىڭ ئىسمىڭىز دادىڭىز تاللىغان، ئىمام ئوڭ قۇلىقىڭىزغا ئەزان، سول قۇلىقىڭىزغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان، تولىمۇ چىرايلىق ئىسىم. ئۆز ئىسمىڭىزنى چىقىرالماسلىقتا كەمتەرلىك قىلغان بولسىڭىز، بۇنىڭغا ھېچبىر ھاجەت يوق. بۇ كەمتەرلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قاچۇرۇشتۇر. ئەگەر سىز دۈشمەنلەر مېنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئۆز ئىسمىڭىزنى يوشۇرغان بولسىڭىز، بۇ ھازىرقى ۋاقىتتا توغرا ئەمەس. چۈنكى سىز مەيلى ئىسمىڭىز ۋە ئۆزىڭىزنى، ھەتتا ئۈيغۇرلىقىڭىزنى يوشۇرۇڭ، سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز سىزنى دوستۇم دېمەيدۇ، بىزنىڭ بۆگۈنمىز ئۇنچىۋالا ئېھتىياتنىڭ زامانى ئەمەس. ناۋادا سىز بەك مۇھىم ئادەم بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىڭىزنى يوشۇرماقچى بولغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىغا قېتىلماڭ، چۈنكى ئېھتىياتنىڭ يولى مۇشۇ. سىز ھەرقانچە مۇھىم ئادەم بولۇپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ، رابىيە خانىمدىن، دولقۇن ئىيسادىن ۋە سەييىد تۈمتۈركتىن مۇھىم ۋە دۈشمەنلەرنىڭ نەزرىدە ئۇلارچىلىك خەتەرلىك ئەمەسسىز. ئۇلار كۈرەشلىرىنى ئۆز ئىسمىدا قىلىۋاتىدۇ. سىزمۇ شۇنداق قىلسىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ قاتاردىن قېلىپ قالمايدىغان مۇھىم ئىسىمدۇر. چۈنكى دادىڭىز تاللىغان.

2. يازمىلارنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدىن بىرەرسىگە بىرەر يازما يوللىغاندا، ئۇنى ئۆزى يازغان بولسا ئۆز ئىسمىنى، ئەگەر باشقا جايدىن ئەكىلىپ چاپلىغان بولسا، مەنبەسىنى ئەسكەرتىپ قويۇش ئەڭ ئەقەللىي قائىدىدۇر. بەزى قېرىنداشلار يازمامغا ئىسمىمنى يازسام ئىخلاسقا دەخلىي يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن دېيىشى مۇمكىن. بۇ ئورۇنسىز ئەنسىرەشتۇر. چۈنكى ئىخلاس دېگەن قەلبتە بولىدۇ. سىز رىيانى كۆزلىمىگەن ئىكەنسىز، ئەلۋەتتە سىز ئىخلاس بىلەن ئىش قىلغان بولىسىز. ئەمما سىزنىڭ ئۆز يازمىڭىزنى، بىراۋاغا بەرگەن جاۋابىڭىزنى، بىرەر ماقالە ھەققىدىكى تەھلىلىڭىزنى ئىسمىسىز چاپلاپ قويىمەن دېيىشىڭىز بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق كىتاب، ھېچقانداق ماقالە ئاپتورنىڭ ئىسمى يېزىلماستىن بېسىلمايدۇ ۋە ئېلان قىلىنمايدۇ. ھېچقانداق گېزىت-ژۇرنال بىرەر يازمىنى ئاپتورنىڭ ئىسمىنى يازماي چىقىرىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى سىز ئۆزىڭىز يازغان ياكى باشقا يەردىن ئەكىلىپ چاپلاپ قويغان ھەربىر نەرسىڭىزگە ئۆزىڭىز مەسئۇلسىز. ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا، ئاندىن خەلقنىڭ ئالدىدا مەسئۇلسىز. سىز چاقىرسا ئىسمى بار، تۇتسا سېپى بار قىممەتلىك ئىنسانسىز. نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى يوشۇرىسىز؟ يازما يازسام ئۆز ئىسمىمنى ئېلان قىلماي ئەۋەتىشنى ياقتۇرىمەن دەيدىغان قېرىنداشلار بۇ مەسىلىنى ئوبدان ئويلاپ كۆرسە بولىدۇ.

3. ھە دېگەندە باشقىلارغا ئۇستازلىق قىلماسلىق...

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىگە بىرەر يازما ياكى ئاۋاز يوللىغاندا، باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويىمەن، ئۇلارغا ساۋاق بېرىمەن دېيىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى سىز بىلگەننى باشقىلارمۇ بىلىدۇ، سىز چۈشەنگەننى باشقىلارمۇ چۈشىنىدۇ. سىز ئەۋەتكەن نەرسىڭىز ئارقىلىق ئۇلارنى ئالىم قىلىۋېتەلمەيسىز، پەقەتلا مەلۇمات بەرگەن بولىسىز ياكى ئەسلەتكەن بولىسىز، خالاس. شۇڭا سىز ئورتاقلىشىش، ھەمبەھىرلىنىش ئاساسىدا يوللاڭكى، ھەرگىز ئۇستاتلىق قىلماڭ. شۇ چاغدىلا كىشىلەر سىزنىڭ يوللىغان نەرسىڭىزگە ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. بىزدە بىلىمى چوڭغا ئەمەس، كانىيى چوڭغا قىزىقىدىغان يەڭگىل پوزىتسىيە بىر ئاز ئومۇملىشىپ قالغان. كىمنىڭ ئاۋازى بەك چىقسا، كىم ۋارقىراپ، جارقىراپ سۆزلىسە، ئاشۇنى ئالىم دەيدۇ. ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى سىز قانچىلىك سىلىق-سىپايە، مۇلايىم بولسىڭىز، باشقىلارنىڭ تۈيغۇسى ۋە پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشنى بىلسىڭىز شۇنچە ھۆرمىتىڭىز زىيادە بولىدۇ.

4. مۇنازىرە سىزنىڭ ساپايىڭىزنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ ياخشى ئۆلچەم

تورلاردا ئەركەك ياكى چىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان غەلىتە ئىسىملار بىلەن كىشىلەرنى تىللايدىغان، دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتقان كىشىلەردىن ئەيىب ئىزدەپ، ئۇلارنى رەسۋا قىلىشنى كەسىپ قىلىۋالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق، يەنى پەقەت مۇنازىرە ئۈچۈنلا مۇنازىرە قىلىش. ھەرگىزمۇ مۇنازىرە ئارقىلىق ئورتاق نۇقتىنى ياكى ھەقىقەتنى تېپىش ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە يولۇققاندا ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ يازغان ۋە سۆزلىگەن نەرسىلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ئۇلارغا رەددىيە بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولماسلىق،

ئۇلارنى شۇ بىچارىلىك ھالىدە تاشلاپ قويۇش لازىم. مۇنداق ئىسمى، جىسمى مەلۇم بولمىغان كونۇپكا قەھرىمانلىرىنىڭ يوللىغان نەرسىلىرىنى باشقا جايلارغا يوللاپ ئورتاقلىشىش ئۇلارنىڭ يامان غەرىزى ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلىق بولىدۇ.

5. بىر ماۋزۇنى ھەممىلا توپقا يوللىماسلىق.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنى جاق تويغۇزۇۋەتكەن ئىشلارنىڭ بىرى ئوخشاش بىر ماۋزۇنى ھەممىلا توپقا يوللاپ، ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن «تىرىڭ – تىرىڭ» ئاۋازى بىلەن راھەتسىز قىلىشتۇر. سىز بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ تۇرۇپ، ئۇلارنى راھەتسىز قىلىپ قويىسىز. سىز كۆزلىگەن كىشىلەر ئاساسەن ھەممىلا توپتا بار. ئەگەر سىز توپنى تەكشۈرۈپ كۆرسىڭىز سىز تونۇيدىغان دوستلىرىڭىزنى ھەممە توپتا كۆرىسىز. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى سىز بىرلا توپقا يوللاڭ، ئەگەر سىز يوللىغان نەرسە قىممەتلىك بولسا، باشقىلار ئۇنى تارقىتىدۇ. سىز بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ.

6. تېما ياكى يازما يوللاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلەش.

بەزى قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىمۇ ئوقۇپ باقمىغان يازمىلارنى ھەر خىل توپلارغا ۋە ئىجتىمائىي سۇپىلارغا يوللايدۇ. بۇ ئەسلىي ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك بولۇپ، ئەسلىدە ئۇنى يوللاشتىن بۇرۇن تەپسىلى ئوقۇپ بېقىش ۋە شۇ توپتىكىلەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش ئىنتايىن مۇھىم. ئالاقە ۋاستىلىرىدا توپ قۇرۇغان كۆپىنچە كىشىلەر ئاساسەن بىر پىكىر، بىر مەۋقەگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغانلىرى ئورتاق ياكى يېقىن بولىدۇ. دېمەك، مەلۇم بىر توپتىكى كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى شۇ توپنىڭ قۇرۇلۇشتىكى مەركىزىي مۇددىئادىن دىرەك بېرەلەيدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن توپلارغا ئۈچۈر يوللايدىغانلار يوللىماقچى بولغان نەرسىلىرىنىڭ شۇ توپ ئەھلىنىڭ قىزىقىش دائىرىسىدە ياكى ئەمەسلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

7. سۆزلىگۈچىنىڭ ياكى يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى ئېنىق چۈشەنگەندىن كېيىن ئىپادە بىلدۈرۈش.

بەزىدە ئىجتىمائىي سۇپىلاردا بولۇنۇۋاتقان مۇنازىرىلەرگە قاراپ ئادەم ياقىسىنى چىشلىمەي تۇرالمايدۇ. بىر قانچە، ھەتتا بىر نەچچە يۈز ئادەم بىرەر مەسىلە توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىدۇ، بىرەر ئاپتورنى ياكى سۆزلىگۈچىنى ئەيىپلىشىدۇ-يۇ، ئۆزىنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن ئەسلا گۇمان قىلىپ باقمايدۇ. بىزدە "سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى توغرىلاپ ئاڭلىسۇن" دەيدىغان بىر ھېكمەت بار.

ھە دېگەندە باشقىلارنىڭ قارىشىنى بۇراپ، خاتاغا چىقىرىش ياكى قەستەن تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنى مەركىزى ئىدىيەدىن چەتنىتىۋېتىش ساپاسىز ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ قىلىقىدۇر. بىراۋ خاتا سۆزلىگەن ياكى خاتا يازغان بولسا، پىرىنسىپ جەھەتتىن خاتالىق بولماي، قەلەم سەھۋەنلىكى ياكى ئىپادىدىكى غەلەت بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا كىرىشتۈرۈۋالماسلىق لازىم. ناۋادا پىرىنسىپ جەھەتتىكى خاتالىق بولغان تەقدىردە يەنە چىرايلىق، پاكىتلىق ھالەتتە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىش كېرەك.

8. باھانى شەخسكە ئەمەس يازما ياكى نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا بېرىش كېرەك.

بىر قىسىم تورداشلارنىڭ بەزى ئاپتورلارنىڭ ماقالىلىرىنى ياكى نۇتۇقلارنى "مەنغۇ ئوقۇپ باقمىدىم، مەنغۇ ئاڭلاپ باقمىدىم... دەپلا ئەيىپلەشكە چۈشكەنلىكىنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. بۇ ئىنتايىن تايىنى يوق بىر پوزىتسىيە. ئاڭلاپ باقمىغان، ئوقۇپ باقمىغان كىشىنىڭ پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش ھەققى بولمايدۇ. بۇ ئىنتايىن ئەقەللىي بىر قائىدە. بەزىدە بىز ئادەتتىكى دەپ قارىغان كىشىلەردىنمۇ بىزنىڭ ئەقلىمىزگە كەچمىگەن ئېسىل پىكىرلەر ۋە قىممەتلىك دۇردانىلەر چىقىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمدىن ئاڭلىغانلىقىڭىز ئەمەس، نېمىنى ئاڭلىغانلىقىڭىزغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش مۇھىم. مەشھۇر ئالىمىمىز ئابدۇقادىر داموللام "سۆزلەشنى ئۆگەنگەندەك ئاڭلاشنىمۇ ئۆگەن" دېگەنىدى.

مېنىڭ قارىشىمچە بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك نوچى سۆزلەيدىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاش ۋە ئاڭقىراشنى ئۆزىگە يار قىلمىسا، بەرىبىر ياخشى سۆھبەتداش ھېسابلانمايدۇ.

شەخسكە بولغان باھا پەقەت ئۇنىڭ بىلەن قۇدا-باجا بولۇش ياكى كەيىندىن ئەگىشىش زۆرۈر بولغان ۋاقىتلاردىلا مۇھىم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلار بىراۋنىڭ پىكرى بىلەن ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى، شەخسىيىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىق كېرەك. پىكىر توغرا بولسا، ئىنساپ بىلەن قوبۇل قىلىش، خاتا بولسا چىرايلىقچە تەرك قىلىش لازىم.

9. رەددىيەنى سىلىق ۋە ئىلمىي بېرىش.

سىز باشقىلارنىڭ يازمىسىغا رەددىيە بەرمەكچى بولسىڭىز، سىز ناھايىتى سىلىق ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا سەمىمىيلىك بىلەن تۈزىتىش بېرىڭ. ھەرگىز مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزىڭىزنىي كۆرسىتىۋالماقچى بولماڭ. چۈنكى باشقىلار سىزدىن كۆپ ئەقىللىق. ئۇلار غەرىزىڭىزنى بىلىپ قالىدۇ. ئاخىرى ئۆزىڭىز رەزىل بولىسىز. ئەگەر سىز بىرەر كىشىگە نەسىھەت قىلماقچى بولسىڭىز، نەسىھەتنى توپتا ئەمەس، چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىگىلا شەخسىي قىلىڭ، ھەرگىزمۇ توپتا بىراۋغا نەسىھەت قىلىمەن دەپ ئەخمەقلىق قىلماڭ. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، سىز كىشىلەرنىڭ نەپرىتىدىن باشقا ھېچ نەرسە قازىنالمايسىز. چۈنكى مۇنداق قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن ئەخلاقىغا زىت ئىشتۇر.

10. باشقىلار ھەققىدە ھۆكۈم بېرىشكە ئالدىرىماسلىق.

بىزدە دېتىمىزگە ياقمىغان كىشىلەرگە بىرەر قالپاق كىيگۈزۈشكە ئالدىراش پىسخىكىسى خېلىي ئېغىر. زىيالىلار ئۆزىنىڭ دېتىغا ياقمىغان كىشىلەرگە «خىتاينىڭ جاسۇسى» دېگەن قالپاق كىيگۈزىدىغان، ئەھلى ئىلىملەر ئۆزلىرىگە ئوخشاش پىكىر قىلمىغانلارنى ياكى ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى «مۇناپىق» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولماقتا. بىر ئادەمنىڭ شان – شەرىپى ئۇنىڭ هاياتىدۇر. بىر ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيىنى يوقىتىش ئۇنى ئۆلتۈرگەن بىلەن تەڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆھمەت قىلىش، لەقەم قويۇش، يۈزىنى تۆكۈش قاتارلىق قىلمىشلار دىنىمىزدا ئەڭ بەك سۆكۈلگەن، ئاللاھ تائالا ئەڭ قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگالاندۇرغان قىلمىشلاردۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان سۆزگە ئەلۋەتتە دىققەت قىلىشى لازىم. ئېگىزدىن چىققان ياكى يازما ئارقىلىق تارقىتىلغان يامان سۆزلەرنىڭ هېسابىنى بەرمەك ئوڭاي ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىر-بىرلەپ هېساب ئالىدۇ.

11. دىنىمىز ئۈچۈن، مىللىي دەۋايىمىز ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارالغان يازمىلارنى ئىككىلەنمەستىن تارقىتىپ قويۇش. بەزى كىشىلەرنىڭ يا دىنىمىزغا ياكى مىللىي دەۋايىمىزغا پايدىسى يوق، ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىلەرنى، بىراۋنىڭ باشقا بىرى ئۈستىدىن قىلغان غەيۋەتلىرىنى تارقىتىپ يۈرىدىغان، ئەمما تارقاتسا ساۋاب بولىدىغان تېمىلارنى تارقاتماي ئۆتۈپ كېتىشىگە ھەيران قالىمەن. ھەتتا يېقىن دوستلار، بىر كەسىپتىكى كىشىلەر، بىر يولدىكى ئۆلىمالار، بىر سەپتىكى زىيالىيلار بىر-بىرىنىڭ يازمىلىرىنى ئانچە تارقىتىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈستىلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ، باشقىسىنى تارقىتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۇلار توغرۇلۇق يامان گۇمان قىلمايمەن. بەلكى بىزدىكى «يېقىندىكى موللا جا موللا، يىراقتىكى موللا چىڭ داموللا» دەيدىغان سەپەسەتىنىڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ يازمىلىرىنى كەڭ تارقىتىشسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنلىق، ھەمنەپەسلىك تېخىمۇ گۈللىنىدۇ، ئۇلاردىكى ئورتاق مۇددىئا غەلىبىگە قاراپ يول ئالىدۇ. ئۆز ئارىدىكى كىشىلەر بىر-بىرىنى قوللاشمىسا، ئۇلارنى باشقىلار قانچىلىك قوللاپ كېتەر؟ يەنە بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ يازمىسىدىن باشقىسىنى قەتئىي تارقىتىپ قويمايدۇ، ھەتتا يۈرەكمۇ بېرىپ قويمايدۇ. مەن ماشىنامنى ئوڭشىتىدىغان بىر يەمەنلىك رېمونتچى ئەرەب تونۇشۇم بار. ئۇ كىشى مېنىڭ نېمە يازغانلىقىمنى، نېمە سۆزلىگەنلىكىمنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، قانداقلا بىر نەرسە چىقارسام ھامان تارقىتىپ قويىدۇ، قازاقىستاندا مېنى كۆرمىگەن نۇرغۇن كىشى يازمىلىرىمنى ۋە سۆزلىرىمنى تارقىتىپ يۈرىدۇ، ئالمۇتىدا بىرى نېمىس، يەنە بىرى ئۇرۇس ئىككى قىز قانداقلا بىر نەرسە ئېلان قىلسام دەرھال تارقىتىدۇ. بۇلارنى مۇھەببىتىمىكىن دەپ قالماڭلار. بۇلار قىيىنئانامنىڭ قوشنىلىرى ئىكەن. بۇ كىشىلەر مېنىڭ يوللىغان نەرسىلىرىمنى قەتئىي چۈشەنمىسىمۇ، ماڭا ئىشەنچ قىلىپ، مېنى پايدىلىق نەرسە يوللايدۇ، دەپلا تارقىتىدۇ. ئەپسۇسكى، مەن ھەمىشە ئۈچرىشىپ تۇرىدىغان، مېنى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان دوستلىرىم، يۈرىكىمدىن ئىخلاس قىلغان ئۆلىمالىرىم ئىچىدىن كۆپ كىشىلەر مېنىڭ چىقارغان نەرسىلىرىمنى تارقىتىپ قويمايدۇ. مەن ھېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن. مىسال ئۈچۈنلا دەپ قويىدۇم، خالاس. بۇ ھەممە ساھە كىشىلىرىدە بار ئىللەت.

... داۋامى بار